

غ . ئو . زۇلبىقار
شەرقىي تۈركىستان
ئازاتلىق يولىدا ئىزدىنىش
58
شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

غ. ئو. زۇلپىقار

# شەرقىي تۈركىستان
# ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىش

(1)

شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى
2006- يىلى

**تابغاچ(خىتاي)نىڭ سۆزى تاتلىق، يىپەك رەختلىرى يۇمشاق ئىكەن، تاتلىق سۆز ۋە يۇمشاق يىپەكلىرى بىلەن ئالداپ، يىراق بولغان مىللەتلەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. يېقىنلىشىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يامان چۇشەنچىلەرنى تارقاتقىلى باشلايدىكەن. ياخشى، ئالىم كىشىلەرنى ۋە ياخشى، باتۇر كىشىلەرنى ئالغا باستۇرمايدىكەن. بىر كىشى ئۆزگىرىش قىلسا ئۇنىڭ خەلقىگە، ھەتتا بۆشۈكتىكى ئۇرۇقى — ئەۋلادىغىچە رەھىم قىلمايدىكەن. تاتلىق سۆزىگە، يۇمشاق يىپەكلىرىگە ئالدىنىپ كۆپلىگەن تۈرك خەلقى ئۆلدۇق.**

—مىلادى 732 - يىلى (تۈرك شاھزادىسى كولتېگىننىڭ قەۋرە تېشىغا ئورخۇن يېزىقى بىلەن ئويۇلغان) «كولتېگىن مەڭگۈ تېشى»دىن.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ئورنىدا ........ 5

كىتاپ ئوقۇمايدىغان ئۇيغۇرلار ........ 13

بىز دەۋا قىلىشنى بىلەمدۇق ـ يوق؟ ........ 22

پىلاننى بەك بالدۇرغا تۈزىۋەتمەيلى ........ 50

”بالىلارچە ئاددىي ئويلاش كېسىلى“ ........ 56

ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتلىنىش فورمىسى ........ 72

”پىسخىكا جەھەتتە خام“لىقىمىز توغرىسىدا ........ 80

ئورتا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ساپاسى ........ 136

ئورتا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدا ”مەشھۇر شەخسلەر“ ........ 154

چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا مەسلىھەت ........ 165

خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ........ 180

داھىلارغا مەسلىھەت ........ 204

داھىلارنىڭ ئەقەللىي شەرتلىرى ........ 232

”ئەقىللىق“ ئۇيغۇرلارغا ........ 237

مۇناپىقلارنى قانداق تونۇش كېرەك؟ ........ 248

ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلارغا خىتاب ........ 261

ئازادلىق يولىدىكى دەسلەپكى ئاياق ئىزلىرى ........ 275

*پايدىلانغان كىتاپلار* ........ *282*

# كىرىش سۆز ئورنىدا

كىتابىمنى ”داھى“لار ئۈچۈن، ”بىلىمدان“لار ئۈچۈن، ”يول باشچى“، ”ئەمىر“، ”لىدىر“ ياكى ”ۋەلى“لار ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىيالى، ھېچ بولمىسا ساۋاق كىتابى بولۇپ قالار دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايمەن. چۈنكى ھېس قىلدىمكى، بىزنىڭ ”داھى“لىرىمىز بەكرەك ”ئۇلۇغ“ بولغاچقىمىكىن باشقىلارنىڭ داھىلىرىدەك خەق يازغان كىتاپلارنى ئوقۇپ يۈرىدىغان ”زىدى پەست“لەردىن ئەمەسكەن. شۇڭا ئۇلار ئۆزى ھەپىلەشمەكچى بولىۋاتقان دۈشمەننى، ئۆزى ئازاد قىلماقچى بولىۋاتقان مىللەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن، ئۆتكەنلەرنىڭ ساۋاقلىرىنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈش، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىزدىنىش مېۋىلىرىنى كۆرۈپ، سىياسىئونلارنىڭ ھاياتى، تارىختىكى زور سىياسىي ۋاقەلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلىرىنى ئۆگىنىپ ئېسىگە سېلىۋېلىش، مەغلۇپ بولغانلارنىڭ، غالىپلارنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆگىنىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن ”ئۇلۇغۋار ئوبراز“ىنى تۆۋەنلەتمەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىشمۇ - خىيالى يەنە بىر ”رىقابەتچى داھى“نىڭ نېمە ئويلاپ، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئائىلىسى، شەخسىي تۇرمۇشى، (قاتارلىق ”يىپ بازىرىدىكى ئۇلۇغ ئايال“لاردەك ”چوڭ ئىشلار“) بىلەن بەند بولغاچقا، كىتاپ كۆرمەن، ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىمەن، چوڭقۇر چۆكىمەن، دەپ، كۈندىلىك كوچا پارىڭى ۋە ”دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتىلار“نى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، رەئىسجۇمھۇرلۇقنى قولدىن بېرىپ قويۇشتەك خاتالىقنى سادىر قىلماسلىققىلا دىققەت قىلىدىكەن. دېمىسىمۇ ئۇلار ”رىقابەتچى داھى“لارنىڭ ھەركىتىگە دىققەت قىلىپ تۇرمىسا، ئەگەر ئۇ ئۇنۇملۇك ئىش قىپ كېتىپ، داھىلىق ئورنىنى مۇقىملىۋالسا بولمايدۇ ـ دە! شۇڭا دىققەتتە تۇرۇپ، ۋاقتى- ۋاقتىدا بۇزۇپ تۇرۇش كېرەك ـ تە!

مەن بۇ كىتاپنى كىملەرنىڭ ئوقۇپ، كىملەرنىڭ ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىسەممۇ، يەنىلا نەشىرگە تەييارلىدىم. دېمەكچى بولغىنىم:

كىتابىمنى مەن بىلگەننى بىلىدىغان، بەلكى مەندىن كۆپ بىلىدىغان، چوڭقۇر ئويلايدىغان، تېرەن پىكىر قىلىدىغان ئادەملەر ”ۋەتەن ھەققىدە بىر قەترە پايدىلىق بىر نېمە چىقىپ قالامدىكىن“ دېگەن ئۈمىد ۋە ئىزدىنىش روھى بىلەن ئوقۇيدۇ. ئۇلار بىلىدىغان ئىشلارنى مېنىڭ قايتا ئۇقتۇرۇشۇمنىڭ ئۇلارغا ئانچە مەنپەئەتى بولمايدۇ. ئەكسىچە، مەن ئوقۇپ، بىلىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ۋە كىتابىم ئارقىلىق مەلۇم چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولۇپ قېلىشنى، ئەقەللىي ساۋاتقا بولسىمۇ ئېرىششىنى ئىستىگەن كەڭ ئاۋام — ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي ئاھالىسى ئوقۇمايدۇ. كىتاپ ئوقۇمايدىغان، گېزىت ئوقۇمايدىغان، پەقەت ”يىپ بازىرى“ دىكى خوتۇنلاردەك كوچا پاراڭلىرىدىنلا ”خەۋەر“ ئۇقۇپ، كوچا پاراڭلىرىدىنلا ”بىلىم“ ئالىدىغان بۇنداق ئاڭسىز خەلقنى مەنىۋي جەھەتتىن يېتەكلەش، تەربىيلەش، يېتىلدۈرۈشنىڭ ئىمكانسىزلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، مۆمىنلىك قەرزىم، ئۇيغۇرلۇق بۇرچۇم، شەرقىي تۈركىستانلىق بولغانلىق مەجبۇرىيتىم تۈپەيلىدىن، بۇ روھنى غاجىلايدىغان، تەننى ئاجىزلاشتۇرىدىغان تەپەككۇر ئەمگىكىنى قىلماي تۇرالمىدىم.

بىزنىڭ بۇ ”بىلىمدان“ خەلقىمىز تۈيماستىن خەندان ئۇرۇپ ھاڭۋاقتىلارچە ياشاۋاتقىنى بىلەن، بىزگە يۈزلەنگەن قىسمەتنىڭ خەتىرىدىن تېنىم شۈركىنىدۇ. لېكىن، بىغەم مىللەت بۇ خەتەرنى ھەقىقىي ھىس قىلالمايۋاتىدۇ. بەزىلىرىمىز ”پارتىيەنىڭ پارلاق مىللىي سىياسىتى“دىن ئۈمىدۋار، ساراڭلارچە ياشاۋاتقان بولساق، بەزى ”ۋەلى“لەر تېخىمۇ بىمەنە ئۇسۇلدا ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن، باللارنى ئاخماق قىلغاندەك ئىنتايىن ئاددىي، تېيىز، خۇنۇك پىكىرلەر بىلەن خەلقنى ئۈستىلەپ كولدۇرلىتىپ جان باقماقتا. خەلقنىڭ زىيادە نادانلىقى ئۇلارنىڭ ”تىجارىتى“گە خوپ چۈشكەن بولسا، ھەق ۋە پايدا - زىياننى ئۇقتۇرۇپ قوياي دېگۈچىلەرنى بى رىجەلىكى بىلەن زەردىگۆش قىلماقتا.

يادىمغا ئىختىيارسىز هالدا چېخوۋ[1] نىڭ ”ھەسرەت“ دېگەن ھېكايىسى كېچىدۇ: ھېكايىدا دەرتمەن كىراكەش بوۋاي كىملا ئۇچرىسا ئۆز ھالىنى تۆكۈشكە باشلايدۇ. ھەركىم ئۆز غېمى، ئۆز ھالى بىلەن بولغاچقا، ئۇنىڭ زارىغا ھېچكىم قۇلاق سالمايدۇ،ئاخىرى بىچارە بوۋاي ئېغىلدا ئېتىنى سىلاپ تۇرۇپ دەردىنى ئېتىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە كىتاپخانى بولمىغان بۇ كىتاپ، تاڭلا ئەتە، ئۇيغۇر تىلى يوقالغان، ئۇيغۇرلار سىڭىشىپ تۈگىگەن زاماندا مۇزېيلاردا ساقلىنىپ قالسا، شۇ زاماندا ”مۇدا“ بولغان ”نەسلى قۇرۇپ كەتكەن مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىش جەمىيىتى“ دېگەندەك ئورگانلارنىڭ پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ قېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىمدا كۆزۈمگە ياش تىقىلىدۇ.

(بەلكى ”بىلىمدان“ كىشىلىرىمىز ”مىللەت يوقالمايدۇ! شۇم گەپ قىلما!“ دەپ رەددىيە بېرەر، ئەمما مەسىلە ئەينى شۇ دەرىجىدە جىددىيدۇر. چۈنكى بىز مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاشنىڭ ئەقىللىي شەرتلىرىدىن مەھرۇممىز. دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ مىللەتنىڭ قورۇما تېمى — مۇداپىئە ھالقىسى بىزدە بولمىغان ئىكەن، يوقۇلۇشنى تەن ئېلىشتىن باشقا يول يوقتۇر).

ئىلگىرى ئىچكى زىددىيەتلەرگە زېھىن ۋە ۋاقىت زايا قىلغىنىمغا ئۆكۈنۈپ قالدىم. بىرىنچىدىن، ”غەيۋەت سورۇنلىرىدىكى جۆيلۈش“لەرگە كىتاپ ئارقىلىق رەددىيە بېرىش خۇددى چىۋىننى قىلىچ بىلەن قوغلىغاندەك ئارتۇقچە ھەم بىھۇدە ئىش بولۇش بىلەن بىرگە، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنى ”ئىناۋەتلىك“ قىلىپ قويىدىكەن (چۈنكى، ئۇنداق غەيۋەتلەرنىڭ ھېچقانداق ھاياتىي كۈچى بولمايدۇ، قىسقا مۇددەتتە ئۇنتۇلىدۇ ۋە ھېچكىم: ”تارىختا پالان- پالان دېگەن مەشھۇر پىتنىخورلىرىمىز ئۆتكەنىكەن “ دەپ ئەسلەپ ئولتۇرمايدۇ، كىتاپ بولسا مىڭلارچە يىل ياشاپ قالىدۇ)؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلارغا بەرىبىر گەپ تەسىر قىلمايدىكەن، زېھىن

---

[1]ئانتون پاۋلوۋىچ چېخوۋ — مەشھۇر رۇسىيە يازغۇچىسى.

ئىسراپچىلىقى بولىدىكەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئۇلارغا قارىتىلغان ئاچچىق گەپلەرنى دۈشمەنلەر ”شەرھىيلەپ“ ياخشى ئادەملەرگە قارىتىلغان قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۇقۇشماسلىق پەيدا قىلىدىكەن. شۇڭلاشقا ئاساسىي زېھنىمىزنى ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىشكە قاراتساق تېخىمۇ توغرا بولىدىكەن.

گەرچە پارچە- پۇرات ماقالىلىرىمنىڭ توپلىمى بولغان بۇ كىتابىمنى «ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىش» دەپ ئاتىغان بولسام‌مۇ، بۇنىڭدا يەنە باشقا مەزمۇنلارمۇ باردەك قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇلار تەجرىبە- ساۋاقلار، ئىدىيۋى توسالغۇلار، پىسخىك توسالغۇلار ھەققىدىكى مۇلاھىزە ۋە بايانلار بولۇپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا ئازادلىققا مۇناسىۋىتى بار دەپ ئويلىغانلىقىمدىن ئۇ خىلدىكى ماقالىلىرىمنىمۇ بۇ كىتاپقا كىرگۈزدۈم.

بەزى سەممىمىي كىشىلەر ئىلگىرىكى كىتابىمنى «مىللەتنى كېسەل چىرماپ كەتتى، قۇتقۇزۇشقا ئامال يوق، دېگەن ئۈمىدسىزلىككە ئېلىپ بارىدىكەن» دەپ تەنقىد قىلغانىدى. بۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا توغرا، ئەمما ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىپ قىلىش چۈشەنچىسىدە بولۇش ئادىللىق ئەمەس، چۈنكى بىرىمىز كېسەلنى كۆرسەتسەك، يەنە بىرىمىز دورىسىنى تاپارمىزمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بەلكى تېخى شۇنىسى باركى، دورىسىنى تېپىشمۇ، كېسەلنى ئۇزۇل- كېسىل تېپىپ چىقىشمۇ بىر يا بىرنەچچە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. يۈزلەپ، مىڭلاپ ئادەم بۇ ھەقتە باش قاتۇرۇشلىرى، ”دورا“ تەكلىپ قىلىشلىرى كېرەك. بىر كېسەلنى ساقايتماق ئۈچۈن، بارمىغان دوختۇر، تىۋىپ، ھەتتا داخان، باخشىلارمۇ قالمىغاندەك بىزمۇ تېخى نى كويلاردا پالاقلايمىز!

”قۇتۇلۇش يولى كۆرسىتىلمىگەن“ دېگەن ئەيىپنى يۈكلەش ئاسان بولغىنى بىلەن، يولنى كۆرسىتىش ئۇ قەدەر ئاسان ئەمەس. راست، كىتابىمدا توغرىدىن- توغرا بۇنداق بىر يول كۆرسىتىلمىگەن ئىدى، ھەم بۇنداق بىر يولنىڭ بولىشىمۇ ھازىرچە ئانچە ئەقىلغە سىغمايدۇ. ئەمما، يول پەقەتلا يوقمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ دۆۋە- دۆۋە چاتقاللاردەك سۆز جاڭگاللىرىدا بەزى ”چىغىر يوللار“ كۆرۈنىپمۇ قالىدۇ. كېسەلنىڭ كۆرسىتىلىشى ”پەرھىز“

تۇتۇلسا ياخشىلىنىشتىنمۇ دالالەت بېرەتتى، ئەمما بۇ تەرىپى ياخشى ئاڭلىشىلمىغان. شۇڭا مەزكۇر كىتابىمدا — گەرچە بەك چوڭ گەپ بولسىمۇ — ئېنىقراق يول كۆرسىتىش ئۇرۇنۇشلىرىدىمۇ بولماقچىمەن. ئىلگىرى بىز بارلىق تېنچلىق ئۇسۇللىرى، ئاتالمىش سىياسىي يول، سالاھىيىتىمىز ھازىرلانمىغان ھالدا چۈشەكەۋاتقان "سۆھبەت" يوللىرى — ئومۇمەن جاسارەتسىزلىكنى چىرايلىق نىقاپلايدىغان بارلىق خوتۇنلارچە ئۇسۇللارنى ئىنكار قىلىپ، قان تۆكمىگىچە، جاندىن كەچمىگىچە ۋەتەن بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغاندۇق. بەزى قىزغىن كىشىلەر بۇ قان تۆكۈشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ھەققىدە يازدى. بۇنىڭغا قوشۇلۇش بىلەن بىرگە، بۇ تەشەببۇسقا قارشى كەلمەيدىغان ياكى پۇتلاشمايدىغان، ئۆلۈمگە جۈرئەتى بولمىغانلارغا مۇۋاپىق ئۇششاق ئەمەلىي ھەركەتلەر — كۆرەش يوللىرى، مىللىي بارلىقىمىزنى ساقلاشنىڭ ئەقەللىي يوللىرى، "ئۇششاق" بولسىمۇ، "ئەمەلىي"لىكى جەھەتتىن ھەر ھالدا قۇرۇق يىغىنلاردىن ياخشىراق بولغان يوللارنى كۆرسىتىشكە تىرىشتۇق. ئومۇمەن، ھۆررىيەت ئارزۇسىدا بولغان خەلق قانداق روھىي ھالەتتە بولىشى كېرەك؟ قانداق ھىسسىياتتا بولىشى كېرەك؟ قانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقتا بولىشى كېرەك؟ دېگەندەك مەزمۇنلار ئۈستىدە بىلگىنىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بىر ئادەمدە دۈشمەنگە قارشى كىن- نەپرەت تۇيغۇسىلا بولىدىكەن كۆرەش ئىمكانلىرى تېپىلماي قالمايدۇ.

خۇددى شۇنداق، كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمىش بولغان بۇ "يوللار" مۇ ھەركىمنىڭ قوللىنىش ئىمكانلىرىغا كۆرە ھەر تۈرلۈكتۇر. قالدى گەپ بىزنىڭ قوللىنىشىمىزغا باغلىقتۇر. قولىڭىزدىن قايسى كەلسە شۇنى سىناپ كۆرسىڭىز بولىدۇ. بەك بولمىغاندا دىلىڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە خىتاينى ئۆچ كۆرۈش تۇيغۇسى بولسىمۇ بىرگە ھېساپ. شۇنداق بولسىلا بۇ تۇيغۇ سىزنىڭ ئەڭ نازۇك سۆز- ھەركەتلىرىڭىزدە ئىپادىلىنىپ، ئەۋلادلىرىڭىزدا ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلىشى، سىز خۇددى پىسخىكا جەھەتتىن پىشقان مىللەتلەر مۇستەملىكچىلەرگە تۇتىدىغان تەبىئىي ياقتۇرماسلىق پوزىتسىيىسىنى

بولىسىمۇ ئاڭسىز ھالدا ئىپادىلەپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەگەر دىلىڭىزدىمۇ بۇنداق ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنىڭ ئورۇن ئېلىشىدىن، ئۆز بالىلىرىڭىزغىمۇ بۇنداق بىر ئۇدۇمنى مىراس قالدۇرۇشتىن قورقسىڭىز مۇناپىقنىڭ نەق ئۆزى بوپتىمەن دەۋېرىڭ!

كىتاپلىرىمدا مىللىتىمىزنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقلىرىنى قېزىشىم، بەزىلەر دېگەندەك "ئۇمىدسىزلىك تەرغىباتى" ئەمەس، كۆزدە تۇتقۇنۇم مىللىي خاسلىقىمىزغا — رىيال ئەمەلىيىتىمىزگە ماس كەلمەيدىغان يوللاردا قايمۇقماسلىق، چوڭ گەپلەر بىلەن ئۆز- ئۆزىنى گوللىماسلىق، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا كۆرەش يولىنى تەتقىق قىلىپ تېپىش ئۈچۈندۇر.

كىتاپتا يەنە بەزى ئاچچىق قۇرلارمۇ ئۇچرايدۇ. لېكىن چۈشەنگەن ئوقۇرمەن ئۈچۈن بۇلار بىزنىڭ قىسمىتىمىزدىنمۇ ئاچچىق ئەمەس. بىرسى مېنىڭ تاماكا چېكىشىمنى شۇنداق ئاچچىق سۆزلەر بىلەن تىلغا ئالغان ئىدىكى، ئاھانەت چەككىنىمدىن، ئىككىنچىلەپ تاماكا چەككەن ھالدا بۇ بۇرادەرگە مۇلاقات بولۇشتىن ئۈيۈلۈپ تاشلىنىۋەتكەنىدىم. مانا ئەمدى ئۆزۈمگىمۇ، جەمىيەتكىمۇ پايدىلىق بولدى. ئاچچىق گەپلەرنىڭ تاتلىق نەتىجىسى بۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، تەنقىدىي ئىبارىلىرىمنىڭ ئاچچىقى بىرەر تەبىئىتى بار، ئىزا تارتىشنى بىلىدىغان ۋەتەندىشىمىزغا تەسىر قىلىپ، مېنىڭ تاماكا تاشلىغىنىمدەك نەتىجە روي بەرسە ئەجەپ ئەمەس، دەپ ئويلىدىم. ئاچچىق قۇرلىرىمنى بەزىلەر شەخسكە قىلىنغان ھۇجۇم دەپ قارىشى مۇمكىن. بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنىمىز ئىنقىلاپ! ئىنقىلاپ بولغان ئىكەن ئۇ كىشىلەر خىيال قىلغاندەك ھېچكىمگە تېگىپ كەتمەيدىغان، ھېچكىمنى رەنجىتمەيدىغان، سىلىق سىپايە نەرسە ئەمەس. بۇ ھەقتە «ئۇزۇندە» يادلايدىغان يىللاردىن خاتىرەمدە قالغان ماۋزېدوڭنىڭ ئىنقىلاپ ھەققىدىكى بىر تەبىرىنى نەقىل قىلىپ قوياي: «ئىنقىلاپ قىلىش مېھمان چاقىرىش، زىياپەت بېرىش ئەمەس، رەسىم سىزىش، كەشتە تىكىشمۇ ئەمەس، ئۇ ئۇنداق مۇلايىم، ئۇنداق نازاكەتلىك ئەمەس؛ ئىنقىلاپ

بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان زوراۋانلىق ھەركەت». مېنىڭچە بۇ تەرىپ توغرا. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ كىملەرنىڭدۇر نازۇك جايلىرىنى ئېچىشتۇرىۋېتىشى تەبىئىي ۋە كۈتۈلگەن نەتىجىدۇر. ئاچچىق دورا ھامان يارا بار جاينى ئېچىشتۇرىدۇ!

يەنە بىر ئېھتىماللىقنىمۇ ھېساپقا ئېلىپ، بۇ يەردە ئازراق ئالدىن جاۋاپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. مەملىكەتتە بىرەر ياخشى كىتاپ يېزىلسا كەسپتە يۈكسەلمىگەن بىرنەچچە قىتىغۇر قەلەمكەشتىن باشقا ھەممە ئادەم ماختايتى. ئەمما چەتئەلدە ئۇنداق ئەمەسكەن: چاپانچى سودىگەردىن تارتىپ دەللاللارغىچە؛ تېرىچىلەردىن تارتىپ ئامىتى كەلمىگەن موللىلارغىچە، ھەممىسى "باھالىغىلى"، قۇسۇر تېپىپ "مېنىڭچە" دېگىلى تۇرىدىكەن. كىتاپلار ھەققىدە مۇلاھىزە، مۇنازىرە قانات يايدۇرۇش، ئوبزور ئېلان قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، ئىلمىي ئىش، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرنى كىتاپنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ۋاستەدۇر. ئەمما بۇ ئىلىم مەسىلىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلمىي ساھەنىڭ، ئىلىم ئادەملىرىنىڭ ئىشىدۇر. چەتئەلدە بولغىنىنىڭ ئۆزىنىلا ھەر ئىشقا پىكىر قاتناشتۇرۇش، ھەممە شەيئى ھەققىدە كۆز قاراش ئېلان قىلىشنىڭ شاھادەتنامىسى ھېساپلىۋالغان بۇ ئادەملەر ئۆزىنى چاغلىماي گەپ يورغىلىتىپ، بەزى پىتنىلەرگە يول ئېچىپ بېرىدىكەن. بىز بۇ يەردە بۇ جاناپلارغا قىسقىچىلا: "ئۆزەڭنى بىلىپ، ھەمىلىڭنى قىل" دەپلا قويىمىز، خالاس!

ھەقىچان نۇرغۇن كىتاپلارنى ئوقۇپ، ئىزدىنىپ، كېرەكلىك "ئەقىل" توپلاشقا ئۇرۇنىدىغان ئۇيغۇر تايىنلىق دەپ ئويلاپ، بولۇپمۇ "داھىلار" ئىچىدە بۇنداق ئىزدىنىش روھىغا ئىگىلىرىنىڭ تايىنى يوقلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تارىخقا ئائىت كىتاپلاردىن نەقىل ئېلىپ سەھىپە- سەھىپە كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەگەر بىز كۆپ كىتاپ ئوقۇيدىغان خەلق بولغىنىمىزدا ئىدى، تېخىمۇ كۆپ مەنپەئەت ئالغان بولاتتۇق. مىسالى، مېۋىنى باغدا يېگەن قانداق، تەخسىگە ئېلىپ كېلىنگەننى يېگەن قانداق؟ بىرى سانى چەكلىك، تۈرى ئاز؛ بىرىدە تاللاش ئىمكانلىرى كەڭ بولغاندەك بىر

ئىشتۇر. ئەمەلىيىتىمىزدە يۈزلەرچە كىتاپلار ئىچىدىن ”شىرنە“ يىغىشتىن ئېرىنمەيدىغانلارنىڭ بەك ئازلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. تەييار بولسا ”ھەزىم“ قىلىش ئاسانراق بولار دەپ، ”سامان“دىن ئايرىلغان ”چەش“نى سۇنۇشقا، بۇنىڭ بىلەن ھېچ بولمىسا بىرلىرىنىڭ تەپەككۇرىگە ئىلھام بېرىش، ئەسلى ئەقىللىق بولسىمۇ ”ئۈچەك“ ھالىتىدە تۇرغانلارنى غىدىقلاش رولى ئويناپ قالار دېگەننى نەزەردە تۇتتۇم. بۇ گەپلەرنى بۇ يەردە ئەسكەرتىشىمدىكى يەنە بىر سەۋەپ شۇكى، بىلەرمەنلىرىمىزنىڭ كۆپلىكىدىن تارىخى كىتاپلاردىن ئۈزۈن-ئۈزۈن نەقىل ئېلىشىمنى بىرخىل كۆچۈرمىكەشلىكمىكىن، ئۆزىنىڭ كەشپىياتى قىلىۋالىدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈندۇر. بىلىش كېرەككى، تارىخ بولۇپ پۈتكەن ھايات كارتىنىسىدۇر، ئۇنى بىر شەخس كەشپ قىلغان ئەمەس.

1998- يىلى، دىكابىر، تاشكەنت. 2001 – يىلى، ئىستانبۇل.

# كىتاپ ئوقۇمايدىغان ئۇيغۇرلار

ئاڭلاشلارغا كۆرە بىرى مەسئۇد سەبىرىدىن ھەسرەتلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق سورىغان ئىكەن:

— يا ئاللاھ! مۇشۇ مىللەتمۇ ئازاد بولارمۇ؟ ئەپەندىم، ئېيتىپ بېقىڭا، سىزنىڭچە قاچان، قانداق بىر ئەھۋالدا ئازاد بولار؟

— ئازاد بولىدۇ، — دەپتۇ، مەسئۇد ئەپەندى، — بۇ مىللەتنىڭ دېھقىنىمۇ ئېتىزىغا سۇ باشلاپ قويۇپ، يانچۇقىدىن شۇ كۈنلۈك گېزىتنى ئېلىپلا ئوقۇيدىغان بولغاندا ئازاد بولىدۇ.

بۇ سۆزنىڭ نەقەدەر توغرا، نەقەدەر دەل جايىدا ئېيتىلغانلىقىنى ئاچچىق ئەمەلىيەتلەر ھەس قىلدۇرماقتا! ئەگەر بىر مىللەت ئازادلىققا ئىنتىلىدىكەن، ئۇ ھالدا بىر مەپكۇرە، بىر خىل سىياسىي غايە ئاستىدا بىر بايراق ئەتراپىغا ئۇيۇشمىقى كېرەك. لېكىن بۇ ئۇيۇشۇش ئۆز- ئۆزىدىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بۇنداق ئىدىيىۋى بىرلىك دۇنيانىڭ نەرىدە، قايسى ئېرق، قايسى مىللەتتە بولىشىدىن قەتئىينەزەر بىرلا خىل ئۇسۇلدا ئىشقا ئاشىدۇ. ئۇ بولسىمۇ- تەشۋىقات! تەشۋىقات بولسا كىتاپ، گېزىت- ژۇرنال، تەشۋىقات ۋاراقلىرى، نۇتۇق، چاقىرقلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. نۇتۇق گەرچە ئۇقۇشلۇق، جانلىق، تەسىرلىك بولسىمۇ ئىنتايىن زور چەكلىمىلىككە ئىگە. يەنى نۇتۇقنى شۇ مەيداندا بولغانلار، ناتىقنىڭ ئاۋازى يەتكەن دائىرىدىكى ئادەملەرلا ئاڭلىيالايدۇ. چەكلىمىگە ئەڭ ئاز ئۇچرايدىغان، يىراق- يىراقلارغا كېتەلەيدىغىنى بولسا يازما تەشۋىقاتتۇر.

ئەمدى خۇلاسە قىلىش تەس ئەمەسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ

ئازادلىق مەسىلىسىدىكى ناھايىتى چوڭ ئىچكى توسالغۇنىڭ بىرى، بەلكى ئەڭ موھىمى ئوقۇش بىلەن كېلىشەلمەيدىغان غەلىتە مىجەزىدۇر. بۇنداق بىر خەلقنى توغرا مەپكۇرە ئاساسىدا يېتەكلەش، مەلۇم ئىدىئالنى سىڭدۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ ئىتتىپاقسىزلىقنى تۈگىتىش، زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش، توغرا- خاتانى پەرق ئېتىش، خاتالىقلارنى تەنقىد قىلىش،... ئومۇمەن ئىنقىلاپ ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارچە ئىدىيىۋى تەييارلىق ئوقۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۇنىڭسىز خۇددى ھازىرقى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزغا ئوخشاش ئەھۋال - ھەركىم ئۆزى تۇرىۋاتقان تار بىر دائىرىنى دۇنيا مۇشۇ دەپ تونۇپ قېلىش، ”ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە چىللاش“ ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.

مەن ئاخىرقى كۈنلەردە كۆپۈككە ئايلىنىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىمىزغا ئېچىنىش ھىسسى ئىچىدە قاراپ ئولتۇرۇپ بۇ خىل ئوقۇشتىن بىزارلىق پسىخىكىسىنى قايتا- قايتا تەھلىل قىلىپ تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كەلدىم. ئۇيغۇرلار ئاساسەن ئۈچ سەۋەپتىن كىتاپ ئوقۇمايدىكەن:

1. ”ئۇلۇغ“لىقى سەۋەپلىك ئوقۇمايدىكەن. 1) ئۆزى بەك ”ئۇلۇغ“ بولغاچقا ئۆزى ياراتمايدىغان ”تۆۋەن“ ئادەملەرنىڭ يازغان بىر نىمىسىنى ئوقۇپ يۈرۈشنى ”ئۇلۇغلۇق“ىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان، ئاشۇ ”تۆۋەن“ مۇئەللىپنى ئېتىراپ قىلغاندەك بوپ قالىدىغان ئىش ھېساپلاپ ئوقۇمايدىكەن. 2) ئۇلار ”ئۇلۇغ“ بولغانلىقتىن، ئۆزىنى ھەر جەھەتتە بىلىمگە توشقان دەپ ئويلايدىغان بولغاچقا، يەنە بىلىم قوبۇل قىلغۇدەك ”بوش يەر“ يوقلىقىدىن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىلىم ئالىدىغان ”تالىپ“ بولۇپ قېلىشى سالاھىيىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىغان ئىش بولغانلىقتىن، بىلىم بەرگۈچى ”ئۇستاز“ ھېساپلاپ ھېچنەرسە ئوقۇمايدىكەن. بۇنى بىر ”ئۇلۇغ“ىمىزنىڭ ئەمەلىي پوزىتسىيىسىدىن بىلدۇق. بۇ ”داھىي“ (”ئاللاھ بىزنىڭ دۇئاسىمىزنى ئىجابەت قىلىپ مۇيەسسەر قىلىپ بەرگەن ۋەلى“):

— «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» دېگەن كىتاپنى ئوقۇپ باقىلىمۇ تەقسىر؟

— دېگەن سوئالغا (داھىيانە قىياپەت، ئۇلۇغۋار تۇس بىلەن) شۇنداق جاۋاپ بەرگەن:

— ...ئەندى،... ئىشقىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا يازغان- دە،... ئەپلەپ - سەپلەپ،... بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ...

ئۇنىڭ ”كەڭ قوساقلىق“´بىلەن بەرگەن ”ئىلتىپاتلىق“ باھاسىغا رەھمەت (نىيىتىگە يارىشا ئاللاھ مۇكاپاتىنى بەرسۇن). بۇ تىل چايناشلاردىن شۇنى قىياس قىلىش تەس ئەمەسكى، ”ۋەلى“ بۇ كىتابنى ئوقۇمىغان. ئەمما كىتاب ئوقۇمايدىغان قانداق ”ئالىم“ بۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئوقۇغان قىياپەتتە باھا بېرىشكە توغرا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئاۋارى مۇخلىسلىرىنىڭ ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن باھالىرىغا ئاساسەن، ئەنە شۇنداق ”ئۇلۇغلۇق“، ”كەڭ قورساقلىق“ بىلەن ”مۇئەييەنلەشتۇرگەن“. رەسمىي ماختاي دېسە، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى چۈشۈرۈپ، باشقىلارنى كۆتۈرۈپ قالماي، دەپ ئەنسىرىگەن بولسا، ئىنكار قىلاي دېسە، قىتىغۇرلىقى بىلىنىپ قېلىپ، ”كەڭ قورساق داھى“لىق ئوبرازىنى بۇزۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئىككى ”تاشنىڭ ئارىسىدا“ تازىمۇ قىينالغان!

”ۋەلى“لاردىنغۇ ئاغرىنىشقا ”ھەققىمىز يوق“، چۈنكى ئۇلار ”ئالاھىدە ماتىرىيالدىن ياسالغان“ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىبرى بۇنىڭغا يولمۇ قويمايدۇ. ئەمما باشقا ئۇقۇمۇشلۇقلار، ”داھى“لار، يولباشچى، ”لېدىر“لارمۇ ئوخشاشلا كىتاپ ئوقۇشقا ”قېيىق“ ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىش تەس ئەمەس. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازادلىقى ھەققىدە يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ ئازلىقىدىن تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ”شەرقىي تۈركىستان ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان“ داھىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ”چولىسى تەگمەي“ بۇنداق كىتاپلارنى ئوقۇيالمىغان(ھەقىقەتەنمۇ قالتىس ئالدىراش ئادەملەر- دە!)! ئىزدىنىپ، ئىزدەتكۈزۈپ، تاپتۇرۇپ ئەكەلدۈرۈپ ئوقۇش ئەمەس، بۇرنىنىڭ تۈۋىدە تۇرغان بولسىمۇ! بۇ يا كىبىردىن، يا ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقىنى، باش قاتۇرىۋاتقىنى يالغان بولغىنى ئۈچۈندۇر!

2. پۇللۇق بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇمايدۇ. 1) پۇل تاپقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئەرزىيدىغان ئىشلار بىلەن بەند، ئالدىراش، ”چوڭ ئادەم“

ھېساپلايدۇ. كىتاپ ئوقۇپ يۈرۈش ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەكتەپ بالىلىرىنىڭ، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئاۋارىلارنىڭ ئىشى، بىكارچىلارنىڭ ئىچ پۇشقى ئۈچۈن قارت ئويىنىغىنى، بېلىيارد ئويىنىغىنى بىلەن بىر قاتاردىكى ئىش، خالاس! 2) پۇللۇق بولغىنىنى بىر خىل ئۇلۇغلۇقنىڭ ئىپادىسى بىلگەچكە، ”چاكىنا ئادەملەرنىڭ قىلىقى“نى قىلىپ كىتاپ ئوقۇپ يۈرگۈسى كەلمەيدۇ. ”تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق“ دېگەندەك، ئۇلاردا ئاجايىپ بىر خىل كۆرەڭلىك باركى، ھەرقانداق بىر ئۇقۇمۇشلۇق ئالدىدىمۇ ھېچ قورۇنماستىن گەپ يورغۇلۇتۇدىغان، ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمەيدىغان ”خوجايىنلىق روھ“قا ئىگە!

3. ساۋاتسىزلىقى تۇپەيلى ئوقۇمايدۇ. ئەڭ كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغىنى مۇشۇ تەبىقە. ”كىتاپ ئوقۇش“ (ياكى مەكتەپتە ئوقۇش) دېسە، كادىرلىقنىڭ تەييارلىقى، دەپ چۈشىنىدۇ. ئەگەر كادىر بولمايدىغان ئىش بولسا ”ئوقۇغاننىڭ پايدىسى نېمە“ دەپ قارايدۇ. ئۇلار نادانلىقى تۇپەيلى ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئەڭ تار چۈشەنگەن ياكى زادىلا چۈشەنمىگەن ئادەملەردۇر. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا زادىلا ھەققىمىز يوق. چۈنكى ئۇلار نادان ھەم ساۋاتسىز. ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوقلىقىنى ساۋادى بار تۇرۇپ، ھەتتا ئۆزى ”ئۇقۇمۇشلۇق“ ماركىسىدا بولۇپ تۇرۇقلۇق ئوقۇمايدىغانلارنى بىلگەنسېرى تېخىمۇ تونۇپ يېتىمىز.

بەلكىم بىزنىڭ كىتاپ ئوقۇشقا خىرلىقىمىز ئۆتمۈشتىكى بىلگىنلەرنىڭ دىنىي كىتاپلارنى تەرجىمە قىلىشقا ئۆلگىدەك قارشى تۇرۇپ، خەلقنى نادان قالدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىدىن كۈچەيگەن بولسا كېرەك.

ئۇ بىلىمدانلار كىتاپلار تەرجىمە قىلىنىپ كەتسە، ھەممە ئادەم ئۆزى ئوقۇۋالسا، بىزدىن كىم مەسىلە سورايدۇ، كىم بىزنى مېھمانغا چاقىرىپ زەللە قولتۇقلىتىدۇ، دەپ قورقىدىكەنمىش. شۇنىڭ بىلەن خەلق پەقەت سۆزلىگەننى ئاڭلاپ قويۇشقىلا ئادەتلەنگەن. ئاڭلىغان نەرسە تولۇق ئەستە قالمايدىغان بولغاچقا قايتا كۆرۈش، باشقىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش،

تەتقىق قىلىش، مۇلاھىزە قىلىش، ئۆز ئەمەلىيىتىگە تەدبىق قىلىش مۇمكىن بولماي، ھامان ”ئاغزىنى كامارەك ئېچىپ“ ئولتۇرۇۋېرىدىغان ئادەت شەكىللەنگەن. ئۇلار ئۈچۈن ”كىتاپ دېگەن يېرىم ئۆمرى ئوقۇش بىلەن ئۆتكەن ئادەملەر چۈشەنمىسە باشقىلار چۈشەنمەيدىغان“ سىرلىق نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلاردا بىلىپ بېقىش، چۈشىنىشكە ھەركەت قىلىپ بېقىش جۈرئىتىنى قۇرۇتىۋەتكەن. تېخىمۇ سەت بولغىنى بىلگىن ئاتالغانلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىمۇ پەقەت ئەرەپچە خەت ئوقۇيالايدىغان، ئەمما ئۆزىمۇ ھېچنېمە چۈشەنمەيدىغان بىچارىلار بولۇپ، ئۇلارمۇ بىلىپ-بىلمەي بىر نېمىلەرنى سۆزلەپ، ئۆزىدىن سەل ”ئىگىز“ راقلاردىن ئاڭلىغانلىرىنى كاللىپاي قىلىپ، باشقا بىر گەپلەر، باشقا مەزمۇنلار بىلەن ئالماشتۇرۇۋېلىپ سۆزلەپ جېنىنى بېقىپ كەلگەنلىكى، كىشىلەردە: ” پالانچى قارىم مۇنچە يىل ئوقۇپمۇ تۈزۈك بىلمەيۋاتسا...“ دېگەندەك جۈرئەتسىزلىكنى كۈچەيتكەن. يېڭى زامان ياشلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم موللىلار ھەقىقەتنى ئەلگە يەتكۈزۈشتە ئاللاھنىڭ دېگىنىدەك ”**ھەقنى يەتكۈزگىنى ئۈچۈن ھەق ئالمايدىغان**“ بولغاچقا كونىلىرىنىڭ — جىگمۇما يىگەنلەرنىڭ جەھلىنى قاتۇرغان. بىراق، ھېلىمۇ چەتئەلگە چىقىۋالغان بىر قىسىم جانباقارلار ھەقنى يوشۇرۇپ، ئەلنى ئالداپ، ”ھەممە ئىش تەق، پەقەت پۇللا بولسا ۋەتەننى ئازاد قىلىدىغان ئىشنى تەييارلا قىلىپ قويغانتۇق“ دېيىشمەكتە! ئۇلارنىڭ ۋەتەن دېمەيدىغانلىقى، ئالدى بىلەن پەلەستىننى ئازاد قىلىدىغانلىقى، ئامېرىكىغا بايراق قادايدىغانلىقىنى خەلق ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا، بۇ كېيىنكى گەپكە رەپ يىمەيۋاتقانلىقىنى ھىس قىلار، ئەلۋەتتە(گەپ ئۇنىڭدىمۇ ئەمەس)، بۇنىمۇ دېمەي تۇرايلى، ”بۇ ئىش سەن قوڭالتاقلارنىڭ دەپ يۈرگىنىدەك ئاددىيمۇ؟“ دېگەن سوئالنى سورىسىلا ئۇلارنىڭ مېزى چۈۋۈلىدۇ! ئۇلار قاچانغىچە بىر قورسىقى ئۈچۈن خەلقنى ئالداركىن؟! قۇرئان، ھەدىسلەردىن بىر قاتار ئوقۇۋېتىپ، ئارقىدىن يالغانلار ئېتىلسا راست دەپ ئالدىنىپ پۇل بېرىدىغانلار، ھېچ بولمىسا كۆتىگە تېپىپ ھەيدىۋەتمەي ھىسسىداشلىق قىلىدىغانلارنىڭ مەۋجۇتلىقى

دەل خەلقىمىزنىڭ نادانلىقى، ساۋادى بولىسمۇ كىتاپ ئوقۇش بىلەن خوشىنىڭ يوقلىقىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. بولمىسا بۇ يالغانلار شۇنچە ئاددىي، بالىلارچە، ساراڭلارچە كۆتى ئېچىلىپ تۇرىدۇكى، بۇنداق گەپلەرگە پەقەت بىزنىڭكىدەك خەلقلا ئىشىنىدۇ.

خەلقىمىزدىكى بۇ خىل ئاجىزلىقنى ئىلگىرى زادىلا تەسەۋۋۇر قىلمىغان ياكى بۇ دەرىجىدە ئېغىر دەپ ئويلىمىغان ئىكەنمەن. نۆۋەتتە بۇ خەلققە رەج ئۇقتۇرۇش ئېھتىياجى جىددىي ھالدا ئالدىمىزغا قويۇلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكىنىمدە، مەملىكەتتىكى يازغۇچىلارنىڭ بالىلارچە ساددىلىق بىلەن خوش بولۇپ كېتىدىغان بىر ئىشى يادىمغا يېتىپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشتىن ئىختىيارسىز كۆزۈمگە ياش كەلدى.

ۋەتەندە دەھشەتلىك قىزىل تېرورلۇق ھۆكۈم سۈرگەچكە چىڭراق نەپەسمۇ ئالغىلى بولمايدۇ، يازغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ۋە سىياسىي تۇيغۇلىرىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر. ھېچنەرسە دېمەسلىك، يەنى، خەلقنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇرچىنى ئادا قىلماسلىققا ۋىجدانى يول قويمايدۇ. شۇڭلاشقا ئەسەرلىرىدە سىمۋوللۇق يوللار بىلەن ئەنە شۇ خاھىشلىرىنى ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئەگەر مەلۇم قارشىلىق روھىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىنى قاتمۇ- قات "پايتىمىلار"غا ئوراپ ، ياپتا گەپلەر، ئەگىتمە ئۇسۇللار بىلەن ئەسىرىگە قىستۇرىۋالغان بولسا، بۇ قىلىقىدىن خۇرسەن بولۇپ، گويا بۇ مىللەتنىڭ ئەڭ موھىم بىر ئىشىنى ھەل قىلىۋەتكەندەك، دوستلىرىغا: "... مۇنداق، مۇنداق دەۋالدىم دېگىنە، راسا كەلتۈردۈم، ھاردۇقۇم چىقتى..." دېيىشىپ كېتىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ "دەۋالغان" گەپ ناھايىتى يوشۇرۇن دارىتمىلاش بولغاچقا ئۇنى پەقەت شۇ ئىدىيىنى ھازىرلىغان، ئۆزىمۇ شۇنچىلىك سەۋىيىگە ئىگە كىشىلەر چۈشىنىدۇ. مۇئەللىپ تەربىيىلىمەكچى بولغان كىشىلەر بولسا ھەم ئوقۇمايدۇ، ھەم ئۇقمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇنداق خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: چۈشىنىدىغانلار بەرىبىر بىلىدۇ، ئۇلارغا دەپ بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ چۈشىنىپ قېلىشى ئۈمىد

قىلىنغانلار — تەربىيە ئوبىكتلىرى — بەربىر چۈشەنمەيدۇ. ھەممىدىن ئېچىنىشلىقى — ئوقۇپمۇ باقمايدۇ!

بۇ بىچارىلىكىمىزنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىسپات قىلىپ بەرگىنى كېيىنكى كۈنلەردە چەتئەللەردە نەشىر قىلىپ تارقىتىلغان بەزى كىتاپلار بولدى. مەسىلەن: «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» دىنىي ۋە سىياسىي كىتاپ بولۇشى بىلەن ھېچقانداق سىمۋوللۇق ۋاستە، ئەگىتمە ئۇسۇللار ئىشلىتىلمەستىن توغرىدىن- توغرا يېزىلغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي خەلقنىڭ ئىچىدىكى تارقىلىش ئەھۋالى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. گەرچە مەملىكەت ئىچىدىمۇ قايتا بېسىلغان بولسىمۇ، بىزنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى سىياسىي ئېھتىياجىمىزغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس! بۇ ئەھۋال ھېچ بولمىغاندىمۇ ئازادلىقىقا تەشنا بىر مىللەتنىڭ پوزىتسىيىسىگە ئوخشىمايدۇ. پۇخرالىرىمىزنىڭ ئەھۋالىغۇ كۆڭۈلىمىزگە ئايان، ئېچىنىشلىقى، ”مۆمىنلىك“، ”ۋەتەنپەرۋەرلىك“تىن گەپ سېتىپ يۈرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ”قىممەتلىك ۋاقتلىرى“نى چىقىرالمىغان! ھەتتا ”ئازادلىق يولىدا ئىزدىنىۋاتقان“، ”كۆرەش قىلىۋاتقان“لارنىڭ بىرمۇنچىسىمۇ ”ئۇلۇغ“لىقى سەۋەپلىك ”ئۆزىنى چۈشۈرۈپ“يۈرمىگەنلىكى مەلۇم! بۇ ئاغرىنىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ۋەتەنپەرۋەر، ئەمما ”تۆۋەن دەرىجىلىك پۇخرا“، خۇسۇسەن ئۆزەمنىڭ پوزىتسىيىسىدىن ئېيتقاندا، ئومۇمەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە، خىتايلارنىڭ زۇلمى، سىياسىي ئويۇنلىرى ھەققىدە، خىتايلارنى ئەيپلەيدىغان مەزمۇنلاردا، خىتايلارغا ئاپەت كەلگەنلىكى ھەققىدە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەيلى ياخشى، مەيلى يامان نېمەرسىكى بولسا قىزىقىش نورمال ئەھۋال ھېساپلىنىدۇ. ھەرقانداق بىر كىتاپنى، ھەتتا يامان كىتاپنىمۇ ۋاقت يار بەرسىلا ئوقۇپ كۆرۈش كېرەك. چۈنكى ھاياتتا شۇنداق ئاجايىپ ئىشلار باركى، يىلاننىڭ زەھرىدە دورا ياسىلىدۇ. مەسىلەن، مەن شۇنداق مەزمۇنلاردىكى بىر كىتاپ، ژۇرنال،... بىرنەرسىلەردىن ۋاقىپلانسام ئۇنى تېپىپ ئوقۇمىغىچە ئارام تاپالمايمەن. ھەتتا مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا بولسىمۇ تاسادىپىي مۆجىزە يۈز بېرىپ ئوقۇپ كېتىدىغاندەك ۋاراقلاپ

كېتىمەن، لۇغەتلەر ياردىمىدە بىر ئاز بولسىمۇ چۈشىنىشكە ئۇرىنىمەن. ئەگەر بەك موھىملىقىنى ئۇقۇپ قالسام، بىلمىسەممۇ سېتىۋېلىپ ساقلاپ قويىمەن. بۇنىڭدىن مەخسىدىم: بالىلىرىم ماڭا قارىغاندا كۆپرەك تىل بىلىدىغان بولۇپ چىقسا كەلگۈسىدە شۇلار پايدىلىنار دېگەن ساددا ئۈمىددۇر. مېنىڭچە بۇ خىل پوزىتسىيە سۆيگۈ ھەم نەپرەتنىڭ تەخىرسىز قىستىشىنىڭ مەھسۇلى. ئەگەر ئۆزلىرىنى مىللەتچى، ۋەتەنپەرۋەر،... بولۇپمۇ شۇلارنىڭ ۋەكىلى دەۋاتقانلاردا بۇنداق تۇيغۇ، بۇنداق ئادەت ۋە ئىنتىلىش بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ دەۋاتقانلىرى ساختا! ئۇلار بۇ ”ماركا“نى ناتوغرا مەخسەتلەر ئۈچۈن پايدىلىنىش نىيىتىدە ئىسىۋالغان، دەپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن!

دەل شۇنداق بولغىنىمىز ئۈچۈن (ئوقۇشقا ”قېيىق“ بولغىنىمىز ئۈچۈن) ئەھۋالىمىز مانا شۇنداق! مەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا يازغان «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتاپنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن نەشىر قىلىنغان نۇسقىسىدىكى (باش تەرەپكە تىركەلگەن) ئۇنىڭ نەشىر قىلىنمىغان ئەسەرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ ئېچىم كۆيدى. ئەپسۇسلاندىم. بىر مىللەتنىڭ داھىسى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەرلەر يېرىم ئەسىردىن بېرى تېخىچە نەشىر قىلىنمىسا، ئۇنىڭغا ئەسەر ئوبېكتى بولغان خەلق قىزىقمىسا، يېڭى زاماندىكى داھىلار بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇپ، كۆرەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، يېڭى ئىزدىنىشلەر ئۈچۈن تەتقىقات ماتىرىيالى قىلىش خىيالىدا بولمىسا، شۇ سەۋەپتىن مەبلەخ ھەل بولماي ھازىرغىچە سۆرۈلۈپ تۇرسا بۇ مىللەتنى نېمە دېگۈلۈك؟ تىببەتلىكلەر مەدەنىيەت ساپاسى جەھەتتە بىزدىن كۆپ ئارقىدا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كىچىك-چوڭ ھەممىسى دالاي لامانىڭ كىملىكىنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇراھال ساۋاتلىقلىرىدىن سورىسىڭىزمۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ! بىر ئادەم ئۆمۈر بويى بىر مىللەتنىڭ، بىر ئەل خەلقىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن كۆرەش قىلسۇنۇ، ئەمما ئۇنىڭ خەلقى ئۇنى تونىمىسۇن، بۇ نېمىدىن؟ ئەلۋەتتە كىتاپ ئوقۇماسلىقتىن! بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بىزنىڭ نەقەدەر يارىماسلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ!

خۇددى نامرات يېزا بازىرىدا كەيگەن چاپان، كونا تامبال، ئۆتتاڭلىغان ئۆتۈك، ھېجىر تاۋاق،... دېگەندەك نەرسىلەرگە خېرىدار بولغاندەك، خەلق نادان، مەدەنىيەت ساپاسى زىيادە تۆۋەن بولغاچقا بىر ئۇچۇم ساراڭلارنىڭ ئەقىل قوبۇل قىلغۇسىز بىمەنە گەپلىرى، لاپلىرى، يالغانچىلىقلىرى باش-ئاخىرى رەپ يېمەيدىغان، زىددىيەتكە تولغان، ئۆزىنىڭ قۇيرىقىنى ئۆزى تالايدىغان ھالدا بولسىمۇ بۇ نادان خەلق ئىچىدە بازار تاپماقتا! ئەگەر خەلقىمىز ئوقۇشقا ئامراق بولسا(ئۇنى پەقەت كادىر بولىدىغانلارنىڭ ئىشى، دەپ قارىمايدىغان، ئادەملىك سۈپەت ئۈچۈنمۇ زۆرۈر بىر شەرت، دەپ قارايدىغان بولسا)، تەبىئىيكى، ئاۋات شەھەرلەر، ئىقتىسادى گۈللەنگەن جايلاردا كونا چاپان، ئەسكى ئۆتۈكلەرگە خېرىدار بولمىغاندەك، ئۇلارنىڭ مېزى چۈۋۈلۈپ تۇرغان، جان بېقىش ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ”كەشىپ“ قىلىنىۋاتقان ”ئۇلۇغۋار قۇرۇق گەپ“لىرى بازار تاپالمىغان بولاتتى.

كىتاپ ئوقۇش تەس كەلگەن بولسا دەپ، كىتاپنى ئۇنئالغۇ لېنتىسىغا ئوقۇپ، تەشۋىق- تەبلىغلەرنى لېنتىغا ئېلىپ تارقاتقاندىكى ئەھۋالمۇ ئانچە كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس. تارقىلىش سانى كۆپ بولسىمۇ ئاڭلاش يېتەرلىك بولمىغانلىقى بىلىندى. مەلۇمكى، ”مودا ۋەتەنپەرۋەرلىك“ خۇسۇسىيىتىمىزگە كۆرە ”قاتاردىن قالماسلىق“ ئۈچۈن لېنتىلارنى ئالغان بىلەن، ئاڭلىماي تاشلاپ قويۇش ياكى بىرلا ئاڭلاپ ھېچنېمىنى چۈشەنمىسىمۇ قايتا ئاڭلاپ باقاي دېمەستىن تاشلاپ قويۇش ئومۇمىيۈزلۈك ئىكەنلىكى مەلۇم. يا كىتاپ ئوقۇمايدىغان، يا نۇتۇق لېنتىلىرىنى ئاڭلىمايدىغان بۇنداق بىر خەلقنى تەربىيىلەشنىڭ يەنە قانداق ئىمكانلىرى قالدى؟ ئەگەر مۇشۇ كۈندە بىرسى مەسئۇد سەبىرىدىن سورىغان سوئالنى مەندىن سورىسا، ئۇنىڭغا: ”ئالىملار قاچانكى ئىدىئولوگىيىنى سۈيۈقلۇقتا ئايلاندۇرۇشنى كەشىپ قىلسا، ئۇيغۇرلار شۇ چاغدا ئازاد بولىدۇ“ دەپ جاۋاپ بېرەردىم. ئۇنداق بولسىدى، بىز ئىدىيە سۈيۈقلۇقىنى ئوكۇل قىلىپ ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ مېڭىسىگە سالساقلا بولاتتى!

1998-يىلى، نۇيابىر، تاشكەنت.

# بىز دەۋا قىلىشنى بىلەمدۇق ـ يوق؟

بىز خەلقئارا سەھنىدە دەۋا قىلىشنى قاملاشتۇرالمايدىغاندەك قىلىمىز. بۇ گەپ ئاڭلىماققا "قۇلاققا مۇش ئۇرغاندەك" ئاڭلىنىدىغان يېقىمسىز گەپ. لېكىن، ھەقىقەت ھەمىشە شېرىنلىك ئىچىدە ئۇچرىمايدۇ. تاتلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا پايدىلىق بولىۋەرمىگەندەك، ئاچچىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىمۇ زەھەر ئەمەس. شىپابەخش دورىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاچچىق بولىدۇ. دېمەك، ھەقىقەتمۇ كۆپ ھاللاردا "ئاچچىق" بولىدۇ.

بەلكىم مېنىڭ ئوقۇمۇش ۋە ئۇقمىشلىرىمنىڭ ئازلىقى، بىلىمسىزلىكىمنىڭ سەۋەبىدىن كالتە پەم ھەم ھەقنى كۆرمەس بولۇپ قالغىنىمۇ قانداق، بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ بىزنىڭ دەۋا ئىشلىرىمىزنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىدا قانداقتۇر غەلىتە "داشقايناق"لىق مەۋجۇتتەك ھېس قىلىمەن. قىلىۋاتقىنىمىز دۆلەت داۋاسى. ۋاھالەنكى دۆلەتلەر ئارا سىياسەت، دىپلوماتىيە، شۇنىڭدەك باشقا مۇناسىۋەتلەردىكى نازۇكلۇق شۇ دەرىجىدىكى، مەنىسى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سۆز، ئەسلى ئىشلىتىشكە تېگىشلىك سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ قالسىمۇ يول قويۇلمايدۇ ياكى شۇ "مەنىداش سۆز" تۈپەيلى مۇناسىۋەتلەر بۇزۇلىدۇ. بۇ ھەقتە تارىختىن ئاز ـ تولا مىساللار كەلتۈرۈشنى ئارتۇق ھېساپلىمايمىز. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فىرانسىيە مەغلۇپ بولغان، ئۇرۇش دەۋرىدىكى ۋىشى ھۆكۈمىتى گېرمانىيىگە تەسلىم بولغان بولۇپ، پەقەت گېنېرال دې گول بىر قىسىم كوماندىر - ئەسكەرلىرى بىلەن ئەنگلىيىگە قېچىپ بېرىپ، فاشىزمغا قارشى كۆرەشنى داۋام قىلدۇرغانىدى. دې گول ۋە تەرەپدارلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالى بىزنىڭ باشقا ئەللەردە تۇرۇپ "كۆرەش قىلىۋاتقان" ئادەملىرىمىزگە ئوخشاپ

كېتىدۇ. شۇڭا تۆۋەندە دې گولنىڭ سۆز ۋە ھەركەتلىرىدىن مىساللار كەلتۈرىمىز:

ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فىرانسىيە ئۈچ تەرەپ يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنغان پىلىۋون(فىرانسىيىلىك)غا ئامېرىكىلىقلار ۋەكىللىك سالاھىيىتى بەرمەي، پەقەت مۇتىخەسسىسلىك سالاھىيىتى بىلەن قاتناشتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان (ئۇلار فىرانسىيىنى ھۆكۈمەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغان). گەرچە بۇ يىغىنغا قاتنىشىش دې گولنىڭ ”ئەركىن فىرانسىيە“ كومىتېتى ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، دې گول بۇ يىغىنغا قاتناشماسلىقنى توغرا تاپتى(سالاھىيەت ئاتالغۇسى تۈپەيلىدىن).

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە ”فىرانسىيە خەلقى ئۆز ھۆكۈمىتىنى سايلاپ چىقىشتىن بۇرۇن، فىرانسىيە مىللىي كومىتېتىنى «ئەمەلىيەتتىكى خەلق ئىشلىرى دائىرلىرى» دەپ تونۇش كېرەك“ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇردى. يەنى، دې گولنىڭ كومىتېتىنى فىرانسىيىنىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى دەپ ئېتىراپ قىلماسلىق مەيدانىدا تۇرغان.

غەلىبىنى تەبرىكلەۋاتقان بىر زالدا كىشىلەر دې گولغا: ”گېنېرال، قاراڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەركىتى كومىتېتى ۋە پارىژ ئازادلىق كومىتېتى سىزنىڭ ئەتراپىڭىزغا ئىتتىپاقلاشتى. بىز سىزنىڭ بۇ يەرگە يىغىلغان خەلق ئاممىسى ئالدىدا تەنتەنە بىلەن جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكالاپ بېرىشىڭىزنى سورايمىز“ دېگەندە، دې گول: ”جۇمھۇرىيەت ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ كەلدى،... مەن جۇمھۇرىيەتنىڭ رەئىسى تۇرسام، نېمە ئۈچۈن يەنە جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلىمەن؟“ دېگەن. دې گول بۇ يەردە جۇمھۇرىيەت ئىزچىل مەۋجۇت دېگىنىدە ”ئۇ مەغلۇپ بولغىنى يوق، فىرانسۇز مىللىي روھىدا، قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ قەلبىدە مەۋجۇت ئىدى، مەن مانا شۇلارنىڭ ۋەكىلىغۇ؟“ دېمەكچى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئىش ئۇخشايدۇ دەپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلسا، ئۆتكەن بىر مەزگىلدە فىرانسىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقتىن

قالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىق بولۇپ قالاتتى. (شەرقىي تۈركىستان دېگەن بىر دۆلەت تارىختا ئىككى قېتىم شۇ نام بىلەن دۇنياغا جاكالانغان، شۇ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىزنىڭ داۋايىمىزنىڭ نىشانى بولسىمۇ، بىرلىرى تارىختا بولۇپ باقمىغان يېڭى بىر دۆلەتنى قۇرماقچى بولۇش بىلەن، دۈشمەننىڭ رەددىيىسى ئۈچۈن يامپاشقا چىقىپ بېرىدۇ، يەنە بىرلىرى بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ بولغانلىقىغا، بۇ دۆلەتنىڭ ھەقىقەتەنمۇ خىتايلار تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغانلىقىغا تازا ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك خىتايلار قويغان ھاقارەتلىك ئىسمنى تىلغا ئېلىشتىن ئۇيالمايدۇ).

دې گولنىڭ تۆۋەندىكى ئىش- ھەركەتلىرىنىمۇ ئۆزىمىزنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

دې گول ئەنگىلىيىدە پاناھلىنىپ تۇرىۋېتىپمۇ، دۆلەتنىڭ ئابرويى، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپال مەسىلىلەردە، شۇنداقلا ۋەتەن قۇتقۇزۇشتا ئۆزىگە بەلگىلىگەن پىرىنسىپ، ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرىدە ئەنگىلىيە ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمەتلىرى بىلەن زادىلا مۇرەسسەلەشمىگەن. ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسى تۇپەيلى ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ رەنجىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن ئىشداشلىرىغا شۇنداق دېگەن: "بىزنىڭ ئۇلۇغلىقىمىز ۋە كۈچىمىز فىرانسىيىنىڭ ھوقۇق مەسىلىسىدە قىلچىمۇ يول قويماسلىقىدا نامايان بولىدۇ. بىز تاكى رېيىن دەرياسىدىكى دۆلەت چېگرىسىغا بارغانغا قەدەر ئەنە شۇنداق مۇرەسسەسىزلىك روھىغا مۇھتاجمىز".

ئەمدى بىزنىڭ بەزى دۆلەتلەردىكى تەشكىلاتلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار شۇ دۆلەت تاشقى سىياسىتىنىڭ قورچىقى ۋە ئىجراچىسى بولۇپ قالغان. تېخىمۇ سەت بولغىنى ئۇلار بۇنى موھىم ھەمدە زۆرۈرىيەت دەپ قارايدۇ: "تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ بۈيۈك بىر كۈچ بولغان خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن دۈشمەنلىكىگە نىشان بولۇپ

قىلىشى ئارزۇ قىلىنماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە..."[1] بۇ بىزنىڭ چەتئەلدىكى ئەڭ "كاتتا" ئادەملىرىمىزدىن بىرسىنىڭ سۆزى. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى بىزنىڭ دەۋا ھەركەتلىرىمىزنىڭ بېشىدا بولغانلار ئۆزى ۋەكىللىك قىلىۋاتقان ئىشنىڭ مەخسەت پىرىنسىپىغا ئەمەس، "نان بېرىۋاتقان" دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىگە كۆرە مەيدان تۇتىدۇ. بۇنداق بىر داۋانىڭ ئىستىقبالى بولىشى مۇمكىنمۇ؟

روزۋېلت بىلەن چېرچىل(ئامېرىكا، ئەنگىلىيە) 1943- يىلى يانۋاردا (ۋىشىنى[2] فىرانسىيىنىڭ قانۇنىي ھۆكۈمىتى دەپ تونۇپ مۇناسىۋەت قىلىۋاتقان، دې گولنىڭ "ئەركىن فىرانسىيە" كومىتېتىنى ئېتىراپ قىلمايۋاتقان ئامېرىكا ھۆكۈمىتى، زور كۆپچىلىك فىرانسىيىلىكنىڭ دې گول تەرەپتە ئىكەنلىكى، دې گولسىز فىرانسىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىنمۇ) دې گول بىلەن گىرائۇد[3]نى بىرلەشتۈرۈشنى مەخسەت قىلغان ئۇچرىشىش ئورۇنلاشتۇرغان. گەرچە دې گول ئۆزىمۇ گىرائۇد بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى كۆپ قېتىم ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى ئامېرىكىلىقلارنىڭ غەرەزلىك رىياسەتچىلىكىدىكى ئۇچرىشىشنى رەت قىلغان. ئۇ گىرائۇدقا يوللىغان تېلېگراممىسىدا شۇنداق دېگەن: "شۇنىسى ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، مەن ھېلىھەم سىز بىلەن سۆھبەتلىشىشكە تەييار، لېكىن، بۇ سۆھبەت فىرانسىيە زېمىنىدا، فىرانسىيىلىكلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىشى كېرەك..." ئۇ باشقىلارنىڭ قورچىقى بولۇپ قېلىشنى خالىمىغىنى ئۈچۈنلا ئەنە شۇنداق قىلغان.

---

[1] "شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى" تۈركچە نەشرى، 1\2000- سانى، شەرقىي تۈركىستان فوندى ۋە مەدەنىيەت مەركىزى باشلىقى، مىللىي مەركەزنىڭ باشلىقى مۇھەممەد رىزا بېكىننىڭ "كىرىش سۆز"ىدىن — ئا.

[2] فىرانسىيەنىڭ 2- دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ھۆكۈمىتى Vichly، ئۇيغۇرچىغا «ۋىشى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان.

[3] گىرائۇد — فىرانسىيە ۋىشى ھاكىمىيىتىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن گېنېرال. ئۇنىڭدا ۋەشىپەرەستلەردىن پەرقلىق تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئىدىيە بار ئىدى — ئا.

روزۋېلت ئۆزى قوللايدىغان گىرائۇدنى فىرانسىيە قوراللىق قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانى قىلىپ تەيىنلەش، ”ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سىياسىي كونتروللۇق“قا ئۇچراتماسلىق (دېمەكچى بولغىنى، دې گولنىڭ ”ئەركىن فىرانسىيە“ كومىتېتىنىڭ ئەمەس، ئامېرىكىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى)نى قەتئىي تەلەپ قىلىپ، ئىزىنخائۇئېرغا بۇ ھەقتە دې گول بىلەن سۆزلىشىشنى تاپشۇرغان. ئامېرىكىلىقلارنىڭ ”... بولمىسا ھەربىي تەمىناتنى توختۇتىمىز“ دېگەن تەھدىتلەر بىلەن بېسىم ئىشلىتىشىگە قارىتا دې گول ئىزىنخائۇئېرغا شۇنداق دەيدۇ: ”... ئېسىڭىزدە بارمىكىن، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى قورال-ياراق بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە فىرانسىيىمۇ بۈگۈنكى ئامېرىكىغا ئوخشاش رول ئوينىغان. بىز فىرانسىيىلىكلەر ئەينى ۋاقىتتا بېلگىيە بىلەن سېربىيىنى پۈتۈنلەي قوراللاندۇرغان، رۇسىيە بىلەن رۇمىنىيىنى كۆپلىگەن قورال- ياراق، ئوق- دورا بىلەن تەمىنلىگەن، ئاخىرىدا يەنە بىز ئامېرىكىلىقلارنى كۆپلىگەن ئەشيالار بىلەن تەمىنلىدۇق. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا سىلەر ئامېرىكىلىقلار ئاتقان زەمبىرەك بىزنىڭ زەمبىرىكىمىز، سىلەر ئولتۇرغان ئۇرۇش ماشىنىلىرى بىزنىڭ ئۇرۇش ماشىنىلىرىمىز، ئايروپىلانمۇ بىزنىڭ ئايروپىلانىمىز ئىدى. لېكىن، بىز بېلگىيە، سېربىيە، رۇسىيە ۋە رۇمىنىيىلەرگە، ھەتتا ئامېرىكىغا پالانىنى قوماندانلىققا تەيىنلەپ بېرىڭلار ۋە مەلۇم سىياسىي تۈزۈم ئورنىتىپ بېرىڭلار، دېگەن تەلەپنى قويۇپ باقتۇقمۇ؟...“.

روزۋېلت جاھىللىق بىلەن دې گول تەشكىللىگەن ئازادلىق كومىتېتىنىڭ فىرانسىيە جۇمھۇرىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، دې گول: ”... ئىتتىپاقداش ئارمىيەنىڭ قانداق پىكرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئازادلىق كومىتېتىمىز ‹جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى› دېگەن نامنى قوللىنىۋېرىدۇ“ دېگەن. ئەمما بىزنىڭ داھىلىرىمىز تۇرۇپلا خىتايلار قويۇپ بەرگەن ھاقارەتلىك نامنى تەن ئېلىپ قويسا(مېنىڭ بۇ يەردە ئۇنى تىلغا ئالغىممۇ كەلمىدى)، تۇرۇپلا ئاپتونومىيىدىن گەپ ئاچىدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى ئاتاشتىن باش تارتقۇچىلار بولسا: ”پالانچىكامغا دەرت ئېيتقىلى بارساق، بىزنى تونىمىدى، ‹تۈركمەنىستانمۇ؟› دېدى؛ پوكۇنچىكام، بىلەلمەي، ‹قازاقىستاندىكى تۈركىستانمۇ؟› دېدى،...“ دېگەندەك تىلغا ئېلىشتىن ئادەم نومۇس قىلغۇدەك باھانىلار بىلەن، رەسمىي دۆلەت نامىنى ئاتاشتىن باش تارتىپ، خىتايلارنىڭ دېيىشىغا ئۇسۇل ئوينىماقتا ياكى توغرىدىن- توغرا دۈشمەننىڭ شۇم پىلانىنى ئىجرا قىلماقتا!

بۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا «شەرقىي تۈركىستان»نى ھېچ بولمىسا تارىخچىلار، شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار بىلىدىغان زاماندا خىتايلار قويۇپ بەرگەن لەنەتلىك نامنى بىلىدىغانلار يوق ئىدى، ھەتتا خىتايلارنىڭمۇ ھۆكۈمران گورۇھى ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرلا بىلەتتى. خىتايلار مانا شۇنداق بىر ئاتالغۇنى مىللەتچىسى بولسۇن، دېموكراتچىسى بولسۇن، كوممۇنىستى بولسۇن ئىزچىل قوللۇنۇپ، بۈگۈنكى كۈندە دۇنياغا ئاشۇنداق تونۇتتى ۋە ئېتىراپ قىلدۇردى. ھەتتا دىپلوماتىيىدە ناھايىتى چوڭ بىر مەسىلە سۈپىتىدە بەزى دۆلەتلەردىن مۇشۇ نامنى ئاتاشنى، ”شەرقىي تۈركىستان“ دېمەسلىكنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. مۇشۇ تەلىپىنىڭ ئورۇندىلىشى بەدىلىگە شۇ دۆلەتلەرگە نۇرغۇن ”ياردەم“ بەرمەكتە. مانا بۇ ئىزچىللىق مۇقەررەر نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئەمدىلىكتە بۇ لەنەتلىك نامنى بىلىدىغانلار ياكى تەن ئالىدىغانلار كۆپەيمەكتە. بىزنىڭ تۈتامسىزلىقىمىز، پالانچىكامنىڭ رايىغا، پوكۇنچىكامنىڭ كۆڭلىگە يارىشا نام ئۆزگەرتىپ تۇرىشىمىز ياكى ھەربىر كۆز قاراش ئىگىسى، ھەر گورۇھ يېڭىدىن ئىسىم قويۇش جاپاسىغا قالغاچقا ۋەتىنىمىزنى ئۆزنامى بىلەن تونۇتۇش توسالغۇغا دۇچ كېلىپ، تارىختا بار بولغان، خېلى نۇرغۇن ئادەم بىلىدىغان نامنى بارغانسېرى خىرەلەشتۈرمەكتىمىز! خىتايلار ئاشۇنداق بىر ئىسىمدا (مەلۇم جەھەتتىن ئالغاندا ئۆزلىرىگە زىيانلىق بولغان، يەنى مۇستەملىكە مەنىسىنى ئاڭلىتىدىغان بىر ئىسىمدا) چىڭ تۇرىدۇ، يېڭىلاپ ئىسىم قويۇشنى ئويلاشمايدۇ. بىز نېمىشكە يېڭىلاپ تۇرىمىز؟ بۇنىڭدا ”شەيتان“نىڭ ۋەسۋەسىسى بارمۇ ـ قانداق؟

بۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا قىستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەي، جىياڭ زېمىن ئەرەبىستانغا نېفىت ئىشلەپچىقارغۇچى دۆلەتلەر يىغىنىغا بارغاندا ”مەملىكىتىمىزنىڭ“ نېفىتلىكلىرىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىپ ۋەتىنىمىزنى ئۆزلىرى قويغان نام بىلەن تىلغا ئالغان، تەرجىمان بۇ ئاتالغۇنى ”شەرقىي تۈركىستان“ دەپ تەرجىمە قىلغان. جىياڭ ئەرەپچىدىن ھېچنېمە بىلمىسىمۇ، سۆز ئارىسىدا ئۆزلىرى ئۆلگىدەك قورقۇدىغان ”شەرقىي تۈركىستان“ ئاتالغۇسىنى تونۇپ قېلىپ، چىداپ تۇرالماي، دەرھال رەددىيە بېرىپ: ”جوڭگودا ”تۈركىستان دەيدىغان بىر يەر يوق“ دېگەن. تەرجىمان: ”سىلەر نېمە دەپ ئاتىۋالساڭلار ئۆزەڭلارنىڭ ئىشى، ئەمما بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز ئۇ يەر تۈركىستان“ دەپ جاۋاپ بەرگەن. ھەتتا بۇ دىپلوماتىيىدە ھېچ كۆرۈلمىگەن تەرتىپسىز تالىشىش تېلىۋېزوردا نەخ مەيداندىن ئەينەن كۆرسىتىلگەن. ئەمما، خىتايلارنىڭ ”تۈزىنى يەپ قالغان“ بەزى ”داھى“لار ئاتالمىش سىياسىيونلۇق گۇمپىسىنى جارى قىلىپ، خىتايلار بىلەن قەدەممۇ- قەدەم سودىلىشىشنى ئۆتتۈرىغا قويۇپ، خەلقنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن توختاملارغا قول قويماقتا. ”ئەينەك“ ناملىق كىتاپتا مانا شۇنداق بەزى ”قارا نۇرلۇق چىراق[1]“ لارنىڭ خەلقىمىزنىڭ تارىخىي پۇرسەتلىرىنى كۆلگە ئايلاندۇرىۋېتىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغانىدى. بىزنىڭ بىرمۇنچە ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ ”مىللەتكە كۆيىنىپ“ ئىسىم يەڭگۇشلىشى بىلەن يوقۇرىدىكى سىياسىيونلارنىڭ ئىزچىللىقىغا سىلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا نادانلىقىمىز بىلىنىدۇ. ئەمما بۇ ئاددىيلا كۆز قاراش مەسلىسى بولىشى ناتايىن! يېقىندىن قويىۋېلىۋاتقان ”ئۇيغۇرىستان“ — خىتايلار بازارغا سېلىۋاتقان ۋە پۈتۈن دۇنياغا شۇ بويىچە ئادەتلەندۇرمەكنى قەستلەۋاتقان ”... ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى“ دېگەن رەزىل مالنىڭ خەلقئارا داۋالاردا قوللىنىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ۋارىيانتى، شۇنىڭ يىلىمان شەكلى، خالاس! بۇ

[1] قارا نۇرلۇق چىراق“ ھەققىدە ”ئەينەك“ ناملىق كىتاپتىكى ”سىياسىدىكى قارا نۇرلۇق چىراق“ ناملىق ماقالىگە قارالسۇن — ئا.

تەدرىجىي كۆندۈرۈشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇپ، ئالدى بىلەن "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن بۇ — خىتايلار ئۈچۈن قورقۇنۇچلۇق بولغان نامدىن يىراقلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلسا، باشقىسى بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايدىغانلىقى خىتاي سىياسەت تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن مۇقىملاشتۇرۇلغان ۋە جاسۇسلار ۋاستىسى بىلەن بازارغا چىقىرىلغاندۇر.

شۇنى ئېسىمىزدە تۇتىشىمىز كېرەككى، خىتايلار ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئىسمنى ئىنكار قىلىش يۈزىسىدىن نۇرغۇن ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ئىشلەتتى، ھەممىشە تەشۋىقاتلىرىدا: "شەرقىي تۈركىستان سىياسىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس، تارىخىي ئاتالغۇمۇ ئەمەس، جۇغراپىيىۋى ئاتالغۇمۇ ئەمەس!..." دېگەن گەپنى تەكرارلايدۇ. بىزمۇ خۇددى شۇنداق تونۇمدۇق؟ بۇ ھۆل خىشقا خېلى نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئاگاھسىز دەسسىمەكتە! تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، تېخىمۇ مەسخىرىلىكى شۇكى، ئۆزلىرىنى (خىجىل بولماستىن) مۇشۇ مىللەتنىڭ ۋەكىلى دەپ تونۇيدىغان ئاتالمىش رەھبەرلەرنىڭ قىلچىلىك سىياسىي ساۋادى، دىپلوماتىيە چۈشەنچىسى بولمىغاچقا، خىتايلار بىلەن ھاقارەتلىك، تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلارغا قول قويۇش بىلەن ساۋاتسىزلىقىنى، ئاگاھسىزلىقىنى، دۆتلىكىنى، ئىززىتىنى بىلمەيدىغان پەسكەشلىكىنى ئىپادىلەشمەكتە: ئۇلاردا ئازراق ئىززەت تۇيغۇسى بولىدىغان بولسا خىتايلار ئۇلارغا ئەۋەتكەن خەتلەرنى "خاتا كەپ قاپتۇ، ئادرېسىدىن قارىغاندا بىزگە كەلگەن خەت ئەمەس" دەپ قايتۇرىۋەتكەن بولاتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋىۋىسكىسى: "شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى"، "شەرقىي تۈركىستان..." دېگەندەكلەر؛ خىتايلار ئەۋەتكەن خەتلەرنىڭ ئادرېسىدا بولسا "شەرقىي تۈركىستان" دېگەن گەپ يوق، ئورنىغا "ئۇيغۇر" ياكى باشقا سۆز يەڭگۈشلەنگەن بولىدۇ. ئۆز ئۆزىنى قەدىرلەش تۇيغۇسى، ئىززەت تۇيغۇسى ئۆلگەن بۇ ئادەملەر مانا شۇنداق ھاقارەتنىمۇ قوبۇل قىلىۋېرىدۇ! ئورنى كەلگەندە بۇ مەسىلە ھەققىدە باشقا سېلىشتۇرمىلانى بېرىش بىلەن بىرگە تەپسىلىراق پىكىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئارتۇق كۆرمەيمەن:

يېقىندا قىبرىس مەسىلىسىگە ئامېرىكا ۋە ياۋروپا بىرلىكى ئارىلىشىپ

بۇ مەسىلىنى ئۇزۇل- كېسىل ھەل قىلماقچى بولۇشقىنىدا ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئامېرىكىدىكى ئۇچرىشىشقا گىركلار قولىدىكى جەنۇبىي قىبرىسنىڭ باشقانى "ھۆرمەتلىك جۇمھۇر باشقان..." دەپ تەكلىپ قىلىنغان؛ تۈركلەر قولىدىكى شىمالىي قىبرىسنىڭ باشقانى بولسا "ھۆرمەتلىك رائۇف دېنكتاش..." دەپ ئاتالغان. بۇ ئىككى خىل ئاتاقتا بىر تەرەپ رەسمىي دۆلەت سۈپىتىدە تونۇلىۋاتقىنى، يەنە بىر تەرەپ ئۇنىڭغا بارابەر تونۇلمايۋاتقىنى بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن تۈركىيە ۋە شىمالىي قىبرىس قاتتىق نارازى بولۇشقان ۋە بۇ ئۇچرىشىشنى رەت قىلغانىدى. بۇنى بىزنىڭ ئەپەندىلەرنىڭ دۆلەت نامىنى خاھلىغانچە ئاتاشلا ئەمەس، بەزىلىرنىڭ خىتاي كونسۇلخانىسى، ئەلچىخانىسىغا ۋە باشقا سورۇنلارغا نەزرىگە بارغاندەك كېتىۋېرشى، "كېلىشىملەر"نى قىلىپ، خۇددى ئېشەك ساتقان ھۆججەتكە قول قويغاندەك، سالاھىيەت مەسىلىسىنى ئويلاشمايلا قول قويۇشلىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىشقا بولىدۇ. بەزىلەر "شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسىنى "تۈركچىلىك" ياكى "پان تۈركىزم" بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېلىپ چۈشەنگەچكە، تۈركىينىڭ ۋاپاسىزلىقىغا قېيداش تۈپەيلى "شەرقىي تۈركىستان" ئاتالغۇسىدىن ۋاز كېچىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشماقتا. گويا بۇ تۈركىيە قويۇپ بەرگەن ئىسىمدەك، بۇنداق دېيىش تۈركىيەپەرەستلىك بولۇپ قالىدىغاندەك! ئۇنداق ئەمەس. بۇنداق ئويلاش، خىتايلارنىڭ ئۆزلىرى خاتا ئاتاپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ "چىرايلىق" "ئىلغار" خېتىنى پاكىت قىلىپ تەشۋىقات نەيرىڭى توقۇغاندەك بىر ئىش[①].

---

[①] خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى "DongTuerqisitan—东土耳其斯坦" دەپ يېزىشنى ئادەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى "土耳其" (Tuerqi) تۈركىينىڭ يېزىلىشىدۇر. "斯坦" (Sitan) نى "يەر، دۆلەت" دەپ تەرجىمە قىلغاندا بۇ ئاتالغۇ "تۈركىينىڭ شەرقىتىكى يېرى" دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىپ قالىدۇ، بۇ ئىسىمنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسىنىڭ ناتوغرىلىقىدىن كېلىپ چىققان ئۇقۇشماسلىقنى بىلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ "ئىلغار يېزىقى"نى مەسىلە چۈشىنىشنىڭ ئاساسى دەپ تونۇيدىغان نۇرغۇن ھاماقەت خىتايلار خەت مەنىسىگە قاراپلا، بۇ يەردە راستىنلا تۈركىيىگە بېقىندى بولۇش، تۈركىيىگە "ۋەتەن سېتىش"

بولشېۋىك ئىمپېرىيىسى ئاۋال غەربىي تۈركىستاندا بىر "تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى" قۇرغانىدى. كېيىن "بۆلۈپ ئىدارە قىلىش" شۇم ئويۇنى يادىغا يېتىپ، تۈرك قەۋملىرىنى پارچىلاپ تۆرت ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قىلىپ قۇردى. دۇنيا ئۇلارنى شۇ نام بىلەن تونىدى، شۇ نام بىلەن ئىتتىپاقداشلىقتىن مۇستەقىللىققا كۆچتى. يەتمىش يىل ئېلىپ بېرىلغان رىئاكسىئون تەشۋىقات تۈپەيلى ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كەتكەن "تۈرك"لۈكنى قايتا قاچىلاپ (قىسقا مۇددەتتە) بىر تۈركىستان قىلىشنىڭمۇ مۇمكىنچىلىكى قالمىغانىدى. دېمەك ئۇلار ئاز كەم بىر ئەسىردىن بېرى (مەيلى مۇستەملىكە دەۋرىدىكى فېدراتسىيىسى بولسۇن ياكى مۇستەقىللىقتىن كېيىن بولسۇن) شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ، شۇ نام دۇنيا ئەھلىنىڭ كاللىسىغىمۇ ئۆزلەشتى. ھېچقاچان رەسمىي ھالدا بىر ھاكىمىيەت (مەيلى مۇستەملىكە ھاكىمىيەت بولسىمۇ) تەرىپىدىن دۇنياغا جاكالانمىغان بىر نامنى ھېچقانداق رەسمىي سالاھىيىتى، دۇنيا بىلگىدەك تەسىر قوزغىغان سىياسىي ئورنى بولمىغان ئاتالمىش پارتىيە- گورۇھ (ئەمەلىيەتتە قۇرغۇچىسىدىن باشقا تۆرت - بەش ئادىمى يا بار، يا يوق بولغان ئۇششاق گورۇپپاچاقلار)نىڭ، ھېچكىم بىر تىيىنگە ئالمايدىغان، سىياسىي بىلىمى نۆلگە يېقىن بولغان شەخسلەرنىڭ كوچىدىلا "ئەسكى تامدىن ھوشۇر چىققاندەك" كۆتۈرۈپ چىقىشىنىڭ بىرەر ئىلمىي ئاساسى، تارىخىي ئاساسى، سىياسىي ئاساسى بارمىدۇ؟ بۇ پەقەتلا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنى دورۇپ: "ھەممىسىنىڭ ...ىستانلىرى بار، بىزنىڭ نېمىشكە بولمايدىكەن"

---

مەسىلىسى باردەك ھېس قىلىپمۇ قالىدۇ. سىياسىدا بولسا قەستەن، غەرەزلىك ھالدا شۇنداق تەبىر بېرىلىدۇ. بىر يىلى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا بىر خىتاي ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ئاتالغۇنىڭ خىتايچە ئاھاڭ تەرجىمىسىنى توغرۇلاش ئۈچۈن "东突厥斯坦" (Dong Tujuesitan) دەپ ئېلىشنىڭ ئەسلى مەنىگە ھەم ئاھاڭغا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تەكلىپ بەرگەنىدى. "突厥" بارلىق تۈركىي خەلقلەرنى بىلدۈرىدىغان "تۈركىي" ئاڭلىمىغا توغرا كېلىدىغان بولغاچقا، ئەمەلىيەتتىمۇ مۇشۇنداق قىلىش توغرا بولاتتى — ئا.

دەپلا قىلىۋالىدىغان ئىشمۇ؟ شەرقىي تۈركىستان ئەجەبا بىزنىڭ بولمامدىكەن؟

”شەرقىي تۈركىستان“ — پامىر ئىگىزلىكىدىن ئىبارەت تەبىئىي چېگرا ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان تۈركىستاننىڭ شەرق تەرىپىنى بىلدۈرىدىغان جۇغراپىيىۋى نام بولۇپ، بولشۇېك ئىمپېرىيىسىنىڭ كەشپىياتى بولغان ”...ستان“لار بىلەن ھېچ ئوخشاشلىقى يوق. ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسى تارىخ، جۇغراپىيە، تۈركىئولوگىيە پەنلىرىدە بۇ تېررىتورىيىنى ”شەرقىي تۈركىستان“ دەپ ئاتاپ كېلىۋاتىدۇ (مەزكۇر كىتاپنى ئاخىرقى قېتىم تەھرىرلەۋاتقان چېغىمدا مىكروسوفت (Microsoft)شىركىتى ئىشلىگەن 2001 يىللىق دۇنيا ئاتلىسى كومپيۇتېر پروگراممىسىدا ۋەتىنىمىزنى شەرقىي تۈركىستان، پامىر ئىگىزلىكىنىڭ غەربىنىمۇ تۈركىستان دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆردۈم، بۇنى ئالاھىدە ئەسلىتىشنى زۆرۈر ھېساپلىدىم). ئۇنىدىن باشقا مۇشۇ ئەسىردە ئىككى قېتىم مۇشۇ نام بىلەن دۆلەت قۇرۇلۇپ، بۇ نامغا سىياسىي مەنا قوشتى. بۇنىڭ يەنە تالىشىدىغان نېمىسى بار؟ بىز مۇنقەرز بولغان دۆلىتىمىزنى — فىزىك جەھەتتە مەۋجۇت، روھىمىزدا مەۋجۇت بولغان، تارىخىي جەھەتتە — سىياسەت تارىخى، سىياسەتچىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئىزناسى بولغان دۆلىتىمىزنى سىياسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلتۈرمەكچىمۇ؟ ياكى خىتايلار دەۋاتقاندەك، خىتاي جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىن يېڭىدىن بۆلۈنۈپ چىقماقچىمۇ؟ بۇنى ئېنىق ئايرىۋالمىقىمىز لازىم. دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇنىڭ ئەسلى نامى بىلەن دەۋا قىلىشىمىز بىر ئەقەللىي شەرت! داۋا ھەركەتلىرىدە دۆلەت نامىنى ئۇنداق ياكى مۇنداق ئاتاشنىڭ كارايىتى يوق، دەپ قارىغۇچىلارنىڭ ئەقەللىي سىياسىي ساۋادى بارلىقىمۇ شۇبھىلىكتۇر! ھېچ بولمىغاندىمۇ دۆلەت ئەسلىگە كەلگىچە ئۇنى بۇرۇنقى نامى بىلەن ئاتاش ئەقەللىي ئۇقۇم ئەمەسمۇ؟ ئاندىن دۆلەت قۇرۇلۇشنى جاكالاش ئالدىدا خەلق ۋەكىللىرى (پارلامېنت ياكى ئالىي كېڭەش) مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئۆزگەرتسىمۇ، ئەسلى پېتى قالدۇرسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئىلگىرى جاكالانغان بىر دۆلەت نامىنى ھېچكىم

تەرىپىدىن ئېتىراپقا ئېرىشەلمەي كوچىدا كولدۇرلاپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئۆزگەرتىشى، باشقىچە قوللۇنۇشى كۆلكىلىك بولۇپلا قالماي، خىتايلار ئۈچۈن بىر تەشۋىقات كوزىرى بولۇپ ”يامپاشقا چىقىش“تۇر. تەبىئىيكى، خىتايلار: ”قاراڭلار، بۆلگۈنچىلەر رىئاللىقتا بولمىغان نەرسىنى داۋا قىلىۋاتامدۇ؟ كىم تارىختا بۇنداق بىرنېمە بولغىنىنى ئاڭلاپ باققان؟ بۇنىسى باش- ئۈچى يوق تالاشلىرىدىنمۇ بىلىنىپ تۇرامدۇ؟“ دېيىشى چوقۇم.

بەلكىم بۇ ئىككى كوممۇنىست ئىمپېرىيىسى ناھايىتى بۇرۇنلا، ئىچكى زىددىيەت ئۈرۈقى بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن جاسۇسلىرى ئارقىلىق ”قارا نۇرلۇق چىراق“ تىپىدە قۇرۇپ قويغان بۇزغۇنچى يەرئاستى تەشكىلاتلارنىڭ بۈگۈنكى داۋامى، ئاشكارىلىنىشى؛ داۋانىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلاش، چىنلىق دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، پۈچەكلەشتۈرۈپ كۆلكىگە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن تاشلانغان قارماق بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى خىتايغا ئىشلەيدىغانلار دېمەكچى ئەمەسمىز، ئەمما، ئارىلىرىدىكى بىرمۇنچىلارنىڭ بىلمەستىنلا (”قىلىق ئوخشايدۇ“ دەپ) قىلىۋاتقانلىقى، ئۆزىنى مەلۇم ”كۆز قاراش ئىگىسى“ كۆرسىتىش ھەۋىسى بىلەنلا ئاددىي كاللىسى ئايلىنىپ قالغان بولۇشى، يەنە مىللىي پىسخىكىمىزدىكى شەخسىي زىددىيەتنى ئەڭ يوقۇرى قويۇۋېلىش ئاجىزلىقىمىز تۈپەيلى، ئۆتكەندە ”ئېتىزلىقتا سۇ تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغان“ ياكى بازاردا ”يەر تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالغان“ ئەمتاخۇننىڭ ”شەرقىي تۈركىستانچى“ بولىۋالغىنىغىلا قېيداپ، ئۇنىڭغا ئوخشاپ قالماسلىق ئۈچۈنلا شۇنداق بىر تۈيۈق يولنى تاللىۋالغان بولىشىمۇ مۇمكىن. مەيلى

نېمىلا بولمىسۇن ئاڭسىز يوسۇندا خىتاينىڭ پايدىسىغا ئىشلەۋاتقانلىقىنى، ئارىلىرىدىكى خىتاي ئاگېنتلىرى بۇنداق بىر ئاچىماق قاراشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىشىنى دەستەكلەۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرمەي تۇرالمايمىز! خىتايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر- بىرىگە دۈشمەن بولغان سىياسىي گورۇھلار — مەيلى مىللەتچى، مەيلى كوممۇنىست، مەيلى كونسىرۋاتىپ، رادىكال ياكى دىنچىسى بولسۇن، نېمە بولىشىدىن

قەتئىينەزەر، خۇددى پۈتۈشۈالغاندەك ۋەتىنىمىز مەسىلىسىدە سەزگۈر، پىكرى بىردەك. ھەممىسى"...ئەزەلدىن..." دېگەن يالغانىنى ئوخشاشلا تەكرارلايدۇ. چۈنكى، مەيلى قايسى گورۇھ تەختكە چىقىپ دۆلەت سورىسۇن، ھەممىسىگە مىللىي تەرەققىيات ئۈچۈن كېرەكلىك خام ئەشيانىڭ كانى بولغان بۇ باي مۇستەملىكە كېرەك بولغىنى ئۈچۈن، قۇرۇق گەپنىڭ كەينىگە كىرىپ، ھەتتا ئېزىپ كېتىپمۇ باشقىچە گەپ قىلىپ سالمايدۇ.

ھەتتا كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتكە چىقىش ھارپىسىدا گومىنداڭ بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقان، گومىنداڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىش، يالۋۇرۇپ ئىچىنى ئاغرىتىش ئارقىلىق مۇختارىيات (مۇستەقىللىققا يېقىن مۇختارىيات!؟)قا ئېرىشىمىز دەپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈرگەن داھىلىرىمىز، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنى ئۆزگەرتىش تەكلىپى قويغان بولۇپ، تەكلىپنىڭ مەزمۇنى شۇنداق ئىدى: "ھازىرقى ئاتىلىشى بويىچە بولغاندا روشەن مۇستەملىكە مەناسىنى ئاڭلىتىپ، ئۆزۈڭلارغا جاۋاپ بېرىش تەس مەسىلە تۇغدۇرىدىكەن، شۇڭا نامىنى ئۆزگەرتىپ ‹چىن تۈركىستان› دەپ ئاتىساق، بۇ خىتاي تەۋەسىدىكى تۈركلەر ياشايدىغان يەر، دېگەن مەنانى بېرىدۇ- دە، ھەممە باش ئاغرىقى ھەل بولىدۇ...". بۇ تەكلىپ مۇزاكىرىگە قويۇلغان، ئەمما بۇ مەسىلىدە بىر سانتىمېتىرمۇ يول قويۇشقا بولمايدىغانلىقى قارارلاشتۇرۇلۇپ، داھىلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرى سۇغا چىلاشقان. ئۇلارنىڭ كونكرېت پىكىرلىرىدە شۇنداق مەزمۇنلار بار: بۇ ھەر ھالدا سەل خاتاراق قويۇلغان بولسىمۇ، نېمىلا بولمىسۇن بۇ زېمىننى ئىشغال قىلىپ، ئاشۇنداق بىر نامنى قويغىچە ئەجداتلىرىمىز نەچچە ئون مىڭ قۇربانلار بەرگەن، ئەجداتلىرىمىزنىڭ قانلىرى بەدىلىگە كەلگەن نامنى ئۆزگەرتسەك ئۇلارنىڭ روھىغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟... (ئەمما بىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ قانلىرى ۋە جانلىرى بەدىلىگە كەلگەن نامنى ئۆزگەرتىشتىن ھېچ خىجىل بولمايمىز!)ئەمما بىزنىڭ ئاتالمىش سىياسىيونلىرىمىز ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىۋاتقان دۆلەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغاندەك،

شۇنىڭدىمۇ ئۆزىگە خاس ”قاراش“ بولىشى كېرەكتەك، ”شەخسىي“ ”تەرەپ“ تامغىسىنى بېسىپ، ”ھىسسىيات“ ئارىلاشتۇرىدۇ. بۇ نېمە دېگەن دۆتلۈك!؟

ئەمدى ئېھتىماللىقى بولغان ئىككىنچى بىر خىل قاراش بولىدىغان بولسا — يەنى ئەگەر خىتاي جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىن يېڭى بىر نام بىلەن بۆلۈنۈپ چىقماقچى، دېگۈچىلەر بولسا — روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇدۇكى، بۇ مۇناپىقلىق، خائىنلىق! (بەلكى خىتاينىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە) خىتاي مەنپەئەتى ئۈچۈن تەشۋىقات ”كوزىرى“، رەددىيە دەستىكى قازاندۇرۇش ئۈچۈن ئوينىلىۋاتقان ئويۇندىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس!

بۇ مەسىلىنى خۇددى ئادەم ئىزدەش ئېلانىغا ئوخشىتىشقا بولىدۇ. سۇپۇرگاخۇن يۇتۇپ كەتسە (ياكى ئۇنى قارا قوللار تۇتۇپ كەتكەن بولسا) ئۇنى چوقۇم شۇ نام بىلەن ئىزدەش، شۇ نام بىلەن ساقچىغا مەلۇم قىلىش كېرەك. ئۇ ئىسمىنى ئۆزىمىزچە ياراتماي، ”سالىھجان“ دەپ ئىزدىسەك بىمەنىلىك بولغاندەك بىر ئىش! ئىسمى يارىمىغان بولسا بۇرۇنقى ئىسمى بويىچە ئىزدىلىپ ئادەم تېپىلغاندىن كېيىن جامائەت ئالدىدا: ”ئەييۇھەنناس، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ئاممەخاس! بۇ سۇپۇرگاخۇننىڭ ئىسمى بۈگۈندىن ئېتىۋارەن سالىھجان بولدى!“ دەپ جاكارلىساق بولىدۇ!

قەستەن ۋە ئاساسسىز ھالدا بۇنداق بىر ئىختىلاپنى كۆتۈرۈپ ”ئىنقىلاپچى“ قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىشتىكى ھەقىقىي مۇددىئا نېمىدۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ ”مىللەتكە بەكراق كۆيىنىش“ مەخسەت قىلىنغانمىدۇ؟ ياكى داۋامىزنىڭ خەلقئارا سەھنىدىكى سالاھىيىتىگە ”بالىلىق“ تۈس، بەلكى ساراڭلارچە قىياپەت بېرىپ، جىددىيلىك دەرىجىسىنى، تارىخسەل چىنلىقىنى ئاجىزلاشتۇرماقچىمۇ؟ يوققا چىقارماقچىمۇ؟ ئەڭ تۆۋەن تىراژدا تارقىتىلىدىغان، سۈپىتى تۆۋەن گېزىتلەردە ھېلى ئۇنداق ئاتىسا، ھېلى بۇنداق ئاتايدۇ. ھەتتا بىر ماقالىنىڭ ئۆزىدىلا ئىككى خىل ئاتاش بىلەن چەلەڭگۈش قىلىپ، داۋانى ”ساراڭلاشتۇرۇش“ رولى ئوينايدۇ. مۇشۇنچىلىك بىر ئەقەللىي ئىشتىمۇ گەپنىڭ بىر يەردىن چىقماسلىقى بىزنىڭ داۋا قىلىشتا بالىلىق ھالەتتە ئەمەس، بوۋاقلىق ھالەتتە ئىكەنلىكىمىزنى

چۈشەندۈرمەمدۇ. بىراق، بوۋاقمۇ چوڭ بولاتتى، بىلمىگەن نەرسىلەرنى تەدرىجى ئۆگىنەتتى، بىزنىڭ ساراڭلاردەك تىپىرلىغان بىر گەپكە مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، كاجلىق قىلىشلىرىمىزدىن قارىغاندا، بىز بوۋاق بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە بى نورمال(مەجرۇھ) بوۋاق ئوخشايمىز! بۇ ئىككى خىل "كۆز قاراش" ئۆزلىرىچە خۇددى "گومىنداڭ- گوڭچەنداڭ ھەمكارلىقى" تەقلىتىدە "بىرلەشكەن"لىكىدىن سۆز ئېتىشىدۇ- يۇ، قارىسىڭىز ئىككى ئاتالغۇ يەنىلا بىللە سۆرۈلۈپ يۈرگەن! قالتىس بىرلىشىشكەندە، بۇ!

قىسقىسى، ۋەتەنىنىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرى بولغان 30 مىليون خەلق ئۇ ياقتا قېلىپ، ۋەتەندىن قېچىپ چىقىۋالغان ئازغىنە ئادەمنىڭ خۇددى: "سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ" دېگەندەك دۆلەتكە نام يەڭگۈشلەشكە نېمە ھەققى؟ نېمە سالاھىيىتى؟! نېمە ھوقۇقى بار!!؟ ئاۋال سەن نوچى بولساڭ دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈر، بىر كۈنلۈك بولسىمۇ مۇستەقىللىق جاكارلا،ئاندىن خاھلىغان ئىسمىنى قويىۋال! ھەتتا مۇناسىۋەتسىز بىر ئاتنى قويىۋالساڭمۇ مەيلى، چۈنكى، «تۆردە ئولتۇرغان ھېساپ ئەمەس، زەللە ئالغان ھېساپ» دېگەندەك، ئىسمىنىڭ نېمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇندا خەلق ھۆر ياشىسىلا بولدى! ئەمما ھازىر سەن ئۇنداق سالاھىيەتكە ئىگە بولغىنىڭ يوق!

دۆلەت نامى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىۋاتقان مۇشۇ قۇرلاردا كېتىۋېتىپ يەنە بىر قالتىس ئىش يادىمغا كەچتى. "يولدىكى نىجاسەت"نى "تەپكەچ ئۆتۈپ كەتكەندەك" بۇ رەسۋالىقنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلدى: بەزى بىلەرمەن ئەپەندىلەر 1933- يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»نى تىلغا ئېلىشقا توغرا كەلگەن ئەھۋالدا، بۇ بولۇپ بولغان تارىخىي پاكتنى "تەھرىرلەپ" «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جۇمھۇرىيىتى» دەپ ئاتىشىدىغانلىقى دىققىتىمنى قوزغىدى. ئۇلارغا خوتۇن- قىزلىرىنىڭ يالىڭاچ يۈرىشىنى چەكلەيدىغان "ئىسلام" ياقمىغاچقىلا بۇنداق "ئىسلاھات"نى قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى تېخىمۇ مۇرەككەپ سەۋەپلەر، شۇم مەخسەتلەر بارمىدۇ؟ خاتىرىدىن خاتىرە تۇغۇلۇپ، يەنە بىر ھېكايە خىيالىمغا

كەچتى(بۇ راست بولغان ۋاقەمۇ، قانداق، ئىشەنچ قىلالمايمەن. ئەمما نىمىلا بولمىسۇن مىنىڭ ئىشىمغا يارايدىغان بولغاچقا، بولغان ـ بولمىغىنىنىڭ كارايىتى يوق. بۇ ئەپەندىلەرگە ئوبرازلىق جاۋاپ بىرىش ئۈچۈن بۇ ھىكايىنى سۆزلىشىمگە توغرا كەلدى):

50- يىللارنىڭ ئاخىرىدا خىتايلار بىزنى لاتىن ئېلىپبەسىگە كۆچۈرىدىغان بولۇپ، لايىھە تۈزۈپ چىقىشقا ئۇيغۇر، خىتاي ئارىلاش بىر گورۇپپا تەيىن قىلىنغان ئىكەن. ئۇلار بىر لايىھە ئىشلەپ چىقىپ سەيپىددىنگە ئاپىرىپ كۆرسەتكەن ئىكەن، سەيپىددىن: ”ئىبراھىم تۇردىغا كۆرسەتتىڭلارمۇ؟“ دەپ سوراپتۇ. بۇ زاماندا ئىبراھىم تۇردى تۈرمىدە ئىكەن. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق بولغاچقا ئىبراھىم تۇردىغا كۆرسەتمەي بولمىسا كىرەك، سەيپىددىن ئۇلارنى ئىبراھىم تۇردىغا كۆرسىتىپ پىكىر ئېلىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ يېزىق لايىھىسىنى ئىشلىگەن گورۇپپا ئالتەيلەن بولۇپ، بىر خىتاي، بەش ئۇيغۇركەن. ئۇلار ئېلىپبە لايىھىسىنى ئېلىپ تۈرمىگە بېرىپتۇ. ئىبراھىم تۇردىنىڭ كامېرىغا كىرىپ كەلگەندە ئۇ تەتۈر قارىۋاپتۇ. كەلگەن بەش ئۇيغۇر كېلىش مەخسەتلىرى، ئىبراھىم تۇردىنىڭ نوپۇزى، بىلىمى تۆپەيلى ئۇنىڭدىن پىكىر ئالماي ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقى، شۇ سەۋەپتىن كەلگەنلىكى، مالال كۆرمەي لايىھەگە بىر كۆز يۈگەرتىپ قىممەتلىك پىكرىنى بېرىشى... توغرىسىدا ئارقىمۇ- ئارقا بىر سائەتچە شىرىن گەپ قىلغاندىن كېيىن ئىبراھىم تۇردى گەۋدىسىنى قاراتماي، بېشىنىلا ئۇ تەرەپكە بۇرىغان ئىكەن، ئۇلار لايىھەنى ئۇنىڭ كۆزىگە ئەپ كەلتۈرۈپ تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئىبراھىم تۇردى قولىنىمۇ ئۇزاتماستىن شۇ پېتى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. قارىسا بۇ لايىھەدە ”ژ“ ھەرپى كۆرۈنمەپتۇ. كۆرمەي قالدىمۇ دېگەندەك قايتا قارىسا يەنە يوق. ئەسلىدە بۇ ئەقىللىقلەر ”ژ“ ھەرپى كۆپ ئىشلىمەيدىكەن، دەپ ئۇنى قالدۇرىۋەتكەن ئىكەن. بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن ئىبراھىم تۇردى، بەش ئۇيغۇرغا ھىچنىمە دىمەستىن، ئارقىدىراق تۇرغان بىر خىتايغا قاراپ:

— ”ژ“ ھەرپى ژىنىمالىكىما؟[1] — دەپتۇ- دە، بېشىنى بۇراپ، ئۆزىنىڭ ئىشىغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بۇ ”قىممەتلىك پىكىر“ بىلەن ھۇشىنى تاپقان گورۇپپا دەرھال چىقىپ، يېڭى ئېلىپبەگە ”ژ“نى قوشقان ئىكەن. ”ئىسلام“نى ياقتۇرماسلىق تۇپەيلى ئۆتمۈش تارىخ بەتلىرىدىنمۇ ”تەھرىرلەپ“ چىقارماقچى بولغانلارغا پەقەت ئىبراھىم تۇردىنىڭ ئۇسلۇبى بويىچە:

— ”ئىسلام“ ژىنىمالىكىما؟ — دېيىشكىلا توغرا كېلىدۇ!

دېمەك، بىر دۆلەتنىڭ داۋاسىنى قىلغۇچىلار سۆزدە، ھەركەتتە دۆلەتلىك سالاھىيەتنى ساقلاشقا قاتتىق دىققەت قىلىشى ۋە پىرىنسىپچان بولۇشى، ئىنچىل بولۇشى شەرت.

خۇددى كەتمەننىڭ سېپىنى قىرىش بىلەن قورالنىڭ زاپچاسلىرىنى قىرىش ئوخشىمىغاندەك، نازۇكلۇق دەرىجىسى مەۋجۇت. مەسىلەن: كەتمەن سېپىنى قىرىش جەريانىدا بىر سانتىمېتىر ئارتۇق شىلىنىپ كەتسىمۇ كارايىتى يوق؛ ئەمما قورالنىڭ زاپچاسلىرىنى قىرغاندا بىر مىكرومىللىمېتىر ئارتۇق ـ كەم بولۇپ قالسا مۇۋەپپەقىيەتسىز بولىدۇ. خۇددى شۇنداق، يوقۇرىدا تىلغا ئالغىنىمىز ۋە مىسال قىلغىنىمىزدەك، سىياسىدا، دىپلوماتىيىدە بىر پىئىلنىڭ دەرىجە كاتىگورىيىسىنىڭ توغرا ئىشلىتىلمەسلىكى(ئوخشاش پىئىلنىڭ ئېنىق دەرىجىسى ئورنىغا مەجھۇل دەرىجىسى ياكى مەجبۇري دەرىجىسى ئىشلىتىلىپ قېلىشى) تۇپەيلى مۇناسىۋەتلەر، سۆھبەتلەر بۇزىلىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بىلەرمەنلەرنى كۆرۈڭ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلىشەمدۇ؟ ئۇنىڭدىن قانداق ئۇنۇم ھاسىل بولۇشىنى مۆلچەرلىيەلەمدۇ؟ تېخىمۇ ئېنىقى، ئۇلار ئۆتمۈشتە شەرقىي تۈركىستان دېگەن بىر دۆلەتنىڭ بولغانلىقىغا چىن دىلىدىن ئىشىنەمدۇ؟ بىزنىڭ خىتايلار دېگەندەك «ئەزەلدىن» مۇستەملىكە ئەمەس، بەلكى ئەزەلدىن مۇستەقىل ياشاپ كەلگەنلىكىمىزگە، تېخى كوممۇنىستلار ۋەتىنىمىزگە كىرگەن چاغدىمۇ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە چىقىپ كېتىش ھەققىدە توختاملار

---

[1] «ژ» ھەرپى ئاناڭنى بىرنېمە قىلغانمۇ؟ مەنىسىدە، ــ ئا.

ئىمزالاشقا مەجبۇر بولغان دەرىجىدە «ئايرىملىق» ھالىتى بولغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەمدۇ؟

تۈركىيىدىكى شەرقىي تۈركىستان داۋا ھەركەتلىرىدە شۇنداق بىر غەلىتىلىك مەۋجۇت: نامايىش، يىغىلىش ئۆتكۈزگەن شەرقىي تۈركىستانلىقلار قانچە دانە كۆك بايراق(شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى) كۆتۈرسە، شۇنچە دانە تۈركىيە بايرىقىنىمۇ بىللە كۆتۈرىدۇ. بۇ كۆك ۋە قىزىل بايراقتىن تەركىپ تاپقان بىر قوشۇن بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بىز بىراقلا ئىككى دۆلەتنىڭ داۋاسىنى قىلىۋاتىمىزمۇ؟ ياكى خەلقئارا مىزانلاردا داۋا قىلغۇچىلار ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەرنىڭ بايرىقىنىمۇ بىللە كۆتۈرۈشى كېرەك، دېگەن پىرىنسىپ بارمۇ؟ بۇ تەرىپى ماڭا نامەلۇم. ئەگەر شۇنداق پىرىنسىپ بولسا ھەم بۇنىڭدىن باش تارتىپ بولمىسا بۇ قىلىق ھەرھالدا چۈشىنىشلىك، ئادەتتە ئۇيغۇن بولىدۇ. ئەمما ئۇنداق مەجبۇرىيەت يۈكلەنمىگەن ئەھۋالدا — شەرقىي تۈركىستان داۋاسى قىلىۋاتقانلارنىڭ تۈركىيە دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىشى بىمەنىلىكتىن ھاماقەتلىككە ئۆتۈپ كەتكەنلىك، تېخىمۇ خەتەرلىكراقى، داۋانى تۈيۈق يولغا — زىددىيەتكە باشلاپ قويغانلىق بولامدۇ - يوق؟ مەسىلەن: ئەنگىلىيىدە ياكى فىرانسىيىدە بولغاندىمۇ شۇ دۆلەتلەرنىڭ دۆلەت بايرىقىنى بىللە كۆتۈرۈش كېرەكمۇ؟ ئەمما باشقا مەملىكەتلەردە بولغان ھەركەتلەرنىڭ سۈرەتلىك خەۋەرلىرىدىن قارىغاندا تۈركىيەدىكىدەك ئەھۋال يوقتەك قىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىش خەلقئارادا داۋا قىلىشنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىدىن بولمىغان تەقدىردە بۇ پەقەت تۈركىيەلىكلەرنى خوش قىلىش، ”يېگەن ناننىڭ ھەققى- ھۆرمىتى“ ئۈچۈن قىلىنغان خوشامەت بولغان بولىدۇ. ئۇ ھالدا قىل سىغمايدىغان بىمەنىلىك بولىدۇ! ئەمما تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يېرى شۇكى، بۇ ئۇ قەدەر ئاددىي ھالدا ئادەتكە ئايلاندۇرۇلغان ئىش بولماستىن، ئۇستا سىياسەتچىلەر تەرىپىدىن ”بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقۇش“، ”ئات ئايلىنغا، يول سارىخانغا“ قىلىپ نەپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇستۇلۇق بىلەن پىلانلانغان ئويۇن بولۇش ئېھتىمالىدۇر. يەنى، شۇنىڭغا دىققەت قىلىپ كۆرەيلى: تۈركىيەلىكلەر

بىرگە بايرىقىنى كۆتۈرگۈزۈپ قويۇپلا، خىتايلارنىڭ ۋە باشقا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ دەۋانىڭ ئارقا تىرىكى تۈركىيەدەك تۈيغۇ پەيدا قىلىپ، دىپلوماتىيىدە بىرمۇنچە ئىلگىرىلەشلەرگە يول ئاچتى. ئەمما باشقا دۆلەتلەر، ئىپتايلۇق، تۈرك دۈشمىنى بولغان دۆلەتلەر كۇردىستان داۋاسىنى ئەمەلىي قوللاپ، ھەتتا ئابدۇللا ئۆجالاننىڭ شەخسىي ھېسابىغا مىلياردلاپ پۇل قويۇپ بېرىپ، تۈركىيىدە 30 مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى بەدىلىگە شۇنچىلىك ئۇنۇم قازاندى، يا قازانمىدى. مەسىلەن: پەلەستىنلىكلەر لىۋان، سۈرىيە زېمىنلىرىنى تايانچ بازا قىلىپ ھەركەت قىلىدىغان، بۇ دۆلەتلەرمۇ ئەمەلىي قوللاش مەيدانىدا بولىشىغا قارىماي، پەلەستىنلىكلەرنىڭ نە لىۋان بايرىقى، نە سۈرىيە بايرىقى كۆتۈرۈۋالغىنىنى ئاڭلاپ باقمىدۇق. دېمەككى، بىزنىڭ داۋا ھەركەتلىرىمىزدىكى بۇ ئۆزگىچىلىك تەبىئىي ھالدا "تۈركىيە ياردەم قىلىۋاتىدۇ..." دېگەن تۈيغۇنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن بولماي نېمە؟ بۇنداق تۈيغۇنىڭ پەيدا بولىشى بەدىلىگە تۈركىيىنى خىتاي بىلەن "سودىلىشىش" تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىغا ئىگە قىلمامدۇ؟ ئۇلار ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ماددىي ياردەم بەرمەيلا "يولۋاسنىڭ سۈرىتى بىلەن بۆرىنى قورقۇتقاندەك" ئۈنۈمگە ئېرىشمەكچىمۇ قانداق؟ تەشۋىقات رەسىملىرى، ئىزناكلار، بەلگىلەر،... نىڭ ھەممىسىدە كۆك بايراقنىڭ قىزىل بايراق بىلەن ئاشىق-مەشۇقتەك كىرىشتۈرۈلۈپ تۈرىشى ھەرقانداق كىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا گۇمانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ داۋانىڭ ئارقىسىدا تۈركىيە باردەك گۇماننى پەيدا قىلىپ، دىپلوماتىيىدە تۈركىينى ئاكتىپ (شەرت قويغۇچى) ھالغا كەلتۈرۈشتىن باشقا ئۇيغۇرغا ھېچ پايدىسى يوق! (كېيىنكى كۈنلەردە مەيدانغا چىققان تۈرك- خىتاي كېلىشىملىرى بۇ قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ!).

بۇندىن باشقا داۋامىزنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇمىزدىن ئەمەس، تاشقى قۇتراتقۇلۇقتىن كېلىپ چىقىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كارنىيى يىرتىلغۇدەك ۋالاقشىيدىغان خىتايلارغىمۇ "ئالتۇنغا بەرگۇسىز" "ياخشى دەلىل" تېپىپ بېرىمىز. خىتايلارنىڭ ئادەتتە تەشۋىقاتتا كۆپ تەكرارلايدىغان بۇنداق بىر

جۈملە سۆزى بار: ”مىللىي بۆلگۈنچىلەر ۋەتىنىمىزنىڭ بىرقىسمىنى بۆلۈۋېلىپ، چەتئەل ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرماقچى، مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرماقچى، ئۈچ چوڭ تاغنىڭ بېسىمىدىن ئازاد بولغان خەلقنى قايتىدىن جاھانگىرلارنىڭ قۇللۇقىغا تاشلاپ بەرمەكچى،...“ ئەگەر بىرسى بۇ سۆزلەرگە پاكىت تەلەپ قىلسا خىتايلار ھېلىقىدەك كۆرۈنۈشلەرنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپلا قويسا (ئالاھىدە ئىزاھات بەرمىسىمۇ) سوئال سورىغۇچى ئىككىلىنىپ قېلىشى جەزمەن. بۇ قارىشىمنى رەت قىلغۇچىلارنىڭ نېمە دېيىشىنى تەسەۋۋۇر قىلماق تەس ئەمەس. بۇ مەسىلىنى باشقىچە چۈشەندۈرگۈچىلەر بولسا ”تۈركلۈك“ نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرمەكچى بولار. ئەمما بۇ پايدىسىز ھالدىكى داۋامىزنى تېخىمۇ تۈيۈق يولغا مۈپتىلا قىلىشى مۇمكىن. ”تۈركچىلىك“ ياكى ”تۇرانچىلىق“ ۋەياكى ”پان تۈركىزىم“ — پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنى بىر بايراق ئاستىغا جەم قىلىش، تىل، يېزىق، تېرىتورىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش — خۇددى كوممۇنىستلارنىڭ كوممۇنىزىمدەك بىر غايە؛ بەلكى كوممۇنىزىمغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۈتۈپىيەلىك بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا بىز داۋا ياكى كۆرەشلىرىمىزنى خاس مۇستەقىللىق ھەركىتى سۈپىتىدە — ھېچقانداق باشقا ئىدىيە، باشقا قوشۇمچە مەخسەتلەرنى ئارىلاشتۇرماي ئېلىپ بارساق، بۇ بىر قەدەم مەنزىلگە يەتكەندىن كېيىن باشقىلىرىنى ئويلىشىپ باقساق ھەم ئاسان، ھەم ئەقىلغا مۇۋاپىق، ھەم ئەھۋالىمىزغا ماس كېلىدىغانراق بولاتتى. ئەپسۇسكى، بىز ھېلى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ غېمىنى يەيمىز، ھېلى پۈتۈن دۇنيا تۈركلىرىنىڭ غېمى بىلەن بەند. بۇ خۇددى ئىگىز تىك يارنىڭ قاپ بېلىدە دەرەخ يىلتىزلىرىغا ئېسىلىپ قالغان، ئۈستىگە يامىشىپ چىقىش ئىنتايىن غۇۋا، پەسكە سىيرىلىپ چۈشمەكچى بولسا پاچاق- پاچاق بولىدىغان بىر ۋەزىيەتتىكى ئادەمنىڭ پەستىكىلەر ۋە يوقۇرىدىكىلەرنىڭ غېمىنى قىلىپ، ”ھەممىڭلارنى ئۆزەم قۇتقۇزىمەن“ دېگىنىدەك بىمەنە ھەم كۈلكىلىكمۇ - قانداق؟ بۇنداق نىيەتنى توغرا ۋە ئالىجاناپ دېگەندىمۇ، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ، پۇت قويغىدەك يەرگە ئىگە بولمىقى كېرەك

ئەمەسمۇ؟

يەنە بىر ۋاقەنى ئەسلەپ ئۆتسەك بۇ غەلىتىلىك بەلكىم ياخشىراق ھېس قىلىنار: 1997 ـ يىلى فىۋرالدا ئەنقەرەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا نارازىلىق بىلدۈرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدىكى تۈركىيەدە يەرلىشىپ قالغان كونىلار تۇيۇقسىزلا ھاياجان بىلەن ”ئىستىقلال مارشى“[1]نى ئوقۇپ كېتىشتى! ھەيران قالدىم. ھەم نومۇسۇم كەلدى. قىلىۋاتقىنىڭ نېمە داۋا- يۇ، ئوقۇۋاتقىنىڭ نېمە؟ ئەگەر مۇنقەرز بولغان دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت شېرى ئوقۇلغان بولسىدى، ئاجايىپ توغرا، تەسىرلىك ھەم ماس بولاتتى. ئەپسۇس، ئۇنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز! ئەگەر تۈركچە ئازادلىق، ھۆرلۈك، زۇلۇم، خورلۇق... تېمىلىرىدىكى باشقا ھەرقانداق بىر مارشنى ئوقۇساقمۇ بولىۋېرەتتى. لېكىن، دۆلەت شېرى دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ سىمۋوللۇق ساداسى! شۇڭا بىر دۆلەتنىڭ داۋاسىنى قىلىۋېتىپ يەنە بىر دۆلەتنىڭ دۆلەت شېرىنى ئوقۇش- دۆتلۈك، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ئالاھىدە تەقلىتچىلىكى دۆتلۈك، خالاس! دىھقانچىسىغا قىل سىغماس دەرىجىدە تولۇق تەسۋىرلەش ئۈچۈن سەت بولسىمۇ شۇنداق دېيىشكە مەجبۇرمەنكى، بۇ خۇددى خوتۇننى ئورتاقلاشقىلى بولمىغاندەكلا بولمىغۇر بىر ئىش! مەن شۇ چاغدا: ”نېمە، بىز داۋايىمىزنىمۇ ئۆگى- سېپىدە قىلالمايدىغان ئوخشىمامدۇق؟! قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ ئۇلى- دۈمىنىمۇ بىلمەمدۇق، نېمە؟ تازىمۇ ئەتى- مەتى يوق خەقكەنمىز“ دەپ ئويلىغان ئىدىم.

ئەگەر دۆلەت شېرى ھەققىدە باشقا قاراش بولمىسا، دېمەك، بايراق ئۈچۈنمۇ ئەينى شۇ پىكىر ئەقىلغا مۇۋاپىق. چۈنكى بايراقمۇ، دۆلەت شېرىمۇ دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دۆلەتنىڭ سىمۋولى. باشقا بىر دۆلەت ئۈچۈن سىمۋول بولغان نەرسە يەنە بىر دۆلەتكىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ياكى بۇنداق قوللىنىش خاتا! بۇ خامانلىقتا قوشىنلار بىر ئارىنى ئورتاق ئىشلىتىپ

[1] تۈركىيىنىڭ دۆلەت شېرى — ئا.

تۇرغانغا ئوخشىمايدۇ!

تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك گەپ بولۇۋاتقان بۇ پۇرسەتتە يەنە بىر كۆلكىلىك ئىشنىمۇ قوشۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: 1997 - يىللىرىدىكى قاينام- تاشقىنلىق نامايىشلاردىن بىرىدە، شەرقىي تۈركىستانلىقلار يەنە خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىغا بېرىپ نامايىش قىلماقچى بولۇپ قاپتۇ. كىمنىڭ تەشكىللىگەنلىكى ماڭا قاراڭغۇ، ئەيتاۋۇر ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىغىنى ئۈچۈن ساقچىلار ئەتراپنى قورشىۋالغان ئىكەن. ساقچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك مۇداپىئە "تېمى"، گېزىت ۋە تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ئەمەلىيەتتە نامايىشقا تېخىمۇ جانلىق تۈس، جەڭگىۋار قىياپەت بېرەتتىكى، دەخلىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىشە شۇنداق بولاتتى. ساقچىلارنىڭ بېشى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا چىن كۆڭلىدىن كۆيىنىپ: "سىلەر بىزنى يولىمىزنى توستى، دەپ رەنجىپ يۈرمەڭلار، بىز بۇيرۇق ئىجرا قىلغۇچى بولغىنىمىز ئۈچۈن شۇنىڭغا مەجبۇرمىز. ئەگەر سىلەر بىزنى ئۇرۇپ يىقىتىۋېتىپ ئۆتۈپ كەتسەڭلار بىز سىلەردىن زادىلا ئاغرىنمايمىز، چۈنكى سىلەرنىڭ داۋايىڭلارغا بىزمۇ ھېسسىداشلىق قىلىمىز. بىراق، سىلەرنىڭ بېشىڭلار كىم؟ بۈگۈنكى كۈن تەرتىپتە قىلماقچى بولغان نارازىلىق تېماڭلار نېمە؟ مۇخبىرلارغا ئاڭلىتىدىغان ئاساسىي مەزمۇنلارنى يېزىپ تەييارلىۋالغانمۇ، قانداق؟ مۇخبىرلارغا جاۋاپ بېرىشكە مەسئۇل قىلىنغان ئادىمىڭلار قايسى، ... مۇشۇنداق تەرتىپلەر بويىچە بولسا ئۆزەڭلارغا تېخىمۇ ياخشى. بىزنىڭ قەلبىمىز سىلەر بىلەن بىللە..." دېگەندەك سۆزلەرنى قىلدى. ئەتراپتىن تەرتىپسىز ۋارقىراشلار چېچىلىپ تۇراتتى. بۇ ۋارقىراشلار ئىچىدە ئالامانىڭ: "ئالاھ بىر! ئاللاھ بىر!..." دېگىنى ئومۇمىي شاۋقۇن بولۇپ كۆتۈرۈلەتتى. مۇخبىرلار ئالدىغا دېۋەيلىشىپ تۇرغان ئالاماندىن: "بۈگۈنكى ئاساسىي كۈنتەرتىپىڭلار نېمە؟ بىز بىلەن سۆزلىشىدىغان ئادىمىڭلار قايسى؟..." دەپ سوراپ بۇ تەرتىپسىز چۇۋۇلىشىپ تۇرغان توپتىن زادىلا جاۋاپ ئالالمىغاننى ئاز دەپ بىرەر ئادەم ئۇلارغا جاۋاپ بەرگۈچىنىمۇ كۆرسىتىپ قويالاي دېمەيتى. ئۇلارنىڭ تەلمۈرۈپ سورىغان سوئاللىرىغا

ئومۇمىي شاۋقۇن جاۋاپ بېرەتتى: ”ئاللاھ بىر! ئاللاھ بىر!...“ مۇخبىرلار ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: ”بىز سىلەرنىڭ داۋايىڭلارنى تېخىمۇ ياڭرىتىپ بېرەيلى دەۋاتساق نېمانداق رەج ئۇقمايسىلەر؟ بۈگۈنكى ئاساسىي نارازىلىق تېماڭلار نېمە؟ خىتاي كونسۇلىغا بېرىلىدىغان نارازىلىق نوتاڭلار يوقمۇ؟...“ ئەتراپتىن پەقەت بىرلا سادا تەكرارلىناتتى: ”ئاللاھ بىر! ئاللاھ بىر! ...“ مۇخبىرلاردىن بىرى ھەيرانلىق ھەم مەسخىرە ئارىلاش: ”سىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئاسىي مەخسىدىڭلار ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشمىدى؟ بىزگە ئۇقتۇرۇپ قويماقچىمۇ؟ خىتتىيىڭلارغىمۇ؟ بىزگە دېسەڭلار، بىز ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى بىلىمىز، ھەم بۇ مەسىلىنى تالىشىۋاتقىنىمىز يوق، خىتايلىرىڭلارغا دېسەڭلار ئۇلار بەرىبىر ئۇقمايدۇ...“ دېدى. ساقچى بېشىنىڭمۇ راسا ئاچچىقى كەلدى. ئۇ: ”بۇ قانداق شەرقىي تۈركىستان داۋاسى؟!...“ دەپ ئالامانىنى ھەيدەشكە باشلىدى. بىزنىڭكىلەر بولسا ”ئارپا نېنى ئوسۇرغاقتا باھانە بولدى“ دېگەندەك، بۇ دوستانە مۇداپىئە توسىقىنى باھانە قىلىپ، ”ساقچىلار توسىۋالدى، ئۆتكەزمىدى،...“ دېيىشىپ، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەرتىپسىز ھالدا خىرىلداپ: ”ئاللاھ بىر! ئاللاھ بىر!...“ دەپ چۇقۇراپ قويىدى- دە، ئۆز كۆڭلىنى بەزلەپ كەينىگە ياندى!

تۈركىيىگە مۇناسىۋەتلىك گەپلەرنى بىرىيەردىلا تۈگەتمەك ئۈچۈن يەنە بىرگەپنى بۇ يەرگە قىستۇرۇۋېتەي: تۈركىيىدە شۇنداق بىر كۈلكىلىك ئىشقا دۇچ كېلىمىز، شەرقىي تۈركىستان فوندى قاتارلىق ئورۇنلاردىن بىرەر ۋەكىل بىرەر يىغىلىشتا سۆزلىسە ”خىتايلار ئاق قىلدى،... خىتايلار كۆك قىلدى،... دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىمىزنى چەكلىدى،... باللىرىمىزغا دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىتىش ئىمكانلىرى يوق، مەسجىدلەرنى تاقىدى،...“ دەپ فورمۇلىلاشقان دەرت تۆكۈشنى تەكرارلايدۇ. خوش، ئۇنداق بولسا تۈركىيىدە بۇ ئەركىنلىكىڭىز چەكلەنمەيدۇ، قانچىلىك ئىبادەت قىلىۋاتىسىز؟ بوپتۇ، بۇنىمۇ دېمەي تۇرايلى، چۈنكى بۇنىمۇ سىزنىڭ شەخسىي ئەركىنلىكىڭىز دەيلى، سەھنىدە ئۆزىڭىزنىڭ ئىستىكىنى ئەمەس، خەلقنىڭ ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن بولۇڭ، ئەمىسە نېمىشكە مەدرىستە ياتقان ئوقۇغۇچىلار ناماز

ئوقۇسا يامان كۆرۈسىلەر؟ نېمىشكە ”دىنچىلار بېسىپ كەتتى...“ دەپ قاخشايسىلەر؟ سىلەرمۇ ئوخشاشلا چەكلەش پوزىتسىيىسى تۇتىۋاتىسىلەرغۇ؟ بۇ ھالدا خىتايلار راسا سىلەرنىڭ دىتىڭلاردىكى ئىشنى قىلغان، سىلەر خىتايلارغا رەخمەت ئېيتىشقا توغرا كېلىدىغان ئەھۋال ئوتتۇرىغا چىقمامدۇ؟

دېمەك، بۇ داھىلارمۇ ئوخشاشلا دىننى ئۆلگىدەك يامان كۆرىدۇ. چۈنكى، ”بۇ قالاقلىق، بۇ خۇراپات، غەرپنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بۇ ئېتىقاد“ ئۇلارنىڭ بۇيۇك سىياسىتىگە پۈتلىشارمىش! دېگەنلىرى بىلەن قىلغىنى قارىمۇ - قارشى بولۇشىمۇ تەسىر كۈچى بولمىغان داۋا دېمەكتۇر! دىنني تەربىيەنى، يېڭىدىن كوممۇنىست مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلغان قازاقىستان ۋە موڭغۇلىيە قازاقلىرى ئۈچۈن مىللىي تەركىپ، مىللىي كىملىكنىڭ بىر ئۇنسۇرى سۈپىتىدە ھېساپلىغان تۈركىيە قازاقلىرى ئەھمەد يەسەۋى ۋەقفى ۋە باشقا يەرلەردە يۈزلەرچە ئوقۇغۇچىنى دىنىي تەربىيەگە ئىگە قىلىۋاتقان؛ ھەتتا دىنىي تەرغىباتنى ”ئىرتىجا“ دەپ سەت ئاتايدىغان تۈركىيە ھۆكۈمىتىمۇ بۇ قاراشنى توغرا تونۇپ يول قويغاندىن باشقا، قازاقىستان تەۋەسىگە دىنىي ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ خىرىستىيانلىشىش يولى بىلەن مىللىيلىكتىن چەتنەپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان مۇشۇ زاماندا، تۈركىيەدىكى ”شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى“ خۇددى كوممۇنىستلاردەكلا كىن ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ۋەقف ئىچىدە دىنىي نۇتۇقلارنىڭ بولىشىغا، ئۇ يەردە ياتىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ناماز ئوقۇشىغا قارشى تۇرماقتا! يىغىن- قۇرۇلتايلاردا ”...خىتايلار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي ھۆررىيىتىنى چەكلىدى...“ دەپ قاخشاشلىرى سۈنئىي ۋە رەسمىيەت ئۈچۈن ئىكەنلىكى، ئەمەلىيەتتىكى خىتايلارغا ئوخشاش مەيداندىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ تۈر پوزىتسىيە — خەلقىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى ئەينى شۇ سەۋىيىدە مېنىڭسىمەي تۇرۇپ، رەسمىيەت يۈزىسىدىن ”خەلق ۋەكىللىكى“ چۈمپەردىسىگە ئورۇنىۋېلىش — ئالدامچىلىق بولۇش بىلەنلا قالماي، بۇنداق ئادەملەر بېشىغا مىنىۋالغان ”دەۋا“دىن بىرەر ئىجابىي نەتىجە كۈتمەك بەغەرەزلىكتۇر!

غەرپلىكلەرگە ياراپ قېلىش ئۈچۈن دىندىن ۋاز كېچىشنىڭ ھاجىتى يوق. غەرپلىكلەر بىزنىڭ مۇسۇلمانلىقىمىزدىن قورقۇپ كېتىپ ياردەمدىن ۋاز كېچەرمىكىن دېگەن قاراش بىمەنىدۇر. غەرپلىكلەر بىزنىڭ تۇتامسىزلىقىمىز تۈپەيلى — بىردەم دىنىمىزدىن كېچىش، بىردەم دۆلەت نامى يەڭگۈشلەشلىرىمىز تۈپەيلى — ياردەم بېرىشكە لايىق كۆرمەسلىكى مۇمكىن.

بىر موھىم ئىشقا ئانچە موھىم بولمىغان يەنە بىر ئىشنى ئارىلاشتۇرىۋېلىش ياكى نۆۋەتتىكى كونتېكىستىن چىقىپ كەتكەن بىر ئىشقا يەنە بىر ئىشنى چېتىۋېلىش، ئاشۇ موھىم ئىشنىڭ موھىملىق تۈسىنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدۇ. بىر رەسمىي ئىشقا مۇناسىۋەتسىز ياكى ئىككىلەمچى بىر ئىشنى چېتىۋېلىش، ئاۋالقىسىنىڭ جىددىيلىك سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. بىر قولدا كەتمەن، بىر قولدا بولقا تۇتۇپ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئۆستەڭ چاپقىلى، ھەم زەرگەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ. بىر ئىشنى پۈتتۈرەلمەي ھەلەك بولىۋاتقاندا يوغانچىلىق ۋە يا ئاخمىقانىلىق بىلەن باشقا بىر ئىشنى، تېخىمۇ يوغۇنىراق بىر ئىشنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئېلىۋېلىش خۇددى تەمسىلىمىزدە ئېيتىلغان: "ئۆزەم پاتمىغان كامارغا، غەلۋىر باغلاي قوڭامغا" دېگەندەك بىمەنىلىك ۋە نادانلىقتۇر! 70- يىللاردا ختايلار قوزغىغان "لىن بياۋنى، كوڭزىنى تەنقىد قىلىش" دولقۇنىدا "تۆرت كىشلىك گورۇھ" "ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش"نى قوشۇپ تەنقىد قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىكەن، "تۆرت كىشلىك گورۇھ" يوقۇتۇلۇپ، تەنقىد قىلىنىشقا باشلىغاندا ئۇلارنىڭ جىنايى ماتېرىياللىرى ئارىسىدا ئۇلارنىڭ بىر تۈرلۈك ئېغىر جىنايىتى سۈپىتىدە مۇشۇ تەشەببۇس تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغانىدىم. لىن بياۋ، كوڭزىنى تەنقىد قىلىشقا "ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش"نى قوشۇپ تەنقىد قىلسا نېمىسى خاتا بولغىيدى؟ دەپ ئويلىغانىدىم. كېيىن چۈشەندىمكى، ئاۋالقىسى كوممۇنىستلارنىڭ نەزىرىدە دوست ـ دۈشمەن ئارىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ، چوڭ ئىش، موھىم ئىش ئىكەن؛ كېيىنكىسى (ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش) بولسا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت، ئادەتتىكى

كىچىك ئىشلار ئىكەن. بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرىۋالغاندا ئاۋالقىسىنىڭ جىددىيلىكىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدىكەن! دېمەك، بىزدىكى سىياسىي سەزگۈرلۈك ئىنتايىن گۆدەكلىك ھالىتىدە ئىكەنلىكى ئايان بولماقتا.

يەنە بىر ”دىنىي زات“ قېرىندىشىمىز بىر ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئىشلىگەن ئىكەن(ئەسلىدە ئۇ بۇنچىلىك ئىقتىدارغا ئىگە بىرسى بولمىسىمۇ، پەقەت ”ناسىراخۇن لېنتىغا سۆزلەپ تارقىتىۋاتسا مەن نېمىشكە قىلمايدىكەنمەن“ دېگەن سېلىشتۇرما ھەسەت تۈپەيلىدىنلا ئىشلەپ چىقىلغان بىراك مەھسۇلات)، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىكى بىمەنىلىك كىتاپتا تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمىگەندىن تاشقىرى، نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇھاكىمىمىزگە مۇناسىۋەتسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزمۇنى ھەققىدە توختالمايمىز. لېنتىنىڭ ”نەشرىيات“ ئالامەتلىرى ھەققىدە توختۇلىمىز. بۇنى تۈركىيەچە داۋانىڭ ئەرەپچە ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ لېنتىغا چاپلانغان ”نەشرىيات“ ئالامىتىدە لېنتىدىكى نۇتۇق نامى ئەرەپچە يېزىلغان، كۆپەيتىش بەلگىسى شەكىللىك كىرىشتۇرۇلگەن ئىككى دانە قىلىچنىڭ كېسىشكەن يېرىگە بىر دانە ئاق بايراق (ئاي يۇلتۇزلۇق بايراق) قادالغان، بۇندىن باشقا نەشرىيات نامى، بەلگە ئىزنالاردىن ئەرەپ ئالاھىدىلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، ھېلىقى كېسىشتۇرۇلگەن ئىككى قىلىچ سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ دۆلەت بەلگىسىدىكى بىر ئالامەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرتال خورما دەرىخى بار. بىزنىڭ قېرىندىشىمىز بولسا ئەنە شۇ خورما دەرىخىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدىغان ھېلىقى ئاي يۇلتۇزلۇق بايراققا يەڭگۈشلىگەن. ”ئىسلاھ قىلىپ پايدىلىنىلغان“ بولسىمۇ، يەنىلا ئەسلى ئالاھىدىلىكى ئەينەن ساقلىنىپ قالغان. بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىش تەس ئەمەسكى، بۇ بىچارە بۇرادىرىمىزدە روشەن ”ئەرەپ قۇلچىلىقى“ بىلىنىپ تۇرىدۇ. لېنتىغا سۆزلەنگەن ”جۆيلۈشلەر“نىڭ ئۇيغۇر تىلىدا بولغىنىدىن قارىغاندا بۇ ”تەشۋىقات“نىڭ ئوبيېكتى ئۇيغۇرلار ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئۇنداقتا نېمىشكە خېتىنى ئۇيغۇرچە يازماي، ئەرەپچە يازىدۇ؟ نېمىشكە

ئەرەبىستاننىڭكىگە تەقلىد قىلىنغان بىر بەلگىنى قويۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى؟ تەبىئىيكى، ئۇ تەقسىر ئەرەپلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىپ ياشاۋاتقان ياكى ئەرەپلەر مۇھىتىدا بىللە ياشاۋاتقان بولسا كېرەك. مانا شۇنىڭ بىلەنلا داۋا ئۇستىدىمۇ "كۆڭلىنى ئېلىش" كويى (ياخشىچاقلىق) پەيدا بولغان. تەقسىر دىنىي زات بولىشىغا قارىماي، دىننى ئاللاھنىڭ ئەمەس، ئەرەپلەرنىڭ دىنى، دەپ چۈشەنگەنمىكىن؟ ياكى ئەرەپلەر ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىن، ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىش، ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى، دەپ چۈشەندىمىكىن؟ ئەمما رەسۇلۇللاھ (س ئە ۋ) نىڭ ھەدىسلىرىدە ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى ھەققىدە "**ئىنسانلار بىر تاغاقنىڭ چىشلىرىغا ئوخشايدۇ، ئەرەپنىڭ ئەجەمدىن تەقۋالىقتىن باشقا پەرقى يوق**" دەپ تەلىم بېرىلمەكتىدۇر. قانداقتۇر بەندىگە قىلىنغان قۇلچىلىق ۋە خۇشامەت ئاللاھقا قىلىنغان تەقۋادارلىق ھېسابىغا كىرمەيدۇ!

قىسقىسى بىزنىڭ بۇ تەقلىتتىكى قىلىقلىرىمىز خۇددى «گۆلئايىم» دىن ناخشا باشلاپ، «گۈزەل تاشقورغان» بىلەن ئاخىرىنى چۈشۈرگەندەك ھاڭۋاقتىلىقتۇر.

بوشناقلارنىڭ بوسنا- ھەرسەك مۇستەقىللىق ھەركىتى جەريانىدىكى پاجىئەلەر، ۋەيرانچىلىقلار، قان ۋە ياشلىرى، شۇنداقلا كۆرەشلىرى ئىپادىلەنگەن بىر سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نامايىش، يىغىلىش ھەركەتلىرىمىز روشەن بىر سېلىشتۇرما بولۇپ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. بۇ بىر نامايىش كۆرۈنىشىدىن تۇغۇلغان تەسەۋۋۇر ئىدى: ئۇلارنىڭ ئاياللىرى (مۇسۇلمانچە ئىسكەتتە) ھەربىرى بىردىن شۇئار يېزىلغان پلاكات، لوزۇنكىلارنى كۆتۈرگەن ھالدا ھەم تەرتىپلىك، ھەم قايغۇلۇق، ھەقىقەتەنمۇ ۋەتىنى مۇنقەرز بولغان، نۇرغۇن بىگۇناھ قېرىنداشلىرى ئۆلتۈرۈلگەن مۇسىبەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاپ، ئىچ- ئىچىدىن ئۆرتەنگەن، يىغا- ماتەم بىلەن چىرايى تۇتۇلغان ھالدا گويا ئۆلۈم ئۇزۇتۇپ كېتىۋاتقان ھازىدارلار سېپىدەك سالماق قەدەم تاشلاپ مېڭىپتۇ. پۈتۈن تۇرقى، پېئىل خۇلقىدىن قايغۇ تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. قالايمىقان ۋاڭ- چۇڭ، ئاللىقانداق "ئالتە

ئۆچكە، يەتتە تېكە" دېگەندەك بىردەم ئالدىغا، بىردەم ئارقىغا شاپاشلاپ تۇرىدىغان، پات- پات تەرتىپكە چاقىرىپ ۋارقىراپ قويىدىغان "رەھبەر"، "تەرتىپ ھەيئەتلىرى"مۇ يوق. بىزدە بولسا نامايىشقا چىققان ئومۇمىي ئادەمنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاللىقانداق ۋەزىپىلەر بىلەن ئالدىراش، ئىشقىلىپ ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى "نامايىشچى ئامما"دىن پەرقلىق كۆرسىتىشكە تىرىشقۇچىلار بولىدۇ. ئۇندىن باشقا كەيپىيات جەھەتتە خۇددى «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى»دا تەسۋىرلەنگەندەك، "ئاچىسىنىڭ تويى بولىۋاتقان" سىياقتا ھىجايغان خوشال چىرايلار، باغ سەيلىسىگە چىققان جايدا رەسىمگە چۈشۈۋېلىش ياكى سىن ئالغۇغا ئېلىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئوبدانراق توغرىلىغاندەك بىر خىل كەيپىيات، ئومۇمەن، ئۆزلىرىگە ھەقىقىي مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر ئىشقا ئالۋان تەرىقىسىدە قاتنىشىپ قالغاندەك ھالەت بىلىنىدۇ.

مانا شۇنىڭغا ئوخشاش بىر تالاي ئىشلار بىزنىڭ داۋانى قاملاشتۇرۇپ قىلالمايدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا. بۇ مۇئەييەن يېتەكچى ئىدىيە (نەزەرىيىۋى ئاساس)، مۇئەييەن داۋا تەرتىپى، داۋا پىرىنسىپى، ئۇزاق مەزگىللىك ۋە باسقۇچلۇق ھەركەت پروگراممىسى، پلان، ئىستراتېگىيەنىڭ يوقلۇقىدىن، تېخىمۇ مەسخىرىلىكى، بۇنداق بىر نېمىلەرگە ئېھتىياج بولۇشىنىمۇ تونۇپ يەتمىگەنلىكىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر.

يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتمەك كېرەككى، يېرىم ئەسىرلىك نەتىجىسىز داۋا ھەركەتلىرىمىزدە «ئۇلۇغۋار» ئىشلارنى قىلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدىغان تەشكىلاتلار ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان تۇرۇپمۇ تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ خەلققە سىياسىي ساۋات، تارىخ ساۋادى، ئىستىخبارات ساۋادى بېرىپ باقمىدى، ئەكسىچە ئۆز- ئۆزىنى «رىكلام» قىلىش تېپىدىكى يىغىنلار، ئۇيغۇرنىڭ قىينالغانلىقىنى يەنە شۇ ئۇيغۇرغا ئېيتىپ بېرىشتەك بىمەنە ئىشلار بىلەن ۋاقىت زايا قىلغاچقا يېرىم ئەسىردە ھېچ بولمىسا خەلقنى ئاز- تولا سىياسىي ساۋاتقا ئىگە قىلىشمۇ بولمىدى!

1998-يىلى، دېكابىر، تاشكەنت. 2001 – يىلى، ئىستانبۇل.

# پىلاننى بەك بالدۇرغا تۈزۈۋەتمەيلى

بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان پىلان بولسا، بۇ پىلان ئۇزاق بىر دەۋر ئىچىدە داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدىغان، ھەتتا ئەۋلادمۇ- ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇلۇپ ئىجرا قىلىنىدىغان بولسا بىز ھەمىشە ئىشنى نۆلدىن باشلاۋەرمەيتۇق. ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك بىر قەدەر مۇكەممەل، شۇنداقلا ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى بولغان پىلان ھەققىدە گەپ كېتىۋاتقاندا بەلكىم بەزىلەر: ”بىز ھازىرقى ‹چۈۋۈق چويلا›دەك تېرىلىپ تۇرغان ئەھۋالىمىزدا بۇنداق پىلاندىن قانداقمۇ سۆز ئاچقىلى بولار؟“ دېيىشى چوقۇم. توغرا، ئومۇمىي مىللەت بىرتۇتاش ئېتىراپ قىلغان پىلاننىڭ بولۇشى(ياكى بارلىق تەشكىلاتلار ئورتاق قوشۇلغان پىلاننىڭ بولۇشى) تەسەۋۋۇردىن ناھايىتى يىراق، ئېچىنىشلىقى شۇكى، ھەربىر تەشكىلاتنىڭمۇ ئەرزىگۈدەك پىلانىنىڭ — بىر دەۋر ئۆتكەندىمۇ ئاساسىي قىسمى يەنىلا قىممىتىنى يوقاتمايدىغان پىلانى بولماسلىقى!

قەدىمقى زامان دۆلەتلىرى تەدبىرلىك بىر پادىشاھنىڭ سەۋەبىدىنلا قۇدرەت تېپىپ، كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، جاھاننى ئاستىن- ئۈستۈن قىلىۋەتكەندەك قىلغىنى بىلەن، ئاشۇ پادىشاھنىڭ ئۆلىشى بىلەنلا شۇ قەدەر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ ”پىسسىدە“ يېلى چىقىپ زاۋاللىققا يۈزلەنگىنىدەك، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزمۇ ئەنە شۇنداق. مەلۇم يولباشچى چىقىپ، بىر مەھەل خېلى ئىش ئەپلەشتۈرگەندەك تەسىر بېرىدۇ (يېڭىلىقتا قاملاشقاندەك كۆرۈنىدۇ)، كېيىن يا ئۇ ئۆزى يېتىشەلمەي، ئىشلار چېچىلاڭغۇلىشىپ، بارا- بارا ئىزدىن چىقىدۇ، يا ئۇ بىرەرسىگە قېيداپ ئىشنى تاشلىۋېتىشتىن ياكى ”نەسىردىن ئەپەندىمچە“ ”مانا يىقىل!“ دەپ تەتۈرىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشى

نەتىجىسىدە ”پىسسىدە“ يېلى چىقىپ تۇگەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمىدىن؟

قەدىمقى دۆلەتلەر پادىشاھنىڭلا ئاغزىغا قاراپ قالغان، يازما ھالدا تۈزۈپ چىقىلىپ، بىر گورۇھ دۆلەت خادىملىرى تەرىپىدىن قوشۇلۇپ تەن ئېلىنغان، ھەممە ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان قانۇن- تۈزۈم، پىلان- پروگرامما، ئىستراتېگىيە بولمىغانلىقى، پەقەتلا بىر پادىشانىڭ ئەقلى بىلەن، شۇنىڭ دېگىنى دېگەن، شۇنىڭ سۆزى قانۇن بولۇپ مېڭىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆلىشى بىلەنلا ھېچكىم ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمىغان. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەنلىرى ئۆزى بىلەن دەپن قىلىنىپ كەتكەنلىكى، ھېچكىم ئۇنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن كېيىنكىلەر تەبىئىي ھالدا گاڭگىراپ قېلىپ، ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى بازارغا سېلىش، ھاكىمىيەت تالىشىش،... مانا شۇنداق قىلىپ زاۋاللىققا يۈزلىنىشكە ئېلىپ بارغان. خۇددى شۇنىڭدەك، بۈگۈنكى بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ ”ئېغى بىلەن بېغى“نىڭ تايىنى يوق، ”دېھقانچىسىغا“ ئىش قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! ئەترەت باشلىقى دېھقانلارنى باشقۇرۇشتا ھېچقانداق پىلان- پروگرامما، نەزەرىيە- پەزەرىيە دېگەنلەرگە ھاجەت ھېس قىلمايدۇ، ئەمەسمۇ!

بەلكىم بۇ گېپىمگە بەزى ”ئاجايىپ پروگراممىلار، ھەيۋەتلىك خىتاپ، چاقىرىقلار“نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”بۇلارنى كۆزۈڭ كۆرمىدىمۇ؟ بۇ نەزەرىيىۋى ئاساس بولماي نېمە؟“ دەيدىغانلار چىقار. توغرا، 21- ئەسىرگە كېلىپ قالغاندىمۇ ئەينەن ”دېھقانچە“ بولۇش بەكمۇ يالىڭاچ، بەكمۇ سەت. ئەمما بۇ ”سۈنئىي زامانىۋىلىق“، ئىپتىدائىي ئاڭ فورمىسى ئۈستىگە سۈنئىي ھالدا تېڭىپ قويۇلغان ھازىرقى زامان مودىسى، خالاس! بۇ خۇددى قەدىمقى زاماندىن قالغان ”ئاسارە- ئەتىقە“ — كونا بىناغا ھازىرقى زامان مەمۇرىي ئورگىنىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىپ قويغاندەك بىر ئىش! بۇ بىر خىل ئاڭلىق تونۇشنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، دورامچىلىق تۈرىدىكى ئىش بولغاچقا، بۇ پىلان- پروگراممىلار ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنى قالتىس كۆرسىتىش ئۈچۈن يېزىلغاچقا، ئېلان قىلىنغان يېرىدىلا قالىدۇ.

ئۈنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئۇنى ئەسكە ئالمايدۇ. ھەركىتىنى شۇ بويىچە ئۆلچەپ، دەڭسەپ، مۇۋاپىق كەلمىسە تۈزىتىپ تۇرۇشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا باشلامچىلارنىڭ ئۆزىمۇ(ئۆزى تۈزگەن پروگراممىغا) باشلامچىلىق بىلەن خىلاپلىق قىلىش، خىيانەت قىلىش، پىسەنت قىلماي، ئۆزى بىلگەنچە (قەدىمقى پادىشاھلاردەك) ئىش قىلىش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ.

قوراينىڭ ئوتى گۇر قىلىپ يېنىپ، ناھايىتى قىسقا بىر مۇددەت ئاسمان- پەلەك يالقۇن چىقىرىدۇ- يۇ، ”شىپپىدە“ ئۆچۈپ قالىدۇ. قارايسىزكى، ئۇنىڭ ئورنىدا نە چوغ، نە ئىسسىقلىق قالماي، بىر دۆۋە قاپقارا كۇل قالىدۇ. بىزنىڭ ئىشلىرىمىزمۇ ئاشۇنداقلا، بىردەملىك، ”تەپتى يوق“!

بۇنىڭ سەۋەبى پەقەتلا رىيا![1] بۇ ھەرىكەتلەر ۋەتەن، خەلققە بولغان ھەقىقىي مۇھەببەتنى، ئاللاھ رىزالىقىنى، دۈشمەنگە بولغان نەپرەتنى مەنبە قىلماستىن، شۆھرەتپەرەستلىك، مەن- مەنلىك، مەنپەئەتپەرەستلىك قاتارلىق پەس شەخسىيەتچىلىك زېمىنىدا بارلىققا كەلگەچكە، ئىشقا قارىتا ئۆڭمەس خالىس نىيەت يوق! شۇڭا پىلانمۇ تار كۆڭۈلگە يارىشا تار ۋە بىر تەرەپلىمە تۈزىلىدۇ. تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، بۇ پىلانمۇ تېخى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، ”پىلان- پروگراممىلىرىنى خېلى قاملاشتۇرۇپ يېزىپتۇ، شۇنىڭدىن قارىغاندا مۇشۇ ئادەم ئىش ئەپلەشتۈرەلەيدىغان ئوخشايدۇ“ دەيدىغان تەسىراتنى پەيدا قىلىپ، ئادەم يىغىۋېلىش، پۇل تويلاش ئۈچۈن بولغاچقا، بىر توپ ئادەمنى ئولاشتۇرىۋالسىلا، بۇ كۆزى كىچىك ”داھى“ غا پۈتۈن جاھان ئۆزىگە بويسۇنغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ- دە، ”شاھىنشاھ“ بولىۋالىدۇ. مېنىڭ دېگىنىم قانۇن، دېگەنىدەك ئالامەت قىلىقلىرىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ. قائىدە ـ پىرىنسىپلارنى باشلامچىلىق بىلەن بۇزىدۇ. ئۆزىنى بۇ پىرىنسىپلاردىن ئۈستۈن قويىدۇ. چۈنكى ئۇنى ئۆزەم بارلىققا كەلتۈرگەنمەن،

---

[1] ”خوجا كۆرسۇن“ گە ئىش قىلىش، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئالدامچىلىق قىلىش ئۈچۈن قىلىش، خەلقنى، ئاللاھنى ئالدىغاندەك رەڭۋازلىق — ئا.

دەپ ئويلىسا كېرەك!

نىيەتنىڭ خالىس بولماسلىقى شۇنىڭغا ئېلىپ بارىدۇكى، ”داھى“لار ئىش باشلاش، ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىش، ئۆزى غەلىبىگە ئاپىرىش، تەختكە ئۆزى ئولتۇرۇشنى خىيال قىلىپ، شۇنىڭغا يارىشا پىلان تۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ پىلان قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئاخىرقى نىشانغا يېتىدىغان مەزمۇندا تۈزۈشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ”يەرنى چاپسام مەن چاپسام، مەتقۇناخۇن كادىر بولدى“ دېگەندەك بولۇپ قالىدۇ- دە! ئالدىنقىلار ئورۇن تاللاش، كېيىنكىلەر يول پىلانلاش، ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىلەر يولنى سىلىش،... ئۇنىڭمۇ كەينىدىكىلەر مەنزىلگە يېتىش توغرىسىدا ئويلىغىمىزمۇ كەلمەيدۇ. ”جاپا چېكىپ باياۋاندىن يول ئاچسام، تۆردە ئۆزەم ئولتۇرالمايدىغان ئىش بولسا، ئۇنداق يولنى چىتلىۋېتىمەن!“ دېگەن شۇم نىيەت ھەربىر ”ئىش باشلىغۇچى“دا دەسلەپكى مىنۇتتىن باشلاپلا شەكىللىنىكلىك بولىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ ئىشىمىز ئاقمايدۇ. چۈنكى بىر ئەۋلاد ئاياقلىرى بىلەن چىغىر يول چىقارسا، كېيىنكى ئەۋلاد بۇ ئىزدىن پايدىلىنىپ بىرقەدەر تۈز هارۋا يولى ياسىسا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يولغا تاش ياتقۇزۇپ، سىلىقلاپ چىقسا، ئۇنىڭ كەينىدىكىلەر بۇ يولدا مەنزىلگە قاراپ چاپسا ۋاقىت بەك كۆپ كېتىدىغان بولغاچقا، باشتىكىلەرنىڭ ئۆمرى يار بەرمەيدۇ، ئۆزى يېتەلمىگەن مەنزىلگە باشقىلارنىڭ يېتىشىنى ئويلىغاندا ھەركىمنىڭ ھەسەتلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ كېتىدۇ ـ دە، مەن يېتەلمىگەن مەنزىلگە باشقىلارمۇ يېتەلمىسۇن، دېگەن پاسكىنا نىيەت تۇغۇلماي قالمايدۇ ياكى بولمىسا كۆزىمىزنىڭ كىچىكلىكىدىن يىراقنى كۆرەلمەي، بۇ ئىش خىيالىي چۈشتەك، ئۇزاق ھەم تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان تۇيۇلىدۇ- دە، ئۇنداق ”ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاش“تەك ”ئاخماقلىق“نى قىلغۇمىز كەلمەي، ”ئەتىكى قۇيرۇقتىن، بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى“ دەپلا چۈپرەندىلىك بىلەن ئويلايمىز.

بۇنداق ”زېدى پەست“لىك بىلەن بۇ مىللەتنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس! ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانغا نىسبەتەن تەخىرسىزلىك قىلغىنىمىز

بىلەن، قىسمىتىمىز خۇددى: ”ئالدىرىغان نەدە؟ ئالدىرىمىغانىنىڭ كەينىدە“ دېگەنىدەك بولىۋاتىدۇ. مەسىلەن 50- يىللارنىڭ بېشىدا بىرسى ”مۇكەممەلراق قىلىپ 50 يىللىق بىر پىلان تۈزۈپ چىقايلى“ دەپ تەكلىپ بەرگەن بولسا، تەبىئىيكى نۇرغۇن بىلەرمەنلەر قارشى چىقىپ: ”نېمە دەۋاتىسەنۇي! ئەللىك يىلغىچە نېمە قىلىسەن، بىر نەچچە يىلغا قالماي بايرىقىمىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئۈستىدە جەۋلان قىلغۇسى!“ دېگەن بولغىيدى. مانا هازىر ئەللىك يىل ئۆتتى. نېمە بولدى؟ ئىنقىلاپ تەرەققىياتىمىز يەنە شۇ ئىزدا، ئەمما 2%لىك نىسبەتتىكى دۈشمەن كۆپىيىپ بىزنى ئازسانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويماقتا! ئەگەر بىز يەنىلا رىياللىقنى تونىماي، تۇل خوتۇنلارنىڭ جاھان تۈتىشىدەك، بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ ئىش قىلىدىغان بولساق، پىلانىمىزمۇ بالىلارنىڭ ”ئۆي تۈتۈپ ئويىنىشى“دەك بولىۋېرىدىغان بولسا، مەڭگۈ ”ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ قېلىۋېرىمىز“!

ئىشنى ئۇزاققا سوزۇلىدىكەن دەپ ئۈمىدسىزلىنىش كۇفرى بىلەن بارابەر. چۈنكى ئاللاھ: ” **پەقەت كافىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ**“ دېگەن. ئۈمىدسىزلەنمەسلىك بىلەن ئۇزاققا سوزۇلىدىغان كۆرەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئون يىللىق پىلاندىن ئوننى تۈزگەندىن، ئەمەلگە ئاشىدىغان يۈز يىللىق پىلان ياخشىراق. بۇنىڭدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ. پەقەت ”كۆچەت تىككەنلەر“ مېۋىسىنى كۆرەلمەيدۇ. مانا شۇنىڭغا قارىتا قورساقنى كەڭ تۈتالىساقلا بولغىنى. بىز كۆرمىسەك بالىلىرىمىز كۆرسە، بىز تۆردە ئولتۇرمىساق، بوسۇغىدا خىزمەت قىلساق؛ مىنىستىر ياكى جۇمھۇررەئىس بولمىساق، ئازاد ۋەتەننىڭ دېھقىنى بولساق مەيلى ئەمەسمۇ؟

بىز ئۆزىمىزگە كۆچەت قويۇشنى ۋەزىپە قىلىپ بەلگىلەيلى. كېيىنكىلەر بۇ كۆچەتلەرنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلەر بولسا بۇنىڭ ياغىچىدا مەنزىل يولىدىكى ھاڭلارغا كۆۋرۈك سالسۇن، ... بىز ئاۋال كەسپلەر بويىچە مۇتەخەسسىسلىرىمىزگە ئىگە

بولىشىمىز كېرەك. ئەمما بۇ مۇتىخەسسىسلەر ھازىرقى ئومۇمىي پەنلەر بىلەن چەكلەنسە ”ماڭسا- ماڭسا قىردىن ئاشالمايدىغان“ بىر سەۋىيە ساقلىنىدۇ. ئىنقىلاپ ئىشلىرىغا بىۋاستە ئالاقىدار بىلىم ساھەلىرىدە يېتىشكەن ئادەملىرىمىز بولىشى كېرەك. بىزنىڭ ئاچچىق ئەمەلىيىتىمىز، مەغلۇبىيەتتىن تېرە- پىرەن بولغان قىسمىتىمىزنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى شۇنى تونۇتتىكى (ئەمما بەزى ”داھى“لار تېخىچە تونۇپ يەتكىنى يوق)، بىزدە ئەقلىي نامراتلىق ناھايىتى ئېغىر!

شۇڭا، يۈز تانكىمىز بولغىنىدىن بىر نەپەر تانكا ئېنژېنېرىمىز بولغىنى ئەۋزەل؛ يۈزمىڭ ئەسكىرىمىز بولغىنىدىن، شۇنچىلىك ئەسكەرنى تەشكىللىيەلەيدىغان، يېتەكلىيەلەيدىغان بىر قوماندانىنىڭ بولغىنى ئارتۇق. چۈنكى بىر توپ نادان خەلق بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنداق بىر ”زىددىيەتلىك“ مەسىلىمۇ باركى، ”داھى“ ھەر زامان ئوقۇغان مۇتىخەسسىسلەر ئارىسىدىن چىقىشى ناتايىن، ئەمەلىي كۆرەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئاددىي خەلق ئارىسىدىن چىقىشىمۇ مۇمكىن. بۇ شۇنى سەمىمىزگە سالىدۇكى، مۇتىخەسسىسلىرىمىز يېتىشكەندە ئاندىن ئىش باشلايمىز، دەپ دۈشمەنگە تېنچ تەرەققىيات، مۇستەھكەملىنىش پۇرسىتى يارىتىپ جىم ئولتۇرۇش مۇناپىقلىقتۇر. ۋەتەن مۇستەملىكىدە، زۇلۇم ھەرئان بېشىمىزدا بولىۋاتقان ئىكەن، ھەرئان قارشىلىق ھەركىتى توختىماسلىقى، ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن دۈشمەنگە قۇللۇقنى تەن ئالمايدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇرۇپ تۇرىشىمىز كېرەك. دېمەك، ئادەم تەييارلاش بىلەن ئۈزلۈكسىز تىركىشىشنى زىددىيەتلەشتۈرۈپ قويۇش بىر خىل ساتقىنلىقتۇر!

شۇڭا، پىلانىنى ئەتىگە، يىل ئاخىرىغا... تۈزىدىغان ئاخماقلىقنى تاشلاپ، ئۇزاقنى كۆزلەيلى، شۇ نىشان ئۈچۈن ھەممىمىز ئۆز ”كۆچىتىمىز“نى تىكەيلى.

1998- دىكابىر، تاشكەنت، 2000 – يىل، ئىستانبۇل.

# ”باللارچە ئاددىي ئويلاش كېسىلى“

”باللارچە ئاددىي ئويلاش كېسىلى“ — ”مۆمكىنچىلىكى يوق“ دەپ ئۈمىدسىزلىنىشكە ئوخشاشلا خاتا ۋە زىيانلىق.

”باللارچە ئاددىي ئويلاش“ توغرىسىدا توختالغىنىمىزدا ”ۋەلى“لارنىڭ ”ئۆزىدىن ئېشىنىپ“ پۈتۈن دۇنيانى ئازاد قىلىپ، ”ئىسلام نۇرىغا پۈركەيدىغان“ قاراشلىرى ئۈستىدە توختالمايمىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۇ خىلدىكى قاراشلىرىنى ”باللارچە“ دېگەندىن كۆرە، ”ساراڭلارچە“ دېگەن تېخىمۇ مۇۋاپىق. ”ساراڭغا سوت يوق“ دېگەن تەمسىل بويىچە، ئۇلارغا گەپ كەتمەيدۇ. شۇڭا، ساراڭلارنىڭ قاراشلىرىغا رەسمىي ئىش سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ قويۇش رولى ئوينايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نىيەتلىرى قانداقتۇر ”ئازاد قىلىش“ ئەمەس، ”نان تېپىپ يېيىش“ ئىكەنلىكى بىزگە روشەن. شۇڭا بۇ ھەقتە سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ئورۇن يوق. تۆۋەندە پەقەت ”ئۇقۇمۇشلۇق“ ھېساپلانغان ”داھى“لارنىڭ ”باللارچە ئويلىشى“ ھەققىدە توختۇلىمىز.

ئىلگىرى ”كونا فورمىدىكى داھى“لار بىرەر پارچە گېزىت چىقىرىش، نامايىش قىلىش، تىللاش بىلەن ئىش پۈتىدۇ، دەپ قارىغان بولسا، ھازىرقى ”يېڭى فورمىدىكى داھى“لار مىلتىق ئېتىشنى بىلىدىغان بىرنەچچە ئادەم بىلەنلا بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىغا چىققىلى بولىدۇ، دەپ قارايدىغان «ئاددىي ئويلاش كېسىلى»گە گىرىپتار بولۇپ قېلىشقان. شۇنى تونۇپ يەتمىگەنكى، بۇ ئىشنىڭ قىيىنلىقى، زورلىقى، مۇرەككەپلىكى جەھەتتىن ئېيتقاندا شۇنداق يول باشچىلار كوللىكتىپىغا مۇھتاجمىزكى، بىز پەقەت ئۇلارغا

خىزمەتچى ئەسكەر(ئادىيۇتانت) بولۇشقىلا يارايمىز ياكى شۇنىڭغىمۇ يارىمايمىز! ئۇلار بولسا سىياسىي، دىپلوماتىيە، ئاخبارات، ئانتى جاسۇسلۇق (رازۋېدكا)، ھەربىي،... قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ئۇنلاپ مۇتەخەسسىس كېرەك بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمەي، ئەترەت باشلىقى زەيكەش پىلانلىغاندەك، تانىنىڭ بىر بېشىنى تۇتۇشۇپ بېرىدىغان بىر دىھقان، تانا بويلاپ چاناق ئۇرىدىغان بىر دىھقان بولسىلا ئىش پۈتىدىغاندەك ئاددىي مۇئامىلە قىلىشىدۇ.

ۋەتەن ئۇچۇن، مۇستەقىللىق ئۇچۇن — ئومۇمەن، زېمىن ئۇچۇن، ھاكىمىيەت ئۇچۇن بولىدىغان كۆرەشنىڭ قانداق ھالەتتە، قانداق تۈستە، قانداق كۆلەمدە بولىدىغانلىقى، بېرىلىدىغان قۇربانىنىڭ دەرىجىسى، مىقدارى، ھازىرلاشقا تېگىشلىك كۈچ: بولۇپمۇ ئەقلىي كۈچ، مالىيە كۈچى؛ مەلۇم مەنپەئەتنى بېرىۋېتىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى، مەلۇم مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭمۇ ئوخشاشلا قىيىنلىقى، ئۆزىمىزدە بولۇشقا تېگىش ئاڭلىقلىق، چېچەنلىك، تاكتىكا، ھىيلە- پەنت قانداق بولىدۇ؟ بۇلارنى ئۆزىمىز بىلگەن يېقىن ئۆتمۈشتىكى ئۇرۇش تارىخىدىن مىساللار ئېلىپ كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشىمىز. ئۆزىمىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن باللارچە قىلىقلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، كەلگۈسىدىكى ھەركەتلىرىمىزدە ئۆزىمىزنى تۇتىۋالغان ھالدا سالماقراق ئويلىنىپ ئىش قىلىشقا پايدىسى تېگەر، دەپ ئويلايمىز. گەرچە زامان ۋە ماكان، تارىخىي سەھنىدىكى پېرسۇناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە كۆرە نۇرغۇن تەرەپلەردە سان، سۈپەت ئوخشىماسلىقى مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى مۇستەسنا قىلمىساقمۇ، ھەرھالدا بىزنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىمىزدەك ئۇ قەدەر ئاددىيمۇ بولمايدىغانلىقى ھەقىقەتتۇر.

گىتلېر دۇنيا ئۇرۇشى قوزغاشتىن ئاۋالقى رايون خاراكتېرلىق ھەربىي ھەركەتلىرىنى — ئاۋىستىرىيە، چېخ- سىلوۋاكىيە، پولشا،... قاتارلىق جايلارنى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىنى — چىرايلىق سۆزلەر، تېنچلىق شۇئارى، دىپلوماتىيە نەيرەڭلىرى بىلەن نىقاپلىغانىدى. گەرچە ئۇ ئۇچىغا چىققان

ئۇرۇش تەلۋىسى بولسىمۇ، چېخ- سىلوۋاكىيىگە باھانە- سەۋەپسىزلا ئىستراتېگىيىلىك ھۇجۇم قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلغان. چۈنكى ئۇ دۇنيا جامائەت پىكرىنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاشتىن، دىققەت چېكىشتىن ئەندىشىدە بولغان.

مۇستاپا كامال گىركلارغا قارشى ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان كۈن ۋە ۋاقتىنى مەخپىي تۇتۇش، دۈشمەننىڭ ھەرقانداق گۇمان ۋە پەرەزلىرىگە ئورۇن قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، ئازەربەيجان ئەلچىخانىسىدىن شۇ كۈنى مۇستاپا كامالنى زىياپەتكە تەكلىپ قىلغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقىتىشنى ئىلتىماس قىلغان. بۇنىڭ بىلەن، دۈشمەننىڭ خىيالىدا "باش قوماندانى مېھماندارچىلىقتا بولغان تۆرك قوشۇنلىرى ھۇجۇمغا ئۆتمەيدىغۇ" دېگەن بىخۇدلۇقنى پەيدا قىلغان.

1943- يىلى 30- ئاپرېل (ئىتتىپاقداش ئارمىيە شىمالىي ئافرىقىدىن ئىتالىيىگە ھۇجۇم قىلىش ھارپىسىدا) ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دېڭىز ساھىلىدىن بىر ئەنگىلىيىلىكنىڭ جەسىدى تېپىلىدۇ. جەسەتنىڭ يېنىدىن ئىككى پارچە خەت تېپىلىدۇ. خەتنىڭ بىرى، موۋنتباتتېننىڭ ئوتتۇرا دېڭىز فىلوتىنىڭ قوماندانى، دېڭىز ئارمىيە مارشالى ئادرېۋكانېنخانغا يازغان خېتى بولۇپ، بۇ خەتتە ئەنگىلىيە بىلەن ئامېرىكىنىڭ بىرلىشىپ ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغان؛ يەنە بىر خەت ئەنگىلىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن شتاپ باشلىقى گېنېرال ئاچباردنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى ئالېكساندىرغا يازغان خېتى بولۇپ، بۇ خەتتە ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلى بىلەن گېرتسىيەگە ھۇجۇم قىلىدىغانلىقى ئاشكارىلانغان. نېمىسلار بۇ خەتنى راست دەپ ئىشىنىپ، ساردېنىيە ئارىلىدىكى ئەسكىرىي كۈچىنىڭ زور بىر قىسمىنى سىتسىلىيە ئارىلى بىلەن گېرتسىيىگە يۆتكەپ كەتكەن. بۇ "يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىلىسى" ئىدى. يوقارقى مىسالدا دۈشمەننى ئازدۇرىدىغان ساختا ئاخبارات "جەسەت" ۋاستىسى بىلەن "يەتكۈزۈلگەن". گېرمانىيە ئاخبارات سىستېمىسىنىڭ گۇمانىنى قوزغىماسلىق، ھىلىگە

تېخىمۇ چىنلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ئۈچۈن، بۇ ھىلىنى ئىشلەپ چىققان ئەنگىلىيە تەدبىر ئورگىنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش قىلغان: ئۇلار ئۆپكە يالللۇغى بىلەن ئۆلگەن، مەيدىسىگە سۇ يىغىلىپ قالغان 30 نەچچە ياشلىق بىر ئەرنىڭ جەسىدىنى تاپتى. بۇ جەسەتكە يەنە "بىرلەشمە ئۇرۇش قىلىش قوماندانلىق شتابىنىڭ شتاپ كوماندىرى، پادىشاھ دېڭىز ئارمىيىسى كاپىتانى ۋىليام مارتىن، 09560 -نومۇرلۇق " دەپ ئىسىم قويدى. تەدبىر ئورگىنى مارتىننىڭ بانكا ئونكول تالۇنىنى ياساپ چىقتى. يەنە لاۋئېر بانكىسىدىن سۆز- ئىبارىلىرى ناھايىتى سىپايە يېزىلغان پۇل سۈيلەش خېتىنى تېپىپ كېلىپ باشقا ھۆججەتلەر بىلەن بىللە سېلىپ قويدى. بۇلارغا يەنە بوند كوچىسىدىكى خەلقئارا ئۈنچە- مەرۋايىت سودىگىرى فىلىپىستىن تويلۇق ئۈزىكى ئالغانلىق تالۇنى قوشۇپ قويۇلدى. ئۇنىڭ بولغۇسى خوتۇنىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، تەدبىر ئورگىنىدىكى بىر ئايال كاتىپ يەنە ئىككى پارچە "سۆيگۈ مەكتۇبى" تەييارلىدى. بۇلاردىن باشقا يەنە مارتىننىڭ دادىسى بىلەن ئائىلە ئادۋۇكاتىنىڭ خەتلىرى ياساپ چىقىلدى. خەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىنچىكىلەپ چىسلا يېزىلدى ھەم ھەربىر باشقا خەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ئىشلار ئىسپاتلاپ كۆرسىتىلدى. مارتىننىڭ يېنىدىكى ھۆججەتتىن ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ راستىنلا گېرتسىيىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما بۇ ساردېنىيە بىلەن ئىتالىيىگە قىلىنىدىغان ھۇجۇمنى نىقاپلاش ئۈچۈن ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ موھىمى ياساپ چىقىلغان ئەنگىلىيە باش شتابىنىڭ مۇئاۋىن باش شتاپ باشلىقى گېنېرال ئاچباردنىڭ "خوسكى" پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا مەسئۇل بولغان ئىزىنخاۋېرنىڭ مۇئاۋىنى گېنېرال خارولد ئالېكساندىرغا يازغان خەت ئىدى. بۇ خەت بۇ توقۇلما ھېكايىنى ئىسپاتلايدىغان خەت ۋە ھۆججەتلەر بىلەن بىللە مارتىننىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويۇلغانىدى. جەسەتنىڭ ئىسپانىيە دېڭىز تەۋەلىكىدىن تېپىلىشى تېخىمۇ گۇمانسىز ۋەزىيەت ياراتقان. ئەگەر دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىكى رايونلارغا تاشلاپ قويۇلغان — دۈشمەن ئاخبارات خادىملىرى ئاسانلا قولغا

كەلتۈرگەن بولسا، جەزمەنكى ئۇ قەدەر ئىشەنچلىك تۇيۇلماس ئىدى. دۈشمەننى تېخىمۇ ئىشەندۈرۈش، بۇ ھىلىنى باشقا بىر نۇقتىدىن ئىسپات قىلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە تەدبىر ئورگىنى يەنە باشقا ئالدامچىلىقلارنى ئويناپ چىقتى. ستىسلىيە ئارىلىدىكى ئاساسلىق شەھەر كالىياننىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز قىرغىقىغا "دېڭىز سۈيى يەنە بىر جەسەتنى ئەكىلىپ قويدى". ئۆلگۈچىنىڭ ئۈچىسىدا ئەنگلىيە ھۆججەتلار ئەترىدىنىڭ فورمىسى بار بولۇپ، يېنىدىن بايقالغان ھۆججەتلەردىن ئۇنىڭ ستىسلىيە ئارىلى دېڭىز ياقىسىنى رازۋېد قىلىۋاتقان كىچىك بىر قوشۇننىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ جەسەت سۇ ئاستى پاراخودىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئورۇندىغان ئورۇنلاشتۇرۇشى بولۇپ، مايور مارتىنىنىڭ خېتىدە مەلۇم بولغان "ستىسلىيىگە بولغان تەھدىت"نى كۈچەيتىش ئۈچۈن قوللانغان ھەركەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقتتا ئەنگلىيە تەدبىر ئورگىنى يەنە باشقا شەكىللەرنى قوللىنىپ ۋە باشقا يوللار ئارقىلىق نېمىسلارنى ئېرىشلگەن ئاخباراتنىڭ "تامامەن ئىشەنچلىك" ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى.

ئىككى جەسەت تېپىلغان جاينىڭ ئارىلىقى مىڭلاپ كىلومېتىر ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشمىز ئالاھىدە زۆرۈر. بۇ ھىلىدىكى ئىنچىكىلىك شۇ يەردىكى: بانكا ھېساپ تالۇنى، قەرز سۈيلەش خېتى، "سۆيگۈ خېتى"، بولۇپمۇ بۇ خەتنىڭ ئايال كىشىنىڭ خېتى نامىدا بولغىنى ئۈچۈن ھېچ بىخۇدلۇق قىلىنماستىن ئايال كاتىپلارغا يازدۇرىلىشى(چۈنكى پۇچۇركاشۇناسلىقتا قولىيازمىدىن ئەر ياكى ئايال كىشى يازغانلىقى تونۇۋېلىنىدۇ) قاتارلىقلاردۇر.

نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش[1] ھارپىسىدا — ئاپرېل ۋە ماي

[1] نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش— ئۇرۇش تارىخىدىكى ئىنتايىن موھىم ۋاقەلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلىگەن ھالقىلىق ۋاقە، ئۇرۇشنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى. بۇ ۋاقەگە ئاساسەن ئىشلەنگەن "ئەڭ ئۇزاق بىر كۈن"ناملىق ئامېرىكا تېلىۋىزىيە فىلىمى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ كۆپ قېتىم كۆرسىتىلگەن — ئا.

ئايلىرىدا — ”قايمۇقتۇرغۇچى قوشۇن ھىلىسى“ ئىشلىتىلگەن. ئىتتىپاقداش ئارمىيە تەرەپ بىر يالغان فىلوت پەيدا قىلىپ، كۆپلەپ تېلېگرامما تارقىتىپ، ”ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شىتابى كېنتتا ئىكەن“، دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلدى ھەمدە ئامېرىكا گېنېرالى گېئورگى باتتوننى كوچىدا سەيلە قىلدۇرۇپ، گېرمانىيە ئاخباراتچىلىرىنى باتتون ئىتتىپاقداش قوشۇننىڭ باش قوماندانىكەن، دېگەن ئويغا كەلتۈرۈپ قويدى. ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەنگلىيە ئايروپىلانلىرى كۆپلەپ قەلەي قەغەز پارچىلىرىنى چاچتى. نەتىجىدە گېرمانىيە ئارمىيىسى دېڭىز ياقىسىدىكى رادارلاردىن قاراپ، بىر فىلوت دېيىپتىن شەرققە قاراپ مېڭىپ، كالايغا كېلىۋاتىدۇ، دەپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىشنى نىقاپلاپ، كالايدىن قۇرۇقلۇققا چىقىشتەك خاتا مۆلچەر پەيدا قىلىنغان. قۇرۇقلۇققا چىقىش ھەركىتى باشلانغاندا، ئەڭ ئاۋال سانتالوئىسقا تاشلانغان سەككىز نەپەر پاراشۇتچى ئەسكەرنى پاراشۇتچىلار قىسمىنىڭ ئالدىنقى قوشۇنىكەن، دەپ ھىس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا 200 چە يالغان پاراشۇتچى تاشلاندى. نېمىس ئەسكەرلىرى كېيىنچە ”قونچاقلار“ دەپ ئاتىغان بۇ يالغان پاراشۇتچىلار ئايروپىلاندىن ئايرىلغان، پاراشۇتلىرى ئېچىلغاندىن كېيىن يىڭنە قۇيرۇقلۇق بومبىلار يەرگە چۈشۈپ پارتلاشقا باشلىدى. ئايروپىلاندىن تاشلانغان نەچچە ئون مىڭ يالغان مىلتىق ۋە پىلىمۇتلارمۇ پارتلاشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەسلەپ چۈشكەن پاراشۇتچىلارمۇ ياڭراتقۇنى تەييارلاپ ئالدىن ئۈنئالغۇغا ئېلىپ راسلاپ قويۇلغان ئوق - بومبا ئاۋازى، مىناميوت ئاۋازى، جەڭچىلەرنىڭ تىللاشلىرى، كوماندىرلارنىڭ بۇيرۇقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن چوڭ بىر جەڭ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئاۋازنى تازا ياڭرىتىشقا باشلىدى (ۋاھالەنكى، نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىققۇچى قوشۇن ”ئالتە توك- توك“ ئەمەس، 13مىڭدىن ئارتۇق ھەرخىل تىپتىكى ئايروپىلان، 6000 دىن ئارتۇق ئۇرۇش پاراخودى، تىرانسپورت پاراخودى ۋە ھەر خىل تىپتىكى قۇرۇقلۇققا چىقىش پاراخودلىرى، ئىككى مىليون 870 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر- ئەسكەر ۋە ئارقا سەپ لاۋازىمات

خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى!)
يوقىرىقى مەسىلىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار شۇلار: بىرىنچى، باش قوماندان ۋە باش قوماندانلىق شتاپىنىڭ ئورنى ھەققىدە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىش. ئىتتىپاقداش ئارمىيە ھۇجۇم ئالدىدا توپلىنىۋاتقان ئەنگلىيە بىلەن دۇشمەن ئىشغالىيىتىدىكى فىرانسىيىنى گەرچە دېڭىز بوغۇزى ئايرىپ تۇرسىمۇ، خۇددى دۇشمەنلەر قوشنا ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن قاراپ تۇرغاندەك، گېنېرال باتتوننى سەيلە قىلدۇرغانلىقىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ شۇنىسى ئەقەللىي ساۋاتكى، گەرچە كىملىكى ئېنىق بولمىسىمۇ، ئەمما ھەممىلا يەردە گېرمانىيە جاسۇسلىرىنىڭ پايلاپ يۈرىشى تەبىئىي. ئادەتتە بىز جاسۇسلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمىز، ئەمما ئۇ ھەمىشە بىزنى كۆرۈپ، كۈزىتىپ تۇرىدۇ. چۈنكى، جاسۇس يوشۇرۇن ھەركەتتە، بىز بولساق ئاشكارە ھەركەتتە؛ ئۇ قاراڭغۇدا، بىز يورۇقتا تۇرغاندەك بىر ئىش. ئىككىنچى، قۇرۇقلۇقتا چىقىش ئورنى ھەققىدە دۇشمەننى خاتا ھۆكۈمگە كەلتۈرۈش. بەلگىلەنگەن قۇرۇقلۇقتا چىقىش ئورنى نورماندىيە بولسىمۇ، دۇشمەنگە كالاي يېرىم ئارىلىنى قۇرۇقلۇققا چىقىش ئورنى دېگەن قىياسقا كەلتۈرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قوللىنىلغان ۋاسىتىلار: ئايروپىلاندىن چېچىلغان مېتال ياپراقچىلار، دۇشمەن بۇنى رادارىدىن كۆرۈپ، نۇرغۇن پاراخود كالاي تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان؛ يالغان پاراشۇتچىلار؛ ئۇنىڭدىن ئالغۇغا ئېلىنغان يالغان جەڭ مەيدانىدىكى سادالار؛ ئۈچىنچى، قۇرۇقلۇققا چىقىش ۋاقتى ھەققىدە نۇرغۇن ساختا ئاخبارات تارقىتىلغان. يوقىرىقى كۈچ 40- يىللاردىكى گېرمانىيىگە قارشى سەپەرۋەر قىلىنغان كۈچ ئىكەنلىكىنى، ئارىدىن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقى، تەرەققىياتى، مەيدانغا كەلگەن ئىلغار تېخنىكا، شۇنداقلا دۇشمەننىڭ سانى ۋە بىزنىڭ بىلىم ساپاسىمىز... قاتارلىق مەسىلىلەرنى فانتازىيىگە بېرىلمەستىن ئەمەلىي ھەم كونكرېت ئويلىماي لاپ ئاتقانلارنى جەزمەن باشقا

غەرىزى بار شۇم نىيەتلەر دىمەي ئامال يوق![1]

يوقارقىدەك پەنت ئىشلىتىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ پەقەت غەرپلىكلەرگىلا خاس بولغان، بىزگە هارام قىلىنغان ئىش ئەمەس، چۈنكى ھەدىستە: **"ئۇرۇش — ھىلەدۇر"**(«بۇخارى») دىيىلگەن.

ئەمما بىزنىڭ "ھىچنىمە كۆرمىگەن سەھرالىق" "داھى"لار نە ئىستراتىگىيىنى بىلسە، نە تاكتىكىنى؛ نە ھەربىي ئىلىمنى! ھەتتا ئەقەللىي ئەسكەرلىك تەلىمىمۇ كۆرمىگەن تۇرۇقلۇق ئىتىۋاتقان لاپلىرى ئادەمنى ئويغا سالامدۇ؟ سىلىشتۇرۇپ ئويلاپ كۆرەيلى، ئىتتىپاقداش ئارمىيە هازىرلىغان شۇنچە كۈچكە قارىماي، ھەممە ئىشنى مەخپىي تۇتىدۇ، دۈشمەننى قايمۇقتۇرىدىغان ھىلە ئىشلىتىدۇ؛ ئەمما بىزنىڭ "لىدىر" "ئەمىر" دىگەنلىرىمىز ئەھۋالىغا باقماي، ھەممە ئىشنى داۋراڭ سىلىپ، ئۇقتۇرمىغان ئادىمى قالمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئىنىق بىلىنىدۇكى، مەخسەت ئىش قىلىش ئەمەس، پوپاڭ چىقىرىپ ئادەم ئالداش ۋە پۇل يىغىش!

بىزنىڭ "ساۋاتلىق لىدىر"لىرىمىزمۇ ئۇرۇش تارىخىنى چاغلىق بىلسە كىرەك. مەخپىي شىفىرنى تەرجىمە قىلىش ئىككىنچى دۇنيا ئۇرىشى مەزگىلىدە ئىنگلىزلار تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيىلىكلەر نىمىسلارنىڭ نۇرغۇن مەخپىي تىلىگراممىلىرىنى تەرجىمە

---

[1] بۇ كىتاپ 1999- يىلى تاشكەنتتە يېزىلغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى ئەھۋال ۋە چۈشەنچىلەرنى ئاساس قىلغان. ئۇ چاغدىكى چۈشەنچىمىزدە، بىزنىڭ شۇ مەزگىللەردە ئىككى خىل ئاتاق بىلەن، گويا قارىمۇ قارشى ئىككى گورۇھ قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئاتالمىش مۇجاھىد تەشكىلاتلىرىمىزنى بىلىمسىزلىكى، تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن يېڭىلىش ئىش قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتۇق، بۇ مەزگىلگىچە داۋام قىلغان تەتقىقاتىمىز ۋە تەكشۈرۈشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى، ئۇلار دەل شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلغانلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ مەخسىدىمۇ دەل شۇنداق قىلىش ئىكەن! ھەر ئىككىسىلا ئوخشاش بىر ئورۇن تەرىپىدىن(خىتاي جاسۇسلۇق تەشكىلاتى تەرىپىدىن) قوماندانلىق قىلىنغان بۆزغۇنچىلىق سىتىمىسى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا. بۇ ھەقتە بۇ مەجمۇئەنىڭ 2ـ ساندىن باشلاپ مەلۇمات بىرىشىمىز مۇمكىن. ئاخىرقى تەھرىرلەشتە ئۆزگەرتىشنىڭ بەك چوڭ كۆلەم ئالىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسلى ھالىدا قالدۇرۇلدى. ، — ئا.

قىلىپ بىلىۋېلىپ، ئۇرۇش ھەركىتىدە پايدىلانغاچقا، نېمىسلارنى زىيانغا ئۇچراتقان بولسا، ئامېرىكىلىقلار تېنچ ئوكيېئان ئۇرۇشىدا مەخپىي تېلېگراممىنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ياپونلارنىڭ مىدۋاي ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى بىلىۋېلىپ، شۇنىڭغا يارىشا تەييارلىنىپ تۇرغاچقا، ياپونلارنى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتقان. بۇ ئۇرۇش تېنچ ئوكيېئان ئۇرۇشىنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالغان. يەنە گىۋادالكانال ئارىلى ئۇرۇشى ۋە ياپون دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ تاللانتلىق قوماندانىنىڭ سەپەرگە چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارمۇ مەخپىي شىفىرنى تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. يەنە مەسىلەن: نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ھارپىسىدا ئەنگلىيىدىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى يەر ئاستى قارشىلىق كۆرسىتىش تەشكىلاتلىرىغا ئاڭلاتقان ”ھەركەت شۇئارى“ شۇنداق ئىدى:

”كىركەك قۇرۇت سۈت ئەمگۈچى ھايۋان!... تىمساھ ئۇسساپ كەتتى!... دوختۇر بارلىق كېسەللەرنى دەپنە قىلىدۇ ... فىرورانىڭ قىزىل بوينى بار ... سۆيۈملۈكۈم، سىز بىلەن ئاۋېنيۇندا ئىككى قېتىم كۆرۈشسەم دەيمەن... ياك مىلبونغا مۇھتاج!... ئەمدى دەرەخنى ئىرغىتىپ نەشپۈت تەرسىڭىز بولىدۇ!... پېپىنئاندا شوخلا پىشتى، ئۈزسەك بولىدۇ! فىرانسىيىنىڭ جەنۇبىدا سۆگەتگۈلى بەك چىرايلىق ئېچىلىپتۇ!...“.

بۇ تېخى سىمسىز تېلېگراف بىلەن تارقىتىلغان ئۇچۇر. بىزنىڭ ئەپەندىلەر سىملىق تېلېفوندا شۇ قەدەر يالىڭاچ سۆزلىشىدۇكى، بىزگە دۈشمەننىڭ ئۇ قەدەر ھوشيار بولىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق. مەملىكەت ئىچىگە قىلىنغان تېلېفونلاردىكى ”نوتوقلار“، ئاساسسىز لاپلار(يېقىن ئارىدا بىر ئىش بولۇپ قالسا شۇ ئىشنىڭ ئىگىسى بولىۋېلىشنى تالىشىش رىقابىتى تۈپەيلى مېڭىسى قىزىپ كەتكەن تەرەپلەر ئېھتىيات ئۇقۇمىنى ئەقلىدىن نېرى قىلىۋېتىپ، ”شەرەپنى تالىشىش“ بويىچە ”بىر مەيدان مۇسابىقە“ قانات يايدۇرۇپ، دەبدەبىلىك قۇرۇق گەپلەرنى ئوچۇق ئاشكارە چالۋاقاش تۈپەيلى) نۇرغۇن پىداكارلارنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشىشىگە زامىن بولغان (بىزنىڭ بۇ

قىلمىشلىرىمىز ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاز كەم ئاتمىش يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىكى سەۋىيەمىز بولۇپ، ئاتمىش يىل بىر ئىنساننى بوۋاي ياكى مومايغا ئايلاندۇرىدىغان ئۇزۇن قەرنە بولسىمۇ، ئەمما بىز بوۋاق پېتىمىزچە قېلىۋېرىپتۇق!).

ئىككىنچى تەرەپتىن، قىلىۋاتقان ”خىزمەت“نى چوڭ كۆرسىتىپ، خەلقنى تەسىرلەندۈرۈپ، كۆپراق پۇلنى ئۆزى تەرەپكە قارىتىۋېلىش، ئۇلار ئۈچۈن قىلماقچى بولغان ئىشتىنمۇ، ۋەتەندە دۇشمەننىڭ تۆمۈر تىرنىقى ئاستىدا كۆرەش قىلىۋاتقان يۈزلىگەن مۇجاھىدنىڭ هاياتىدىنمۇ موھىم بولغاچقا، داۋاغنى ئەنە شۇنداق يوغان قىلىشقا توغرا كەلگەن. ھەممىدىن چاتاق يېرى، خەلق زىيادە نادان بولغاچقا بۇنداق ”ھەممە دەسمىسىنى تەخسىگە ئېلىۋېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان“لاردىن گۇمان قىلىش ئورنىغا، ئۇنداقلارغا تېخىمۇ ئاسان ئىشىنىپ كېتىشىدۇر! خەلق سەل - پەل ئاڭلىق بولسىدى، بۇ قەدەر داۋراڭ بىلەن قانداق ئىش قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇلارنىڭ نىيىتى باشقا ئوخشىمامدۇ؟ دېگەن سوئالنى بولسىمۇ كۆڭلىدىن كەچۈرەتتى!

بىزنىڭ ئەپەندىلەر سىياسىنى، دۆلەت كۈچىنى، بولۇپمۇ دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا تەسىرىنى نېمە دەپ ئويلايدىغاندۇ؟ قانچىلىك چۈشىنىدىغاندۇ؟ بۇ تارىخىي ئەھۋالنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى هارپىسىدا مۇستەقىل چېخ- سىلوۋاكىيە دۆلىتى ”مىيۇنخېن سۈلهى شەرتنامىسى“ بىلەنلا گېرمانىيىگە سېتىۋېتىلگەن. مۇنتىزىم ئارمىيىگە، ئۆزىگە يارىشا ھەربىي سانائەتكە ئىگە مەدەنىيەتلىك ياۋروپا مىللىتى گېرمانىيىنىڭ ھەربىي تەھلىكىسى ۋە سىياسىي بېسىمى بىلەنلا مۇنقەرز بولغان (”تېرە تاراقلىتىلغان“ بولسىمۇ ئەمەلىي كۈچ ئىشلىتىلمىگەن). غەرپ كاپىتالىزىمى ئۆزلىرىنىڭ تېنچلىقى ئۈچۈن بۇ دۆلەتنى ئەنە شۇنداق ”يەڭ سودىسى“ قىلىپ سېتىۋەتكەن. ھەتتا ئۆزئارا ياردەملىشىش، تاجاۋۇزچىلىققا ئورتاق قارشى تۇرۇش ھەققىدىكى كېلىشىملەرگىمۇ ئەمەل قىلمىغان. شۇنداق ئاسان، ئۇرۇشسىز ئىشغال قىلىنغان چېخ- سىلوۋاكىيە شۇ قەدەر ئاجىزمىدىكىن دېگەن ئويدا بولۇپ

قالغۇچىلارنىڭ دىققىتىگە شۇ سانلارنى ھاۋالە قىلىمىز: چېخ — سىلوۋاكىيە ئىستىلا قىلىنىش ھارپىسىدا بىر مىليون كىشىنى ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە سەپەرۋەر قىلغان؛ نېمىسلار بۇ دۆلەتنى ئىشغال قىلغان چاغدا قولغا چۈشۈرگەن نەرسىلەر: 9 مىليارد 500 مىليون مارك ئالتۇن تەڭگە؛ بىر مىليوندىن ئارتۇق مىلتىق؛ 43 مىڭدىن كۆپرەك پىلىمۇت؛ 1500 دىن كۆپرەك ئايروپلان؛ 2100دىن ئارتۇق توپ؛ 500 دىن كۆپرەك زېنىت توپ؛ 3 مىليوندىن كۆپرەك توپ ئوقى؛ بىر مىليارد دانە ئوق؛ 400 دىن ئارتۇق تانكا. مانا بۇلار 60 يىلنىڭ ئالدىدىكى كىچىككىنە بىر دۆلەتنىڭ كۈچى.

بۇ مىسالدىن مۇددىئا شۇكى، ئەينى چاغدا ئەنگىلىيە، فىرانسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ۋېنگىرىيە، رومۇنىيە، پولشا قاتارلىق دۆلەتلەر چېخ- سىلوۋاكىيىنىڭ تاجاۋۇزغا ئۇچرىشىغا سۈكۈت قىلغان. سەۋەبى، ئۆزلىرىنىڭ تېنچلىقى، ئۇرۇش ئوتىنىڭ ئۆز پېشىگە تۇتىشىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش. ھەتتا بەزىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. مانا بۇ ”ھەركىم ئۆز غېمىدە، تاز قىز ئەر غېمىدە“ بولىدىغانلىقىنى، مەنپەئەت ئالدىدا ھەق- ئادالەت دېگەنلەر بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇندىن باشقا خەلقئارادا تەسىرى بار، كۈچلۈك دۆلەتلەر ئالدىدا ئاجىز دۆلەتلەرنىڭ قونچاق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سىر- ھەيۋىسى تۈپەيلىدىنمۇ بەزى دۆلەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا ”خالىس يالاقچى“لىق قىلىدىغانلىقىنى، ئەپ كەلسىلا سېتىۋېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. چېخ- سىلوۋاكىيە يوقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ساندىكى مالىيە كۈچى، ھەربىي ئەسلىھەسى، بىر مىليون ئەسكىرى تۇرۇپ، بۇنى ئۇرۇشۇپ ئۆزىنى قوغداشقا يېتەرلىك دەپ قارىماي، بىھۇدە قان تۆكمەسلىك ئۈچۈن ئۇرۇشسىز تەسلىم بولغان.

ۋاھالەنكى، ”ھېچنېمە كۆرمىگەن كۆزى كىچىك يالاڭتۆش“ دېگەندەك، بىزنىڭ ”ئېشەك قۇلىقى تۇتمىغان“ ”داھى“لار قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنىقى يوق، ئەڭ تۆۋەن چەكتە مالىيە كۈچى، ئادەم كۈچى، تېخنىكا كۈچى يوق بولىشىغا قارىماي، تېخىمۇ موھىمى، ئادەملىرىنىڭ ساپاسى خىجىل بولارلىق

دەرىجىدە بولىشىغا قارىماي، نېمە شېرىن چۈشلەرنى كۆرۈپ يۈرگىنىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ قەھرىمانلىق دەيمۇ؟ ياكى قاراملىق دەيمۇ؟ تەلۋىلىكمۇ؟ بىلىمسىزلىكمۇ؟ مۇناپىقلىقمۇ؟

بۇ گەپلەردىن بەزىلەر تەسلىمچىلىكنى تەشەببۇس قىلدى دەپ قالپاق كەيدۈرىشى مۇمكىن. يوقۇرىدا بىز ئۈمىدسىزلىكنىڭ كۇفرىغا بارابەرلىكى ھەققىدە ئايەت نەقىل كەلتۈرگەنىدۇق، دېمەك، ئۈمىدسىزلىك، تەسلىمچىلىك بىزنىڭ تەرغىبات نىشانىمىز ئەمەس. بىزدە ”ئۇن ئالماي دۇتار ئالغاندەك“ دېگەن تەمسىل بار، بۇ ئىنتايىن مۇھتاج ئەھۋالدىكى بىرسىنىڭ ناھايىتى ئاز بولغان پۇلىغا تۇرمۇشنىڭ(ھاياتنىڭ) زۆرۈرىيىتى بولغان ئۇننى سېتىۋالماي دۇتار سېتىۋالسا ئاخماقلىق بولىدىغانلىقىنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئاز سانلىقلار كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقى قۇرئاندا دېيىلگەن ئاللاھنىڭ ۋەدىسى، بۇ ھەقتە سوۋېت — ئافغانىستان، رۇس — چېچەن،... ئۇرۇشلىرىنى مىسال قىلىش مۇمكىن(بۇ توغرۇلۇق «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» ناملىق كىتاپتا كەڭراق توختالغان، شۇ كىتاپقا قارالسۇن)، گەپ شۇ يەردىكى، ئاشۇ ”ئازغىنە پۇل“غا نېمە ئېلىش كېرەكلىكىنى بىلىش كېرەك! قانداق خەجلەشنى بىلىش كېرەك! ھەرقانداق قىيىن مەسىلە، چېگىش مەسىلىنىڭ بىر يېشىلىش يولى بولىدۇ، يېشىلمەيدىغان مەسىلە يوق. بۇنى ھەركىم قوبۇل قىلالايدىغان رىجە. گەپ ئەنە شۇ يېشىلىش يولىنى توغرا تېپىش مەسىلىسىدۇر. بۇ يول تېپىلمىسا يا بەك كۆچ كېتىدۇ ياكى زادىلا يېشىلمەيدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىغا باپ كېلىدىغان كۆرەش شەكلىنى توغرا تاللىيالمىساق ھەممە تىرىشچانلىقىمىز بىر تىيىن بولىدۇ. پىل ناھايىتى كۈچلۈك ھايۋان، توغرىدىن- توغرا ئېلىشىشقا ئىنسانلار يارىمايدۇ. ئەمما ئىنسانلار بەربىر پىلنى بويسۇندۇرىدۇغۇ؟ چۈنكى شۇنداق كۈچلۈك پىلنىڭ چاشقاندىن قورقىدىغان ئاجىزلىقى بار. خۇددى شۇنىڭدەك، بىزنىڭ خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشتا تاللىغان يولىمىز، ئۇسۇلىمىز توغرا بولمىسا زاغرا تىلىمىزدا دېيىلىدىغان گېپىمىزدەك ”سەي بولمايمىز“.

بەزى ”ۋەلى“لار خەلقنى ئالداش ياكى دۈشمەننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئىشنى بۇزۇش ئۈچۈن ئەقىلغا سىغمايدىغان لاپلارنى ئاتىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى بۇ لاپلارنىڭ ئىشقا ئېشىش ئېھتىماللىقىدىن گۇمان قىلىپ: ”تەقسىر، شۇنداق چوڭ ئىش بىز خەقنىڭ قولىدىن كېلەرمۇ؟“ دەپ شۈبھىسىنى ئاشكارىلىسا، ئۇلار دەرھال تېخىمۇ ھەيۋەتلىك گەپلەر بىلەن ھەيۋە قىلىدۇ: ”ئاللاھ بىزگە ياردەم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بولامدۇ؟!“ دەپ ۋارقىرايدۇ. ”لاپتىن گۇمان قىلىش“ پىكرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تولغاپ ئاپىرىپ، ”ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە قۇدرىتىدىن گۇمان قىلىش“ مەسىلىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپ ئادەم قورقۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نادان خەلقىمىز قورقۇپ كېتىپ: ”بولىدۇ، تەخسىر، ھەممە ئىشنى قىپ كەتكىلى بولىدۇ. ئاللاھ ياردەم قىلسا پۈتمەيدىغان ئىش بولامدىغان!“ دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئاللاھ قانداق ئادەملەرگە، قانداق ئەھۋالدا، قانداق شەرتلەر ئاستىدا ياردەم بېرىدۇ؟ بۇنى ئەقىل ئىشلىتىپ چۈشەنمەك لازىم. ئابدۇللا ئەززەم «دۇنيا كۈنتەرتىپىدە — جىھاد» ناملىق كىتابىدا ئافغانىستان جىھادى ئۈستىدە توختۇلۇپ شۇ قۇرلارنى يازغان: ”ئافغانىستاندا بىر مىليون شېھىت بەرگەن چېغىمىزدا تېخى ئاللاھنىڭ ياردىمى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى... “. دېمەك، ئۇلار شۇ ھالدا تېخى ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ بولالمىغان. بۇ ئەھۋالغا بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى سېلىشتۇرغىدەكمۇ سالاھىيەتكە يەتكىنىمىز يوق.

ھەر قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن روھى چۈشكەن خەلق بەرگەن ياردىمىگە ئېچىنىپ، ئىنقىلابچىلارنى ئەيىپلەپ، پىتنە- پاسات جاھاننى قاپلاپ كېتىدۇ. نېمىشكە ئەيىپلىمىسۇن؟ نېمىشكە ئاغرىنمىسۇن؟ خەقنىڭ تەستە تاپقان پۇلىنى ئېلىپ ئۇلارغا ھېچنېمە بېرەلمىسە نېمىشكە ئاچچىقى كەلمىسۇن؟ نېمىشكە نەپرىتى قوزغالمىسۇن؟ ”داھى“لار، ”ۋەلى“لار ئۇ قەدەر ئاددىي ئويلاۋاتقان يەردە، خەلق قانداق ئويلىشى كېرەك ئىدى، ئەمىسە؟ تەبىئىيكى، ئۇلار مۇشۇ بەرگەن بىرنەچچەمىڭ دوللار پۇلىمىز بىلەن ئىشىمىز پۈتىدۇ، دەپ ئويلىسا ئويلاۋېرىدۇ. چۈنكى بۇ قەدەر بۈيۈك ئىشقا تارتىنماستىن

”رەھبەرلىك“ قىلماقچى بولىۋاتقان جاناپلار بۇ ئىشنىڭ خام چوتىنى ئۇ قەدەر تۆۋەن ھېساپلاپ قويىۋاتسا، تارىخ، ساۋاق دېگەنلەرنى ئويلىمىسا، ئىشنىڭ قىممىتىنى ھېساپ قىلىپ كۆرمىسە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىشلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقمىسا!

تۈركىيەدىن بۆلۈنۈپ كۈردىستان دۆلىتى قۇرماقچى بولغان ئابدۇللا ئۆجالاننىڭ ھەركىتىنى تۈركىيىنىڭ چېگراداشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قوللاپ، پۇل، قورال- ئەسلىھە، مەسلىھەتچى،... ھەممىنى ياردەم بەرگەن. ھەتتا ئابدۇللا ئۆجالاننى شەخسىي ئىستىقبالى ۋە ئائىلىسىدىن خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ شەخسىي ھېسابىغا مىلياردلاپ دوللار قويۇپ بەرگەن؛ ئۇنىڭ چەتئەلدە تۇرۇپ مەملىكەت ئىچىدىكى ئادەملىرىگە قىلىنىدىغان سۆز- بۇيرۇقلىرى سۈنئىي ھەمرا كانالى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ كانالنىڭ يىللىق ئىجارىسى 50 مىليون مارك بولغان. بۇنىدىن باشقا چەتئەلدىن كىرگۈزۈلىۋاتقان ماشىنا ـ ماشىنا قورالنىڭ ھەپتە ئارىلىقىدا سەككىز ـ ئون ماشىنىدىن تۇتۇلۇپ تۇرۇشلىرى، ... قاتارلىقلارنى ھېساپقا ئالىدىغان بولساق، ئەقلىمىزگە قانداق ئوي كېچىدىكىن؟ ئىش بېشىدىكىلىرىمىزنىڭ ئۇنچىۋالا كۆزى كىچىك بولغان ئەھۋالدا تەبىئىيكى، نادان خەلقىمىزنىڭ بەش مىڭ دوللار بەرگىنى ھېساپ ئالغىسى كېلىپ تۇرالمايدۇ! گېپى تۈگىمەيدۇ! ئۇلار بۇ ئىشنىڭ مۇرەككەپلىك، قىيىنلىق دەرىجىسىنى نەدىن بىلسۇن؟ ”قىلالمايدىغان بولساڭ، كۆتۈڭنى قىسىشساڭ بولمىدىمۇ؟“ دېيىشنى بىلىدۇ شۇ!

ۋاي، بىچارە شورى قۇرغۇر ئىنقىلاپچىلارەي، شۇڭلاشقىمۇ تارىختىكى ئىنقىلاپچىلىرىمىز ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياقلاشقاندىن كېيىنلا يوۋاش پۇخرا، ھېچنېمىگە قىزىقمايدىغان بىچارە بولۇپ قالاتتىكەن ـ دە!

بىز ھەر قېتىملىق ئىنقىلاپنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بىر ساۋاقنى قوبۇل قىلغان بولساقمۇ، ھازىرغىچە سىياسىنى خېلى چۈشىنىپ قالغان بولاتتۇق. مەسىلەن: بىر قېتىم ئون مىڭ ئادەمنىڭ قۇربان بولىشى ئۈستىگە مەغلۇپ بولغان بولساق، ئىككىنچى قېتىم ئوخشاش ئىش قىلغان ئەھۋالدا توققۇز

يېرىم مىڭ ئادەمنىڭ قۇربان بولۇشى بىلەن مەغلۇپ بولساق، بۇ بىر ئىلگىرىلەش ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىق نەدە؟ دېگەن سوئالنى قويۇپ، سەۋەپنى تېپىپ چىقىشقا، شۇنداقلا ئالدىنقى قېتىمدىكى 500 ئادەمنىڭ كۆپ چىقىم بولۇشىدىكى سەۋەپنىمۇ تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. مانا شۇنىڭ بىلەن تەجرىبىز ئارتىپ، ئۈچىنچى قېتىم توققۇز مىڭ قۇربان بەدىلىگە شۇنچىلىك ئىش قىلالارمىز... ئەپسۇسكى، بىز ئىزچىل تۈردە ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلىپ كېلىۋاتىمىز. ھېچنېمىنى مەنىستىمەيدىغان چالا كۆرەڭلىك بىلەن كېتىۋېرىپ، خۇددى مەست ئادەم دەرەخكە ئۇسۇۋېلىپ، ”كۆزۈڭگە قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ، ئاغىنە!“ دېگەندەك، زەربىنىڭ قاياقتىن كەلگىنىنى، ئوڭىمىزدىن كەلدىمۇ، سولىمىزدىن كەلدىمۇ؟ قانداقسىگە مەغلۇپ بولغىنىمىزنىمۇ تۇيالماي قالىمىز. پەقەت كۆرگىنىمىز: يىگانە يالغۇز قالغىنىمىز، تېرە- پېرەن بولۇپ تارقاپ كەتكىنىمىز، ئەتراپنى جىملىق باسقان، ھېلىقى بىر مەھەل ھۆكۈم سۈرگەن دەبدەبە- ئەسئەسەلەردىن، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان قاينام- تاشقىنلىقتا چۆمگەن ۋەزىيەتتىن ئەسەر قالمىغان، خەلقنىڭ روھى چۈشكەن، خۇددى ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن سوغ شامىلى قىر- قاتلار تۈۋىدە، ئېگىزلار ئارىسىدا، پاخماق جىگدە تۈۋلىرىدە كۆزدىن قېپ قالغان غازانۇ- چاۋارلارنى سۈپۈرۈپ ماڭغىنىدەك بىر مەنزىرە بولىدۇ. بىز بولساق شۇ ھالدىمۇ ئامان تاپالماستىن، ئاشۇ بىر تۇتام پاخالدەك يىگانە ۋە بىچارە ھالىتىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالماي، ئۈچۈرتۈلۈپ، بىر ـ بىرلەپ يوق قىلىنىش ۋەزىيىتىگە دۇچار بولىمىز.

شۇ چاغدا پەقەت ئەڭ بىلىملىك ھېساپلانغانلىرىمىز نەزەرىيە جەھەتتىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز: ”بۇلارنىڭ ھەممىسى خىتايلارنىڭ قىلغان ئىشى، خىتايلار جاسۇسلارنى ئارىمىزغا قىستۇرۇپ كىرگۈزۈپ، مانا شۇنداق كاللا سوقۇشتۇرۇپ تۇگەتتى!“. بۇ پەقەت نەزەرىيە جەھەتتىكىلا تونۇش، خالاس. يەنە كېلىپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ تونۇشى بولۇپ، بىرىنچىدىن، ناھايىتى كۆپ ساندىكىلەر بۇ خىتاينىڭ ئويىنىغان ئويۇنى ئىكەنلىكىنى بىلگىدەك ھالدا ئەمەس؛ ھەتتا بىلدۈرەي

دېسىڭىز ئىشەنگىدەك ھالدىمۇ ئەمەس؛ چۈنكى ئۈنىڭچە ”ئىشنى بۇزغان ئەمەت!“ ئۈنىڭ يېنىغا بارسىڭىز، ئۈنىڭچە ”ئىشنى بۇزغان سەمەت!“ شۇنداق بولماي ئەمىسە! ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئارىلىرىدا بىرمۇ خىتاينى كۆرمىگەن تۇرسا، بۇ گەپكە قانداقمۇ ئىشەنسۇن؟! ئىككىنچىدىن، بۇ تېرە- پېرەن بولۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاچچىق، غەزەپ- نەپرەت تۇپەيلى، مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەنگەنلەر بولسۇن، چۈشەنمىگەن جاھىللار بولسۇن، ھەممەيلەندە ئۆز ئارا ئاداۋەت ئورتاق دۈشمەنگە بولغان نەپرەتنى بېسىپ چۈشىدىغان ھالەتكە يېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن، ئۇلاردا دۈشمەنگە قارشى كۆرەش يولىدىكى ئىزدىنىش چورتلا توختاپ، ئۆزئارا ئۆچ ئېلىش — پۈتۈن ئوي- خىيالىنى ئىگىلىۋالىدۇ.

ھە، كاتتا خوجاملار، ئاسان چاغلاپ خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوينۇشۇپ، ”داھى“ بولىۋالغان جاناپلار، ئەمدى چېكەڭلارنى تۇتۇپ ئويلاپ كۆرۈڭلار! سىياسەت دېگەن قانداق بولىدىكەن؟ ئاسان ئىشمىكەن؟ ھېچقانداق قوشۇنغا، زورلۇق كۈچكە دۈچ كەلمەستىن، بىرمۇ دۈشمەننىڭ بىۋاسىتە ساداسىنى ئاڭلىماستىن، قارىسىنى كۆرمەستىن يولۇققان بۇ قىسمەتتىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟ بەزى ”ۋەلى“لارنىڭ ”دانا“لىقى، ”باتۇرلىقى“ تۇپەيلىدىن جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ”ياغاچ قازان“ قىلىۋېتىپ، پۇت قويغىدەك زېمىن قويماستىن، مانا ئەمدى بىرمۇنچە ئىنسان دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە جىنايەتچىدەك قېچىپ يۈرۈش قىسمىتىگە قالدى. ساۋاق ئېلىش، ساۋاقلاردىن ئەقىل تېپىشنى بىلمىسەك ھايۋاندىنمۇ بەتتەر دۆتلىكىمىزدۇر! چۈنكى ئېشەكمۇ ئالدىنقى قېتىم پۇتى تىقىلىپ كەتكەن ئەسكى كۆۋرۈكتىن تىرەجەپ ئۆتكىلى ئۇنىمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاۋايلاپ ئاياق باسىدۇ!

1998- يىلى، دېكابىر، تاشكەنت، 2001-يىلى ئىستانبۇل.

# ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتلىنىش فورمىسى

مەدەنىي مىللەتلەردە، ھەتتا بەزى قالاق، ئىپتىدائىي مىللەتلەردىمۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلارنى بېشىدا كۆتۈرۈش، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلار ياكى ئانچە ئىش كەلمەيدىغانلار "يولدا توغرىسىدا يېتىۋېلىپ" "مېنىڭ مېڭىشىمغا بويسۇنىسەن" ، دەپ تەتۈر تۇرىۋالماي، ئەكسىچە ماڭالايدىغانلارغا يولنى بوشىتىپ بېرىش روھى بولىدىكەن.

خىتاي — ۋېتنام ئۇرۇشىدا شۇنداق بىر ۋەقە بولغانىكەنمىش: ۋېتنامنىڭ تاغ يوللىرى تار ھەم خەتەرلىك بولىدىكەن، تاغ باغرىنى كېسىپ ئېلىنغان بۇ يوللارنىڭ بىر تەرىپى تىك تاغ، بىر تەرىپى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر ھاڭ بولىدىكەن. ماشىنىلار بىر- بىرلەپ قاتارلىشىپ مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن، يانداپ ئۆتۈشەلمەيدىكەن. خىتاي تاجاۋۇزچى ئارمىيىسى ماشىنا، تانكا، بىرونېۋىك، پىيادە... بولۇپ ئۇۋۇسىغا قۇرۇتنىڭ ئۆلىكىنى توشۇۋاتقان قىمىتقا[1]لاردەك سەپ تارتىپ شۇنداق يوللاردىن بىرىدە كېتىۋاتقاندا ماشىنىسىدىن بىرى بۇزۇلۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكى نەچچە ئون مىڭ ئەسكەر، ماشىنا، تانكا، بىرونېۋىك،... ئۆتەلمەي توسۇلۇپ قاپتۇ. يوشۇرۇنۇش ئىمكانى بولمىغان ئەسكەرلەرنى ۋېتنام ئايروپىلانلىرى ھەدەپ بومبىلاپ، ئوققا تۇتۇپ، رەسۋايىزىم قىپتۇ. بۇ قىرغىنچىلىققا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ

---

[1]قىمىتقا ــ كىچىك چۈمۈلە، ــ ئا.

تۇرماقتىن باشقا چارە يوق ئىكەن... كوماندىرلار يولىورۇق سوراپ كورپۇس شتابىغا، كورپۇس بولسا ئارمىيە شتابىغا، ئارمىيە شتابى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا، مىنىستىرلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېتىغا، ... زەنجىرسىمان دوكلاد قىلغانىكەن. جاۋاپنى كۈتۈپ ئەنە شۇنداق "يولدىن ئۆتكەن چاشقاندەك" ئۇ- ئۇرغا قېلىپ، شۇندىمۇ بۇيرۇق كەلمىدى، دەپ تۇرغىنىدا بىر ئەللىك بېشى(ۋىزۋود كوماندىرى) جۈرئەتلىك ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، قول ئاستىدىكى بىر تانكىستقا ھېلىقى بۇزۇلغان ماشىنىنى ئىتتىرىپ ھاڭغا چۈشۈرىۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. قالغانلار، چوڭراق كوماندىرلار، گېنېراللار "ھەيىيا! ھەيىيا! جى... جى... جىگا... بۇ قانداق دېگەن ئۆز بېشىمچىلىق! دۆلەت مۈلكىنى شۇنداق قىلسا بولامدۇ، جىگا..." دەپ بولغۇچىلا ماشىنا ھاڭغا غۇلاپتۇ! يولنىڭ ئېچىلىشىغىلا يوقۇرىنىڭ يولىورۇقىمۇ يېتىپ كەپتۇ: "ماشىنىدىن ۋاز كېچىپ، دەرھال يول ئېچىلسۇن!" شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەللىك بېشى خىزمەت كۆرسەتكەن ھېساپتا بولۇپتۇ...

ھاياتتا نۇرغۇن ئىشلار ئەنە شۇ ۋېتنامنىڭ تاغ يولىغا ئوخشاپ كەتسە كېرەك. ئىش بېشىغا بىرەر يارىماس زوڭ ئولتۇرىۋالغانلا بولسا، تامام! ئۇ ئالدىدىكى ئورۇننى بەرگىسى كەلمەي، يا ئۆزى "ئىتتىكرەك ماڭماي"، ۋاقت زايا قىلىدىغان ئىش مەۋجۇت. بىراق، بىزدە ھېلىقىدەك ئەللىك بېشىلاردىن يوقمىكىن ياكى كەممىكىن، بۇنداق رودىپايلارنى ھاڭغا غۇلىتىپ تاشلاشقا جۈرئەتلىكلەر چىقمايدۇ. "مەن باشتا يولغا چىقتىممۇ، تامام! ھېچكىم مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتكۈچى بولمىسۇن!" مانا بۇ بىزنىڭ تەشكىلاتلىنىش فورمىمىز.

باشقا مىللەتلەرنىڭ تەشكىلاتلىنىشىدا (مەيلى قۇرغۇچى ياكى قاتناشقۇچى بولسۇن) سىياسىي نىشان بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ باشتا بولۇشىنى شەرت قىلمايدۇ. مەسىلەن: ناتسىتلار پارتىيىسىنى گىتلېر قۇرغان ئەمەس. ئەسلى «گېرمانىيە ئىشچىلار پارتىيىسى» بولغان بۇ پارتىيىنىڭ قۇرغۇچىسى م. ھارر (M. Harre) دېگەن بىرسىدى. ئۇ مەلۇم

دەۋردە ئۆزىدىكى ئىقتىدارنىڭ يېتىشمەيۋاتقانلىقىنى، ناتىقلىق تالانتى يوقلىقىنى ھېس قىلىپ، گىتلېرغا ئۆتۈنگەن. ئانچە ئوقۇمىغان گىتلېرنىڭ ناتىقلىق تالانتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ، بۇ پارتىيىگە باش قىلسا بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكەن ۋە ئۇنىڭ باشقا يېتىشسىزلىكىنى باشقىلار ياردەملىشىپ تولۇقلىغان: گىتلېردىن 21ياش چوڭ بولغان دىترىھ ئېكارت شائىر ھەم دىراماتورگ بولۇپ، گىتلېرنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم قىلغان. ناتسىزىمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىچىسى بولغان پەيلاسوپ فلومبېرگ پەلسەپىۋىي ئاساسلار جەھەتتىن يېتىشسىزلىكلىرىنى تولدۇرغان. گىتلېر « كۆرەشلىرىم» ناملىق كىتاپنى ئاغزاكى ئېيتىپ بەرگەن، رودولف ھېس يېزىپ چىققان!... دېمەك، ئۇلارنىڭ نىيىتىدە سىياسىي نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشى موھىم بولغاچقا، كىم باشتا بولسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ؟ ئەڭ ئىستىقباللىق بولىدۇ؟ دېگەننى ئۆلچەم قىلىشقان. گىتلېرنىڭ باشتا بولىشى ئۇنىڭ ناتىقلىقى تۈپەيلى پارتىيىگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەچكە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقان.

ئەمما، بىز سىياسىي نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى كېيىنكى ئورۇنغا، ئۆزىمىزنىڭ باشتا بولىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغاچقا، باشتىلا تەشكىلات تەركىۋى مۇشۇ پاسكىنا مۇددىئاغا مۇۋاپىق تەرزدە تۈزىلىدۇ: ئۆزىمىزنىڭ مەڭگۈ باشتا بولىشىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن مۇمكىن قەدەر ئۆزىمىزدىن ”تۆۋەن“ ئادەملەرنى ئەتراپىمىزغا توپلايمىز. ”تەڭ دىمەتلىك“ ياكى ئۆزىمىزدىن ئۈستۈنلەردىن قاچىمىز. ئەگەر بۇ ”ئۈستۈن“ ئادەملەر سىياسىي نىشانغا سادىق، ”تۆر تالاشمايدىغان“، ”ئاددىي ئەسكەر“ بولۇشنى خاھلايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇرسىمۇ ئىشىنەلمەي، ئۇنداقلارنى يېقىن كەلتۈرمەسلىككە تىرىشىمىز.

نەتىجىدە، ئىختىساسلىقلاردىن شۇم نىيەتلىك بىلەن قېچىلغاچقا بۇ تەشكىلات بىر توپ پۇچەك ئادەملەرنىڭ — تەرتىپسىز ۋە غەيۋەتكە پاتقان ئادەملەرنىڭ — جامائەسى بولۇپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، ئالدىمىزدىكى سىياسىي نىشان ناھايىتى ئۇزاق، غايەت مۇشكۈل، مۇرەككەپ، شۇنداقلا زور

بىر تۇركۇم ئىختىساسلىق ئادەملەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا مۇھتاج، يەنى ئەقىللىق ئادەملەر كوللىكتىپىنىڭ بىرلىكتە تىرىشىشىنى تەقەززا قىلىدىغان ئىش بولغاچقا، ھېلىقى پەست نىيەت، تار نەزەر بىلەن توپلانغان پۇچەك ئادەملەر بىلەن ھېچ ئىش ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ! بىزنىڭ "تەخت"نى چۇشىگەن شېرىن خىيالىمىزمۇ، سىياسىي نىشانىمۇ يوققا چىقىدۇ - دە، "ئىتنىڭ ئۆلىكىدەك سۆرۈلۈپ"، "پالانى ۋە ئۇنىڭ پۇستانى تەشكىلاتى ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ" دېگەن ئات ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان "مەجلىسۋاز" تەشكىلاتتىن بىرسى كۆپىيىپ، ھاياتلىق قىيانلىرىدا بىر تال قۇرۇق گىياھتەك ئەلەڭلەپ، چۇشەكىگەندەك زامان- زاماندا ئېچىلىپ قالىدىغان مۇددىئاسى نا ئېنىق ھەم ھېچقانداق ئەمەلىي ئۇنۇم قازىنىش ئېھتىمالى بولمىغان يىغىن، قۇرۇلتايلار ئۈچۈن بىر ۋەكىل ئاۋۇيدۇ، خالاس! بىر "داھى"لىق ئورۇننى ساقلاپ ئۆمرى ئۆتىدۇ، ۋەسسالام!

تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئۆزىگە رىقابەتچى بولۇش ئېھتىمالى بولغانلارنى يېقىن كەلتۈرمەيلا قالماي، ئەگەر بىرەرسىنىڭ ئۇقۇشماسلىقتىن "تور"دىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكى سېزىلىپ قالسا، ئۇنىڭ "داھىلىق ئورۇن"غا خىرىس قىلىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرخىل جىنايى قالپاقلار، ئۆتمۈشتىكى "سىيگەكلىك" ياكى "چىچقاقلىق"ى توغرىسىدىكى كەمچىلىكلەردىن يىرگىنىشلىك ھېكايىلار توقۇپ، ھەتتا جىنايى بوھتانلارنى چاپلاپ ئابرويىسىزلاندۇرۇشقا، شۇنداق قىلىپ قوشۇندىن چەتلىتىشكە، ھېچ بولمىغاندىمۇ نوپۇزى ئۆسۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئۇرىنىدۇ. بوھتان چاپلاشقا يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئېھتىياج باركى، بۇ رىقابەتچىنىڭ ئىقتىدارى بايقالغاندىن كېيىن بەزىلەر ئۇنىڭ موھىم ئىشلاردىن چەتتە قالدۇرۇلىشىغا قارىتا گۇماندا بولىشى، "داھى"نىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى تەسىراتىغا شەك چۇشۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۇلاردا بۇنداق بايقاش ۋە سوئاللىق ئىستىھزاھ پەيدا بولغۇچىلا كىشىلەرنى ئۇنىڭغا گۇمان ھەم مەنسىتمەسلىك بىلەن قارايدىغان قىلىۋېتىش زۆرۈر بولىدۇ! بۇنداقتا ئۇ پەقەت "داھى"نىڭ كەڭ

قورساقلىقى تۈپەيلىدىنلا ساقلىنىپ قالغان، بولمىسا نەۋاخ تۈكۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك بىر ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالىدۇ...

مانا بۇنداق رىياكارانە نىيەت، شۆھرەتپەرەستلىكتىن دادىسىغىمۇ رەھىم قىلمايدىغان دەرىجىدىكى بىنورمال پىسخىكا تۈپەيلىدىن تەنقىدىي پىكىرلەر بۇ داھىلارنىڭ شەنىگە ئېغىر كېلىدۇ. چۈنكى ئۇ باشتىنلا ئۆزىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆلچەم قىلىپ ئادەم توپلىغاچقا، ھېچكىم مېنىڭچىلىك بىلمەيدۇ، دېگەن قاراشقا قەتئىي ئىشىنىدۇ! تۆرت ئادەمنى توپلا- توپلىمايلا ئۆزىنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان جۇمھۇررەئىس ھېس قىلىدىغان بولغاچقا، پۇخرالارنىڭ ئۆزىگە تەنقىدىي پىكىر بېرىشى، پىلانلىرىغا تۈزىتىش بېرىشى، ئومۇمەن "خوپ" دېيىشتىن باشقا گەپ قىستۇرۇشى ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ- دە، ئۇنى دۈشمەن كۆرىدۇ. بۇ پىكىرلەر سىياسىي نىشان ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، سەن دېگەنلىكىڭ ئۈچۈنلا قەتئىي قىلىنمايدۇ! مانا ئەمدى ئاساسىي دۈشمەن ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، مانا شۇ "دۈشمەنلەر" بىلەنلا ھەپىلىشىشكە باشلايدۇ! بۇنداق "ئالىجاناپ پەزىلەت" بولسا دۈشمەنلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىشى قىيىن بولغان بۇزغۇنچىلىق، تەپرىقە تېرىش، ئۆزئارا جېدەلگە سېپ قويۇپ تاماشا كۆرۈش، ئۆزى يېقىن كەلمەي تۇرۇپلا تېرە - پىرەن قىلىۋېتىش پىلانلىرى ئۈچۈن مول پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق "پەزىلىتى"، پەقەت ئەنە شۇنداق "پەزىلەت"لا دۈشمەننى نۇرغۇن مىقداردىكى ئادەم كۈچى ۋە مالىيە كۈچىنى تېجەش ئىمكانلىرىغا ئىگە قىلماقتا! "دۆلەت باشلىقى"لىق تۇيغۇغا بەك بالدۇر ئەسىر بولۇپ قالغاچقا، "خوش- خوش"قا ئامراق، خوشامەت تاماخورى بولۇپ قالغان. شۇڭىمۇ ھە دېسىلا "خوش" دەپ تۇرىدىغان "قارا تۈرك"لەر ئۇلارنىڭ راسا دىتىدىكىدەك ئادەملەردۇر. ئەكسىچە، "خوش" دېمەي، ھە دېسىلا "ئۆزىنىڭ قاراشلىرى"نى بىلدۈرۈپ، پايدا - زىياندىن تولا ئاگاھ بېرىپ تۇرغۇچىلار ئۇلارنى بىزار قىلىدۇ.

ھەيرانمەن، بىلىملىكلەردىن خۇددى ئوتتىن ھۈركىگەن ياۋا

چوچقىدەك قېچىش ئارقىسىدا بۇنداق مۇشكۇل ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن قانداق چىقماقچىكىنا؟! ئەتراپىغا ئولاشتۇرىۋالغان بىر نەچچە ساۋاتسىز بىلەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقچىمىدۇ؟ بۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بۇ يا زەيكەش چېپىش،... يا قوتان قۇرۇغداش بولمىسا!... ھېچ چۈشىنىپ بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئىش قىلىشىنى، سىياسىي نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەخسەت قىلمىغانلىقىنى مانا شۇنىڭدىنمۇ كۆرىۋېلىش مۇمكىن.

ئىقتىسادىي ئاساس تىكلەش، بىر تۈركۈم ئىقتىساس ئىگىلىرىنى تەييارلاش خىيالىغا كەلمەيدۇ (چۈنكى ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى ئېشىپ كەتسە ”تىزگىن سۆرەپ قاچىدىغان“ بولۇپ قالسا نېمە قىلغۇلۇق؟ ئەگەر ئىقتىسادىي ئاساس تىكلىدىم دەپ جاپا چېكىپ پۇل تۇپلاپ قويسا ياكى بىرەر ”ساغلىق ياكى ئىنەك“ قىلىپ ئۆتتۈرلۈق ھاجەتكە ”سېغىپ ئىچىدىغان“ مۇئەسسەسە قىلىپ قويسا، كېيىن تەييارغا باشقىسى ئىگە بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟). مانا شۇنداق، خۇددى تۇل خوتۇننىڭ جاھان تۇتىشىدەك، بۇ دو قايسى تۇققىنىم بىر نېمە بېرەركىن دەپ تامادا كۆن ئۆتكۈزىدىغان، بىر قېتىم تاپقىنىغا ھېسىپ يەپ، ”بۇ دو پۇل تاپسام پاچاق يېمىسەم“ دەپ چىش بىلەپ، ئۇتتۇرلۇق ئۆتكەندەك، تاپالمىسا ”چىشىنىڭ كىرىنى شوراپ“ ئۆتكەنگە ئوخشاش، بىر قېتىم پۇل يىغىپ قۇرۇلتاي، يەنە ئازراق پۇل تاپسا گېزىت چىقىرىش بىلەن — يەنى، ھەربىر ئۇششاق ئىش ئۈچۈن ئايرىم ”داسقان ئېچىش“ بىلەن كۈنى ئۆتىدۇ. گەرچە ۋەتەن ئۈچۈن دەپ ھەيۋەتلىك ئاتالسىمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ تۈگىمەس ھاشاسىدەك، ھە دېسىلا پۇل يىغىش خېلى- خېلى ”ۋەتەنپەرۋەر“گىمۇ تېتىماي قالىدۇ. كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇكى، بۇ قەدەر زور بىر ئىش، بۇ قەدەر مۇشكۇل بىر نىشان ئاشۇنداق ”داسقان ئېچىش“نى ئىقتىسادىي مەنبەئە قىلسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆز ئېغىرىنىمۇ شۇ پۇل ئۈستىگە قويىۋالىدىغان بىر توپ سەھرا - قىشلاقتىن يىغىلغان ئادەملەر ”تايانچ كۈچ“ قىلىنسا بۇ مىللەتنى قانداقمۇ قۇتقۇزىۋالغىلى بولار؟

بىر ئارىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا قانات يايغان تەشۋىقاتلار، ھاياجانلىق نۇتۇقلار تۈپەيلى خەلق ئۈمىدلىنىپ، گويا ئەتىلا ئازادلىق تېگى ئېتىپ، قىسمىتى يېڭىلىنىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتكەنىدى. ھەتتا، خۇددى نەسرىددىن ئەپەندى لەتىپىلىرىدە "ئەتە قىيامەت بولارمىش" دەپ كىيىم- كېچەكلىرىنى كۆيدۈرۋەتكەندەك، خەلق ئەنە شۇنداق ئەخمىقانىلىقتا — "كىيىم- كېچەكلىرىنى كۆيدۈرىۋېتىشكە" ئۈندەلگەن ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، خەلق "داھى"لارغا قارىغاندا سەل ئېسى جايىدىراق ئىكەن، شۇڭا ئۇلار "كىيىم- كېچىكىنى كۆيدۈرىۋېتىش" تەكلىپىگە قارىتا سالماق بولدى. بولمىسا قانچىلىك ئادەم بۇ بىر دەملىك ھاياجان تۈپەيلى ئۆمۈرلۈك ۋەيرانچىلىققا قالاتتىكىن؟ (ئەمما ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بۇنداق ئەخمەقلىقنى قىلىشتىن ساقلىنالمىدى، ئەلۋەتتە).

ئويلىنىپ باقايلى، شۇنداق كەڭ كۆلەملىك سەپەرۋەرلىك قانداقسىگە شۇنچە ئاسان، شۇنچە شەپىسىز ھالدا — دۈشمەنىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي تۇرۇپ تېرە- پېرەن بولۇپ، "نۆلدىن تۆۋەنگە" چۈشۈپ كەتتى؟ ھېچقانداق قورال كۈچى ئىشلەتمەي، بىرەر ئەسكەر ياكى ساقچى ئىشلەتمەي بۇ مەغلۇبىيەت قانداق روياپقا چىقىرىلدى؟ مانا بۇ سىياسىنىڭ غەلىبىسى — "سىياسىي شاھمات"نىڭ ماھىرلىق بىلەن ئوينۇلىشىنىڭ نەتىجىسى! بىز قۇرۇق پو ئاتقان بىلەن دۈشمەن بۇ ئىشنى ئوينىغاندەكلا پۈتتۈرۈپ قويدى. بۇ رازۋىدكا، جاسۇسلۇق (ئىستىخبارات) ۋە تاكتىكىنىڭ غەلىبىسى! بىز خۇددى نا ئۇستا توقۇغان چويلىدەك چۇۋۇلۇپ كەتتۇق. بۇنىڭدىن بىز قانداق ئەقىل تاپىمىز؟ يەنە ئالەمشۇمۇل لاپلارنى ئېتىپ، جاھانغا پاتماي داۋراڭ سېلىپ، "ھەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە، 'ھۈيت - ھۈيت'ۈڭ ئالەمنى ئالدى" دېگەندەك يۈرىمىزمۇ؟ "ئاتتىن چۈشسىمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەپتۇ" دېگەندەك، لاپنى ئېتىۋەرمەي، بۇ رەھىمسىز رىئاللىقنى ئېتىراپ قىلىش، مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەپلىرىنى ئەستايىدىل ئويلىنىش، ئىنتايىن گۆدەك ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، "ئىگىز مۇنبەر"دىن چۈشۈپ، قىزغىن ۋە تىرىشقاق "ئوقۇغۇچى" بولۇپ ئۆگىنىشكە، نادانلىقنى يېڭىشكە، بالىلىقنى تاشلاشقا

بەل باغلاش كېيىنكى قېتىممۇ ئوخشاشلا مەغلۇپ بولماسلىقتا ئاساس يارىتىش بولۇپ قالىدۇ. ئەكسىچە، ”ئىشلار رەتكە چۈشۈپ كەتتى، ياخشى يۈرۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ“ دەپ لاپ ئېتىش، مەغلۇبىيەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق، ماھىيەتتە خاتالىقنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر! خەلقنى ئالداشتۇر! بۇ ئادەملەر ھەققىدە نېمىمۇ دەرىدۇق؟ پەقەت كونىلاردىن قالغان بىر تەمسىل شۇلارغا توغرا كېلىدۇ: ”پاقا دەيمىش: ’مېنىڭ مۇشۇ قوڭاملا بولسا خېلى خېلى كۆلنىڭ سۈيىنى سېسىتىمەن‘“. مانا شۇنداق، بۇ ئادەملەر ئوتتۇرىدا بولىدىكەن، بىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىمىزغا مەڭگۈ پۈتلىكاشاڭ بولۇپ تۇرىشىدا گەپ يوق!

تەشكىلاتلىنىش مەسىلىسىدە مىللىي پىسخىكىمىزدىمۇ پايدىسىز ئامىللار بولغاچقا، ئۈيۈشۈش كۈچىمىز يېتەرلىك ئەمەس. مىللىتىمىز ھەرقانداق بىر خىل ئىدىئولوگىيىگە ئۇزۇل- كېسىل سادىق ئەمەس! بىزدىكى قىزغىنلىق، بىرلىك،... ھامان ۋاقتلىق بولۇپ، مەڭگۈدىن سۆز ئاچمايلى، ئۇزاقراقمۇ سادىق قالالمايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ تەشكىلاتلىنىشى ئىدىئولوگىيىدىن باشقا بىر خىل فىزىك (مىخانىك) بىرىكتۈرگۈچىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ خۇددى بىتون ئىچىدىكى پولات چىۋىقتەك تۈتۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينىشى كېرەك. ئۇنىڭسىز ھەرقانداق ئىدىئولوگىيە (ھەتتا دىن) ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن تەشكىلاتمۇ دەسلەپكى زەربە بىلەنلا يېمىرىلىپ كېتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا بۇنداق ”چۈۋۈق چويلا“ تەشكىلاتلار بىلەن چىقىمنى كۆپەيتكەنگە قارىغاندا ***يەككە قارشىلىق ھەرىكەتلىرى*** ئەمەلىيىتىمىزگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

1998-يىلى، دىكابىر، تاشكەنت. 2001 –يىلى، ئىستانبۇل.

# ”پىسخىكا جەھەتتە خام“لىقىمىز توغرىسىدا

دۇشمەنگە بولغان مۇرەسسەسىز قارشىلىق روھى، ئۆچمەس نەپرەت، ھۆررىيەتكە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ روھىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئورۇن ئالمىغانلىقى — پىسخىكا جەھەتتىكى خاملىقىمىز — مەغلۇبىيىتىمىزدە تېپىك ئىچكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە! بۇ ھەقتە كۆپلىگەن ئەسەرلەردە توختۇلۇپ ئۆتۈلدى. مەسىلەن: «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى»، «ئەينەك» قاتارلىق كىتاپلاردا ئايرىم باپ ۋە ماقالىلار مۇشۇ تېمىغا بېغىشلانغان. بۇ يەردە بىز ئەنە شۇ خاملىقىمىزنىڭ ئادەتتە تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائى پائالىيەتلەر جەريانىدا قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، يەنى، ”خام“لىقىمىزنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

***بىرىنچى مىسال***: چەتئەللىكلەر بىزنىڭ كىشىلىرىمىزدىن، ھەتتا ئۆزىنى خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ھېساپلايدىغان ”مىللەتچى“، ”ۋەتەنپەرۋەر“ كىشىلىرىمىزدىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە: ھايات تەرزى، كىرىم ئەھۋالى، خەلق تۇرمۇشى، سىياسىي ئورنى،... ھەققىدە سورىسا، بىزنىڭ ئادەملەر ماختىنىپ، لاپ ئارىلاشتۇرۇپ، يوقنى بار، كىچىكنى چوڭ قىلىپ جاۋاپ بېرىدىكەن. ئېگىز بىنالار، ستىرولۇق يوللار، ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر، ئېسىل تاكسىلار، ئالىي مېھمانخانىلار،... ھەققىدە زوق- شوقى بىلەن سۆزلەپ كېتىدىكەن.

بۇ ماختاشلارنى ئاڭلىغان چەتئەللىكلەر سىزنى ”تازىمۇ گۆشباش نىمكەن!“ دەپ ئويلاپ سۆھبەتكە مۇناسىپ كۆرمەي گەپ قىلمىسىغۇ شۇ

مەغرۇرلىقىڭىز بىلەن يۇرۇۋېرەرسىز، ئەگەر سىزنى ئۇسال قىلىشنى خاھلاپ قالسا شۇنداق سوئاللارنى سورىسا قانداق قىلىسىز:

— ھە، دېمەك، خىتايلارنىڭ "چېگرا رايوننى گۈللەندۇرۇش" دېگىنى، سىلەرگە غەمخورلۇق قىلىۋاتقىنى، مىللىي سىياسەتنىڭ كەڭلىكى راست ئىكەن- دە!؟

— ئۇنداقتا نېمىشكە بىرمۇنچە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى چەتئەللەردە نارازىلىق ھەركەتلىرى ئېلىپ بارىدۇ؟ دېمەك ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان مۇتىھەملەر ئىكەن- دە!؟

— ۋەتىنىڭلاردا بولىۋاتقان بەزى توقۇنۇشلار خىتاي ھۆكۈمىتى تەسۋىرلىگەندەك ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر ئۇچۇم بۇزۇق ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەركىتى، ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىل جىنايەتچىلەرنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى بۇزىدىغان جىنايى ھەركەتلىرى ئىكەن- دە؟!

— شارائىتىڭلارنىڭ ئۇ قەدەر ياخشىلىقىنى دەۋاتقىنىڭىزدىن قارىغاندا، سىز كوممۇنىست خىتايلار دېگەندەك، ئۇلارنىڭ "پارلاق سىياستى"دىن رازى ۋە بولۇنۇپ كېتىشنى خاھلىمايدىغان ئۇخشايسىز – دە!؟

مانا شۇنداق. مەن بىر بۇرادىرىمنىڭ چەتئەللىككە ئاساسسىز ماختانغىنىغا شاھىت بولغانىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ:

— بىزنىڭ ئۇ يەردىكى كۈنىمىز ھايۋاندىن بەتتەر. يەيدىغىنىمىزنى چەتئەللىكلەرنىڭ ئىتلىرىمۇ يېمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتىمىز. ئۆي دەپ ياشاۋاتقان نەرسىمىز بۇ يەردىكى قوتانلاردىنمۇ ناچارراق ئىكەن. بۇنىمۇ چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن بىلدۇق. بىز ئۇچرايدىغان مۇئامىلىگە چەتئەلدە جىنايەتچىلەرمۇ ئۇچرىمايدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار تېخى نارازىلىق بىلدۇرۇپ تۇرىدىكەن. ئەمما بىزدە غىڭ قىلىدىغان ئىمكان يوق!!... — دەپ سۆزلەپلا كەتتىم. كېيىن مەن

بۇرادىرىمدىن: ”ئۇ سىنىڭ نىمە دىگىنىڭ؟“ دەپ سورىدىم. ئۇمۇ مەندىن شۇنداق سورىدى. مۇددىئالىرىمىزنى ئۆزئارا ئورتاقلاشتۇق. ئۇ:

— سەن دىگەندەك، ئۇ قەدەر تۆۋەن چۈشۈرۈپ دەپ كەتسەك، چەتئەللىك گۈيلار بىزنى ھىچنىمە كۆرمىگەن بىر نىمىلەركەن دەپ كۆزىگە ئىلمەي قالمىسۇن، دەيمەن- دە، — دىدى ئۇ.

— ئىگىز بىنالار سىنىڭ چوڭ داداڭنىڭ داچىسىمىدى؟ ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەرنىڭ ساڭا نىمە پايدىسى؟ چىرايلىق تاكسىلاردا سەن ئولتۇرالامسەن؟ ئالىي مىھمانخانىلاردا قانچە قىتىم يىتىپ باقتىڭ؟ پۇلۇڭ بولسىمۇ ساڭا ياتاق بىرەمدۇ، تىخى!... — دەپ سورىدىم مەن. ئاندىن بۇ ئىشنىڭ پايدا - زىيان تەرىپى ھەققىدىكى قارىشىمنى شەرھىيلىدىم ۋە — ئەكسىچە، دەل ئاشۇنداق ماختىساڭ ئۇلار سىنى كۆزگە ئىلمەسلىكى، دۆت، كالۋا بىر نىمىلەر ئىكەن دەپ قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ھالدا سەن كىمگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقىنىڭنى بىلمىگەن، كىمگە مەدھىيە ئوقۇۋاتقىنىڭنى بىلمىگەن بولىسەن ئەمەسمۇ، — دىدىم.

تەبىئىيكى، سىز خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتىنى، قۇللۇقتىكى خەلقىنىڭ ھالىنى ماختاپ بەرسىڭىز يوقارقىدەك سوئاللارنى تۇغدۇرىسىز. ئاللاھ ياراتقان تەبىئىي نەرسىلىرىمىزنى — گۈزەل تاغ - دەريالىرىمىز، تەبىئىي بايلىقلىرىمىزنى ماختاڭ، ھەتتا ئاشۇرۇپ ماختاڭ. ئەمما خىتايلار بارلىققا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي مۇھىتنى — شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشى، سىياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، سىياسىي ھوقۇق،... قاتارلىقلارنىڭ ماختىغۇدەك يىرى يوق! سىز ماختىغان نەرسىلەردىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار قانچىلىك نەسىۋىدار؟ سىزنىڭ سۆزلىرىڭىز شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ %95ىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي ئاممىنىڭ ئەھۋالىغا توغرا كىلەمدۇ؟ كۆپچىلىككە ۋەكىللىك قىلالامدۇ؟ ئاساسىي ئاھالىنىڭ ھالى قانداق؟ سىز ”يامبۇدا ئىشىك تاقايدىغان باي“ بولىسىڭىزمۇ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئىلغار سەۋىيىسىدىكى مەدەنىي كىشى بولسىڭىزمۇ لىكىن، باشقىلار سىزنىڭ

ئەھۋالىڭىزنى ئەمەس، مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندا ئۆز ئەھۋالىڭىزنى ئۆلچەم قىلىپ جاۋاپ بەرمەستىن، ئەنە شۇ يىل بويى يالاڭئاياق يۈرىدىغان ئومۇمىي ئاھالىنىڭ تىپىك ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ جاۋاپ بېرەلىسىڭىز، ئاندىن ھەر قاچان دۈشمەنگە قارشى نەپرەت، ئۆچمەنلىك بىلەن تۇرىدىغان پىشقان پىسخىكىنى نامايان قىلغان بولىسىز. بىزنىڭ دۇنياغا ئاڭلىتالمايۋاتقان، ھۆر دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتالمايۋاتقان دەردىمىز دەل شۇ ئەمەسمۇ؟ نېمىشكە ئۇنى ئۇچرىغان ئادەمگە، قانچىلىك پۇرسەت بولسا شۇنچىلىك ئېلان قىلىپ تۇرمايمىز؟ ئەجەبا مىللىي دەردىمىزنى پەقەت رەسمىي سورۇنلاردىلا (يىغىنلاردا، نامايىشلاردا، مەتبۇئاتلاردىلا) دەپ قويۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇنىڭغا رەپ كەلمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرىمىزمۇ؟ مانا بۇ پىسخىكا جەھەتتىكى خاملىقىمىزنىڭ بىر مىسالى.

***ئىككىنچى مىسال، مىللىيلىكنى قوغداش سەزگۈرلىكىمىز يوق.***

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قوغداشقا قارىتا تۇغما سەزگۈرلۈككە، تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە. مەسىلەن: كۆزىمىزگە زىيان قىلىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر نەرسە كۆزىمىزگە قارشى كېلىۋاتقان بولسا نەچچە يۈزدە بىر سىكونت ۋاقىت ئىچىدىلا قاپاقلىرىمىز يېپىلىپ ئۈلگۈرىدۇ. زەربە بەرگۈچىنىڭ سۈرئىتى ھەرقانچە تېز بولسىمۇ قاپاقنىڭ يېپىلىشىدىن ئالدىن يېتىپ كېلەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئەھۋال كەمدىن- كەم بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىنسان مەنەۋىيىتى، ئىنسان قەدىرىيىتى بابىدىمۇ ئەنە شۇنداق قىممەتلىك نەرسىلەر باركى، ئۇلارنى قوغداش تۇيغۇسى مىللەتلەرنىڭ نەسلىنى ساقلاپ قېلىش ئىقتىدارىغا كۆرە سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ھەرخىل بولىدۇ. يەنى، بەزى مىللەتلەردە كۈچلۈك، بەزى مىللەتلەردە ئاجىز بولىدۇ. بەزى مىللەتلەر ئۆز مىللىتىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى موھىم ئالامەتلەردىن بولغان ئەنە شۇ نەرسىلەر زەرەرگە ئۇچرىغۇدەك بولسا ئۇلاردىكى تەبىئىي قارشىلىق كۈچى تەبىئىيلا ھەركەتكە كېلىپ، مۇداپىئەدە تۇرىدۇ.

بىز بۇ يەردە تىلنى مىسالغا ئېلىپ تەھلىل يۈرگۈزسەك چۈشىنىشلىك بولار. تىل — بىر مىللەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان بىرىنچى موھىم

بەلگە. شۇنداقلا ئەڭ ئاشكارە چاقناپ تۇرىدىغان بەلگە. مۇستەملىكىگە ئۇچرىغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى تىل تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرايدۇ. چۈنكى تىلنى يوقۇتۇش ئاسسىمىلاتسىيە كۆرىشىنىڭ بىرىنچى نىشانى. ئىستىلاچى مىللەت مەھكۇم مىللەتكە ھەرخىل يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ تىلىنى تاڭىدۇ. ئۇلارنىڭ مىللىي تىلىنى بۇزۇشقا ۋە تەدرىجىي ئۇنتۇلدۇرىۋېتىشكە ئۇرىنىدۇ. بىز ئەنە شۇ ھۇجۇمغا دۇچ كەلمەكتىمىز. لېكىن خىتايلار ”ھارۋىدا توشقان ئالىدىغان“ ئالاھىدىلىكىگە كۆرە بۇ خىل تاجاۋۇزچىلىقنى ئۆتمۈشتىكى نېمىسلار ياكى باشقا كونا مۇستەملىكىچىلەر مۇستەملىكە رايونلىرىدا يولغا قويغاندەك مەجبۇرىي يوسۇندا، تېز پۈرسەتتە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماستىن، ئىنتايىن ئاستا، بىر خىل ”تەبىئىي يوقۇلۇش“ يولىغا يېتەكلەش ئارقىلىق، تۈيدۇرماستىن ئېلىپ بارماقتا ھەم بۇنى ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلماقتا. ئۇلار مەجبۇرىي ۋە قىسقا مۇددەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئاقمايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىلەن قارشىلىق كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى، ھېچ بولمىغاندىمۇ ھۇشيارلىقنى قوزغاپ قويىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئەنە شۇنداق ھارامزادە ئۇسۇلنى قوللانماقتا.

بىزنىڭ بۇ تاجاۋۇزغا ئىنكاسىمىز قانداق بولىۋاتىدۇ؟ تەبىئىيكى، ناھايىتى پاسسىپ بولىۋاتىدۇ. خەلقىمىز بىرمۇنچە ئۇيغۇرچە سۆز-ئاتالغۇلارنى قىسقا مەزگىل ئىچىدىلا خىتايچىغا يەڭگۈشلىۋالدى ھەم بۇنى ئۆزلىرىمۇ تۇيمىدى. مەسىلەن: مەن ئون - ئون ئىككى ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ۋاختىمدا ”كۇدە“ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئوتياش بارىدى. ئەمما ھازىر ئوتياش ساتىدىغان دېھقانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ”كۇدە بېرىڭ“ دېسىڭىز، ”نېمە ئۇ، كۇدە دېگىنىڭ؟“ دەپ سورايدۇ. مانا شۇنداق قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا بىز پەقەت ئوتياش تۇرىدىكىلەردىنلا ”ئوتياش، كۇدە، كەرەپشە، كەرەم، يەسىۋىلەك، تەرخەمەك، پېدىگەن، مۇچ(قىزىل مۇچ، كۆكمۇچ)...“ دېگەندەك سۆزلەرنى ”سەي، جۇسەي، چىڭسەي، لاڭقا(خىتايچە ’لىيەنخۇا‘دىن

كېلىپ چىققان)، بەسەي، خاڭگا، چەيزە، لازا،...“لارغا ئالماشتۇرۇۋالدۇق. بۇ پەقەت بىرنەچچە مىسال، خالاس. بۇنداق سۆزلەر ناھايىتى نۇرغۇن.

يېڭى شەيئىلەرنىڭ نامى خىتايچە ئاتالسا بۇنى چۈشىنىشكە بولاتتى، ئۇنىڭغا ھازىرچە ئامال يوق، دەپ باھانە قىلغىلى بولاتتى. ئەمما ئۆتمۈشتىن ئۇيغۇرچىسى بولغان سۆزلەرنى خىتايچىغا ئالماشتۇرۇۋېلىشىمىز، بىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ”ئايلامباش“ (”چەنتۇ“)- لىقىمىزنى ئىسپاتلىماقتا. بۇلاردىن باشقا ئايرىم ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ خەلقى ئىچىدە تېخىمۇ نۇرغۇن سۆزلەر خىتايچىلىشىپ كەتكىنىنى ئەلەم ئىچىدە كۆرمەكتىمىز. ھەممىدىنمۇ مەسخىرىلىكى، بۇنداق خىتايچە سۆزلەرنى ئىشلىتىۋاتقان جايلارنىڭ يېزا- سەھرا بولىشى، ئۇ يەرلەردە خىتايلار بىلەن ئارىلىشىپ ياشاش ئەھۋالى يوق تۇرۇقلۇق نەدىندۇر بۇ مەرەزنى يۇقتۇرۇۋالغىنىدۇر. مەسىلەن: قاغىلىق، پوسكام، بۈگۈر، كورلا،... قاتارلىق جايلاردا ئاشخانىنى ”ئىشتاڭ“(شىتاڭ)، لوڭگىنى ”شۇ جىڭزا“ (قول ياغلىق)،... دەيدىغان بىر مۇنچە شالغۇتلۇق بار. بىزدە بۇ ئىشلارغا قارىتا ھېچقانداق تەبىئىي قارشىلىق تۇيغۇسى يوق بولۇپلا قالماي، ھەتتا بىرەرسىگە مەلۇم سۆز ئۈچۈن تۈزىتىش بېرىپ، ”ئۇيغۇرچىسىنى دېگىن، بۇنىڭ ئۇيغۇرچىسى بۇنداق...“ دېسىڭىز، پەقەت شەخسىي ئوساللىقىنى تەن ئېلىشتىن قېچىپلا، ”ئوخشاش، ئۇقۇشقاندىكىن بولدىغۇ“ دەپ ئۆزىنىڭكىنى يورغۇلىتىدۇ. ئۇقۇشۇشلا مەخسەت بولسا، مىللىي تىلىمىزنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ گاچا بولۇپ قالمايمىز، ئاسسىمىلاتسىيە قىلغۇچى تىل بىلەن مەخسىدىمىزنى ئۇقۇشۇۋېرىمىز!

چەتئەلدە مەن مىللىي مۇستەقىللىق ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقانلارنىڭ مەتبۇئات، ئىنتېرنېت سەھىپىلىرىدىنمۇ ئەنە شۇنداق ئەبجەش تىل ئىشلىتىدىغان ”سەۋىيە“نى كۆرۈپ، لەسسىدە بولۇپ قالدىم. بىزنىڭ ئىنقىلاپچىلىرىمىزنىڭ، مىللەتچىلىرىمىزنىڭ، ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىزنىڭ، ھۆر دۇنيادىكى ھالى بۇ بولسا ساۋاتسىز ئوتياشچى دېھقاندىن ئاغرىنىشقا نېمە ھەددىم؟ دېگەنلەر كۆڭلۈمدىن كەچتى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا رۇس تىلىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى تېخىمۇ ئېغىر بولغان بولۇپ، ئەگەر شۇ ھالەت يەنە يېرىم ئەسىر داۋاملاشقان بولسا، ئىككى تەرەپتىكى ئۇيغۇرلار تامامەن ئىككى خىل تىل شەكىللەندۇرەركەن. ئەمدى مىللىي تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئىككى تەرەپ ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش يولىدا خىزمەت ئىشلىسە ئارىلىقتا شەكىللەنگەن پەرق تۈگىتىلسە ياخشى بولاتتى. ئەمما، رۇس تىلىدىن كىرگەن سۆزلەرنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىش، ئىپتىخارلانغان ھالدا ئېيتىش، ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ، ئۇقۇمۇشلۇق بولغىنىنىڭ بەلگىسى ھېساپلايدىغان ئەخمىقانىلىق بەك ئېغىر بولغاچقا، بۇنداق چاقىرىقنىڭ قۇلاققا كىرمەسلىكىگىمۇ كۆزۈم يېتىپ تۇرىدۇ. ئاتالغۇلار مەسىلىسىدىكى ئەقەللىي پىرىنسىپ، قەيەرنىڭ شۇ ئىسىدە مىللىي تۇس قويۇق، ئىشلىتىدىغانلارنىڭ نوپۇسى كۆپ دېگەننى ئۆلچەم قىلىشتۇر. لېكىن، ئادەتتە ۋەتىنىمىزدىمۇ، مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي مەنپەئەتنى ئەمەس، يۇرتۋازلىقنى ئاساس قىلىپ، ئۆلچەملىك ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى نورمىلىرى بېكىتىلىدىغان، سۆز ـ ئاتالغۇلار قېلىپلاشتۇرۇلىدىغان ئەھۋال ئېغىر. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدا رۇسچە ۋە باشقا شالغۇت قوللۇنىلىدىغان بىرمۇنچە ئاتالغۇلار جەنۇپتا ئۇيغۇرچە ئاتىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئەدەبىي تىلىمىزدا رۇسچىسى قېلىپلاشتۇرۇلغان: پەمىدۇر، سىركاي، تېرموس، باكلاشكا، سوسكا،...كەبى ئاتالغۇلار جەنۇپتا پاكىزە ئۇيغۇر تىلىدا دېيىلىدۇ: شوخلا، پىيالە، چايدان، سۇدان، ئېمىزگە،... بىر رايون ئىچىدە كۆرىلىۋاتقان بۇ مىسالدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنى 30 مىليون خەلق ئىشلىتىۋاتقان تىلنى مەركەز قىلىپ سۆز- ئاتالغۇلىرىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرەيلى، قېلىپلاشتۇرايلى، دېيىشكىز، تەبىئىيكى قۇلىقىغا ياقمايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ئاسسىمىلاتسىيىگە قارشىلىق كۆچىمىزنىڭ يوقلىقى، مىللىي تۇيغۇلىرىمىزنىڭ ئۆلۈكلىكىدىندۇر!

مۇستەملىكچى ھاكىمىيەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى دېمەي تۇرايلى، بىر مىللەتنىڭ ھۆر دۆلىتى بولمىسا، ئۇنىڭ تىلىنى ھاكىمىيەتنىڭ

مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلىرى مەلۇم قانۇنىيەت ئاساسىدا قېلىپلاشتۇرۇپ، قوغداپ تۇرمىسا ئۇنى دۈشمەن بىر ياقتا قېلىپ، ئۆزلىرىمۇ نابۇت قىلىپ تاشلايدىكەن. تىل نورمىلىرى، ئىملا، ئىپادىلەش ئادىتىگە دائىر قائىدە - قانۇنلارنى كونترول قىلىش، مەجبۇرىي ۋاستىلار بىلەن يولغا قويۇش ياكى چەكلەش خىزمەتلىرىنى تۇتىدىغان ئورگان ھاكىمىيەت ھىمايىسىدە بولىشى كېرەك، ھاكىمىيەت دەستىكى بىلەن ئىشلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەربىر بىلىمدان ئۆزى بىلگەنچە ئىشلىتىپ، ئاتالغۇ قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئارىلاشقان تىللاردىن تەسىر ئېلىپ تىلنى ئوڭغۇل - دوڭغۇل قىلىپ تاشلايدۇ. مەسىلەن: بىزنىڭ خىتايچە تەرجىمانلار ئۆزىگە ئېغىر كەلگەن، قارشىلىقىنى بىلمىگەن سۆزلەرنى خىتايچە پېتى قالدۇرۇپ، بىر خىتايچە سۆزنى ”ھەسسە قوشىدىغان“، خىتاينىڭ ئىپادىلەش ئادىتى، جۈملە قېلىپىنى ئۇيغۇرچىغا سۆرەپ كىرىپ قالايمىقانچىلىق تېرىيدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ. بىرنېمە دەي دېسىڭىز ئۇنى خىتاينىڭ ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتى قوللاپ تۇرغاچقا، مىللەتچى قالپىقى كېيىپ قېلىشتىن قورقىسىز؛ ئەرەپچە ئوقۇغانلار بولسا ئەرەپچە ئېلېمېنتلار بىلەن تىلىمىزنى تولدۇرۇشقا باشلايدۇ، ئۇ ئۆزىگە ”ئىسلام“نى ھىمات قىلغاچقا ئۇنىڭغىمۇ گەپ قىلغاننىڭ تىلى كۆيىدۇ؛ ئورتا ئاسىيادا بولسا رۇس فورمىسى! ھەتتا پۈتۈن سۈرۈك خەۋەرلەردىنمۇ ھېچنېمە چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئىگە — خەۋىرى تەتۈر تۈزۈلگەن جۈملىلەر! ھېچ ھىماتى، يۆلەنچۈكى بولمىغان بۇ بىچارە مىللەتنىڭ تىلىنى ئۆزىمىزلا ”ئىت تالىغاندەك“ قىلىۋېتىشكە يارايدىكەنمىز!

تېخىمۇ خەتەرلىك يەنە بىر مەسىلە يۇرتىمىزدىكى يەر نامىلىرىنىڭ خىتايچىلاشتۇرۇلىشىدۇر. خىتايلار بۇ گۆھەر زېمىنغا مەڭگۈ خوجايىن بولۇش، ئۇنىڭ ”ئەزەلدىن“ ئۆزلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى راست قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن سەپلەر بويىچە ھۇجۇم ھالىتىدە تۇرماقتا. جۈملىدىن يەر نامىلىرى جەھەتتىمۇ سىياسىي غەرەزلىرى ئەكس ئەتمەكتە. ھازىر يېڭى بەرپا قىلىنغان شەھەر-يېزىلارغۇ گەپ يوق ”ئۆزىنىڭ“! ئەسلىدىن ئۇيغۇرچە نامى بولغان شەھەر-

يېزىلارنىڭ نامىمۇ ئۇستىلىق بىلەن خىتايچىلاشتۇرۇلماقتا. بىزنىڭ مىللىي تۇيغۇلىرىمىز ئاجىز، تەبىئىي قوغدىنىش روھىمىز بولمىغاچقا ناھايىتى چاپسانلا خىتايچىسى ئومۇملىشىپ، ئەسلى نامى ئۇنتۇلماقتا. ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەھەللە، دوقمۇشلارنىڭ ناملىرىدىن ئۇيغۇرلار پەقەت "نۇرۋاغ" دېگەننىلا بىلىدۇ. "دۆڭ كۆۋرۈك" دېگەن نام بەدىئىي تىلدا ئىشلىتىلىسىمۇ، خەلق "ئەردوچو" دېگەنگە كۆنۈپ كەتكەچكە ئۇيغۇرچىسىنى دېسىڭىز چۈشىنىدىغانلار ئاز. بىر يىلى "ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى"گە ئۈرۈمچى تەۋەسىدىكى يەر ناملىرىنىڭ ئەسلىسى بىلەن خىتايچىلاشتۇرۇلغىنى سېلىشتۇرما قىلىپ بېسىلغانىدى. شۇنىڭغا قارىسا ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ. يۈزلىگەن ئىسىمدىن ھازىر پەقەتكىنە بىر يېرىمى قالغان! بۇندىن باشقا "توقسۇ"، "قاراشەھەر"، "خوتۇنسۇمبۇل"،... قاتارلىق پۈتۈنسۇرۇك شەھەرلەرنىڭ نامى خىتايچە ئاتالماقتا. ئارىدا "توقسۇ" ناھىيىسىنىڭ ئۇيغۇرچە نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن (پەقەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، خىتايلار ئۆزلىرى قويۇۋالغان خىتايچە نامىنى ئىشلىتىدۇ) بولسىمۇ، نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بىلمەيدۇ. "نېمە؟ توخسۇنما؟" دەپ، تۇرپان- توخسۇن ئويمانلىقىدىكى توخسۇن بىلەن ئارىلاشتۇرىۋالىدۇ. ئاخىرى ئامالسىز خىتايلار قويغان نامنى دەپ ئۇقتۇرۇشقا مەجبۇر بولىسىز. شۇ ھالدىمۇ تېخى ئۇيغۇرچە نامنى ئۇقمىغىنىغا ئۇ خىجالەت چەكمەستىن، سىزنى ئەيىپلەپ: "مۇنداق دېمەمسەن، بالدۇرراق. مۇجمەل قىلماي" دەيدىغان يېرى ئۆتۈپ كېتىدۇ! بۇندىن باشقا بەزى ناھىيىلەرنىڭ يېزىلىرى كوممۇنالاشتۇرۇشتا بېرىلگەن رەت نومۇرى بويىچە ئاتىلىپ، ئاتا- بوۋىلىرى دەپ كەلگەن نامى تاشلىنىپ كەتمەكتە! مەسىلەن: مۇنچېنجى گوڭشە، ئۇنچېنجى دادۈي،... دېگەندەكلەر. يەنە بەزى يېزىلارغا خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سىياسىي ئاتالغۇلىرى خىتايچە ياكى تەرجىمە شەكلىدە نام قىلىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارمۇ ناھايىتى ئاسانلا ئۆزلىشىپ كەتكەن: "خوڭچى گوڭشە، (ياكى قىزىلبايراق مەيدان)، خوجەن گوڭشە، يۈيجىن گوڭشە،... مانا مۇشۇنداق مەرەز سۆزلەرنى ھېچبىر يىركەنمەستىن قوبۇل

قىلماقتىمىز، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئۇيغۇرچىسىنى ئۇنتۇپ، خىتايچىسىنى دېمىسە بولمايدىغان ھالغا كەلمەكتىمىز! يەر ناملىرى ھەققىدىكى پىكرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈچۈنمۇ ئوخشاش قىممەتكە ئىگە.

شۇ يەرگە كەلگەندە ئوركىستېردىكى داپ ئۈنىدەك بىر قىستۇرمىنى قوشۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: خىتايلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان "مۇستەقىلچى" تەشكىلاتلار گېزىتلىرىدە خىتايلارنىڭ ۋەتىنىمىزدە يوق قىلىش پىلانلىرىنىڭ دەسلەپكى مەھسۇلاتلىرى سۈپىتىدە بارلىققا كەلتۈرگەن خىتايچە يەر نامىلىرىنى تەن ئالغاندەك "خىتايچە نۇسقىسى"نى ئىشلەتكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدۇق، بۇ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى بىلدۈرەمدىغاندۇ؟ ياكى يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىنكاسىمىدۇ؟

**ئۈچىنچى مىسال: مىللىي ۋە مۇستەملىكچىلەرنىڭ بايراملىرى.** خىتاي ئىستىلاسىدىن كېيىن پەيدا بولغان بايراملارنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن بايرامدەك ھىس قىلىشىمىز مىللىي چېگرالارغا قانچىلىك دىققەت قىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلايدىغان، پىسخىكا جەھەتتىكى خاملىقىمىزنىڭ يەنە بىر دەلىلىدۇر. چاغان — خىتايلارنىڭ مىللىي بايرىمى بولۇپ، خىتايلار ئۇنى بارلىق مەھكۇم مىللەتلەرگىمۇ مىللىي بايرام سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلدۇرۇشقا تىرىشماقتا. بۇ سىياسەتىكى "جوڭگو تۇپرىقىدىكى بارچە مىللەتلەر يەن- خۇاڭنىڭ ئەۋلادلىرى، ھەممىسى جوڭخۇا مىللىتى" دېگەن مۇتىھەملەرچە سەپسەتىنى دەلىللەش ئۈچۈن كېرەكلىك ئىجتىمائىي ھالەت يارىتىدۇ. گەرچە بىز ئاغزاكى، بۇ خىتاينىڭ بايرىمى دېسەكمۇ، كۆڭلىمىزدە شەكلىسىز بىر بايرام شادلىقى كېزىدۇ. چۈنكى، بۇ كۈنلىرى دەم ئېلىش بېرىلىدۇ، ئىشتىن ئازاد بولۇشتەك مەنپەئەتدارلىق بىزنى مەست قىلىپ، بۇ بايرامنى تەن ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئىشچى- خىزمەتچىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار ئىشتىن ئازاد بولۇشتىن تاشقىرى بايراملىق بويۇملارغا، پۇلغا ئېرىشىدۇ. مانا بۇ ئېزىقتۇرغۇچى يەمچۈك بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. بۇ ئىلتىپاتلارنىڭ كۆزلىگىنىمۇ دەل ئەنە شۇ پىسخىك

ئۇنۇمدۇر.

بىرىنچى ئۆكتەبىر مەھكۇم مىللەتلەر ئۈچۈن بىر ماتەم كۈنى بولۇشقا تېگىش بولسىمۇ، بۇمۇ يوقارقىدەك مەنپەئەتدارلىق ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئىنسانلار روھىدا بايرام سۈپىتىدە تەن ئالدۇرۇلماقتا. ئەمما بۇنى تەبىئىي ھىس قىلىدىغان ئۇيغۇردىن نەچچىسى باردۇ؟ ھېچ قۇرۇنماستىن بىزمۇ ئۇنى "دۆلەت بايرىمى" دەپ ئاتىساق، ئۇ ھالدا بۇ خىتاي سىياسىي تاكتىكىسىنىڭ غەلىبىسى بولۇپ قالىدۇ. "دۆلەت بايرىمى" سۈپىتىدە 12- نۇيابىر[1]نى بىلىدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئۇنى كۆڭلىدە بولسىمۇ ساقلايدىغان، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بالىلىرى بىلەن بولسىمۇ مەخپىي خاتىرىلەيدىغان روھ ئۆچكەن. 22- مارت نورۇز بايرىمىنى مىللىي بايرىمىمىز تىزىملىكىدىن تېخى يېقىندىلا شىڭ شىسەي چىقىرىپ تاشلىغان ئىدى. ئەمما بىزنىڭ تەبىئىي قوغدىنىش روھىمىز بولمىغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى چاپسانلا ئۇنى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ھازىر گەرچە بۇ بايرام تىلغا ئېلىنىۋاتقان، كوللىكتىپ خاتىرىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ئۇنى بايرام ھېساپلايدىغان تەبىئىي تۇيغۇ ئۆچۈپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. بايراملار ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزمۇ ئوتتا ئاسىيا ئۈچۈن ئورتاق بولۇپ، بۇ يەردىكى بايرام تەلۋىلىكى تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېچىنىش ئىلكىدە كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. مۇستەقىللىقتىن كېيىنمۇ مۇستەملىكە دەۋرى تاڭغان بايراملارنى بايرام بىلىش ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك، ئەلۋەتتە!

***تۆرتىنچى مىسال، شەرقىي تۈركىستاننى ھەقىقەتەنمۇ دۆلەت ئىدى، خىتايلار بېسىۋالغان، دەيدىغان تونۇشنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكى.***

بىز شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى قىلىۋاتىمىز دېگىنىمىز بىلەن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت ئىكەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىمىز ئۇ قەدەر

[1] 1933ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ۋە 1944 - يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ خاتىرە كۈنى ــ ئا.

مۇستەھكەم، تەۋرەنمەس دەرىجىدە ئەمەس! يەنى يوشۇرۇن ئاڭغىچە چۆكمىگەن. ۋەتىنىمىزنى بىر ئۆلكە ھالىدا كۆرۈش ئاڭسىزلىقىمىزغا سىڭىپ كەتكەچكە شۇ تۇپەيلى كېتىپ- كېتىپ ئىختىيارسىز سۆز- ھەركەتلىرىمىزدە شۇنداق مەنانى چاندۇرۇش مەۋجۇت. مەسىلەن: بىر دۆلەتكە قانۇنسىز كىرگەن ئادەم چوڭ- كىچىك، ئەر- ئايال دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇلمايدۇ، ھەممىسى جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ! ئۇ ھالدا خىتايلارنىڭ كۆچمەن ئاھالىسىمۇ جىنايەتچى ھېسابلىنىشى ئەقەللىي ئۇقۇم بولۇپ قالىدۇ. بۇ گەپنى بەزىلەر ”پۈتۈن بىر مىللەتنى دۈشمەن قىلىۋېلىش“ دەپ ئەيىپلىشىدۇ. بىز بىر مىللەتنى دۈشمەن قىلىۋالمايمىز، پەقەت شۇ مىللەتنىڭ ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىرى، نېنىمىزنى تارتىپ ئېلىۋېلىپ بارغانلىرى دۈشمەن. ئەگەر ئۇلار قايتىپ كېتىشنى خالىسا دۈشمەنلىك تىزىمىدىن ئۆچۈرۈلىدۇ. ۋەتىنىمىزنى مۇستەملىكە دەپ تونۇش ئاز ساندىكى ئاڭلىق ئادەملەرنىڭ ئاڭ قاتلىمىدىكى تونۇش بولۇپ، ئۇمۇ تېخى مىللىي چېگرانى ساقلاش تەبىئىي (تۇغما) ئىقتىدارىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. تېخىمۇ كۆپ ساندىكى كەڭ خەلق ئاممىسىدا بولسا بۇنداق تۇيغۇدىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس! خەلقنىڭ بۇ دەرىجىدە ئاڭسىز قېلىشى تولىمۇ قورقۇنۇچلۇق ھادىسە بولۇش بىلەن بىرگە بۈگۈنكى دەۋردە بىز ئۈچۈن ھازىرلاپ قويۇلغان سۈنئىي ئىجتىمائىي تەرتىپ ئىچىدە ئىلغارلىققا يېتەكلەش ئىمكانلىرىمىزنىڭ بولماسلىقى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋە ھالاكەتلىكتۇر.

ئورتا ئاسىيادا ئۆزلىرىنى ”بىرنېمە - بىر نېمىنىڭ نامزاتى،... بىر نېمە- بىر نېمىنىڭ كاندىداتى“ ئاتىۋالغانلارمۇ ئادەتتىكى ئەھۋالدا شەرقىي تۈركىستاننى ”خىتاي“ دەپ سەت ئاتايدۇ. ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان سىياسىي ئەسەرلەردە شەرقىي تۈركىستان (ياكى مەتۇلارچە: ئۇيغۇرىستان) دەپ ئاتىغاننى مۇستەسنا قىلغاندا ئۇلارنىڭ كۆنگەن تىلى بويىچە ئومۇمەن ”خىتاي“! دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئېپتىدائىي مىللەتمۇ، ياۋايى مىللەتمۇ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى باسقۇنچىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان پەسلىكنى قىلمايدۇ، بۇ

ئاڭدىن ئەمەس تۇغما قارشىلىق روھىدىن تۇغۇلىدىغان نەتىجىدۇر. بۇ جەھەتتە دەھشەتلىك زۇلۇمنىڭ ئىچىدە، ئەڭ ئەقەللىي تەربىيە ئىمكانلىرىدىنمۇ مەھرۇم ھالدا چىدىغۇسىز بېسىم، قىزىل تېرورلۇق ئاستىدا ياشىغان بولىشىغا قارىماي شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆزىدىكى ئۇيغۇرلار ئاڭلىقراق ئىكەنلىكىنى ئېچىنىش ئىچىدە تونۇپ يەتمەكتىمىز. بۇ بولسا، ئىلگىرى چەتئەللەردە ئاجايىپ ئۇلۇغ شەخسلىرىمىز، داھىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز بار دەپ خام خىيالدا بولۇپ كېلىۋاتقان خەلق ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە ئېغىر ھادىسە! ئورتا ئاسىيادا تېخى مۇنداقمۇ بىر ئەھۋال بارىكەن: ئەسلى شۇ يەرلىك ئۇيغۇرلار كېيىنكى زامانلاردا شەرقىي تۈركىستاندىن كۆچۈپ چىققانلارنى ياراتماي "خىتايلىقلار" دەيدىكەن.

سودا- ئالاقە راۋاجلانغان كېيىنكى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىن كېلىپ - كېتىدىغان تىجارەتچى، زىيارەتچىلەر كۆپەيدى. بۇ مۇناسىۋەت بەزى چۇشەنچىلەرگە يول ئاچتى. بۇ جەرياندا "پىسخىكا جەھەتتىكى خاملىقىمىز"نىڭ يەنە بىر مىسالىغا دۇچ كەلدۇق. ۋەتەندىن چىققانلار يەرلىكلەرنىڭ قىسقا مۇددەتلىك "ئاسسىمىلاتسىيىسى"گە ئۇچراپ، ئۆزلىرىنى "خىتايلىق"، ۋەتىنىمىزنى بولسا "خىتاي" دەيدىغان كېسەلنى يۇقتۇرىۋالدى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ مىللىي چېگرا مەسىلىسىگە تامامەن سەزگۈرلىكى يوقلىقىنى، ھايات سەھنىسىدە قامغاقتەك شامالغا ئۇسۇل ئويناپ، قۇرۇتتەك مىدىرلاپ ياشىسىلا بولىدىغانلىقىنى، يەپ، چىچىشنى بىلگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا ئادىمىيلىك، شۇنىڭ ئۆزىلا ياشىغانلىق دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى، مىللىي كىملىك دېگەن خىيالغا كىرىپ چىقمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەگەر بىز خام بولمىغان بولساق ئىدۇق، "خوجام كۆرمەستە ئالىيىۋالاي" دېگەندەك، تىلغا ئېلىش چەكلەنگەن ۋەتىنىمىزنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى خىتاي ھۆكۈمرانلىقىدىن تاشقىرى جايلاردا بولسىمۇ دەۋالاتتۇق. بەك قورققان تەقدىردە — خىتاي جاسۇسلىرى چېقىپ قويىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەنلەر "ۋەتەن" دەپلا ئاتىسا بولىۋېرەتتى. "پالانى كۆرۈنمەيدىغۇ؟" دەپ سورىسىڭىز، "خىتايغا كەتتى" دەپ جاۋاپ

بىرلا سە يۈرىكىڭىز ئېچىشىپ كېتىدىكەن. ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى دۈشمىنىنىڭ نامى بىلەن ئاتايدىغان بۇنداق بىر مىللەت يەر يۈزىدە يەنە تېپىلمىسا كېرەك! چەتئەلدە بۇ خەلقنى كىم مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ؟ مانا بۇ ئاڭ قاتلاملىرىدا شۇنداق بىر تۈيغۇنىڭ، تەبىئىي قارشىلىق روھىنىڭ يوقلىقىدۇر.

كوردلارنىڭ مەيلى يېزا، مەيلى شەھەردىكىسى بولسۇن بىز بىلەن ئەھۋاللاشسا ”شەرقىي تۈركىستانلىق“ دېگەننى بىلمەس بولىۋالىدۇ. ئەڭ يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتتى ئىچىدە تۇرغانلىرىدىمۇ ”كۆڭلىمىز ئۈچۈن“ بولسا ھەم بۇنى ئېتىراپ قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ. ئۇلار: ”چىنىدىنمۇ؟“ دەپ سورايدۇ. ”ياق، شەرقىي تۈركىستاندىن“ دېسىڭىز، ھە، دەيدۇ - يۇ، يەنە ھېچ بىلمەس قىياپەت بىلەن: ”سىلەرنىڭ چىندا...“ دەپ پاراڭ قىلىدۇ. ئۇلار بىرەر قۇرۇلتىيىدا ”شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش“ توغرىسىدا قارار ئالغان بولىشى ناتايىن! ئۇلار ”چىن“نى دوست ھېساپلىغانلىقى ئۈچۈن دوستىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان بۇ ئاتالغۇنى ئۇلارنىڭمۇ تىلغا ئالغۇسى كەلمەيدۇ. بۇ قانداق روھ؟ ئەمما بىزنىڭ نۇرغۇن ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملىرىمىز، ھەتتا ئىنقىلاپچى سىياقىدىكى كىشىلىرىمىز چەتئەللەردىمۇ ۋەتىنىمىزنى خىتايلار قويۇپ بەرگەن نەپرەتلىك نام بىلەن ئاتاشتىن خىجىل بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ پۈتۈن روھىيىتىنى ئىگىلەپ تۇرغان ھۆررىيەت ئاررۇسى بولىدىغان بولسا خىتايدىن ئۈزاق مۇھىتتا بولسىمۇ دېيىشنى ئاررۇ قىلىپ، دېيەلمەيدىغان ۋەتەن نامىنى ئاتىۋالماسمىدى؟

چەتئەلگە چىققاندىن كېيىنمۇ خىتاي قويىۋالغان نامنى ئاتاش — يوشۇرۇن ئاڭنىڭ بىرخىل ئىقرارى بولىشى كېرەك. ئىنسان يوشۇرۇن ئېڭى كۆڭۈلنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن قېتىدا ”تەبىئىيلىك“ ۋە ”تۇغما“لىقنى ساقلاش ھەم ئۇنى مۇئەييەن بىر زاماندا ئاڭنىڭ بۇيرۇقىسىزلا ”ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن“ ئاشكارىلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

تۈركىيەدە بىر مېھمانخانىغا تونۇشۇمنى ئىزدەپ بېرىپ بىر خىتاي بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئۇيغۇر يىگىتنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا سالام قىلغۇم

كەلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ زورۇقۇپ قىلغان سالىمىنى ئىلىك ئالدىم. ئۇ يىگىت خىتايغا تەرجىمانلىق قىلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا قاراپ ئۇلارنى شىبىرىكمىكىن دەپ ئويلىدىم. ھېچ بولمىسا ئۇلار كونا تونۇشلاردىن بولىشى جەزمەن.

ئەمما مەلۇم بولدىكى، ئۇ خىتاينىڭ ئەمەس، مېنىڭ تونۇشۇمنىڭ تونىشى ئىكەن. ئۇ دارىلفۇنۇن پۈتتۈرگەن يىگىت ئىكەن. ۋەتەن مىللەت ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازىلىق بەرگەن مۇجاھىدلاردىن ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇقتۇم. ئەنە شۇ يىگىت بىر تۈركنىڭ "نەلىكسەن؟" دېگەن سوئالىغا "جوڭگولۇقمەن" دەپ جاۋاپ بەردى. مەن بۇ "جوڭگولۇق"قا نەپرەت بىلەن قاراپ قويدۇم. ئۇ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگەن ئىكەن؛ دېمەك، ساۋاتسىز دىھقان ئەمەس! ۋەتەنپەرۋەر، مۇجاھىدمۇ بولغانىكەن؛ دېمەك، سىياسىي مەيداننىمۇ مۇجمەل ئەمەس! بىراق بۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغما (يوشۇرۇن ئاڭدىكى) ئىش بولماي، ئاڭ قوماندانلىقىدىكى (مەجبۇرىي) تۇيغۇ بولغاچقا پايدا- زىيان مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەندە يوشۇرۇن ئاڭدا نېمە بولسا شۇ ئىپادىلىنىپ قالغان: "ھازىر ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلىمەن دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ۋاختى ئەمەستەك تۇرىدۇ، بۇنى ۋاختىنچە قويۇپ تۇرمىساق بولمىغۇدەك،..." . تۇغما بولمىغان ھىسسىيات ئەنە شۇنداق. ئاڭ قوماندانلىقىدىكى ھەرقانداق ئىنكاس ئەنە شۇنداق زامانغا باقىدىغان، پايدا ـ زىياننى ئۆلچەپ ئىش تۇتىدىغان بولىدۇ؛ يەنى "مەجبۇرىي" تۈسى بولىدۇ (ئاڭ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان). يوشۇرۇن ئاڭ بولسا قەلبنىڭ چوڭقۇرلىرىدا نېمە بولسا شۇنى ئىختىيارسىز يوسۇندا (ئاڭنىڭ بۇيرۇقىسىز) مەيدانغا چىقىرىدىغان بولىدۇ. دېمەك، يىگىت ھېچقانداق ئىش ھەققى بېرىلمىسىمۇ تەرجىمانلىق قىلىش، ھېچ زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ ئۆزىنىڭ خىتايچە بىلىدىغانلىقىنى نامايان قىلىش ۋە سۆزلىشىش، شۇ خىتاي ئۇنى ئۆستۈرۈپ قويىدىغان بولمىسىمۇ خوشامەتگۈيلۇق بىلەن ئۆزىنى "جوڭگولۇق" دېيىش ئارقىلىق پىشمىغان مىللىي روھنى، زەئىپ مىللىي ھىسسىياتنى، ساغلام بولمىغان ئاڭنى ئىپادىلىدى، خالاس!

ئادىل ھوشۇرغا ئائىرودرومدا تەنتەنە قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن بىر سۈرەتنى ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدا كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا بىر ئۇيغۇر خىتايچە خەت يېزىلغان تاختىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇ خەتتە نېمىلەر يېزىلغىنى بىلەن ھېساپلىشىپ ئولتۇرمىغان. خەتتە: "جىنىس رىكوردىنى بۇزۇپ، خۇاشىيالارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى نامايان قىلىش" دېگەنلەر يېزىلغان ئىكەن، بۇ خىتاينىڭ فىڭجىيې ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت نامىدىن بەرگەن نەرسىكەن. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتىلار شۇلار: ئادىل ھوشۇر خۇاشىيالارنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، ھونلارنىڭ، ئوغۇزلارنىڭ ئەۋلادى! ئۇنىڭ جىنىس دۇنيا رىكوردىنى بۇزىشى ئوغۇزلارنىڭ ۋە ھونلارنىڭ قەھرىمانلىق روھىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ گەپنى ئىلغا قىلمايلا كۆتۈرۈپ يۈرۈش خۇاشىيا ئەۋلادىمەن دەپ ئېتىراپ قىلىش بولىدۇ. تەبىئىيكى ئۇنىڭغا توغرىدىن- توغرا: "سەن ھارامدىن بولغان سەن" دېسە پىچاق كۆتۈرۈپ قوپىدۇ، ئەمما گەپنى ئايلاندۇرۇپ شۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان، مەنا جەھەتتە شۇ گەپكە ئەينەن ئوخشاش "خۇاشىيا ئەۋلادى" دېگەندىن شەرەپ ھېس قىلىدۇ! ياكى بۇنىڭ ھېچ پەرقىگە دىققەت قىلىنمايدۇ!

***بەشىنچى مىسال:"قونىقۇنى بايۋەچچى"لىكىمىز***. ئۆزبېكىستاندا مەن بىر تاكسىچى بىلەن ئەھۋاللىشىپ قالدىم. ئۇ مەندىن "خىتاي"نىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ياخشى ياشىساڭلار كېرەك؟ دەپ سورىدى. مەن ئاۋال ئۇنىڭ "خىتاي" دېگەن سۆزىگە تۈزىتىش بەردىم:

— خىتايدا ئۇيغۇرلار يوق دېيەرلىك، ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى دېمەكچى بولسىڭىز، شەرقىي تۈركىستاندىكىلەرنى سورىسىڭىز بولىدۇ. خۇددى ئۆزبېكىستان رۇسىيە ئەمەس بولغاندەك، شەرقىي تۈركىستانمۇ خىتاي ئەمەس. خۇددى ئىلگىرى ئۆزبېكىستان رۇس مۇستەملىكىسىدە بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستانمۇ خىتاي مۇستەملىكىسىدە. سىلەرنى ئاللاھ ئۆزى قۇتقازدى، بىزمۇ مۇستەقىل بولىمىز، ئىنشائاللاھ! — دېدىم. ئاندىن ئەھۋالىمىز ھەققىدە بىرىنچى مىسالدا ئوتتۇرىغا قويغان تونۇشۇم بويىچە ئۇيغۇر ئاساسىي ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەم قىلغان ئاساستا سۆزلەپ

بەردىم. ئىنتايىن ئېچىنىشلىق، مۇدھىش بىر كارتىنىنى كۆرسىتىشكە تىرىشتىم. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ مېنى ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ شۇنداق دېدى:

— ياق، سىلەر ئۇنداق ئازاپ چەككەن بىر خەلققە ھېچ ئوخشىمايسىلەر. زۆرۈرىيەتسىز ئەھۋالدىكى مەرت- مەردان، سېخىيلىكىڭلار، مەسىلەن: بىر تويدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسۇلچىلار بېشىدىن باغلام- باغلام پۇل، ھەتتا دوللار ئۆرىگەنلىكىنى، ھە دېسىلا پۇلنى بۇزۇپ- چاچقانلىقىنى كۆرگىنىم ئېسىمدە؛ ئادەملەرگە قوپال، ئەدەپسىز، خوجايىنلارچە مۇئامىلە قىلىشىڭلار؛ ھە دېگەندە بىر - بىرىڭلارنى ۋە باشقىلارنى رەنجىتىدىغان مىجەزىڭلار؛ نە قانۇن، نە ئەخلاق، ئەنئەنە چېگرالىرىنى پەسەنتىڭلارغا ئالمايدىغان خاراكتېرىڭلار؛ ئۆزەڭلار بۇ يەرلەردە ھېچ هامىي - ھىماتسىز، ئاران - ئاران تۇرىۋاتقىنىڭلارغا قارىماي، يەرلىكلەر بىلەن ئاسانلا جېدەلگە كىرىشىشىڭلار؛ گەپ بىلەن تامامەن پۈتكۈزگىلى بولىدىغان ئىشلارغىمۇ تاقەت كەلتۈرەلمەستىن ئاغزىڭلارنى بۇزۇپ، قوپاللىشىپ كېتىشىڭلار؛ خۇددى ئەتراپتا سىلەردىن باشقا كىشى يوقتەك، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىپ، يوقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىشىڭلار سىلەرنى مۇستەملىكە ئەل دەپ ھېسداشلىق قوزغىلىشىغا توسقۇن بولىدۇ. ”تەپكەكتە تۇياق بولماس، ئۇسكەكتە مۈڭگۈز“ دېگەندەك، ھېلىمۇ ياخشى مۇستەملىكە بولغىنىدە ئىكەنسىلەر، ئەگەر ئەركىن بولۇپ قالساڭلار سىلەرنىڭ دەستىڭلاردىن ئىنسانلار نېمە قىلاردىكىن؟ شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە مەن سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيمەن. سىز شەخسەن ئۆزىڭىزنىڭ ئوخشىمىغان مەيدانىڭىز تۈپەيلى، ۋەزىيەتنى يامان، ئەھۋالنى ئېچىنىشلىق سۈرەتلەۋاتقان بولسىڭىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇناسىۋەتسىز سورۇندا، ئالاقىسى يوق ئادەملەر ئالدىدا مەن- مەنلىك قىلىپ بۇزىۋەتكەن پۇلنى ساقلاپ قويۇپ، ۋەتىنىگە قايتقاندا ھېلىقى سىز دېگەن ئاچلارغا بەرسە ياكى مىللىي ئەركىنلىك ئۈچۈن تېجەپ قويسا، ئىئانە قىلسا بولاتتىغۇ؟!

مەن ئۇسالچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئامالسىز شۇنداق دېدىم:

— ھەر مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر ئادەملىرى بولىدۇ، چۈپرەندىلىرى بولىدۇ،

بىر باغ ئىچىدە ھەم گۈلشەن بولىدۇ، ھەم بىر بۇلۇڭدا ئەخلەتتى بولىدۇ. بۇنىمۇ خۇددى شۇنداق چۈشەنسىڭىز بولىدۇ. چۈنكى، "ئېشەك ئۆلۈۋاتسا كۆتى غىجەك تارتىپتۇ" دېگەندەك، مىللەت يوقۇلۇشقا يۈز تۇتىۋاتسا ئۇنداق ناشايان قىلىقلاردا بولۇپ، ئۆزىنى مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك چاغلىغان بىر نېمىلەرنى ئادەم دېسەك، ئادەملىك شەرتلىرى بەك تۆۋەنلەپ كەتكەن بولمامدۇ، تەقسىر؟

***ئالتىنچى مىسال. خىتاي مالايلىرى، غالچا، مۇناپىقلار بىلەن چەك - چېگرامىز مەسىلىسىدىكى مۇجمەللىكىمىز.*** ئاڭلىشىمىزچە، تىبەتلىكلەر بىرەر تىبەتلىكنىڭ خىتايلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان جاسۇس ئىكەنلىكىنى بىلىپلا قالسا، ئۇ ئارتۇق ياشالمايدىكەن. شۇ كۈنلەردە ھۆررىيەتلىرى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ھەرقاندىقىدا مۇناپىقلار، جاسۇسلارغا كۈن يوق. ئىچكى جەھەتتە پاسكىنىچىلىقنىڭ تازىلىنىپ تۇرىشى مىللەتنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرىدۇ، دۈشمەن سىرلاردىن ئازراق ۋاقىپلىنىدۇ، غەلىبە قىلىش پۇرسىتى كۆپىيىدۇ. بۇندىن باشقا خەلق مەنىۋىي جەھەتتىن تەربىيىلىنىپ، شۇنداق چۈشەنچىگە كېلىدۇكى، مۇناپىقلىق بىلەن باياشاد ياشىغىنىمدىن دىۋانىچىلىق قىلاي! ئۇنداق ياشىغاندىن ئاچلىقتىن ئۆلگىنىم ئەۋزەل...

ئەمما بىز بۇنى قىلالمىدۇق! ئەڭ ئاسان كۆرەش شەكلى بولغان نەپرەتلىنىشنى مۇناسىۋەتتە ئىپادىلەشمۇ قولىمىزدىن كەلمىدى!! ئۇزۇن زامان توختام سۇدەك ھاياتقا ئۆگەنگەن، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى يۇتتۇرگەن مىللەتتىن بىردىنلا بۇنى كۈتكىلىمۇ بولمىسا كېرەك! بىراق، مۇناپىقلارغا يۈرەكتە نەپرەت بولىدىغان بولسا، يۈرەكتىكى بۇ كۈچلۈك تۇيغۇ سىرتقا تېپىش ئۈچۈن ھامان ئۆزىگە يول ئىزدەيدۇ. ئۆلتۈرۈشتىن قورقۇش بىلەنلا نەپرەتنىڭ ئۇپقۇنلىرى تىنچىپ قالمايدۇ! ياردار قىلىشتىن قورقۇش تۈپەيلىدىنمۇ يول تۈگىدى، تەقدىرگە تەن بېرەي دېمەيدۇ. ئەگەر راستىنلا يۈرەكتە مەۋجۇت ئىكەن، ئۇ بىزنىڭ تاشقىي ئىپادىلىرىمىزدىن ھامان بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئىمكانسىز بولغىنىمىزدا ئۇنىڭغا تەتۈر قارىشىمىز

مۇمكىن، سالام قىلماسلىقىمىز، تونىماسقا سېلىشىمىز، ئىجتىمائىي ئالاقىلاردا بولماسلىقىمىز مۇمكىن. بۇ تۈپەيلى بىز جاۋاپكارلىقتا تارتىلمايمىز. ئەگەر ئازراق ئىمكانىيەت تاپالىساق بېشىنى يېرىپ قېچىشىمىز، تېخىمۇ كەڭ ئىمكانلارغا ئېرىشكەن هامان مەيدانىمىزنى ئاشكارىلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرىشىمىز مۇمكىن! (بۇ هەقتە "جەننەتنىڭ ئاچقۇچى" دېگەن كىتاپتا قىسقىچە كۆرسەتمە بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭ مۆمىنلىك مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكى دىنىي نۇقتىدىن دەلىللەنگەندى، بەزى جايلاردا بۇ خىل كۆرەش يولى سىناپمۇ كۆرۈلگەن).

لېكىن بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا دۈشمەنگە بولغان نەپرەت هىسسىمۇ ساختا ياكى پىشقان هالدا ئەمەس، شۇڭا بىز "ئەتى- مەتى يوق" بىر هالدا هەممىسى بىلەن دوستانە ئۆتىۋېرىمىز! بىز بەك "ئادىمگەرچىلىك"ى بار مىللەت بولغاچقا مانا شۇنداق مۇناپىقلار، يالاقچىلارنى بىلىپ تۇرساقمۇ "يۈزىگە كېلەلمەي" مۇناسىۋەت قىلىپ يۈرۈۋېرىمىز. باهانىمىز: "پاكىتىمىز بولمىغاندىكىن..." دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

بۇ تېتىقسىز باهانە ۋە بىزنىڭ بۇ خىل "يۈزىگە كېلەلمەسلىك"ىمىز تازىمۇ قاملاشمىغان بىر ئىشنى ئېسىمگە سالدى: خېلى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىر ئايالنىڭ زىنا قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىش ۋاقەسى يۈز بېرىپ، بۇ هەقتىكى غۇلغۇلا ئۇستىدە بولۇپ قالدىم. تۇتۇلۇپ قالغۇچى ئەر- ئايال ساۋاقداش ئىكەندۇق. ئۇياقتىراقتا ئاياللار توپى غۇلغۇلا قىلىشاتتى. بىر ئايالنىڭ تۇتۇلۇپ قالغۇچى ئايالغا هىسداشلىق قىلىش مەيدانى ئىپادىلەنگەن سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى: "...ساۋاقداش ئىكەن، ئاتايىن لەۋزى قىلغاندىكىن، يۈزىگە كېلەلمىگەن گەپ- تە، بىچارە..." دەيتى ئۇ. هېلىقى زىنا قىلغۇچى ئايال "ساۋاقدىشىنىڭ يۈزىگە كېلەلمەي" بېرىپ سالغاندەك، بىزمۇ تونۇش - بىلىشچىلىكتە، يۇرتداشچىلىقتا "يۈزىگە كېلەلمەي" مۇناپىقلار، دۈشمەن يالاقچىلىرى... بىلەن باردى- كەلدى قىلىپ تۇرىمىز، ئىززەت- هۆرمەت قىلىشىپ ياخشى ئۆتىمىز...

بۇ تېمىدا نوۋېگىيە فىلىمى «بازار باشلىقى»نى كۆپچىلىكنىڭ

سەمىگە سىڭىشنى ئارتۇق كۆرمەيمەن. فىلىمدا بىر كىچىك بازارنى نېمىسلار بېسىۋالغاندا بۇ يەردىكى ئاھالە نېمىسلار بىلەن سۆزلىشىشتىن، بىر يەردە بىللە تۇرۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنداق بىر تەسىرلىك كۆرىنىش بار: نېمىسلارنىڭ بىرنەچچە ئوفىتسېرى بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ كېلىدۇ. قاۋاقخانىدا ئولتۇرغان نورۋېگىيىلىكلەر خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك، بىرسى كوماندا بەرگەندەك تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قاۋاقخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. شۇ چاغدا نېمىس ئوفىتسېرى بۇنىڭ بىر خىل قارشىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ھاقارەت ھېس قىلىدۇ. لېكىن، بۇنى جىنايەت دېيىشكە ھېچقانداق ئاساسمۇ تېپىلمايدىغان بولغاچقا، ئامالسىز: ”نېمىس ئوفىتسېرلىرى كىرگەندىن كېيىن ئون بەش مىنۇت ئىچىدە سورۇندىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ!“ دەپ پەتىۋا چىقىرىدۇ. ئورنىدىن تۇرىۋالغان نورۋېگىيىلىكلەر مەجبۇرىي ھالدا ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغان بولسىمۇ، ھېچكىم نېمىسلار بىلەن ئۈلپەت بولۇش خىيالىدا بولماستىن، پۈتۈن ئېسى- يادى سائەتتىلا بولىدۇ. سائەتى بارلار بېلىكىگە، يوقلىرى تام سائىتىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئون بەش مىنۇت توشۇشى بىلەنلا يەنە ھەممەيلەن تەڭ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سورۇننى نېمىسلارغا تاشلاپ چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىسى ئاۋالقى چىقىپ كەتمەكچى بولغان چاغدىكى كەيپىياتتىنمۇ يامانراق تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇ چاغدىكى چىدىغۇسىز كەيپىيات ئەگەر تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەر ئىچىدە سەل- پەل تەبىئىتى بار بىرەرسى بولغاندا تاجاۋۇزچىلىقنىڭ، بىرسىنىڭ ۋەتىنىگە ئۆتكۈزۈپ قويغىنى باردەك بېسىپ كىرىپ ئىگىلىۋېلىشنىڭ قايسى دەرىجىدە نەپرەتلىك ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايدىغان شەكىلدە ئېنىق ئىپادىلەنگەن ئىدى.

شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر مىسالنىمۇ ئۆلىۋېتەي. بۇمۇ بىر كىنودا تەسۋىرلەنگەن ۋاقە. بۇ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بولغان ۋاقە بولسا كېرەك. ئاۋستىرىيە - ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ بىر شاھزادىسىمۇ، خانىشىمۇ، ئەيتاۋۇر پادىشاھنىڭ ئەڭ يېقىنى — ئىشقىلىپ بىر ھۆكۈمران — ئەينى چاغدا بۇ ئىمپېرىيىگە قارام بولغان ئىتالىيىنىڭ

داڭلىق سۇ شەھرى ۋېنتسىيىگە زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدۇ. شەھەرگە ھۆكۈمراننىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىلگەنىدى. ھۆكۈمران دېڭىزدىكى چېغىدىلا بۇ مەشھۇر شەھەرنى قاچان كۆرەرمەن دەپ ھاياجاندا ئولتۇرالماي، ھە دەپ ئىسكەتىنى توغرۇلاپ، داغدۇغۇلۇق قارشى ئېلىشلارنى، سۇ كوچىلىرىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى بىنالارنىڭ دەرىزە ـ بالكۇنلىرىدىن تەشنالىق بىلەن قارايدىغان شەھەر ئاھالىسىنى، ئۇلارنىڭ ئۆز خوجىسىنى كۆرگەن چاغدىكى ھاياجان تۇيەيلى سۆيىنىپ ۋارقىراشلىرىنى خىيال ئىكرانىدىن ئۆتكۈزەتتى. خەيرىيەت، ئاخىرى سۇ شاخاپچىلىرىدىن ئىبارەت بولغان شەھەر ”كوچىلىرى“غىمۇ يېتىپ كېلىشىدۇ. ئەمما شەھەردە ئادەم ياشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ھەممە دېرىزىلەر ھىم يېپىلغان، بالكۇنلاردىمۇ ئادەم قارىسى يوق. گويا ئۆلۈك شەھەر ئىدى. ھۆكۈمران بۇ ھالدىن ھەيران بولۇپ، ئاكابىر-ئەشرەپلىرىدىن سورايدۇ: ئەجەبا بۇلار مېنىڭ كېلىشىمدىن خەۋەر تاپمىغان بولسا؟ سۇخەنچىلەر خەۋەر قىلىنغانلىقىنى ئېيتىدۇ. كېمە پالۇبىسىدا سالاسۇننى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان ھۆكۈمرانغا بۇ ھال بەكمۇ ئېغىر كېلىدۇ. ئۇ ئويلىمىغانكى، ئىتالىيانلار ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبىرى، ۋەكىلى ھېساپلىمايدۇ. گەرچە ئۇنىڭدا بۇلارنى نېمە قىلىسا قىلىۋېتەلەيدىغان كۈچ بولسىمۇ، لېكىن ئىتالىيانلار نەزىرىدە ئۇ پەقەت ئىستىلاچىلارنىڭ ھۆكۈمدارى، ئوغرىنىڭ چوڭى خالاس! شۇڭا ئۇلار ۋەتىنىنى بېسىۋالغان دۆلەتنىڭ بۇ ھوقۇقدارىغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلىدە بولغان. مانا بۇ پىسخىكا جەھەتتە پىشقان خەلقنىڭ ئادەتتىكى ئىپادىسى بولۇپ، ھېچكىم تەشەببۇس قىلمىغان، دەۋەت قىلمىغان، تەشكىللىمىگەن، بۇيرۇق بەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا مىللىي قارشىلىق، مىللىي چېگرانى ساقلاش تۇيغۇسىنىڭ تەبىئىي ئىپادىلىنىشىدۇر. (بۇنى بىزنىڭ ۋەتىنىمىزگە خىتاينىڭ چوڭلىرى كەلسە قارشى ئېلىشقا چىقىشىمىز — ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن بولسىمۇ — ھەتتا يېقىنراق تۇرالىغان، قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشەلىگەنلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرىنى قالتىس چوڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشكەندەك ھېساپلاشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا بولىدۇ).

يەنە بىر مىسال: ۋىلادىمىر ساخاروۋ[1]نىڭ كوممۇنىست تۈزۈمىگە نەپرەتلىنىشىگە سەۋەپ بولغان ئىشلارنىڭ بىرى شۇنداق بىر كەچمىشى ئىدى: ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ(جاسۇسلۇق مەكتىپىنى) دادىسى "مۇكاپات" ئۈچۈن بەرگەن پۇل بىلەن ئېستونىيەگە تەتىل ئويىنىغىلى بارغاندا مىللىي نەپرەتنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان. ئۇ تاللىن[2]دا بىرنەچچە قېتىم يول سورىغان، ھەر قېتىمدا ئېستونىيەلىكلەر تەتۈر يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ قويغان؛ دۇكانلاردا باشقا خېرىدار بولغان ئەھۋالدا دۇكاندار ئۇنى كۆرمەسكە سالغان؛ بىر ليۇتچىك ئۇنى بىر مېھمانخانىنىڭ ساز تەڭكەش قىلىنىدىغان رېستورانىغا تۇغۇلغان كۈن ئۆلتۈرۈشىغا تەكلىپ قىلغانىدى، كەلگەنلەرنىڭ رۇس ئىكەنلىكىنى بىلگەن سازەندىلەر تانسا مۇزىكىسىنى شۇ يەردىلا توختۇتۇپ، گېرمانىيىنىڭ مىللىي مارشى — «گېرمانىيە ھەممىدىن ئۈستۈن»نى چېلىشقا باشلىغان؛ تاماق يەۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى رۇسلارغا ھاقارەت قىلىش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ مارشنى تەڭ ئوقۇشۇپ بەرگەن؛ بىر دۇكاندا بىر خېرىدارنىڭ ئېلىۋاتقان بېلىق تۇتۇش سايمانلىرىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ سېتىۋالماقچى بولغان، 60 ياشلاردىكى ئىمجان دۇكانچى: "بۇلار سېتىلمايدۇ، كۆرسىتىشكە قويۇلغان" دېگەن. ساخاروۋ: "ھازىر بىرسىگە ساتتىڭىزغۇ؟" دېگەن. بوۋاي يەنە جاھىللىق بىلەن گېپىنى تەكرارلىغان. ساخاروۋ ئۈمىدسىزلىك بىلەن: "ماڭا نېمە ئاداۋىتىڭىز باردى؟ خاھىشىڭىز نېمە؟" دەپ سورىغان. بوۋاي: "ئىستىكىم، چېكىنىپ كەتمىكىڭىز، بىزنى ئۆز ھالىمىزغا قويۇڭ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. ساخاروۋ مانا شۇنداق ئىشلار تۈپەيلى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچى مىللەتتىن يىركىنىپ، ئامېرىكىغا خىزمەت قىلغان. دۇرۇست، خىتايلار بۈنچىلىك ئىشلارغا ئىزا تارتىپ كەتكۈدەك ئانچىۋالا نېپىز ئەمەس، يەنىلا "ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى

[1] ۋىلادىمىر ساخاروۋ — تىلغا ئېلىنىۋاتقان ۋاقەلەردىن كېيىن ك گ ب جاسۇسى بولغان، يەمەن، مىسىر، كۇۋەيتتە سوۋېت كونسۇلخانىسىدا تۇرغان. شۇ چاغلاردىلا بىر تەرەپتىن CIA غا مەلۇمات بېرىپ تۇرغان. كېيىن ئامېرىكىغا سىغىنغان ـــ ئا.

[2] تاللىن — ئېستونىيەنىڭ پايتەختى — ئا.

قوزغىدى...“ دەپ يورغۇلتىۋېرىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ، بىز مىللىي قارشىلىق ھېسسىياتىمىزنى ھەر بىر چوڭ- كىچىك ئىشلاردا ئىپادىلەپ تۇرالمايمىز.

ۋەتەن ئىچىدىكىلەر مۇناپىقلارغا، دۈشمەن غالچىلىرىغا، قورچاق ئەمەلدارلارغا بۇنداق ئۇنسىز قارشىلىقنىمۇ قىلالمايدىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى يەنە كەچۈرۈپ تۇرايلى. چۈنكى كۆزى كىچىك خىتايلار بۇنداق قىلغۇچىلارنى دەرھال بىر نېمە قىلمىغان بىلەن، كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىشى مۇمكىنلىكى بىچارە خەلقىمىزنى قورقۇتقان بولىشى تەبىئى. چەتئەللەردىمۇ بۇنداق ئەتى- مەتى يوقلىقىمىزنى نېمە دەپ پەدەزلىسەك بولار؟

خىتاي كونسۇلخانىسىدىن كېلەلمەيدىغان يالاقچىلار، ”ۋىزا ئالالايدىغان، كونسۇلدا تونۇشى بار“ دەللاللار، توي- تۆكۈنلىرىنى خىتاي دىپلوماتلىرىنى تۆرگە ئولتۇرغۇزماستىن قىلالمايدىغان يالاقچىلار،... ئومۇمەن، خەلق ئۆزى مۇناپىق، جاسۇس دەپ گۇمان قىلىدىغان ئادەملەر بىلەنمۇ ئوخشاشلا ئارىلىشىپ يۈرۈۋېرىشىدۇ! ئۆزلىرى گۇمان قىلىدۇ- يۇ، يەنە ئۆزلىرى چەك- چېگرا ئاجراتمايدۇ. بۇنىڭدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بېسىمى يوق. پەقەت مېھماندارچىلىقتا چاقىرىلىشتىكى بىر تاۋاق پولۇ ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەرزىمىگەن مەنپەئەتلەردىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈنلا، ئۇلار بىلەن سۈنئىي ياكى سەممىي بىر يوسۇندا مۇناسىۋەت قىلىۋېرىدۇ. مۇناپىق، يالاقچىلار... ھارام - ھالال دېمەي پۇل تېپىۋەرگەچكە، تىجارەت ئىمكانلىرىغا خىتاي ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەچكە ھاللىق سەۋىيەدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى، كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي رىقابەت، جاھاننىڭ قاتتىقچىلىقى،... بۇ ئادەملىرىمىزدە پۇلى بارلارغا قارىتا بىر خىل ئاڭسىز قۇلچىلىقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغاچقا ئۇلاردىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدىغانلىقىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرمەك لازىم. پەقەت چىڭغا چىقسا ئۆز- ئۆزىنى بەزلەش ئۈچۈن ”شۇنداق دەيدىكەن، ئەمما پاكىت بولمىغاندىكىن...“ دەپ قويىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، ئۇنىڭ راست مۇناپىق ياكى ئەمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، شۇنداق تونۇلغان

ئىكەن، ئۇنى يېتىم قالدۇرۇش ئوخشاشلا ئىجتىمائىي ئۇنۇم بېرىدۇ. يەنى، ئۇ مۇناپىق سۈپىتىدە يېتىم قالدۇرۇلغان، تۈكۈرۈلگەن ئىكەن، كىشىلەرگە، بولۇپمۇ ئەۋلادلارغا "مۇناپىقلىق ئەجەپ يامان ئىشكەن، ئەجەپ سەت ئىشكەن" دېگەن چۈشەنچىنى بېرىۋېرىدۇ!

ئېنىق بولمىغان "دۈشمەن نىشانلىرى"غا قارىتا "پاكىت يوق" دەپ باھانە تاپقان بۇ خەلققە شۇنداق بىر مىسالنىمۇ بېرىمىز: تۈركىيەدىكى "شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى" فۇجىيەنلىك بىر خىتايغا "شەرقىي تۈركىستانلىق" دەپ گۇۋاھلىق خېتى يېزىپ بەرگەن ئىكەن، بۇ خىتاي بىر يىل تۈرك تىلى تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇپتۇ. "شەرقىي تۈركىستانلىق" سالاھىيىتى بىلەن پۇلسىز ئوقۇغان بۇ خىتاينى ھەتتا مەكتەپ مەمۇرىيىتىمۇ گۇمان قىلماي شۇنداق مۇئامىلە قىپتۇ. "بىر ئېغىز تۈركچە بىلمىگەن بۇ قانداق شەرقىي تۈركىستانلىق؟" دېيىش ئۇلارنىڭ ئەقلىگە كەلمەپتۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئاخىرىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدا بۇ خىتايغا "شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى بىزگە تۈركىستان ناخشىلىرىدىن بىرنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ" دەپ سەھنىگە چىقىش سالاھىيىتى بېرىلگەن ئىكەن، بۇ خىتاي چىقىپ قاپ- قارا خىتايچە ناخشا ئوقۇشنى باشلاپتۇ. شەرقىي تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئىلگىرى ئۇنى كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنى "شەرقىي تۈركىستانلىق" سالاھىيىتى بىلەن ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن، دەيلى، ئەمما شۇ سورۇندا شۇنداق بىر شەرمەندىلىك كۆز ئالدىدا روي بېرىۋاتسا ئۇلار قۇرۇقتىن- قۇرۇق ئاچچىقلىنىپ قويغان، ئەمما ھېچكىم ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ خىتاينى سەھنىدىن تارتىپ چۈشۈرۈشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن! شۇنداق قىلغان بولسىدى، ئەخمەق مەكتەپ مەمۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بەرگۈچى ئورۇن رەسۋا بولغان بولاتتى!

***يەتتىنچى مىسال***. چەتئەللەردە شۇنداق بىر ئەھۋالغا دىققەت قىلدىم: خىتايلار نەگىلا بارسا بىرەر خىتاي شىركىتى ياكى باشقا مۇئەسسەسەلەر قۇرسا ئۇ يەردە جەزمەن خىتاينىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى نامايان

قىلىدىغان ئالامەتلەر بولىدىكەن. مەسىلەن: پاكىستاندا، تۈركىيىدە، ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە خىتايلار ئاچقان رېستۇرانلار، ئاشخانىلار ۋە باشقا تىجارەت كارخانىلىرى بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە چوڭ قىلىپ يېزىلغان خىتايچە ۋىۋىسكا بار. شۇ مەملىكەتلەردە خېرىدارلارنىڭ ئىچىدە قانچىلىك خىتاي بولىشى مۇمكىن؟ پەقەت كەسىر سانلار بىلەن ئىپادىلىنىدىغان پىرسەنتتە خىتايلار باردۇر. ئۇنداقتا بۇ خىتايچە ۋىۋىسكىلارنى ئېسىشتا خېرىدارنىڭ ئوقۇپ بىلىشى كۆزلەنمىگەن دېيىش مۇمكىن. ئۇ ھالدا خىتايلارسىز مۇھىتتا خىتايچە ۋىۋىسكا ئېسىش نېمىنى مەخسەت قىلىدۇ؟ تەبىئىيكى، بۇ ئۆز- ئۆزىنى نامايان قىلىش، مىللەتنى تونۇتۇشنى مەخسەت قىلىدۇ. بەلكىم شۇ ئاشخانا ئاچقان خىتايدا بۇ مەخسەت ئاڭلىق ھالدا شەكىللىنىپ، پىلانلىق ئىجرا قىلىنغان بولىشى ناتايىن. بۇ شۇ مىللەتتىكى تەبىئىي تۇيغۇنىڭ مەھسۇلى. بۇندىن باشقا خىتايلار چەتئەللەردە قۇرۇلۇش سېلىشقا توغرا كەلسىمۇ ئەنئەنىۋي مىللىي ئۇسلۇپتا سالىدۇ. بۇ ئارقىلىقمۇ مىللىي روھنى نامايان قىلىدۇ. ئەمما بىز بۇنداق مۇئەسسەسەلەرگە ئۇيغۇرچە ۋىۋىسكا ئېسىشنى ھېچ خىيالىمىزغا كەلتۈرمەيمىز. ۋىۋىسكىنى تىجارەت ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ يازىمىز. شۇڭا قايسى جايدا بولساق، شۇ جاينىڭ يېزىقىدا بولىدۇ. ھەرقانداق نەرسىگە، ئىزىمىز چۈشكەن ھەربىر جايغا، قولىمىزدىن چىققان ھەربىر مەھسۇلاتقا مىللىي تامغىمىزنى بېسىشنى بىلمەسلىكىمىز، ھەتتا بۇ ھەقتە خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەسلىكىمىز بىزنىڭ يەنە بىر خامىلىقىمىزدۇر.

يوقارقى مىسال تۇپەيلى شۇنداق بىر مەسىلە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ — ئۇيغۇر يېزىقى مەسىلىسى. ھازىرغىچە ئىككى كوممۇنىست ئىمپېرىيىسى مەدەنىيىتىمىزگە دەممۇ- دەم چېكىنىش ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىزگە كۆپ قېتىم يېزىق ئۆزگەرتىش ھۇجۇمى قىلدى. گەرچە بۈگۈنكى كۈندە يېزىقىمىز ئاخىرقى ھېساپتا تۇراقلىشىپ، ئاخىرقى ئىسلاھاتلاردىن كېيىن ئىپادىلەش كۈچى، دەللىكى جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ مۇقىملىشىپ قالغاندەك قىلسىمۇ، چېگرانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خەلقىمىز ئىككى خىل يېزىق

قوللىنىش تېخىچە داۋام قىلىۋاتىدۇ. گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيادا تاللاش ئەركىنلىكى بولسىمۇ بۇ جەھەتتە ئىسلاھاتقا كۆچۈش خىياللىرى بولمىسا كېرەك. بەلكىم يېزىق مەسىلىسىدىمۇ يوقۇرىدا ئاتالغۇ مەسىلىسىدە ساقلانغاندەك "مەن مەركەز" ئىدىيىسى مەۋجۇت بولسا كېرەك. گەرچە ئوتتۇز مىليون ئاھالە ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدا يارىتىلغان ئۇيغۇر يېزىقى ئىشلىتىدىغان، تاللىشىشقا ئورۇنمۇ يوق ھالدا مۇشۇسى ئۇيغۇر يېزىقى ھېساپلىنىدىغان بولسىمۇ، بۇ ھەم مىللىي تۇيغۇلارنىڭ زەئىپلىكى سەۋەپلىك بىر ئېغىزدىن ئېتىراپ قىلىنمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ سۆزۈمنى شۇنىڭغا ئاساسەن دەۋاتىمەنكى، مەن "يېڭى ھايات" گېزىتىگە بىر كىتاپ باستۇرۇش ئىشى بىلەن بارغانىدىم. ئۇلاردىن بىرى "ئۇيغۇرچىمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن "ھە، ئۇيغۇرچە" دەپ جاۋاپ بەردىم. كېيىن ئارگىنالنى كۆرۈپ: "ئەرەپچە دېمەيسىزمۇ، بىز بۇ يەردە ئەرەپچىنى قىلالمايمىز" دېدى. مەن دەسلەپتە چۈشەنمەستىن ئەرەپچە ئەمەس، ئۇيغۇرچە، دەپ تالىشىۋېرىپتىمەن. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئۇ غوجامىنىڭ چۈشەنچىسىدە سلاۋيان ئېلىپبەسىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، ئوتتۇرا ئاسىيادا قوللىنىلىدىغىنى "ئۇيغۇرچە"، ئوتتۇز مىليون ئاھالە ئىشلىتىۋاتقان، دۇنيامۇ ئۇيغۇر يېزىقى دەپ تونۇيدىغان بۇ يېزىق "ئەرەپچە" ئىكەن!

بۇ گەپنىڭ مەسخىرىلىك يېرى شۇ يەردىكى، بۇنى دەۋاتقان زاۋۇتتىكى ئىشچى، كولخوزدىكى دېھقان ئەمەس، شۇ مىللەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر گېزىتتە ئىشلەۋاتقان زىيالى ئىكەنلىكى! بۇنىڭدىن ھىس قىلىش تەس ئەمەسكى، "يېڭى ھايات"(ياكى "ئۇيغۇر ئاۋازى") ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ كۈچلۈك تەلپىدىن مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، بەلكى، دۆلەتنىڭ مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش ئۈچۈن "تەڭ ئېتىۋار بېرىش" سىياسىتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ يەردە مىللىي روھى ئۇرغۇپ تۇرغان ئادەملەر ئەمەس، مائاشنى شۇ يەردىن ئېلىۋاتقاچقىلا شۇ يەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەر بارلىقى ئېنىق! شۇڭلاشقىمۇ بۇ گېزىتتىن مىللىي مەنپەئەتلەرنى قوغداش، مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، مىللىي ساپانى يوقۇرى كۆتۈرۈش يولىدا

پايدىلىنىش ئۇنىمى ئىنتايىن تۆۋەن. مۇشتىرىلارغا ئىلھام بېرىش، "گېزىتىمىزنىڭ جانكۆيەرلىرى..." دەپ باشلىنىدىغان مۇشتىرى توپلاش مەسىلىلىرىنى چۆرىدىگەن مەزمۇنلار ئۇچۇن بېرىلىدىغان ئورۇننىڭ كۆپلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. گېزىتنىڭ نامىنى مۇستەسنا قىلغاندا ئۇنى گويا باشقا بىر گېزىت ئۇچۇن مۇشتىرى توپلاش مەخسىدىدە تارقىتىلغان ئېلان ۋەرەقىسىمىكىن دېگۇدەك دەرىجىدە.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گەپ ئېچىلىپ قالغان ئىكەن، ئايرىم بىر مىسال ئېلىپ ئۇلتۇرمايلا ئۇلاپ يېزىۋېتىشنى توغرا تاپقان بىر ئىش — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گېزىت ۋە رادىئو، تېلېۋىزىيەلەردىكى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشلار توغرىسىدا. گېزىتلەر توغرىسىدا كۆپ توختالمىساقمۇ بولىدۇ. گېزىتلەرنىڭ تارقىلىش سانى ئاز، چەكلىمىلىككە ئىگە. پەقەت رادىئو- تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلايلى.

دەل مۇشۇ تېمىمىزدا دەۋاتقان "خام"لىقىمىز تۇپەيلى بىر سائەت، يېرىم سائەتلىك ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش ۋاختىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنى بىلمەيمىز. بىزدەك دۇنيادا كەم ئۇچرايدىغان بەختسىز مىللەت ئۇچۇن بۇ قىسقا ۋاقتلىق ئاڭلىتىشمۇ ئاسان ئېرىشكىلى بولمايدىغان مۆجىزە خاراكتېرلىق كاتتا ئىش (گەرچە شۇ يەردىكى نوپۇس نىسبىتى، قانۇني ھوقۇق نۇقتىسىدىن بۇ تېخى يېتەرلىك بولمىسىمۇ). بۇ ئاڭلىتىشنى ئۇيۇشتۇرىۋاتقان تەھرىراتتا چوقۇم بىر "ئۇقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر" بار(چۈنكى ساۋاتسىز ئادەم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ). لېكىن ئاشۇ قىسقىغىنا ۋاقتتىن پايدىلىنىپ مىللەتكە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان نەرسىلەر ئاڭلىتىلمايدۇ. "ئۈن ئالماي دۇتار ئالغاندەك" تېپىۋالغان نەرسىمىز ناخشا- ئۇسۇل! گويا بىز دەرت- ھەسرىتىمىز يوق، ناياقلاپ يۈرۈشتىن باشقا ئىشىمىز يوق بەختىيار مىللەتتەك، ئەنە شۇ ۋاقتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋېتىمىز. مانا شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا تەۋەسىدە ئىلگىرى بىز ئاڭلىغان ۋە بار دەپ ھېس قىلىدىغان "مەشھۇر يازغۇچىلار"، "ئالىملار"... نەگە كەتكەندۇ؟ ئەجەبا ھەممىسى تەڭلا قېرىپ پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن

بولسا؟ دېگەنلىك كېلىدۇ(ئەگەر پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، هۆكۈمەت خىزمىتىدىن چىقارىدى، ئەلنىڭ خىزمىتىدىن پېنسىيىگە چىقىش يوققۇ؟ بولۇپمۇ بۇنداق چۈشەنگەن ئادەملەرگە! ياكى مىللىي دەۋانىمۇ مائاش بەرسە، هۆكۈمەت ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان بولغىيمىدى؟). ياق، ئۇلار بار. ئەمما هايات سەھنىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆزىنىڭ جان هەلەكچىلىكىدە تىپىرلاپ يۈرگەن بولىشى مۇمكىن. شۇنداقلا، بولشۋىكلارنىڭ مىللىي چېگرانى يوق قىلىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مۇۋىسى سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى مىللىي تۇيغۇ ئۆلگەن ياكى غەلىتە بىر خىل ناتوغرا هالغا، بىنورمال شەكىلگە كېلىپ قالغان. تېخىمۇ مەسخىرىلىكى، بىرمۇنچىلاردا ”ئىنتېرناتسىئونالىزىمچى“ دېگەن زەھەرلىك مەپكۇرە تامغىسى چوڭقۇر بېسىلغان بولغاچقا ئۇلار بۇ كوممۇنىزىم تۇمانىدا هېچنېمىنى ئاڭقىرالماي گاڭگىراپ يۈرۈشمەكتە! مىللىيلىككە تەۋە تېمىدا سۆزلەش قاتتىق تەقىپ قىلىنغان مۇستەملىكە دەۋرىدە قورقۇپ كەتكەن بۇ كىشىلەر، قورقۇشتىن بېشىنى تىقىۋالغان ئۇچەكلەردىن باش كۆتۈرۈپ قاراپ باقمىغاچقا ئازادلىق تېگى ئاتقانلىقىنى، ئەمدى مەنىۋىي جەھەتتە خېلى كۆپ ئىمكانلار يارىتىلغانلىقىنى كۆرمەي، ماددىي جەھەتتىكى ۋاقتلىق چېكىنىشنىڭ هەسرىتى بىلەنلا قالغان. ”يىلاندىن قورقۇپ كەتكەن ئاغامچىدىنمۇ قورقۇپتۇ“ دېگەندەك، هازىرغىچە ئەنە شۇ قورقۇشتىن هوشىغا كېلەلمەي، مىللىي تېمىلارنى تىلغا ئېلىشقا جۈرئىتى بولمايۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ سۈكۈتىنى بۇنىڭدىن باشقا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ گېزىت ۋە رادىئودىن ئىبارەت تەشۋىقات ماشىنىسىنىڭ غايەت زور كۈچى ئىككى مىڭ يىل مىللىي خورلۇقتا ياشىغان يەھۇدىيلارنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى. ئۇلار دەسلەپتىلا گېزىت، رادىئو ساھەسىنى ئىگىلىگەن. بايلىرى گېزىت چىقىرىشنى تىجارەت سۈپىتىدە قىلىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، مىللىي كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىگەن. بۇ دېگەنلىك گېزىتلەرنى باشتىن- ئاخىر مىللىي شۇئار بىلەن تولدۇرۇۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس، يەھۇدىيلارمۇ ئۆزلىرى چىقارغان گېزىتلەردە ئۆزىنىلا ئېلان

قىلمىغان. دېمەكچى بولغىنىمىز، تەييار گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزىيىدىن بولسىمۇ ئۇنۇملۇك پايدىلىنالىلى، دېگەندىن ئىبارەت. مۇشۇ تەييار ئورۇنلار بولمىغان تەقدىردىمۇ بۇنداق مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇش ئارزۇسىدا بولىشىمىز توغران گەپ ئىدىغۇ؟ نېمىشكە تەييارلىن ياخشى پايدىلانمايمىز؟ بىشكەكتىن تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش ھەققىدە خەلقنىڭ ئىنكاسى ئىنتايىن ياخشى. ئەگەر باشقا رادىئو، تېلېۋىزىيىلەرمۇ ئاشۇنچىلىك خىزمەت قىلسا ئەھۋالىمىزدا يۈكسىلىش بولماي قالمايتى. بۇ يەردە مەتبۇئاتنىڭ كۈچى ھەققىدە گىتلېرنىڭ بىر سۆزىنى قىستۇرۇپ قويۇشنى ئارتۇق ھېساپلىمايمەن: «ئاخبارات — بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۇ قەدەر ئەھمىيەتسىز، ھەتتا كۈلكىلىك بىر ۋەقەنى قىسقا بىر مۇددەتتە ناھايىتى موھىم بىر دۆلەت مەسىلىسى ھالىغا كەلتۈرۈپ، ئەسلىدە ناھايىتى موھىم بولغان بىر مەسىلىنى جامائەتنىڭ دىققىتىدىن قاچۇرۇپ، ئۇنۇتتۇرۇش كۈچىگە ئىگىدۇر»[1].

مەملىكەتتىن چىققان ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرگە كۆرە ئازادلىق تېڭىغا تەشنا بولغان خەلق گۆش يەيدىغان نەپسىدىن كېچىپ بىردىن كىچىك رادىئو ئېلىۋېلىپ «ئەركىن ئاسىيا» رادىئوسىنى ئاڭلايدىكەن، ئۇيقۇسىدىن، ئارامىدىن، ئەڭ موھىم ئىشىدىنمۇ كېچىدىكەن. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، بۇ رادىئو ئاشۇ بىچارە خەلق كۈتكەن نەرسىنى بېرەلەۋاتامدۇ؟ گويا يېقىندا ئامېرىكا ئارىلىشىپ ئىشىمىزنى پۈتتۈرۈپ قويىدىغاندەك تۈيغۇ بېرىدىغان گېزىت خەۋەرلىرى، تەكرارلىق، يوغان قۇرۇق گەپلەر! بۈگۈنكى كۈندە خىتايلار گۈمرۈكلەرنىڭ چىڭلىقى تۈپەيلى باشقا ھەرقانداق تۈردىكى تەشۋىقات بويۇملىرىنى كىرگۈزۈش ئىمكانى يوق، ئىنتېرنەتمۇ خىتاي ساقچى ئىدارىسىنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا بۈگۈن پەقەت، ۋە پەقەت ئاشۇ رادىئولا خەلققە مەنىۋي ئوزۇق بېرىش شارائىتىغا ئىگىدى، خىتايلار نېمىدىن مەھرۇم قىلغان بولسا شۇنى بېرىشى كېرەكىدى. ئەپسۇس،

---

[1] گىتلېر، « كۆرەشلىرىم» (تۈركچە نەشرى)، — ئا.

مىڭلارچە ئەپسۇس، ئەركىن دۇنيادىن ياڭراۋاتقان بۇ ئاۋازدىنمۇ خەلق تۇزۇكرەك نەپ ئالالمايۋاتىدۇ. سىياسىي مۇلاھىزىلەر، ساۋاتلار، دىنىي تەرغىباتلار،... قىسقىسى، خىتايلار ئىمكان بەرمىگەن ھەممە نەرسە بۇ رادىئو ئارقىلىق قىلىنىشى كېرەكىدى. ھازىرغىچە خەلقنىڭ ئېزگۇ ئۈمىدلىرى سۇغا چىلىشىپ كەلمەكتە!

***سەككىزىنچى مىسال. "ھېچنېمە كۆرمىگەن قەلەندەر" دېگەندەك، بەكمۇ كۆزىمىز كىچىك.***

ئانچىكى ئىشلارنى قالتىس بىلىپ، خۇدىمىزنى بىلمەي قالىمىز. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى "تۇل خوتۇنلارچە جاھان تۇتۇش" فورمىسىدا بولۇپ، ھۆررىيەت ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ئىشەنچلىك ئىقتىسادىي مەنبە يوق. ئىقتىسادىي كاپالىتى بولمىغان ھەرقانداق ئىشتا ئىزچىللىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. كوردلارنىڭ، پەلەستىنلىكلەرنىڭ، باشقا بارلىق ھۆررىيەت داۋاسى قىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ ئومۇمغا تەئەللۇق شىركەتلىرى، كارخانىلىرى، ياۋروپا بانكىلىرىدا نۇرغۇن مەبلىغى بار ئىكەن. ئەمما بىز بەلۋاغقا بىر زاغرىنى تۇگۈپلا ئۇۋغا چىققاندەك غەلىتە ئاددىي مۇئامىلىدە بولۇپ كېلىۋاتىمىز. بۇنىڭ ئۇ قەدەر مۇرەككەپ ۋە ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى تونىماي كەلدۇق. ئەگەر بۇنى تونىغان بولساق، باشقا ئىشنى قويۇپ مۇشۇ ئاساسىلا يارىتايلى دەپ تۇتۇش قىلغان بولساق كوممۇنىستلار كەلگەندىن بېرىكى يېرىم ئەسىردىن بېرىمۇ بىرمۇنچە ئىقتىسادىي مۇئەسسەسەلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگىلى بولاتتى.

كوردلار ۋە پەلەستىنلىكلەرنىڭ شىركەتلىرى ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن تارتىپ ھەممىلا يەردە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەك بىلىنمەيدۇ. خۇددى بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە پۇل تېپىۋاتقان تىجارەت ئورنىدەك دىققەتمۇ چەكمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي سەپكە ئايرىلغان ئادەملىرى جىممىدىلا پۇل تاپىدۇ. مەبلەغ توپلايدۇ. ئەمما بىز ھەممە ئىشنى "پوقى-بۇلمىقى ئارىلاش" دېگەندەك ئارىلاشتۇرىۋالىمىز، ئەمما ھېچقايسىسى ئەپلەشمەيدۇ. قىلغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، داۋرىڭىمىز ئالەمنى بىر ئېلىپ،

ئۆزىمىزنىڭ پۈتىغا ئۆزىمىز كىشەن سالىمىز. مەيلى دۇنيانىڭ قەيىرىدە قىلمايلى، بىزنىڭ ئازادلىق ھەركىتىمىزنىڭ خاراكتېرى يەر ئاستى پائالىيىتى ئىكەنلىكىنى، چەتئەلدە بولغىنىمىزغىلا ئۆزىمىزنى بىخەتەر ھېساپلاپ، دۈشمەننىڭ قولى يەتمەيدۇ، دەپ "شاخلاپ كېتىپ"، ھەممىنى "پەتنۇستا كۆتۈرۈپ" يۈرسەك جاھاننىڭ ھەممە يېرى "ياغاچ قازان" بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇمايۋاتىمىز.

***توققۇزىنچى مىسال.*** ئالدىنقى مىسالدا كۆرۈلگەن مۇقىم ئىقتىسادىي مەنبە بەرپا قىلىش مەسىلىسى بىزنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك خاملىقىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ. يەنى، مەلۇم ئادەملەر ئىقتىسادىي سەپكە ئايرىلىپ، ئومۇم ئۈچۈن بايلىق يارىتىش ئىشىغا قويۇلسا، ناھايىتى قىسقا مۇددەتتە "پۇلنىڭ شەيتىنى" ئۇ ئىشنىڭ بېشىدا تۇرغانلارنى ئازدۇرىۋېتىپ، ئۇ ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن پۇل تېپىش ۋەزىپىسىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى كارخانىسى بار بايدەك چاغلاپ، تاپشۇرىلىدىغان پۇلنى ئىئانىدەك ياكى سەدىقىدەك ھىس قىلىدىغان، ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قېلىشىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ياكى تېخىمۇ خەتەرلىك ھالدا ئايىنىپ ھەممىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. بىزدە ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتكە بولغان ساداقەت شۇ قەدەر ئاجىز.

يېقىن ئۆتمۈشتە شۇنداق رەسۋا بىر ئىش بولغان ئىكەن: 1949 — 50-يىللاردا بولسا كېرەك، كوممۇنىستلار ئىستىلاسى تۈپەيلى ئۈمىدسىزلىككە پاتقان شەرقىي تۈركىستان پارتىيىلىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر چەتئەلگە بىر ۋەكىل ئەۋەتىپ خەلقئارادا شەرقىي تۈركىستاننىڭ دەردىنى ئاڭلىتىش پائالىيىتى قىلدۇرۇش، بەزى دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،... نى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋال ناچار، ئومۇمغا تەۋە بىر تىيىنمۇ بولمىغاچقا ھەر ساھە ۋەتەنپەرۋەرلەر ئىككى نېنى بولسا بىرىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ دېگۈدەك بىر مىقدار پۇل غەملەپ بىرەيلەننى بۇ ئىشقا مەسئۇل قىلىپ چەتئەلگە ماڭدۇرۇپتۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپتىمۇ كوممۇنىستلار بولغاچقا، بۇ ۋەكىل تىبەت ئارقىلىق ھىندىستانغا، ئاندىن ئۇ يەردىن باشقا جايلارغا

بارماقچى بولۇپ مېڭىپتۇ. تىبەتتە مەلۇم توسالغۇلار تۇپەيلى ماڭالماي، بىر مەزگىل تۇرۇپ قاپتۇ. ئىنتايىن ئاسان سۇۋۇيدىغان مىللىي پىسخىكىمىزنىڭ ”خاسىيىتى“ بىلەن بۇ ۋەكىل ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدىلا سوۋۇپ، ”ئاقمايدىغان بىر ئىش ئوخشايدۇ“ دېگەن ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ، ئەسلى بۇ ۋەسۋەسە ئۆيلەنگىسى كەلگىنىدىن تۇغۇلغان بولىشى كېرەك. ئانچە ئۆتمەيلا بىر تىبەت قىزغا ئۆيلىنىپ، شۇ يەردە ماكانلىشىپ قاپتۇ. ھازىرمۇ شۇ يەردە ھايات بارلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە تىبەتلىك ئايالى ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىگە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقە قىلىشىغا يول قويمايدىكەن. ئۇ پۈتۈنلەي تىبەتلىشىپ كېتىپتىمىش! مانا بۇ ۋەتەننىڭ، مىللەتنىڭ ئۈمىدىنى ئېلىپ يولغا چىققان بىر ۋەتەنپەرۋەرىمىزنىڭ قىزغىنلىقىنىڭ ئۆمرى! «ئەگلەككە چىقىپ ئەرگە تېگىش»نىڭ دەل ئۆزى!

ئەلچى مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن، بۇ ئەلچىمىزگە سېلىشتۇرما بولىدىغان بىر ئەلچى — كىنودا كۆرگەن بىر ئەلچى يادىمغا يەتتى. كورىيەنىڭ «ئۇلۇغ ئەلچى» دېگەن بۇ فىلىمىنى بۇندىن يىگىرمە يىلچە مۇقەددەم كۆرگەنىدىم: فىلىمدا ھېكايە قىلىنىۋاتقان ۋاقەلەر بولىۋاتقان ۋاقت كورىيەنىڭ دەل بىزگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىسمەتتىكى دەۋرى بولۇپ، ياپونلار كورىيىنى مۇستەملىكە قىلىۋالغان، ئۇلارنىڭ دات-پەريادىنى سىرتقى دۇنياغا ئاڭلاتمايۋاتقان، خەلقئارادا بولسا ياپونىيىنىڭ كۈچى، ھەيۋىسى تۈپەيلى ھېچكىم كورىيىنىڭ تەرىپىنى ئالمايدىغان، گېپىنىمۇ قىلمايدىغان، ئومۇمەن، بۇ زېمىن دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان خەتەرلىك دەۋر ئىدى. شۇ چاغدا كورىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرى ئىنتايىن قىيىن شارائىت، ئېغىر دەرىجىدىكى نامراتلىق ئىچىدە بولسىمۇ، خەلقئاراغا بىر ۋەكىل چىقىرىپ، پائالىيەت ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ياپونلار بۇنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى تاشقى دۇنياغا ئاڭلىتىشتىن توسۇش ئۈچۈن دەھشەتلىك تىنتىش ئېلىپ بارىدۇ. ئەلچى مەملىكەتتىن ئايرىلماي تۇرۇپلا ناھايىتى زور

توسالغۇغا، قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. لېكىن، قەھرىمان خەلق ئۇنى ئۆي- ئۆيدە يوشۇرۇپ، ئۆيدىن- ئۆيگە، مەھەللىدىن- مەھەللىگە ئۆزتىپ، ھەتتا ئەلچىنى قوغداش ئۈچۈن ئونلاپ، يۈزلەپ كىشى ئۆلۈپ، ئاخىر چېگرا بويىغا يەتكۈزىلىدۇ. چېگرىدىن ئۆتۈپ كېتىشمۇ بەسى مۈشكۈل بولىدۇ ۋە ناھايىتى قىممەتكە توختايدۇ. ئاخىر ئۇ چەتئەللىگە چىقىپ كېتىدۇ. ئۇ چەتئەللەردە ئاچ- يالىڭاچلىقتا، يوقسىزلىق ئىچىدە جان تالىشىپ يۈرۈپمۇ ۋەتەن داۋاسىنى قىلىدۇ. خەلقئارا يىغىنلار بولىۋاتقان جايلارغا مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ يېتىپ بارىدۇ. يىغىنلارغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. يىغىن سىرتىدا تۇرۇپ ئىلتىماس سۇنىدۇ. يىمەي- ئىچمەي ساقلىغان پۇللىرىنى پارا بېرىپ، تەسىرى بار شەخسلەرنى ئىنىدەككە كەلتۈرۈپ، يىغىنغا قاتنىشىش سالاھىيىتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. بەزى يىغىنلارغا قاتنىشىش سالاھىيىتىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ياپونلارنىڭ يىغىن ئەھلىگە بېسىم ئىشلىتىشى بىلەن، يەنە سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. سىرتتىن قاتناشقۇچى بولۇپ، پەقەت ئۆزى سۆزلەيدىغان چاغدىلا يىغىن مەيدانىغا كىرگۈزۈلۈپ، باشقا ۋاقىتتا چىقىرىۋېتىلىدۇ. يىغىندىن- يىغىنغا سۆرۈلۈپ، نەگە بېرىش كېرەك بولسا ئېرىنمەي بېرىپ، كىمنىلا كۆرسە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ، ھەسسىداشلىق قوزغاشقا تىرىشىپ،... ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىندا ئۇ يىغىن سورۇنىغا رۇخسەتسىز ئۇسۇپ دېگۈدەك كىرىپ، كورىيە خەلقىنىڭ مۇستەملىكىنى تەن ئالمايدىغان، ھۆرلۈككە تەشنا بولغان، شۇنداقلا مۇستەقىل دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە مىللەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە يىغىن مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، دۆلەت ئەرباپلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا خەنجەر بىلەن قارنىنى يېرىۋالىدۇ! مانا بۇ پىشقان مىللىي پىسخىكا. مانا بۇ تەبىئىي ھۆرلۈككە تەلپۈنۈش روھىي ھالىتى. دەل شۇنداق روھ بولغىنى ئۈچۈن ”**بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا نەسىۋە باردۇر**“ دېگەن ئايەتنىڭ روھى بويىچە ئۇلار ھۆرلۈك نېمىتىگە نائىل بولغاندۇر!

بۇ ئۇلۇغ ئەلچىنى چەتئەلگە يولغا سېلىشنىڭ قىيىنچىلىقى، قۇربان بېرىشلەرنى بىزنىڭ مىللىتىمىز ھەرگىز كۆتۈرەلمەيتى. ”كىممىش ئۇ؟

ھەرقانچە بىزگە ئالتۇن چىچىپ بەرسىمۇ...“ دەيمىز- دە، ئۇنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىغا سەۋەپ بولىمىز! ئىنقىلاپچىلىرىمىزدىن ئاغرىنىش، ئۇلار ھەققىدە بولمىغۇر گەپلەرنى توقۇش ئادەتتىكى ئىش. ”بىچارىلار بالا- ۋاقىسىدىن ئايرىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە تىرىشتى، ئەمما نىمە ئامال، ئىش بۇيۇك، خەلق نادان بولغاچقا ئەپلەشمىدى...“ دېيىش ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمەيدۇ. ئەگەر بىزنىڭ ئىنقىلاپچىلىرىمىز ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەپ چىقمايدىغانلا بولسا — بۇ مىللەتنىڭ ”رىزالىقى“، ”رەھمەت، ھەشقالللىسى“نى قازىنىشنى نىيەت قىلىدىغان بولسا بۇ خەقنىڭ بىرىجەلىكىدىن بىر كۇننىڭ ئىچىدە ئون قېتىم ۋاز كەچكەن بولاتتى!

ئەمدى خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا بىر مەسىلىنى تۆۋەندىكى مىسالدا ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق كۆرۈپ ئۆتىمىز:

***ئۈنىنچى مىسال***. يېقىندا تۈركىيىنى پاراكەندە قىلىۋاتقان كوردلارنىڭ داھىسى ئابدۇللاھ ئۆجالاننىڭ ئىتالىيەدىن پاناھلىق تىلەش ۋاقەسى بولۇپ ئۆتتى. تۈركىيىلىكلەر ئىتالىيىگە بېسىم ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئىتالىيە ماللىرىنى كۆيدۈردى. تۈرك ئاياللىرى پۈتلىرىدىكى ئاياقلىرىنى ئوتقا ئېتىۋېتىپ، يالاڭئاياق نامايىش قىلدى. ئۇلار كۆيدۈرىۋاتقان بويۇملار دۆلەتكە تەئەللۇق ئەمەس، شەخسلەر ئۆزىنىڭ پۇلىغا ئالغان مال. باي سودىگەرلەر ئىتالىيە بىلەن بولىدىغان سودىلىرىنى توختىدىغانلىقىنى جاكارلىدى،... مانا بۇ پىشقان مىللىي پىسخىكىنىڭ ئىنكاسى! بىزدە ئومۇمىي نىشان ئۈچۈن شەخسىيىتىدىن، ئەمەلىي، نەق مەنپەئەتتىن كېچىدىغان ئاشۇنداق روھ بارمۇ؟

ئاددىي پۇخرالىرىمىزغۇ نادان، تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەپلىك ئاچكۆز، رەزگى، بۇنىڭغا ئامال يوق. ئۇلار بىر تال تۆشۈك پايپىقىنىمۇ سېلىپ تاشلىماسلىقى مۇمكىن. ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا تېخى ئەتتىگەن. بىزنىڭ بەزى ”داھى“لار، ھەتتا ئاللاھنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ”ئالىم“، ”ۋەلى“لارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەسكەشلىكىنى نىمە دېگۈلۈك؟ ئاشۇ ”ئالىم“، ”ۋەلى“لار شەخسىي مۈلكىدىن بىر قۇرۇش

خەجلىمەك تۇگۇل، خەلق ئىنقىلاپ ئۇچۇن ئاتاپ بەرگەن پۇللارنى ئالدى بىلەن ”ئىش بېشىدىكى“ ھەر بىرەيلەن ئۇچۇن ئون مىڭ دوللاردىن شەخسىي مەبلەغ قىلىپ ئايرىپ، تىجارەتكە سېلىپ قويۇش، ”ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا...“ دېگەننى يىراقنى كۆرەرلىك بىلەن كۈنتەرتىپكە قويۇشقان. تېخىمۇ يىركىنىشلىكى، ”ۋەلى“لار ئۇچۇن شوپۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن بىر ھەمتاۋاقنىڭ قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئون مىڭ دوللار قەرزىنىمۇ ئومۇمنىڭ پۇلىدىن كۆتۈرۈۋېتىشنىمۇ تەكلىپ قىلىشقان! ئەمما بۇ تەكلىپ رەت قىلىنغان! كىم تەرىپىدىن دەڭ؟ ”ۋەلى“لار كوچا-كوچىلاردا غەيۋەتخور خوتۇنلاردەك غەيۋەتنى قىلىپ، ”نىيىتىنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھ ھۆكۈمەتنىڭ قولى ئارقىلىق جازالىدى“ دەپ بۆھتان ئارتىپ يۈرگەن كىشىلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنغان! ئاۋۇ ”ياخشى نىيەتلىكلەرنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان — ئىنقىلاپنىڭ مەبلىغىدىن قىمارنىڭ قەرزىنى كۆتۈرۈۋېتىش قاتارلىق مەسلىھەتلىرى“ ماۋۇ ”يامان نىيەتلىكلەر“ تەرىپىدىن رەت قىلىنغان! ئەمدى يوقارقى سېلىشتۇرمىغا كەلسەك، تۈركىيىدە نامايىشلارغا چىقىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئازلىقىدىن ئادەمنىڭ نومۇسى كېلىدۇ. گەرچە بۇ نامايىشلار خىتايلارنىڭ بىرتال تۈكىنى تەۋرىتەلمىسىمۇ، بۇ ”تامچە سۇدا قوياشنىڭ ئەكسى كۆرىنىدۇ“ دېگەندەك بىزنىڭ قانچىلىكلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ”بىكارغا پولو بېرىدىكەن“ دېسە بارىدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئونىدا بىرى ۋەتەن داۋاسى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ئاشكارە ھالدا: ”نامايىشقا چىقساق خىتايلار رەسىمىمىزنى تارتىۋالسا كېيىن بىزگە ۋىزا بەرمەيدۇ“ دېيىشىدۇ. بۇ يەردە خىتايدىن ئەكىلىپ ساتىدىغان رەزگى چاپان-چارا سودىسىغا تەسىر يېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

***ئون بىرىنچى مىسال***. مجەز- خاراكتېرىمىزدىكى ئىتتىكلىك، ئۆزئارا ئاداۋەتكە بولغان ”ئىخلاس“ ۋە ”جانپىدالىقىمىز“ توغرىسىدا ”ئەينەك“ دېگەن كىتاپتا قىسمەن توختۇلۇپ ئۆتۈلگەن. بۇنىڭ دۈشمەنگە پايدىسى شۇكى، دۈشمەن سېپىمىزنى پارچىلاپ ئىككىگىلا بۆلىۋەتسە، تامام، قالغان

ئىشنى — ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەمگىچە پاك - پاكىزە تازىلايدىغان ئىشنى ئۆزىمىز قىلىۋېرىمىز. ئوخشاش بولمىغان قاراشتىكىلەرگە بولغان نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكىمىز خىتايغا بولغان نەپرەتتىن نەچچە چەندان ئېشىپ كەتكەچكە خىتاي بىلەن ھەپىلىشىدىغان ئىش ۋە خىيال تامامەن كاللىمىزدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەت ياكى مىللىي نەپرەتتىن شەخسىي مەنپەئەت ياكى شەخسىي نەپرەتنى ئۈستۈن قويۇشتىن ئىبارەت ئاجىزلىقىمىز يوقۇرى قاتلام بىلىم ئادەملىرىمىزگىچە بېرىپ يېتىدۇ: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر تۇرغۇن ئالماسنىڭ ”ئۇيغۇرلار“نى تەنقىد قىلىش دولقۇنىدا تېلېۋىزىيىدە سۆز قىلىپ: ”شەرقىي تۈركىستان دەيدىغان بىر نېمىنىڭ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان“لىقىنى ئىسپات قىلىشقا تىرىشقاندى، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ شەخسىي مۇناسىۋەتتىكى كېلىشەلمەسلىكتىن بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرنىڭ تارىخىي ھەقىقەتنى بىلمەسلىكىدىن ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە!

***ئون ئىككىنچى مىسال***. پىسخىكا جەھەتتىن پىشىش — مىللىي تۇيغۇ ئويغاقلىقى — مەدەنىيەتكە باغلىق بولىشىمۇ ناتايىنىدەك تۇرىدۇ (مەسىلەن: تىبەت ۋە باشقا ياۋايى مىللەتلەرنى نەزەردە تۇتقاندا شۇنداق. ھەتتا خىتاينىڭ مىللىي خاسلىقىنى ساقلاشقا تىرىشىش روھىمۇ مەدەنىيەتتىن كۆرە ياۋايىلىقىنىڭ تەركىپلىرىدىن بولغان بېكىنمىچىلىكتىن تۇغۇلغانلىقىنى ھىس قىلىش تەس ئەمەس). بىزنىڭ بۇنى مەدەنىيەت ئامىللىرىدىن تاشقىرى (مىللەت ھايات مۇساپىسىدىكى ئالاھىدە قىسمەتلەرگە، شۇ قىسمەتلەرنى ئۇيۇشتۇرغۇچى ياكى پەيدا قىلغۇچى تارىخىي مۇھىت ۋە قانداقتۇر ئەڭ قەدىمىي، تۇغما دېگۇدەك ھالغا كەلگەن تۇرمۇش ئۇسۇلى، ياشاش شارائىتلىرى بەلگىلىگەن بولسا كېرەك) دېيىشىمىزدە كۆزدە تۇتقىنىمىز، بىزنىڭ بىرمۇنچە ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىزدىمۇ، چەتئەللەردە ئوقۇغان ”سەرخىل“ ئادەملىرىمىزدىمۇ كۆپ ھاللاردا بۇنداق خاملىق مەۋجۇت. مەسىلەن: ئالىي مەلۇماتلىق بولغان (چەتئەللەردە ياكى ۋەتەننىڭ ئۆزىدە)، شۇ تۇپەيلى جەمىيەتتە مەلۇم ئىززەت- ھۆرمەتكە، مۇقىم ۋە

ئىشەنچلىك تۇرمۇش يولى، كىرىم مەنبەسىگە ئىگە بولغانلار شۇ كۈنگە شۈكرى قىلىش بىلەن، ئۆزىنى ئومۇمىي مىللىي تەقدىرگە ئالاقىسىز ھېس قىلىدۇ. ”كەلكۈن كەلسە كەلمەمدۇ، بەربىر، مېنىڭ ئۆيۈم دۆڭدە“ دېگەن فورمىدا ئويلايدۇ. ئەنە شۇ ئوقۇغان ئىلمىي ساھەسى بويىچە مىللەتكە نېمە قىلىپ بېرەلەيمەن؟ قانداق پايدا كەلتۈرەلەيمەن؟ دەپ ئويلايدىغان ۋە يوچۇقلا بولسا ”بىر لوقما نەپ“ يەتكۈزۈش غايىسى يوق. بۇ ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ بەزىسى ئەزەلدىن ”سىياسىغا قىزىقمايدىغان (مىللىي تەقدىرنى سىياسىي دەپ چۈشىنىۋالغان)“ جاھانسازلار؛ بەزىسى دەسلەپتە ”ئېغىز ۋەتەنپەرۋەرى“ بولۇپ يۈرگەن، كېيىن ئۆزىنىڭ ئىشى يۈرۈشكەندىن كېيىن مەۋجۇت تۈزۈمدىن — ھاكىمىيەتتىن رازى بولۇپ قېلىش بىلەن ”ئۆزەڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ“نى شۇئار قىلغانلاردىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئوتتا ئاسىيادا بولسا بۇنداق ئۇقۇمۇشلۇقلار ھەتتا كىم بولۇپ ياشاش مەسىلىسىگە زادىلا قىزىقمايدىغاندەك قىلىدۇ. يەنى، ئۇلار ئۇچۇن ئۇيغۇر بولۇپ ياشاش ياكى باشقا مىللەتكە سىڭىشىپ كەتكەن ھالدا ياشاشنىڭ پەرقى يوق، پەقەت ئوبدان ياشايدىغانلا بولسا بولدى! موھىمى تۇرمۇش پاراۋانلىقى!

ئامېرىكا باشقانى كىلىنتون ئېرلاند نەسلىدىن ئىكەنمىش، ئۇنىڭ قانچىنچى بوۋىسى ئېرلاندىيىدىن كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ئۆزىنى ئېرلاند دېمىسىمۇ، ئاشۇ ”يۇمغاقسۈتنىڭ ئۇرىقىدەك“ قانداشلىق سەۋەپلىك، نەسلىگە يان بېسىش خاھىشىنى ئىپادىلەپتۇ. كېيىنكى چاغلاردا ئەنگىلىيىلىكلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتقان شىمالىي ئېرلاندىيە مىللىي ھەركەتلىرىنى كىلىنتون سەۋەپلىك ئامېرىكىنىڭ ئاستىرتتىن يەل بېرىپ قويغانلىقى، دېگەن مىش- مىشلار ئۇقۇلدى.

تۇرغۇت ئۆزالدا كورد قېنى بولغىنى سەۋەپلىك كوردلارغا ھېسداشلىق قىلغانلىقى ھەممىگە ئايان؛ كىلىنتون بىلەن سايلام رىقابىتىگە چۈشكەن بوبنى ئەرمەن نەسىللىك دېگەن گەپ تارقىغاندا تۈركىيىلىكلەرنىڭ راسا بېشى قاتقانىدى. ئەگەر ئۇ سايلىنىپ قالسا ئەرمەن- تۈرك مۇناسىۋىتى

جىددىيلىشىپ كېتەتتى. ھوللاندىيىدە ئەرمەن نەسىللىك بىر كىشى "تۈركىيىدە قەتلىئام قىلىنغان ئەرمەنلەر" ئۈچۈن بىر خاتىرە ئابىدىسى تىكلەش ئۈچۈن يەرلىك ھاكىمىيەتتىن رۇخسەت ئالغان. بۇ ئىش تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى راھەتسىز قىلدى. بۇ بىر تالاي داشقايناق مەسىلىلەردىن مۇددىئا شۇكى، ئەگەر ئۇيغۇرلار قاندىشىدىن دېمەيلى، نەق ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىدىنلا بىرى ئەنە شۇنداق بىر دۆلەتتە ھاكىمىيەتكە چىقىپ قالسا نېمە قىلار؟ تەتقىقاتلىرىمىز شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى، كىلىنتوندەك نەچچە ئەۋلاد ئۆتۈپ كەتكەن، تىل ئۆرف- ئادەتلىرىنى يوقاتقان، ئۆزىنىمۇ ئۇ مىللەت ئەزاسى دېمەيدىغان بولغان ئەھۋالدا ئەمەس، ئۆزى نەق ئۇيغۇر پېتى — ئانىسىمۇ، دادىسىمۇ ئۇيغۇر تۇرۇپ، باشقا مىللەت ئارىسىدا ئوقۇغان، باشقا مىللەت ئارىسىدا ئۆسكەن بولسا، سىياسىي سەھنىگە چىققاندا ھەرگىزمۇ مىللىتىگە كىچىككىنە بولسىمۇ يان بېسىش خىيالىدا بولمايدۇ. ئەكسىچە، باشقىلار مەندىن شۇ باپتا گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپ، ئۆز مىللىتىنى شۇلۇش، ئېزىشتە تېخىمۇ ئۇزۇل- كېسىل مەيدان تۇتىدۇ! ھەتتا ئۆزىنى ئۇيغۇر دېيىشتىن نومۇسى كېلىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت ھۆكۈمران بولۇپ قالىدۇ. باشقا مىللەتلەردە ۋەتىنىدىن يىراق بىر يەرلەردە بىر ۋەتەندىشى ئۇچرىشىپ قالسا خۇددى بىر تۇققىنى ئۇچرىشىپ قالغاندەك سۆيىنىپ يۈگرەپ بېرىپ ئېسىلىشىدۇ، گېپى تۈگىمەي كېتىدۇ؛ ئەمما ئۇيغۇرلار مۇمكىنقەدەر ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، "چاتىقى يېتەرمىكىن" دەپ ئۆزىنى ئۇيغۇر ئەمەستەك كۆرسىتىدۇ. بۇ خۇددى مەسچىد ئالدىغا تاشلاپ قويۇلغان ھارامدىن بولغان بالىنىڭ كېيىن چوڭ بولغاندا باي بولۇپ، ئاتا- ئانىسىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگىنىدەك بىر ئىش!

***ئون ئۈچىنچى مەسىلە.*** پۇلى بارلارنى، بايلارنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلاردىن ھېيىقىش — پۈتۈن ئىنسانلارغا ئورتاق ئىشتەك قىلسىمۇ، بىزنىڭكى يەنە پەرقلىق.

غەرپلىكلەرنىڭ بايلارنى ھۆرمەت قىلىشى بىزنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. غەرپ ئاقسۆڭەكلىرى قەدىمىدىن تارتىپ بالىلىرىنى ئىنتايىن قاتتىق

قوللۇق بىلەن تەربىيىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاقسۆڭەكلىك سۈپىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش دەپ قاراپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار بالىلىرىغا بىر نەچچە خىل چەتئەل تىلى، تارىخ، ئەدەبىيات، ھەربىي ئىلىم: قىلىچۋازلىق، ئات مىنىش، سۇ ئۈزۈش... گىچە ئۆگىتىدۇ. ھەتتا، ئۆزىنى تۇتۇش، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، سۆز سەنئىتى، ئەدەپ، يوسۇن... دېگەنلەرگىچە سىستېمىلىق تەربىيە ئالىدۇ. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ بېشىغا خەتەر كەلگەندىمۇ ئۇلار ئالدىدا جەڭگە تەييار بولىدۇ. بۇ خىل قەھرىمانلىقنى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل پەزىلىتى، دەپ تونۇيدۇ. ئاقسۆڭەك يىگىتلىرىدىن قورقۇنچاقلار چىقىپ قالسا بۇنى پۈتۈن يوقۇرى قاتلام بىردەك لەنەتلەيدۇ، مەسخىرىدىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادىمۇ باش كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، كونا زامانلاردا يوقۇرى قاتلام ئىچىدىكى تەگىشىپ قېلىشلاردا ئىككى ئادەمنىڭ شاھىتلىقىدا ئېتىشىش(دۇئىل) يولى بىلەن مەرت - مەردانىلىقنى ئىپادىلەشكەن. دېمەك، ئۇلار (نوقۇل پۇلى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس) ھەر جەھەتتە ئاۋام خەلقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار ھۆرمەتكە لايىق بولغان، ئۇلارنىڭ جەمىيەتتە شۇنداق ئادەت شەكىللەنگەن. بىزدىكى ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. نېمىشكىدۇر بايلىرىمىز ئاساسەن ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات. بۇنىڭغۇ ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، ئۇ چاغلاردا ئۇ قەدەر باي بولمىغاچقا ئوقۇيالمىغان، دېگەندەك سەۋەپلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرەرمىز، ئەمما بايلارنىڭ بالىلىرىدىنمۇ ئوقۇيدىغانلار بەك ئاز. بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى تەھلىل قىلساق مۇنداق خۇلاسىلەرگە ئېرىشىمىز: ئاتا- ئانىسى ئوقۇمىغان بولغاچقا بالىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئۇ قەدەر ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كەتمىگەن؛ ئۇ ئۆزى ئوقۇماي تۇرۇپمۇ باي بولالىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇمىسىمۇ ياشىغىلى بولىدۇ، ئوقۇمايمۇ باي بولغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ؛ ئومۇمەن ئوقۇش دېسە ھۆكۈمەتنىڭ بىر يېرىدە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەييارلىنىش دەپ تونۇيدىغان قاراش تۈپەيلى، خىزمەت قىلمىسىمۇ ياشالايدىغان بولغاندىكىن، ئوقۇپ يۈرۈشنى ئارتۇق ھېساپلايدۇ؛ باي بولغىنى ئۈچۈن بالىسىمۇ ئالاھىدىرەك مىجەزدە يېتىلىدۇ، كىچىكىدىلا پەيدا بولغان

بۇنداق چوڭچىلىق بالىنىڭ ئوقۇشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئوقۇتقۇچى ھېيىقىپ چىڭراق گەپ قىلالمىغاچقا ئوقۇش سۈپىتى چىڭ تۇتۇلمايدۇ؛ كىچىككىدىلا بەدخەجلىككە ئۆگىنىپ كېتىپ، ئەركە - نايناق بولۇپ قالغاچقا ھېچنېمىنى كۆزىگە ئىلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوقۇيالىشى ناتايىن. ھاكاۋۇر خاراكتېر كىچىك پېئىللىقنى تەلەپ قىلىدىغان بىلىم ئېلىش ئىشىغا تەبىئىي توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ. ”گاچا بولسىمۇ پۇلى بار سۆزلىسۇن“ دېگەن تەمسىلنىڭ بىزدە بارلىققا كېلىشى ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈندۇر. مانا شۇنداق قىلىپ ئامىمغا ۋەكىللىك قىلىدىغان نۇرغۇن ئورۇنلارغا بايلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش، بۇ ساۋاتسىز جاناپنىڭ شاراپىتى بىلەن خەلققە زىيان بولۇشمۇ قىسمەتتىمىزدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بىر ھالدۇر. بۈگۈنكى كۈندە چەتئەللەردە پۇلى بولغىنى ئۈچۈنلا مۇشۇنداق ئادەملەر دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتلاردا ”مەنسەپ“كە قويۇلماقتا! ياكى، ئۇلارنىڭ ”ئاكتىپچانلىقى“نى قوزغىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن بىر نېمىگە ئېرىشىش تاماسى بۇ بىچارە خەلقنى مانا شۇنداق بىمەنىلىككە مەجبۇرلىماقتا!

***ئون تۆرتىنچى مىسال.*** ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ئۆز ”پروگراممىسى“، ئۆز ”خاسلىق“ى، ئۆز ”مىزان“ى بولىشى.

ھەر بىر ئۇيغۇر گويا شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىلا ئازاد قىلىدىغاندەك غورۇرلىنىپ تۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، ۋەتەن دېگەن گەپ بىلەن، يوغان قۇرۇق ”پىلان“لار بىلەن ئەمەس، پىداكارلىق بىلەن ئازاد بولىدۇ. مەن تۈركىيىدە ۋە باشقا ئەللەردە بەزى ياش باللارغا ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا دىققەت قىلىپ قالدىم. گەرچە ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى سىياسىيغا مۇناسىۋەتسىز سەۋەپلەر بىلەن چەتئەلگە چىققان، چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئاندىن مىللىي تۇيغۇلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن بولىشىغا قارىماي، ۋەتەننى ئازاد قىلىش توغرىسىدا ”بىر يۈرۈش پىلانلارغا ئىگە“ ئىكەنلىكى مېنى قىزىقتۇردى. دېمەك، ھەر بىر ئاۋارى ئۇيغۇرمۇ ئۆزىگە خاس ”پىلان“، ”پروگرام“لارغا ئىگە بولغاچقا ھېچكىم بىرسىگە بويسۇنغان ھالدا ئەگىشىپ

مىڭىشنى خاھلىمايدىغان خاراكتېر شەكىللەنگەنمىكىن؟ ياكى شۇنداق خاراكتېر بولغاچقىلا شۇنداق ”پىكىر خاسلىقى“ پەيدا بولغانمىكىن، بىلەلمىدىم. ھەر ھالدا شۇ ياش بالىلار — ئوقۇغۇچىلار، ھەتتا ساۋادى يېتەرلىك بولمىغان ئېلىپ - ساتارلار، ئىشسىز بالىجانلارمۇ پىكىردە ”خاسلىق“قا ئىگە ئىكەن. ھەر بىرسى: ئۇنداق قىلسا بولىدۇ، بۇنداق قىلسا بولىدۇ،... دەپ قاقشاپ ئۆز سەپسەتىسىنى يورغىلىتىپ تۇرىدىكەن. مەن كىم؟ قانچىلىك ئادەممەن؟ قولۇمدىن نېمە ئىشلار كېلىدۇ؟ نېمىلەر قىلالايمەن؟... دېگەنلەرنى ھېچ ئويلاپ كۆرمەيدىكەن. ھەركىم ئۆزىگە شۇنداق سوئال قويسا ۋە قولىدىن نېمە كەلسە شۇنىلا قىلسا، ئوشۇقىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئارىنى مۇرەككەپلەشتۈرمىسە، بەلكىم ئىشلار بىر ئاز رەتلىك بولارمىدىكىن! ھەركىمنىڭ ”ئۆز قارىشى“ بولۇشى مۇناپىقلارنىڭ ئارىمىزدا بەخۇدۇك قېلىشى ئۈچۈن يوچۇق ئېچىپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ”گۈزەللىك قارىشى خاسلىقىغا ئىگە“ دېگەندەك شەخسلەرگە بېقىشتا ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ شەخسىي ھىسسىياتىمىز، مۇناسىۋىتىمىزنىڭ قانداقلىقى بويىچە باھا بېرىمىز. بەزىلەرگە ياخشى بىلىنگەن ئادەم يەنە بەزىلەرگە ياقمايدۇ. بىر جامائە مۇناپىق دەپ تونۇۋاتقان بىرى يەنە بىرىمىزگە مەلۇم يېرى يېقىپ قالغانلىقى، يۇرتدىشىمىز بولغانلىقى ياكى كۆز قارىشىمىزغا قوشۇلىدىغان مەيدان تۇتقىنى ئۈچۈن ئوبدان ئادەم بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ باھالاش مىزانىمىز بەك تۇتامسىز بولۇپ، شۇ كىشىنىڭ بىز بىلەن بولغان شەخسىي مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ مۇناپىق، جاسۇسلىقى ياكى ئىنقىلاپچىلىقىنى بەلگىلىشىمىزگە ئۆلچەم بولۇپ قالىدۇ. (ئەسلىدە بېسىم ئىشلىتىپ ياكى ئاشكارە تەشۋىقات ئارقىلىق رەسۋا قىلىپ، ئارىدىن يوق قىلىش ئىمكانى بار بولغان) چەتئەللەردىمۇ مۇناپىقلار، گۇمانلىق ئادەملەر خاتىرجەم ياشاۋېرىدۇ. ھەممە ئادەم گۇمانلىنىدىغان بۇ ئادەم، ئۇنىڭ يۇرتداشلىرىغا ئوبدان كۆرۈنگەچكە ئۇلار تەرىپىدىن قوغدۇلۇدۇ. چۈنكى تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇرتۋازلىق تۇيغۇلىرىمىز مىللىي ھىسسىياتنى بېسىپ چۈشكەن. بىر مىسال: دىپلومات پاسپورتلۇق بىرسى ئالمۇتىدا

قاڭقىپ، ئاندىن ۋېنگىرىيەگە بېرىپ، ئاندىن تۈركىيە ئەنقەرەدە تۇرۇپ، كېيىن ئىستانبۇلغا كەلگەن. ئۇنىڭ بارلىق ئىش- ھەركىتى شۇ قەدەر گۇمانلىق بولسىمۇ، بۇ يەردىكى كاتتىلارنىڭ غۇلجىدىكى جەمەتىدىن سالام ئېلىپ كەلگەچكە بۇ يەردىكى بۇ نوپۇزلۇق "چوڭ"لار ئۇنى "شەرقىي تۈركىستان ۋەقفى" ئىچىدىكى ئوقۇغۇچىلار ياتاقلىرىغا جايلاشتۇرۇپ قويغان.

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى(CIA) تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان ك گ ب نىڭ ئىچكى ئەھۋاللىرى پاش قىلىنغان "شەھۋانىي جاسۇسلۇق" دېگەن كىتاپتا مەلۇم قىلىنىشىچە ئامېرىكىدا ئامېرىكا قوشما شىتاتلىرى ئۈچۈن ئالتۇن مېدال قازىنىپ بەرگەن مەشھۇر سپورتچىلار، يەنە شۇنىڭدەك موھىم تۆھپىلەرنى قوشقان جەمىيەتنىڭ چولپانلىرى ئىچىدىمۇ ك گ ب جاسۇسلىرى بايقالغان. بىر دۆلەتكە مىليونلاپ پۇل، شان- شەرەپ، ھۆرمەت، نوپۇز قازىنىپ بېرىپ، يەنە بىر دۆلەتنىڭ تاپشۇرىقىنى ئورۇنداپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاخبارات بېرىدىغان ئىشلارنىڭ بارلىقىنى بىزنىڭ خەلق ھېچ تەسەۋۋۇر قىلمايدۇ. بىزنىڭكىلەر ئون تىيىنلىق نەپتىن تەسىرلىنىپ كېتىپ، "ياق، ئۇ ئۇنداق ئادەم ئەمەس، ئۇ دېگەن نى- نى ئىشلارنى قىلغان... " دەپ چاپان ياپىدۇ. جاسۇسلارنى قارشى تەرەپكە ئىشەنچلىك قىلىش ئۈچۈن نىمىلەر قىلىنغانلىقى توغرىسىدا "ئەينەك" تە ئازراق توختالغان، بىراق، كىتاپ ئوقۇماي قۇلاق موللىسى بولۇپ كەتكەن خەلققە بۇنىڭ ھېچ پايدىسى بولمىدى!

***ئون بەشىنچى مىسال. قىزغىنلىقىمىز مەزگىل خاراكتېرلىق ۋە رىياكارانە.***

بىر مۇناپىققا، خائىنغا، جاسۇسقا، ئومۇمەن بىر دۈشمەنگە بىر توپ كوللىكتىپ مەلۇم ئالاھىدە شارائىت ئاستىدا ئورتاق قارشى تۇرىشى، نەپرەت بىلدۇرىشى، پوپۇزا قىلىپ كۈچ كۆرسىتىشى، ھەتتا ئۆلتۈرىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا بولىشى مۇمكىن. مۇشۇ قىزغىنلىق ئاپىرىدە بولغان زامان ئۆتۈپ كەتسە، بايىقى قىزغىنلىق تامامەن سوۋۇغان، ھەتتا پۈتۈنلەي ئۆچكەن بولىدۇ. بۇ چاغدا ھېلىقى "دۈشمەن" ئاشكارە ھالدا يۈرسىمۇ، بىر ياكى

بىرنەچچەيلەنگە خالىدا ئۇچراپ قالسىمۇ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا ئىستەكلىك بولماق تۇگۇل بىرنەچچە ئېغىز تىللاپ قويۇشقىمۇ يارىمايدۇ. گويا بۇ ئىشلار ئاللىكىملەرنىڭلا ۋەزىپىسىدەك، يەنى، ئىنقىلاپقا تەشۋىق-نەرغىب قىلىپ يۈرگەن بىرنەچچەيلەننىڭ شەخسىي ئىشىدەك مۇئامىلە قىلىشىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى نۇقتا بار: بىرى، بىزنىڭ غەزەپ - نەپرىتىمىز مەزگىل خاراكتېرىگە ئىگەنلىكى؛ ئىككىنچىسى، كوللىكتىپ ھالدا جارى بولغان غەزەپنىڭ شەخسىيلەر ھالىتىدە مەۋجۇتلۇقتىن قېلىشى. ئالدىنقىسى ھەممە مىللەتكە ئورتاق بولسا كېرەك. ئەمما كېيىنكىسى بىزگىلا خاس بولىشى مۇمكىن. كوللىكتىپ ھالدا جارى بولغان قىزغىنلىق ۋە غەزەپنىڭ سەۋەپلىرى ھەرگىزمۇ قان- قېنىمىزدىن ئورۇن ئالغان نەپرەت تۇپەيلى ئەمەس، بەلكى بىر -بىرىمىزنىڭ "سۇرى" تۇپەيلى، "رىياكارانە" شەكىلدە (يەنى، ۋەتەن سۆيمەيدىكەن، دۈشمەنگە نەپرىتى يوقكەن، دەپ قالمىسۇن ئۈچۈنلا) نامايان بولىشىدۇر. دېمەك، ئالدىنقى يازمىشلىرىمىزدا ئوتتۇرىغا قويغىنىمىزدەك، بىزدىكى ۋەتەن، مىللەت سۆيگۈسى، دۈشمەنگە بولغان نەپرەت ئاڭ قاتلىمىمىزدىكىلا ئىنكاس بولۇپ، "ئاڭسىزلىق"ىمىزغا سىڭگەن ئەمەستۇر. بۇ خىل تېز سوۋۇش مەجەزىمىزنى ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان مەغلۇبىيەتلىك نەتىجە تېخىمۇ سوۋۇتۇپ تاشلايدۇ. مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ناھايىتى كۆپ ئادەملەر دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزلىرى قىزغىنلىق كۆرسەتكەن ئىنقىلاپچىلارنى تونىماسلىققا سېلىش، نەپرەتلىك كۆز بىلەن قاراش، ئارقىسىدىن يامان گېپىنى قىلىش قاتارلىق سەلبىي ئىنكاسلاردا بولىدۇ. گويا مەغلۇبىيەتكە شۇلارلا سەۋەپچىدەك. خەلق بۇ ئىشنىڭ بىر بۈيۈك ئىنقىلاپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىدىغانلىقىنى، قىيىنلىقىنى، سانسىز قېتىم مەغلۇپ بولىدىغانلىقىمىزنى چۈشەنمىگەچكە، "قاملاشتۇرالمىغان نېمىسىگە..." دېگەن ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئەمما ئۇلارمۇ نەزەرىيە جەھەتتە دۈشمەننىڭ كۈچلۈكلىكىنى، بىزنىڭ ھېچنېمىمىز يوقلىقىنى، غەلىبىنىڭ ئاسان قولغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ- يۇ، يەنە شۇنداق تۇرۇپ، "گاچ - گۇچلا

ئىشنى پۈتتۈرەلمىدى...“ دېگەن مەنىدە ئاغرىنىش كەيپىياتىدىن خالىي بولالمايدۇ. بۇمۇ مىللەتنىڭ خاملىقى، سەۋرسىزلىكى، ئۇزۇن مەزگىللىك، ھەتتا ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملاشتۇرىلىدىغان ئىنقىلاپلارغا روھىي تەييارلىقىنىڭ يوقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

قىزغىنلىقىمىز ياكى غەزەپ- نەپرىتىمىزنىڭ مەزگىل خاراكتېرلىق بولۇشى يەنە شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاۋام خەلقتىن ئاغرىنمايلا تۇرايلى، ئىنقىلاپچىلىرىمىزدىمۇ خۇددى قارت ئوينىغان باللار قارت ئاخىرلاشقاندا ياكى زېرىككەندە توپىسىنى قېقىپلا قوپۇپ كەتكەندەك، نە خۇلاسە، نە تەجرىبە- ساۋاق، نە ھېساپ- كىتاپ خىيالىغا كەلمەستىن تارقاپ كېتىدىغان قىلىق باركەن. خۇددى بۇندىن كېيىن ئىككىنچىلەپ بۇنداق ئىشنى قىلمايدىغاندەك، بۇنىسىنى ”ئېزىپ قىلىپ سالغان“دەك پوزىتسىيىدە بولىدۇ. تارىختىكى ئىنقىلاپلىرىمىزدىمۇ قاتناشقۇچىلار خۇددى باللار ئويۇندىن تارقىغاندەك تارقاپ كېتىپ، مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن يۈرگەچكە، تارىختىن خاتىرە، ئەسلىمە يېزىلمايدۇ. كېيىنكىلەرگە ئىبرەت دەرسلىكى قالدۇرۇلمايدۇ: قەھرىمانلارنى ئەستە تۇتۇش، خىيانەتكارلارنى، مۇناپىقلارنى — ئۇلارنىڭ كېيىنكى زامانلاردىكى ئەۋلادىغىچە لەنەتلەش — ئۇدۇمى مىراس قىلىپ قالدۇرۇلمىغاچقا ھەر قېتىمقى ئىنقىلاپتا خىيانەتكارلار بىمالال ھالدا ئىنقىلاپنى سېتىپ يەيدۇ، خىجىللىق چەكمەيدۇ. چۈنكى بىز نەپرەتنى بىلمەيدىغان، دۈشمەن قارىشىمىز مۇجمەل خەلق بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۇلارنى خىجىل قىلىپ ئولتۇرمايمىز.

تەجرىبە- ساۋاق ھەققىدە توختالغان ئىكەنمىز، يەنە بىر ئالاھىدىلىكىمىزنىمۇ بۇ يەردە قەيت قىلىپ ئۆتەي: ئومۇمەن، ”ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى“، ”تەجرىبە- ساۋاق“... دېگەنلەر توپلانغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا پەسەنت قىلىپ كەتمەيمىز. تۇرمۇش، ھايات قىيانلىرى، داۋانلىرى، زىددىيەتلىرى بىۋاستە بېشىمىزغا كېلىشى، ئۆز بۇرنىمىزنى قانىتىشى كېرەك. باشقا بىرىنىڭ ساۋاقلىرى بىلەن چاتىقىمىز يوق. بۇ

بىزنىڭ ھەر بىرىمىز، ھەر ئەۋلادىمىزنىڭ ھامان ئىشنى نۆلدىن باشلىشىغا سەۋەپ بولىۋاتقان ئامىلدۇر. چۈنكى ھېچقايسىمىز "ئۇ يەردىن دادىمىز مېڭىپ بېقىپتىكەن، پۇتى تىقىلىپ كەتكەن ئىكەنمىش، بىز ئەمدى باشقا بىر يەردىن مېڭىپ سىناپ كۆرەيلى" دېمەي، بىلىمدانلىق قىلىپ، "ئۇلارنىڭ ئېپى يوقىدى، بىز بۇنچىلىك يەردىن ئۆتۈپ كېتىمىز" دېمەكچى بولغاندەك، خاتانى تەكرارلاش بىلەن خۇددى ئالدىنقىلاردەكلا پالاكەتكە قالىدىكەنمىز. ئۆزىمىزنىڭ بۇرنى قاناپ تەجرىبە- ساۋاقتا ئىگە بولغىچە ھاياتنىڭ مەنزىلى زاۋالغا يېقىنلاپ قالغاچقا ئۆزىمىز يەنە بىر يولنى سىناپ بېقىشقا ئۈلگۈرەلمەي،... ھەسرەت بىلەن كېتىدىكەنمىز. بىرسى بىلەن بىللە ياشاش، بىللە ئىشلەش جەريانىدا ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئەمەسلىكىنى (ياكى مۇناپىقلىقىنى) ھىس قىلغان، بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەقلىي خۇلاسىلەر چىقارغان بولساق، بۇلارنى باشقا سەبداشلارغا سۆزلەپ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرساق، ئەڭ سەمىمىي دوستلىرىمىزمۇ (پەقەت شۇ ياماندىن ياكى مۇناپىقتىن شەخسىيتى بىۋاستە زىيان كۆرمىگەن بولسىلا) سۆزىمىزگە ئىشەنمەيدىكەن. ھەتتا مەسخىرىلىك پوزىتسىيە بىلەن: "ھەممە ئادەمنى يامانغا چىقىرىۋەتمەيلى، سەل كەڭ قورساقراق بولايلى" دەپ "كەڭ قورساق، ئالىجاناپ"لىقنى ئىپادىلەيدۇ؛ ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ شەخسىيتى ھېلىقى ئادەم تەرىپىدىن زىيان كۆرگەن ھامان بۇ "كەڭ قورساق" قېرىندىشىمىز دەرھال ئۆزگۈرۈپ: "ئۇ پەقەتلا ناچار ئادەملا ئەمەس، نەق جاسۇسكەن ئەمەسمۇ..." دەپ بىر قەدەم ئۇزاقتا سەكرەپ چۈشىدۇ. بۇ خۇسۇسىيىتىمىزگە كۆرە بىزنىڭ "تەجرىبە- ساۋاق يەكۈنلىشىمىز"نىڭمۇ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقلىقى بىلىنىدۇ.

***ئون ئالتىنچى مەسىلە.*** ئادەت بويىچە بىزمۇ ئازادلىقىمىزنىڭ ئۈمىدىنى يېتىشكەن بىر گورۇھ ئادەملىرىمىزنىڭ بولىشىغا، بەختىسىزلىكلىرىمىزنى بولسا شۇنداق بىر گورۇھ ئادەملىرىمىزنىڭ بولماسلىقىغا باغلايمىز. مېنىڭچە بۇنىڭدىمۇ يەنە مەسىلە بار:

يېتىشىدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپى خىتاي مەكتەپلىرىدە

يېتىشىدىغان، ئاز بىر قىسمى چەتئەللەردە يېتىشىدىغان، ھېچ بىرى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە (بۇنداق مەكتەپلەر ئۆزىمىزدە يوق) ياكى تەرەپسىز مەيداندا تۇرۇپ ئۇيغۇرلارنى يېتىشتۈرۈش مۇددىئاسى بىلەن يەربىيىلەپ بېرىدىغان دۆلەتنىڭ مەكتەپلىرىدە يېتىشمەيدىغان بولغاچقا، خىتاي مەكتەپلىرى ۋە چەتئەلدە "يېتىشكەن"لەرگىمۇ ئۈمىد باغلاپ كېتىشكە بولمايدىكەن! چۈنكى، بۇ يېتىشكەنلەر نەدە يېتىشكىنىگە قاراپ شۇ يەرلىك بولۇپ كۆرۈنۈشكە تىرىشىدىغان، مىللىي كىملىكىدىن تېنىش كويىدا يۈرىدىغان بولغاچقا ئۇلاردا مىللەتنى قۇتقۇزۇۋېلىش ھەققىدىكى ھېسسىيات بولمايدىكەن. ئىلگىرى خۇددى شۇ ئوي- پىلان بىلەن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىر تۈركۈم ياشلارنى چەتئەلگە ئوقۇشقا چىقارغان ئىكەن، شۇلار قېنى؟ ئۇلار نېمىلەر قىلدى؟ ئۇندىن كېيىنكىلەرچۇ؟ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەۋەتىلگەندىكى مۇددىئاغا ئۇيغۇن بىرەر ئىش قىلدىمۇ؟ ياكى پەقەت ئۆزىنىڭ جېنىنى بېقىش بىلەنلا بولۇپ، قورساق كويىدا يۈرۈپ ئالەمدىن ئۆتۈشتىمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەيداندا، ئارتۇق ئىزاھاتقا ئورۇن يوق! چەتئەلدە "تەربىيىلەنگەن" ئۇيغۇر باللىرى ناھايىتى قىسقا مۇددەتتە شۇنداق "كاتتا" ھالغا كېلىدۇكى، ئۇلارنىڭ "كاتتىلىق"ى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنتۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. كۈلكىلىكى شۇكى، چەتئەلدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ياكى تۇرۇپ قالغان بەزى ئۇيغۇرلار تېزلا ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ، "چەتئەللىك جاناپ"قا ئايلانغىنى بىلەن، خىتايچىنى ئۇنۇتمايدۇ (مەسىلەن: تۈركىيىدە بەزىلەر يېڭى چىققان ئۇيغۇرلارلارغا تۈرك لەھجىسىدە سۆزلەپ تۇرىۋالغان، ئىپتىخار بىلەن: "ئۇيگۇرجائى ئۇنۇتمىشىز"① دېگەن. ئەمما ئۈچرىغان بىر خىتايغا خىتايچە سۆزلەپ كەتكەن! نە خىتاي ئۇنىڭدىن گەپ سورىغان بولسا، نە ئۇنىڭ خىتايغا ئېھتىياجى چۈشكەن بولسا)! خىتايدا خىزمەت قىلغانلار ياكى ۋەتەنىنىڭ ئۆزىدە بولسىمۇ، خىتايلار كۆپرەك جايلاردا ياشايدىغانلار چەتئەلگە چىققان ئۇيغۇرلاردەك تېزلا ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ،

---

①ئۇيغۇرچىنى ئۇنتۇپ كەتتۇق — (تۈركچە) —ئا.

ھەتتا خىتايچىنى قاملاشتۇرالماي، كۆلكىلىك بىر شەكىلدە سۆزلەيدىغان بولۇشىغىمۇ قارىماستىن خىتايچە سۆزلەيدىغان بولىۋېلىشىدۇ! ئۇيغۇر تىلىنى ئۇنۇتقان بۇ بىلىمدانلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قانداق خىزمەت قىلىشىغا ئەقلىم يەتمەيدۇ. چۈنكى، خىزمەت قىلىشقا ئۇندەيدىغان ئىچكى كۈچ، ئوتلۇق تۇيغۇلارنىڭ يېرىمى تىلنى ساقلاشقا رىغبەت بېرەلەيدۇ، دەپ قارايمەن.

بىر يەھۇدىينى ئون ئىككى يېشىدا بۇخاراغا ئەۋەتىشكەن ئىكەن. ئۇ شۇ يەردە ئىسلام دىنىدا يېتىشىپ، شۇ يەردە يوقۇرى دىنىي ۋەزىپە ئۆتەپتۇ. مۇسۇلمانلارنى ئىچىدىن نابۇت قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى ئۇنۇملۈك خىزمەتلەرنى بېجىرىپتۇ... ئەمما ھەممىمىزنىڭ شۇنىڭغا كۆزىمىز يېتىدۇكى، ئۇيغۇرنىڭ 22 ياشلىق، 32 ياشلىق، ھەتتا 42 ياشلىق بالىسىنى بىر يەرگە ئەۋەتسە شۇ يەرنىڭ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىپ، ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇيدۇ، قەستەن قىلمايدۇ ۋە ئۆزىدىكى شۇ ۋەزىپىدىن نومۇس قىلىدىغان بولىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئارىلىشىپ، تىلىنى ئۆگىنىپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى دۈشمىنىگە ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئاخىرىدا دۈشمەنگە چوڭ بىر زەرەر ئۇرۇش بىلەن تاماملاش — بىزگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغاندەك قىلىدۇ. بۇ يەھۇدىيلارغا توغرا كېلىدىكەن: ئۆزى تۇرۇشلۇق دۆلەتنىڭ تىلىدا ئىجاد قىلغان، ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ياشىغان، ئەمما يەھۇدىيلىكىنى يوقاتمىغان... (بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا بىزنىڭ ”ئالىم“لىرىمىزدىن بىرىنىڭ ئېنگىلىزچە ئۆگىنىۋاتقان بىرىگە ”كاپىر بولماقچىمۇ؟...“ دەپ تەنبىھ بەرگىنى، ھەتتا كۆپچىلىككە ئۇنى مۇناپىقلىق ئالامىتى بار دەپ تەسۋىرلەپ بەرگىنى ئېسىمگە كېلىپ، ئەلەم ۋە ئاچچىق يۇتتۇم! بۇ مىللەتنىڭ ھالى مانا شۇنچىلىك!). تىل ئۆگىنىش بىلەن ئۆز تىلىنى ساقلاشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالماي، يا تىل ئۆگەندۇق دەپ مىللىي تىلىمىزدىن ۋاز كېچىمىز؛ يا تىل ئۆگىنىشنى ھېلىقىدەك تەتۈر چۈشىنىپ، ساراڭلىق قىلىمىز!

گەندى[1] ئەنگىلىيە مىلىغا قارشى تۇرۇشنى چاقىرىق قىلىپ، ئۆزى باشلامچىلىق بىلەن بوز توقۇپ كىيگەن ئىكەن. بىزنىڭ بۇنىڭغا ئىمكانىمىزمۇ يوق ھەم خىتايغا بىزنىڭ خىرىدارلىقىمىز چوڭ تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بىز خىتايلارنىڭ تىل تاجاۋۇزىغا قارشى ئويغاق بولۇپ، ئىمكان بار خىتاي تىلى ئىشلەتمىسەكمۇ "گەندىچە قارشىلىق"قا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەمما بىر ئىشقا ھەيرانمەن، چەتئەللەردە ئۆزئارا خىتايچە سۆزلىشىشكە زۆرۈرىيەت نېمە؟ مەجبۇرىيەت نېمە؟ مەن تۈركىيەدە — شەرقىي تۈركىستان فوندى جايلاشقان مەدرىس ھويلىسىدا بىرنەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ خىتايچە سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، بەلكىم ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى ئوقۇمۇشلۇق كۆرسەتمەكچىدۇ! ئەمما بۇ زاغرا تىلىمىزدا دائىم دېيىلىدىغان "مازلىق"تۇر!

***ئون يەتتىنچى مىسال.*** مەخپىيەت ئېگىمىز تۆۋەن، ئۆزىمىزنى كۆرسىتىش ھېرىسمەنلىكى جانغا تاقىلىدىغان سىرلىرىمىزنىمۇ يوشۇرالماس قىلىپ قويغان.

مېنىڭ بىر دوستۇم سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ماڭا گويا مۇقەددەس بىر سىردىن ئۇچۇر بېرىۋاتقاندەك قىياپەتتە شۇنداق شىۋىرلىغىنى ئېسىمدە: "مەن كېتىۋاتقىچە تۆرت- بەش تالىپ بالا بىلەن سەپەرداش بولۇپ قالدىم. ئۇلار بارىندىكى ئىشقا چېتىشلىقى بار باللار ئىكەن، شۇڭا ھەر يەردە ئۇلارنى ئاختۇرۇپ تۇتقۇن قىلىۋاتقاچقا شىمالغا قاراپ قېچىۋېتىپتىكەن. ھەر قايسى شەھەرلەرگە تارقاپ كېتىۋېتىپتۇ. شۇڭا ئۇلار لۇكچەكلەردەك كېيىنىۋاپتۇ، چاچلىرىمۇ ھەرەڭ- سەرەڭ. قارىساڭ تۇرقىدىن لۈكچەكلىك چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئۆزلىرىنى نىقاپلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە تالىپلىقى ھەققىدە كىشلەرنى گۇمانغا سالماسلىق ئۇچۇن بوتۇلكىغا قاچىلىۋالغان سۇنى خۇددى ھاراق ياكى پىۋا ئىچىۋاتقانغا تەقلىد قىلىپ ئىچىپ ماڭدى. سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىمۇ مەستلەرگە ئوخشىتىپ، شۇنداق قاملاشتۇردىكى،...

---

[1] گەندى — ھىندىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ داھىسى — ئا.

سۆيىنىپ كېتىسەن. يول توسۇپ تەكشۈرۈۋاتقان ساقچىلارنىڭ خىيالىغا كەلمىدى، تايىنلىق. ئاپتوۋۇزدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر بولغاچقا ھەممەيلەن ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشتى. ئۇلار شە ـ شەدە بىردىن چۈشۈپ قالدى...“

شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئۇلار ئۆزىنى ئىنقىلاپ قىلىۋاتقانلار دەپ ئويلىغىنىدىن، ئەمما ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سەپەرداشلىرى ئاساسەن بىلىپتۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنى بىلىدىغانلار ھاراق ئەمەس، سۇ ئىچكەنلىكىنىمۇ كۆپچىلىك بىلىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇستىلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىشىپتۇ. بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى نۇقتا بار: بىرى، خاملىقىمىز تۈپەيلى ئىنقىلاپچى ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىلىقى بىلەن سەپەرداشلىرىنى تەسىرلەندۈرۈشكە قىزىقىپ كېتىپ، مەخپىيەت پىرىنسىپىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويغان، بۇنىڭدا مەن- مەنلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىسى، ھەۋەس قىلغۇچىلارمۇ ئۇيغۇر بولغاچقا ”ھەۋەس“ قىلغان، ھېچكىمنىڭ خىيالىغا: ”ۋاي ئەخمەقلەر، مانا شۇنداق بىلىندۈرگىلى تۇرۇشساڭ، قاچانغىچە ئامان قېلىشىسەن؟ بۇ ھالىڭلاردىن قارىغاندا قولۇڭلاردىن چوڭ ئىش كېلىشى ناتايىن!“ دېيىش كەلمىگەن.

***ئون سەككىزىنچى مىسال.*** ھەرقانداق ئىش، ھەرقانداق سۆزگە ”مىللىي“ كۆز بىلەن قاراش، شۇنداق ئۆلچەش، شۇنداق باھالاش، شۇنداق مەنا بېرىشنى بىلمەيمىز.

بۇ تۈپەيلى نۇرغۇن پايدىلىنىشقا تېگىشلىك يوچۇقلار ھېس قىلىنمايدۇ؛ دۈشمەننىڭ جىنايىتى ھېساپلىنىدىغان نۇرغۇن قىلمىشلار نەزەردىن ساقىت بولۇپ قالىدۇ؛ ئازادلىق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن تەشۋىقاتتا پايدىلىنىدىغان نۇرغۇن پاكىتلار ئۇنتۇلىدۇ. بىز پەقەت گەپتىن- گەپ چىقىپ تېمىغا توغرا كېلىپ قالغاندا ”ئۆزىمىزنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكى“نى ئىسپاتلاش ئۈچۈنلا شۇ مەۋزۇدا پاراڭ ئېيتىپ قويغىنىمىز بىلەن، نېمە دۈشمەن جىنايىتىگە دائىر پاكىت بولىدۇ؟ نېمە مىللەت ئۈچۈن كېرەكلىك مەنپەئەتلىك نەرسە،... دېگەن شەكىلدە ھۇشيار، سەزگۈر ھالەتتە

ئەمەسمىز. مەسىلەن: كونا ئىنقىلاپچىلارنىڭ نۇرغۇنىنى خىتايلار قاتتىق قىيىن- قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرىۋەتكەندىن كېيىن بالا - چاقىلىرىدىن ”دادام ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلدى، باشقا داۋا- دەستۈرىمىز يوق...“ دېگەن مەزمۇنلاردا تىلخەت ئالغان. ئەپسۇسكى، ئۇلار ھۆججەت بەرگەن، ئەمما جەسەتنى سۈرەتكە تارتىۋېلىش، شاھىتلار گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق جىنايى پاكىتنى ساقلاپ قويۇش يادىغا يەتمىگەن. بوسنادا، كوسوۋودا ئۆلتۈرۈلگەنلەر سانى ۋە ئېچىنىشلىقى جەھەتتە بىزدىكىدىن كۆپ تۆۋەن بولسىمۇ، ئۇلار ئويغانغان، پىشقان مىللەت بولغاچقا بۇنداق پاكىتلارنى توپلاشقا، دۇنياغا ئاڭلىتىشقا سەل قارىمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى ئالاھىدە جانلىق كۆرسەتتى. بۇ جەھەتتىكى ئەپسۇسلۇق كەيپىياتىغا يەنە بىر قېتىم ئىراق تۈركلىرىنىڭ كۆرگەزمىسىنى كۆرگەندە كەلدىم. كۆرگەزمىگە نۇرغۇن فوتو سۈرەت قويۇلغان بولۇپ، ئۆلتۈرلگەنلەرنىڭ قانداق ۋەھشىيانە ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى جانلىق ئىپادىلەيتى. بىز بۇ ئىشقا ئۇ قەدەر ئەھمىيەتسىز قارىغىنىمىز بىلەن، خىتايلار ئۆزى يىقىلىپ چۈشۈپ بېشىنى يېرىۋالغان خىتايلارنىمۇ، ھەتتا ئۆزلىرى قىيناپ ئۆلتۈرگەن ئۇيغۇرلارنىمۇ سۈرەتكە تارتىۋېلىپ، خەلقئارا جامائەت پىكرىنى ئالداش ئۈچۈن تەشۋىقاتتا ”دەلىل“ سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ”ئۇيغۇر تېرورىستلىرى مانا شۇنداق ۋەھشىلىكنى قىلدى“ دەپ بىزنى سەت كۆرسەتمەكتە. مىڭلارچە ئەپسۇسكى، بىزنىڭ چەتئەللەردىكى تەشكىلاتلىرىمىز بۇنداق تۆھمەت خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتلارغا جاۋاپ بېرىشكىمۇ ”چولى تەگمەي“ يۈرۈشمەكتە! بولمىسا ئۇلارنىڭ شۇئارى ”تېنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش“! ئۇنداق بولغاندىكىن تەشۋىقاتنى بولسىمۇ تۈزۈكرەك قىلسا بولاتتى. ئۇلار پەقەت يالغان خەۋەرلەر بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئالداشنى تەشۋىقات دەپ قارىسا كېرەك. ئۇيغۇرنىڭ ئىشىنى ئۇيغۇرغا دەپ بېرىشنىڭ ئەھمىيەتسىزلىكى توغرىسىدا كۆپ توختالدۇق، ئەگەر چەتئەللەردە ئىش قىلىنىدۇ، دېيىلسە پەقەت باشقا مىللەتلەرنى خىتاينىڭ يالغان ۋە تۆھمەت خاراكتېرلىق تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ

كېتىشتىن توسۇپ قېلىشتىن ئىبارەت قارشى تەشۋىقاتتىلا قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ چەتئەللەردە قىلىنىدىغان "ئىنقىلاپ"نىڭ ئەڭ موھىم بىر مەزمۇنى ئىدى.

***ئون توققۇزىنچى مىسال.*** "پادا باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق" دېگەندەك، سەل- پەل ئورنىمىز ياخشىلانسىلا مىللەتنىڭ قىسمىتىنى ئۇنتۇيمىز.

ياخشى تاماق ئالدىغا كەلگەندە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلىرى — ئاتا - ئانىسى، بالىلىرى يادىغا يەتكەندەك، شەرەپ سەھنىسىگە چىققاندا دۇنيانىڭ دىققەت ـ نەزىرىدىن چەتتە قېلىۋاتقان مىللىتىنى يادىغا ئېلىپ، مىللەت ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش بىزنىڭ نامدارلارنىڭ يادىغا يەتمەيدۇ. مەسىلەن: دىلبەر يۇنۇس دېگەن بىر ناخشىچىمىز بولغان. فىنلاندىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق يوقۇرى ئاۋازلىق، دولقۇنسىمان ناخشا فېستىۋالىدا دۇنياۋىي شۆھرەت قازانغان. ئەمما ئۇنىڭدا ھېچ مىللىي تۇيغۇ بولمىغاچقا بۇ شان- شەرىپىگە ھېرىس جامائەت ئالدىدا مىللەت، ۋەتەن ھەققىدە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا يارىمىغان! ئەكسىچە خىتاي بىلەن تىوي قىلىپ، مىللەتكە ئاھانەت كەلتۈرگەن! كېيىنكى چاغلاردا شۋېتسىيىگە يەرلەشكەن بۇ خوتۇننى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىر يىغىلىشقا چاقىرغان ئىكەن، كېلىپ بىر- ئىككى ناخشا ئوقۇپ بېرىپتىمىش، ئەمما بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىش تەكلىۋىگە قارىتا غەلىتە بىر خىل چۆچۈش، ئەندىكىش ئارىلاش كەيپىياتتا: "ياق! ياق! مېنى ئۇنداق ئىشقا زورلىماڭلار! ئۇنداق يىغىنلىرىڭلارغىمۇ چاقىرماڭلار! سىياسىي بىلەن ئىشىم يوق!..." دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، دەرھال يىغىن مەيدانىدىن ئايرىلىپتۇ! ئون مىڭ كىلومېتىرلاپ يىراقتىكى خىتايدىن قورقۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇستازى خىتاي بولغاچقا ئۇنىڭ يۈز- خاتىرىسىنى قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكىدە قانداق بىر تۇيغۇ ھۆكۈمراندۇ؟...

يەنە بىر سۇ ئۈزۈش چېمپىيونىمىز بولغىنىدىن سۆز ئېچىشىدۇ. ئۇ كېيىن تۈركىيە پۇخراسى بولغانمىش. ئەمما ئۇنداق بىر ئىنساننىڭ

مەۋجۇدلىقىنى ئۆزىدىن باشقا قانچە ئۇيغۇر بىلىدىكىن تاڭ!؟ ئۇ شۇ چىمپيونلۇقىنى بىرنەچچە زامان ساقلىسا، ئەلۋەتتە كەسپتە داۋام ئەتسە، شان- شەرىپىدىن پايدىلىنىپ، شۇ سەھنىدە بىر ئىبغىز گەپ قىلىپ قويسا، داھىلىرىمىزنىڭ يىللاپ ئاچقان قۇرۇلتايلىرىدىن تەسىرى كۈچلۈكرەك بولاتتى! ئەمما بۇ قىرىندىشىمىز بارلىق باشقا قىرىنداشلاردەك تىجارەت دەۋىلىۋاتقان "چاپانچىلىق"ىمىزغا چۈشۈۋالغانىكەنمىش! باشقا مىللەتلەر بىرەر كەسپتە ئۇنچىلىك يۇكسىلىپ قالسا پىشىنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ، ئەمما بىز كۆتۈرمىكەشلىك تىجارىتى بىلەن ساياق يۇرۇشكە تىخىمۇ ھىرىس بولغىنىمىزدىن بىرەر سىپى بار، ئىتىمۇ بار كەسپكە قىزىقمايمىز! كاشكى قىلىۋاتقىنىمىز ھەقىقەتەنمۇ بۇگۇنكى دۇنيادا تىجارەت دىيىشكە بولغىدەك تۇزۇك تىجارەت بولسا!

بەك باغلىنىشى بولمىسىمۇ گەپكە گەپ كەلگەندە قوشۇپ قويسام زىيىنى بولماس، ھەممىگە ئوخشاش ئىمكانىيەت بىرىدىغان تۈركىيىدە قازاقلارنىڭ شىركەتلىرى، فابرىكىلىرى، ئەڭ بولمىغاندا ئۆزلىرىگە تەۋە بىنالىرى بارىكەن (ھەتتا قىرغىزلار كىيىنكى زاماندا كەلگەن بولسىمۇ چوڭ- چوڭ شىركەتلەرنى قۇرۇپ، پۇتۇن مەملىكەت مىقياسىدا سىتىلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىۋىتىپتۇ). دۆلەت مەمۇرلىرى، بىلىم ئادەملىرى، مۇتىخەسسىسلەر بارىكەن. يۇگرەپ يۇرۇپ "تىجارەت" قىلىدىغان چاپانچىلار ئاساسەن يوقكەن. مانا بۇلارنى ئويلىغاندا پۇچۇلۇنۇپ تۇگىشىپ كىتىسەن! نىمە قىلىش كىرەك؟ ھەر بىر ئۇقۇمۇشلۇق ئۇيغۇر، شەرقىي تۈركىستانلىقمەن دەيدىغان ئۇيغۇر سالماق ئويلىمىقى لازىم!

بۇ جەھەتتە بىز ئۆزىمىزنى باشقا مىللەتلەر بىلەن سىلىشتۇرۇپ كۆرۇپ بىقىش ئۇچۇن بىر نەچچە مىسال كەلتۇرەيلى:

رۇسىيەدىن يەھۇدىيلارنىڭ كۆچىشىگە توسالغۇ پەيدا قىلىش ئۇچۇن سوۋىت ھۆكۇمىتى 10 — 13 مىڭ دوللار تەربىيلەش ھەققى تاپشۇرۇشنى شەرت قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئىسرائىلىيەگە كۆچىشىگە پۇتلاشقاندا دىموكراتىك دۆلەتلەردىكى نامدار يەھۇدىيلار شۇ دۆلەت ھۆكۇمەتلىرىگە

بىسىم ئىشلىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئەيىپلىتىپ، بۇ بەلگىلىمىنى قالدۇرغۇزغان. بىزنىڭ ھازىر چەتئەللەردە ئوقۇۋاتقان، ئوقۇپ بولغانلاردىن كەلگۈسىدە شۇنداق نامدارلار بولغان تەقدىردە شەرقىي تۈركىستان ۋە خەلقى توغرىسىدا بىرەر ئىش يا تەلەپتە بولىشىغا ئىشىنىشكە بولارمۇ؟

يەنە پولشا ئالىمى مارىيە كىيورى خانىمنىڭ نامى چىققان ۋاقتتا ئاسارەتتىكى ۋەتىنىنى[①] ئۇنۇتماي، ئۆزى بايقىغان رادىيئاكتىپلىق ئېلمېنتقا مىللىتىنىڭ نامىنى بېرىشىنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە بولىدۇ(بۇ ھەقتە تەپسىلىرەك يەنە توختۇلىمىز).

***يىگىرمىنچى مىسال.*** بىزنىڭ خەلقىمىز مۇستەملىكچى ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقىي دۈشمەن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەممە ئورگىنى بىز ئۈچۈن ئادالەتچى ئەمەسلىكىنى، ھەممە خادىمى ئوخشاشلا جاللات ئىكەنلىكىنى رەسمىي تونۇغىنى يوق.

خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملىرىمىزمۇ "بېشىغا كۈن چۈشسە" ھۆكۈمەتكە دەردىنى ئېيتىش مەيدانىدا. ھەمىشە نارازىلىق بىلەن كوتۇلداپ تۇرىدىغانلارمۇ يەنە ھۆكۈمەتكە ھال ئېيتىش پوزىتسىيىسىدە. بۇنىڭدىن ئۇلار بالاقازانىڭ مەنبەسى ھۆكۈمەت ئەمەس، قانداقتۇر باشقا بىرى، ھۆكۈمەت بولسا ئوتتۇرىدا خالىس، دەپ تونۇيدىغانلىقىنى، ئېڭىدا بۇنداق تونۇمىسىمۇ، ئاڭسىزلىقىدا شۇنداق ئادەتلىنىپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىش تەس ئەمەس. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ تاجاۋۇزچىلارنىڭ ھۆكۈمىتى ئىكەنلىكى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن ھەتتا خىتايلار بىلەن بولغان ماجرالاردىمۇ بۇنى ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىدىغان، گويا ئۇ ئادالەتلىك، ئۇ خالىس، ھەر ئىككى تەرەپكە يان باسمايدىغاندەك بالىلارچە قاراشنىڭ بارلىقىنى ھەر دوقمۇشتا چېلىقتۇرۇپ تۇرىمىز! ھېچقانداق بىر ئاسارەتتىكى خەلق بىزنىڭ خەلقىمىزدەك دۈشمەن ھاكىمىيەتنى داۋالىرىنىڭ قازىسى، دەردىنى تىڭشايدىغان "چوڭى"

---

① بۇ چاغلاردا پولشا رۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى ئىدى — ئا.

ھېساپلىمىسا كېرەك.

مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمدىن بىرى بىر كۈنى كوچىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، دەرت ئېيتىپ كەتتى، خىتايلاردىنمۇ شىكايەت قىلدى، ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمەي گۇمان بىلەن قارايدىغانلىقىدىن داتلاپ، ئۆزىنى ”ئىنقىلاۋىي ئىدىيىدىكى“ كىشى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشتى، ئەمما شۇنداق بىر سەتچىلىك ئارقىدىن زاھىر بولدىكى، ئۇنىڭ ئاغرىنىشلىرىدىكى كونكرېت مىساللاردىن بىرى شۇنداق ئىكەن: ”مېنى مىللىي ھىسسىياتى كۈچلۈك دەپ ئارقامدىن گېپىمنى قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بەشىنچى قېتىم پارتىيىگە كىرىش مەسىلەم ھەل بولماي، رەت قىلىندى“! بۇ نەقەدەر سەتچىلىك- ھە!؟ ئۇ شۇنچە ئۇزاق ئاغرىنىشلىرىدىن كېيىن ئەسلىدە ئۆزىنىڭ كومپارتىيىگە ئەزابولۇش ئارزۇسى يەردە قېلىۋاتقانلىقىغا پۇچۇلۇنۇپ كېتىۋاتقىنىنى بىلدۈرۈش بىلەن مېنىڭ ھە- ھۇ دەپ ھىسداشلىق قىلىۋاتقان قىزغىنلىقىمنىڭ بېلىگە تەپتى! بەكمۇ ھەيران قالدىم. ئەسلى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ غايىسى كوممۇنىستىك پارتىيىگە شەرەپ بىلەن ئەزا بولماق ئىكەن! بۇ خېلى ئۇقۇمۇشلۇق بىرسىنىڭ ئەھۋالى!

ئەمدى ئوقۇمىشلىرىم ئىچىدە دىتىمغا يېقىپ قالغان بىرنەچچە سۆزنى ئەھۋالىمىزغا ۋە بىزدەكلەرنىڭ ئەھۋالىغا توغرا كېلىدىغان ھېساپلاپ خۇلاسە ئورنىدا شۇ يەرگە تىركەش بىلەن بۇ ئۇزۇن ھەم چۇۋالچاق ماقالەمنى ئاخىرلاشتۇرماقنى ئىستەيمەن:

ئاللاھ قۇرئانى كەرىمدە ئېنىق قىلىپ: ”**بەندىنىڭ تىرىشچانلىقىغا يارىشا نەسىۋە باردۇر**“ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ يەردە ”كاپىر بەندە“ ياكى ”مۇسۇلمان بەندە“ دەپ ئايرىلمىغان. دېمەك، بۇ كۆرسەتمە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاقتۇر. غەرپلىكلەرنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى بۇگۈنكى پاراۋان ھايات بولغان. مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن بىزنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى ئۈچۈن كۆچەت تىكىش، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن جاپا چېكىش روھىمىزنىڭ يوقلىقىنىڭ نەتىجىسى ھەم بۇگۈنكى قىسمىتىمىزدۇر.

”بىر مىللەتتە، ماھىيەتلىك بولمىغان پايدا ـ زىيان ئۇستىدە ھېساپ-

كىتاپ قىلىپ يۇرمەيدىغان، ھەرقانداق شەخسنىڭ ئىجادىيىتىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ۋەزىيەت، دەماللىققا قوبۇل قىلالمايدىغان غەلىتە قاراشلارنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالمايدىغان ھەمدە مۇشۇنداق قاراشلار تۈپەيلى بەزى-بەزىدە كېلىپ چىقىدىغان تەتۈرلۈكلەرنى ئالدىراپ جازالىمايدىغان، مىللەت رەھبەرلىرى تالانتلىق ئادەملىرىنى كۆپلەپ يېتىشتۈرىدىغان ۋە مۇھىم مەدەنىيەت ئەرباپلىرىنى چىن قېرىنداشلىق بىلەن قوغدايدىغان روھنىڭ بولىشى — شۇ مىللەت ياكى شۇ مىللەت ئەزالىرىدىكى يېڭىلىق يارىتىش قۇدرىتىنى زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇش، ئىجادىي قۇدرەتنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ يول ئېچىپ مېڭىشتىن ئىبارەت چوڭ ئىدىيىۋي ئازادلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ جەھەتتە ئويغىنىش - ئويغاناسلىق بىلەن باشقىلارنىڭ ئۈنچىۋالا كارى بولمايدۇ. ئويغانمايمۇ بىر مەھەل بالا - قازاغا يولۇقماي ئۆتكىلى بولىدۇ. ئەمما، ئويغاناسلىق مىللەتكە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىنىڭ بىمارلىقى بولۇپ، ئىجادكارلىقى يوق بۇنداق خەلق مەنەۋىي جەھەتتىكى گادايلىقى تۈپەيلى ئۆزىنىڭ تۈرلۈك چىمەنلىرى ۋە بايلىقلىرىنى يوقۇتۇپ قويۇپ، ئۆزىدە دۇنيانىڭ كۆزىگە گۈلچىمەن كۆرسىتىدىغان قۇدرەتنىڭ يوقلىقىدىن باشقىلارنىڭ چىمەنلىرىگە قول ئۇزىتىپ، ھەر بىر تال گۈل ئۈزگەندە ئابرويىنى بىر دەرىجە يوقۇتۇپ خورلىنىدۇ. ھە دېسىلا ئۆزىنى بۇنداق خورلاپ يۈرىدىغان مەجرۇھ خەلقتىن باشقا مىللەتلەرمۇ زېرىكىدۇ. شۇ مىللەت ئەزالىرىمۇ زەردىگۆش بولۇپ، روھى چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ“[1] مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن ئۇيغۇرلارنىڭ قۇربان بېرىش روھى، ئەتە ئۈچۈن ھۇل سېلىش روھى، كۈز ئۈچۈن ئېكىن ئېكىش روھى بولمىغانلىقى، دەرھال ھوزۇرلىنىش، ھېلىلا پايدا- زىيانى ئايرىش خۇسۇسىيىتىگە كۆرە مانا ئەمدى ھە دەپ غەرپنى

---

[1] ئىسلامجان شېرىپنىڭ ”ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك ئامىللارنى تونۇش“ ناملىق ماقالىسىدىن (شەرقىي تۈركىستاندا چىقىدىغان ”ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى“ نىڭ 1999\3 ـ سانىدىن) ـــ ئا.

تىللايدىغانلارمۇ ”غەرپنىڭ گۈلچىمەن“لىرىگە دىۋانىلارچە قول سوزۇدىغان، ھەتتا يۇرتلىرىغا ياكى باشقا شەرق دۆلەتلىرىگە پاتمىغانلىرىدا غەرپكە كېتىپ جان قايغۇسىدىن ھەقىقىي تۈردە قۇتۇلىدۇ. ھەقىقىي تۈردە مەپكۇرىسىنى ئاشكارە جاكالاش ئىمكانلىرىغا ئېرىشىدۇ ۋە بۇ تۈپەيلى جازالانمايدىغان مۇھىتقا ئېرىشىدۇ. بۇلارنى ئويلىغاندا نومۇس قىلماي تۇرالمايسەن! سانسىزلىغان ”نېمە ئۈچۈن؟“لەر كاللاڭدىن كەچمەي قالمايدۇ. ئەمما جاۋابىمۇ ئاددىي ۋە ئېنىق: ”چۆجىنىڭ شۇملۇقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق“!

1998-يىلى دىكابىر، تاشكەنت. 2001- يىلى، ئىستانبۇل.

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مىللىي ساپاسى

بولشېۋىك ئىمپېرىيىسىنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈمرانلىق قىلىشى نەتىجىسىدە، كوممۇنىستلارنىڭ دۈشمەنلىكى، بۇزغۇنچىلىقى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئاساسەن ئىككى نۇقتىدا گەۋدىلىك بولغان: بىرى، مىللىي چېگرانى يوقۇتۇپ، ئومۇمىي ”سوۋېت ئادىمى“ يارىتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلار مەلۇم ئۇنۇملەرگە ئېرىشكەن — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەردە مىللىي تۇيغۇ ئۆلگەن، غۇۋالاشقان ياكى مەزمۇنى بۇرمىلانغان؛ ئىككىنچىسى، ئاتېزىم تەربىيىسى نەتىجىسىدە دىنىي ئېتىقاد ئىزدىن چىققان.

بۇ ئىككى خىل ئامىل ئىنسانلارنى ئىنسانغا ئوخشىتىپ تۇرۇشتا ئىنتايىن موھىم ئامىللار بولۇپ، ئۇنىڭسىز، ئىنسانلار ”ئۇسكەك ئۈي“دەك كېتىۋېرىدىغان، مېھرى- شەپقەت، قېرىنداشلىق ئۇقۇملىرىنى ئانچە تەن ئېلىپ كەتمەيدىغان، ئەخلاق چېگرالىرى ئېچىۋېتىلگەن غەلىتە ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ.

مىللىي چېگرا بۇزۇلغان ياكى دەز كەتكەن ھالدىكى ئاڭنىڭ نەتىجىسى شۇ بولغانكى، بۇ خەلقلەر مۇستەملىكە دەۋرىنى ھەسرەت بىلەن سېغىنىدىغان، مىللىي خورلۇق ھېس قىلىشنىڭ ئەكسىچە شۇ دەۋردە ئىستىلاچى ھاكىمىيەتكە قىلغان خىزمەتلىرىدىن پەخىرلىنىدىغان، تېخى ئالدىنقى بىر ئەۋلادنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلىپ، بۇ زېمىننى قانغا بويىغان جاللاتلارنى شۇنچە چاپسانلا قېرىنداش، ھەتتا قۇتقازغۇچى نىجاتكار ھېساپلاش، شۇنداقلا شۇ دۈشمەنلەر قىلغان نەيرەڭۋاز تەشۋىقاتلاردىن بېشى

ئايلىنىپ كېتىپ، دوستنى دۈشمەن، ھېچ بولمىغاندىمۇ "يامان خەلق" ھېساپلاش ئەنە شۇ سەۋەپلەردىندۇر.

"تۈرك" سۆزى تارىخقا تەئەللۇق ئاسارە- ئەتىقىغە ئايلىنىپ قالغان، بۇ پەقەت تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن سۆز تېمىسى ھېساپلىنىدىغان، پۈخراغا ئالاقىسى يوق ھالغا كەلتۈرۈلگەن.

ئىمپېرىيىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن مىللىي دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن كېيىن مۇستەقىللىق ئالغان خەلقلەردە مىللىي تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىدى (ئەمما بۇ تەبىئىي ئويغىنىش ئەمەس، سوغۇق سۇ سېپىپ ئويغىتىۋېتىلگەن ئادەمنىڭ ئەندىكىپ، ئوڭ- سولىنى ئاڭقىرالماي قالغىنىدەك، بېشىغا كېلىپ قالغان رېئاللىقنىڭ زورىدىن بولغاچقا راۋاجى نورمالسىز، نىشانى نائېنىق، تاللانغان يولمۇ تارىخىي مىللىي ئەنئەنىلەردىن كۆرە، مۇستەملىكىدىن مىراس قالغان ئەندىزە ئىچىدە). ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىللىشى ۋە يېتەكلىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان ياكى شۇنداق قىلىش كېرەك بولغان بۇنداق ئويغىنىش دولقۇنىدىن دۆلىتى يوق مىللەتلەر نەسىۋىدار بولالماي، ئاتىسىز يېتىمدەك، يەنىلا قايمۇققان ھالدا ئومۇمىي "سوۋېت ئادىمى" تۇيغۇسىدىن تولۇق چىقالماي يۈرمەكتە.

مىللىي ھىسداشلىق رىشتىسىدىن شەكىللىنىدىغان مېھرىۋانلىق، دوستانىلىك، "ئۆز"لۈك تۇيغۇسىنىڭ ئۆچىشى، غۇۋالىقى، دىنىي چەكلىمىدىن "ئازاد بولۇش" ئىنسانلارنى قانداق بۇزىدۇ؟ ھەممە جىنايى ئىش قانۇن ئالدىدا، شاھىتلار ئالدىدا قىلىنمايدۇ. جىنايەت ھامان خىلۋەتتە ئىشلىنىدۇ؛ ئەخلاقسىزلىقمۇ خىلۋەتتە ئىشلىنىدۇ. ئۇ ھالدا بۇ جىنايى قىلمىش، ئەخلاقىي بۇزۇقچىلىقلارنى قانۇن چەكلىيەلمەيدۇ. قانۇن پەقەت بىلىنىپ قالغان جىنايەتلەرنى، پاش قىلىنغانلىرىنى جازاغا تارتىدۇ. قانۇننىڭ جازا ۋەھىمىسى بىر تۈركۈم ئادەملەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئىستەكلىرىگە چەكلەش رولى ئوينىيالىسىمۇ، جىنايەتنىڭ مەخپىي ئىشلىنىش ئالاھىدىلىكىگە كۆرە يەنە نۇرغۇن ئادەملەردە "كۆرمەي قالار، بەلكىم" دېگەن جىنايى ئۈمىد ئۇنى ھەرئان ناشايان شۇملۇقلارنى قىلىشقا

ئۆندەپ تۇرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن (قانۇننىڭ جازا ۋەھىمىسى ئىنسانلارنى جىنايەتتىن تولۇق چەكلىيەلمەيدىكەن)، ئىنساننى ئىنسانىيەتسىز قىلىقلاردىن، جىنايەتتىن چەكلەپ تۇرىدىغان، ھەرقاچان ئىنساندىن ئايرىلمايدىغان، ئەڭ خالىي جايدىمۇ ھەمراھ بولىدىغان بىر خىل ئىچكى چەكلىمىنىڭ بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. دەل شۇ چەكلىمە — ئېتىقادنىڭ چەكلىمىسىدۇر! ئاللاھنىڭ ئەڭ مەخپىي سىرلارنىمۇ، ئەڭ يوشۇرۇن شەيئىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقى قورقۇنچىسىدۇر! مىللىي تۇيغۇ، مىللىي ئەنئەنە ۋە مىللىي ئادەت قاراشلىرىنىڭ چەكلىمىسىدۇر! دېمەك، ئىنساندا مۇشۇ ئىچكى چەكلىگۈچى ئامىللار بولمىسا ئىنسان نېمە بولىدۇ؟ بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئۇنچە قىيىن بولمىسا كېرەك.

ستالىن ”ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى“ ناملىق كىتابىدا مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى موھىم ئامىللار قاتارىدا تېرىتورىيە بىرلىكىنىمۇ سانىغان ۋە بۇنىڭغا مىسال قىلىپ، ئەنگلىيىدىكى ئېنگلىزلار بىلەن ئامېرىكىدىكى ئېنگلىزلار گەرچە بىر مەنبەدىن بولسىمۇ، تېرىتورىيىنىڭ ئايرىملىقى تۈپەيلى تەدرىجى ھالدا باشقا- باشقا مىللەت بولۇپ شەكىللەنمەكتە، دېگەنىدى. ماركسىزمچىلار مانا شۇنداق تېئورمىلىرىنى راست قىلىش ئۈچۈن يېرىم ئەسىر كۆرەش قىلىش نەتىجىسىدە ئىككى كوممۇنىست ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولۇپ قالغان مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەنە شۇنداق بىر ھاڭ شەكىللەندۈرگەنلىكىنى سېزىۋېلىش تەس ئەمەس. خىتايلار بولسا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇرتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆز مۇستەملىكىسىدىكى شەرقىي تۈركىستاندا بارلىقىنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماقتا! مەسىلەن: ئۇلار قىرغىزىستاندىكى قىرغىزلارنى ”جىرجىسى“[1] ، شەرقىي تۈركىستاندىكىلەرنى ”كىركىزى“[2] دەپ ئاتايدۇ. خىتايچە خەت بىلەن

[1] jierjisi — 吉尔吉斯— ئا.
[2] كىركىزى — 柯尔克孜(keerkezi) — ئا.

يېزىلىشىدىمۇ پەرقلىق خەتلەر ئىشلىتىلىدۇ؛ يەنە تاتارىستان تاتارلىرىنى ”دادا[1]“ ، شەرقىي تۈركىستاندىكى تاتارلارنى ”تاتائىر[2] “ دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ ھەم خىتايچە يېزىلىشى پەرقلىق. بۇ باسقۇنچى تەبىئەتلىك خىتايلارنىڭ بىر شۈملۈق ئۈچۈن ئالدىن تاشلانغان ”يىپ ئۇچى“ ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى مىللەتلەر ۋە مىللىي مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىپ، خاس سىياسىيونلارنى پايدىلىنىش ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەيدىغان تەتقىقاتچى خىتايلار ئوتتۇرا ئاسىيادا بولغان سىياسىي، جۇغراپىيىۋىي ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن، بۇ ھالەت بىزگە قانداق سەلبىي تەسىر بېرىشى مۇمكىن؟ دېگەن تېما ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە سىياسىيونلارغا ”بىزدە قىرغىز يوق، قازاق، ئۆزبېك، تاتار دېگەنلەر يوق! دەپ كەسكىن تېنىش كېرەك“ دېگەن مەسلىھەتنى بەرگەن. ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆزىنىڭ خېتى (خىتايچە خەت مەنىسى)نى پاكىت قىلىش كېرەك. يەنى، «بىزدە جىرجىس يوق، بىزدىكىسى كىركىز،...» دېيىلا بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئانچە ئاسان قىزىرىپ كېتىدىغان مىللەت ئەمەس.

ئەسلى گېپىمىزگە كەلسەك، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەنە شۇنداق غەرەزلىك يۇرگۈزۈلگەن كوممۇنىست سىياسەتنىڭ ئېچىنىشلىق مەنزىرىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. مىللىي تۇيغۇ زېمىنىدىلا بولىدىغان ”ئۆزلۈك“ تۇيغۇسىنىڭ ئۆچۈشى بىلەن بىر خىل ئەخلاقسىزلىقتا مەنسۇپ بولغان سەمىمىيەتسىزلىك، بىر مىللەت تۇرۇپ بىر- بىرىگە گۇمان، دۈشمەنلىك ھېسسىياتىدا قاراش، ”بىر تۈكنى بولسىمۇ يۇلۇۋېلىش“، ”ھەر ئامالىلار بىلەن شۇلۇۋېلىش“تەك غەلىتە مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

قىلچىلىك شەخسىي ئىش، ئەرزىمىگەن شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈن پۈتۈن مىللەتنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى سېتىش ئۈچۈن قانداق روھى

---

[1]دادا — 鞑靼(dada) — ئا.

[2]تاتائىر — 塔塔尔(tataer) — ئا.

تەييارلىق بولۇشى كېرەك؟ تەبىئىيكى، ئۆزىنى بۇ مىللەت بىلەن ئالاقىسىزدەك ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسى كېرەك! بۇ بولسا مىللىي تۇيغۇلار بۇزۇلغان، مىللىي مۇھەببەت ئۆچكەن ئەھۋالدىلا بولىدۇ.

بىشكەكتە ۋەتەندىن چىققان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ قولغا ئېلىنىشى بۇ يەردىكى بەزى ئادەملەرنىڭ دىلىدا ھېسداشلىق قوزغىمايلا قالماي، ئەكسىچە، "ئاتامنىڭ ئۆلگىنى ئانامغا ياراشتى، تەلپىكىنى ئىتلار تالاشتى" دېگەندەك، بىر خىل تىجارەت يولى، پۇل تېپىش پۇرسىتى بولۇپ قالدى. ئۇلار باشقا ھېسداشلىق قىلغۇچى ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ قولغا ئېلىنغۇچىلارغا بولغان مۇھەببىتىدىن پايدىلىنىپ، "مۇنچە پۇل بەرسەڭلار مەن قۇتقۇزۇپ چىقىمەن" دېگەندەك رەزىل ئۇسۇل ۋە باشقا مۇناسىۋەت قولايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ "تىجارەت" قىلىشتى.

بۇ خىل نورمالسىز مۇناسىۋەت تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: توي قىلىش، خىزمەت، تىجارەت شېرىكچىلىكى، ساتقۇچى- ئالغۇچى مۇناسىۋەتلىرى،...

توي قىلىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا مىللىي چېگرانىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى روشەن كۆرىۋالغىلى بولىدىغان نۇرغۇن مىساللارغا دۇچ كېلىمىز. شەرقىي تۈركىستاندىمۇ خىتايلار بىلەن ياكى باشقا مىللەتلەر بىلەن توي قىلىدىغانلار بار، لېكىن پەرق شۇ يەردىكى، ئۇ يەردە توي قىلغۇچى ئەنە شۇ داشقايناق مۇھىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ھېسسىياتى بۇزۇلغانلىقى تۈپەيلى بارلىققا كەلگەن بۇ توي ئاتا- ئانا بولغۇچىلارنىڭ قارشىلىقى، نارازىلىقى، قارغىشى، قاتناشماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇرۇق- تۇققانلار، ھەتتا بۇ ۋەقەنى ئۇققان ھەرقانداق بىر كىشى بىرەر ئېغىز لەنەتلەيدىغان گەپ قىلماي قالمايدۇ. ئەمما ئورتا ئاسىيادا بولسا بۇ تەبىئىي ۋە نورمال ئىشتەك قارشى ئېلىنىدۇ.

بىز بىر ئۇيغۇر زىيالىسىنى مەلۇم كەسىپ بويىچە ياردەمگە تەكلىپ قىلدۇق (ئەلۋەتتە ئىش ھەققى ئالدى بىلەن بېكىتىلدى)، ئۇ بىزگە ئۆز كەسپىدىن دەرس بېرەتتى. بۇنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتقانلىقىمىز، نېمىگە

ئىشلىتىدىغانلىقىمىزنى ئۇ قىياسەن بىلەتتى. كېيىن ئىش ھەققى مەسىلىسىدە سۆركىلىش چىقىپ، بولدى قىلىدىغان، باشقا ئادەم ياللايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئەسلى ئۇمۇ ئۇيغۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە قارا دېھقان ئەمەس، زىيالى ئۇيغۇر بولغانلىكىن بىزنى چۈشىنەر، ئۆزىنىڭمۇ بىر كىشىلىك بۇرچى ھېسابىدا ياخشىراق ياردەم قىلار دەپ ئويلىغان ئىكەنمىز. باشقا مىللەتتىن بىرنى تەكلىپ قىلغان بولساق ئەنە شۇ ئىش ھەققىنىڭ يېرىمىغا خوشاللىق بىلەن ماقۇل بولغان بولاتتى. ئەمما ئۇ رازى بولمايلا قالماي، يەنە بىر ھەسسە كۆپەيتىپ بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا بولدى قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدۇق. بۇ قەدىرلىك ئۇيغۇر زىيالىسى شۇ ئىنساپسىزلىقى بىلەنلا قالماي، تېخى بىزگە پوپۇزا قىلىپ: ”ھەممىمىز ئۇيغۇركەنمىز دېگەننى بىلىڭلار، سىلەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭلارنى بىلمەيدۇ دېمەڭلار، ھە... ھەممىنى بىلىمەن“ دەپ تەھدىت سالدى. ئۇ بىلىدىغان شۇ ئۆيدىنمۇ كېيىنكە توغرا كەلدى. دېمەك بىر زىيالىدىكى مىللىي تۇيغۇ ئەنە شۇنچىلىك بولىۋاتقانلىقى كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىش ھەققى تېپىش، كۆپرەك پۇل تېپىپ ئائىلىنى قامداش تېخىمۇ ئەھمىيەتلىراق تۇيۇلاتتى. ئۇياقتىكى شەرقىي تۈركىستانىسىزمۇ كۈنى ئۆتىۋېرەتتى! مۇشۇ نۇقتىدا شۇنى كەسكىن ھۆكۈم قىلىش مۇمكىنكى، شەرقىي تۈركىستاندا بىر زىيالى، ئەڭ پاسسىپ، سىياسىغا زادىلا قىزىقمايدىغان، تازىمۇ جاھانساز، ھەتتا بىر ئاز خىتايلىشىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدىغان بولسىمۇ ”مىللەت ئۈچۈن“ دېگەن تېمىدا ”سېتىپ يېيىش“ پوزىتسىيىسىدە بولمايدۇ، بەلكى، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ھەسسە قوشۇش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ، نەپسىنى يىغىپ، پەيلىگە ھاي بېرىدۇ. ھەتتا يوشۇرۇن ھالدا خىتايغا ئىشلەيدىغانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئاشكارە ھالدا پوپۇزا قىلىدىغان بۇنداق رەزىل سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنمايدۇ!

يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ بىرىدە ”ۋەتەنپەرۋەر“ تەشكىلاتلارنىڭ بىر ”داھىسى“ باردى. ئەينى ۋاقىتتىلا شەرقىي تۈركىستانلىق تىجارەتچىلەر بۇ ئادەمنىڭ كىشىلىگىنى ئۆلچەپ بىلگەن ۋە

ئۇنىڭ ھەققىدە ”ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىغا قالغان داۋانىڭ نەتىجىسى نېمە بولار؟“ دەپ ئۈمىدسىزلىنىشكەن ئىدى. دېمىسىمۇ بۇ بىچارە ”داھى“ بۇ ئورنىدىن — سايلىغۇچىلارنىڭ سەبى ئۈمىدىدىن شەخسىيىتى يولىدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، تىجارەت ئىشلىرىدا قالقان قىلغان ئىدى. كەمىنە ھەم بۇ جانابنىڭ ئىستانبۇلدا ئېچىلغان ئاتالمىش خەلقئارا سىمپوزىيوندا سۆزلىگەن ”مەشھۇر نۇتقى“نى ئاڭلاش ”بەختىگە“ مۇشەررەپ بولغان ئىدىم. بۇ جانباقار ”ئاپتونومىيە“ تېرمىنىنى ئىشلەتكەن، ۋەتەن نامىنى ئاتاشنى راۋا كۆرمىگەن ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ھەقتە پۇخرالار ئارىسىدا كۆپ غۇلغۇلا بولغان. مېنىڭ شۇ قېتىمقى ۋە باشقا كۈزىتىشلىرىمنىڭ خۇلاسىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىم مۇنداق ئىدى: بۇ ئەسلىدىن بىر پۇچەك ئادەم، ئۇنىڭ خىيالىدا قانداقتۇر ۋەتەن ئازادلىقى مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ پەقەت بوش ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈنلا مەۋجۇت. شۇڭا ئۇنىڭ ئېڭىدا ”ئاپتونومىيىسى نېمە؟“، فېدراتسىيىسى نېمە؟... روشەن بىر ئۇقۇممۇ يوق. ئۇ خۇددى چۆگىلىتىپ قويۇپ بەرگەن ئادەمدەك گاڭگىراپ، بىر توپ قوي ئارىسىدىكى ئۆچكىدەك، ئۆزى قىلىۋاتقان ئىش ۋە بۇ يولدىكى ئادەملەرگىمۇ ھېچ يۇقماستىن كولدۇرلاپ يۈرگەن جانباقاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ خىيالى بۇ ئىشتىن بىرەر پايدا ئۈندۈرۈش، تۇۋار ئورنىدا پايدىلىنىش ياكى بىر زامانلاردا تۇغرا كېلىپ قالسا ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى قىلىش ئۈچۈنلا سۈنئىي ھالدا ئۆزىنى شۇ جامائەتنىڭ جۈملىسىدىن قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرگەنلا شەخس، دېگەنىدىم. تەقدىر ئۇنىڭ ”تەخت“تىن چۈشكەن كۈنلىرىدە يەنە ئۇچراشتۇردى، تونۇشمايتىم، نېرىدا تۇرۇپ گەپ - سۆزى ۋە باشقا ئىپادىلىرىنى كۈزىتىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىنقىلاپچىغا، سىياسىي ئادەمگە خاس ئېلمېنتلارنى تېپىشقا ئۇرۇندۇم. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر زامانلار بۇ مەملىكەتتىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ۋەكىل بولۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن گەپ ئېتىپ يۈرگەن، ”باشلامچى“غا ئۇيغۇن زەررىچىلىك ئالامەت تاپالمىدىم. خۇددى ئىلگىرى قىلغان ھۆكمىمدەك ئۇ بۇرۇن پەقەت پايدىلىنىش غەرىزى بىلەن بۇ رولنى ئارتىستلارچە ئوينىغان، ۋۇجۇدىدا بۇنداق روھ تەبىئىي

مەۋجۇت بولمىغان ھالدا قىلىنغان بۇ ئارتىستلىق ”پەردە يېپىلىپ، سەھنىدىن چۈشكەن“ ھامانلا، رولدىكى خۇلق، خاراكتېردىن ئەسەرمۇ، ئىزنامۇ قالمىغان! تەقدىر گويا مېنى ئوسال قىلماسلىق ئۈچۈن ئەتەي ئورۇنلاشتۇرغاندەك يەنە بىر ئىش بۇ ”رومانتىك كۈي“نىڭ كولمىناتسىيە نۇقتىسى بولۇپ قالدى:

بۇ ”داھى“ ”ئىشسىز“ قالغان كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ”ھۆرمەتكە لايىق، مىللەتنىڭ ۋەكىلى“ بولۇپ، پايدا ئېلىپ يۈرگەن كۈنلىرىنى چۈشەپ، يەنە شۇنداق بىر ”تۆر“نى ئارمان قىلىپ يۈرسە كېرەك، ئۆزىنى ۋەتەندىن چىققان ۋەتەنپەرۋەرلەرگە يېقىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، بىللە خىزمەت قىلىش ئارزۇسىنى بىلدۈرۈپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ”بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش“ ئۈچۈن ئىككى يىل ئاۋۋال ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن مەشھۇر نۇتقىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسقىسىنى بېرىپ يۈرگەنىدى (ئۇ ئۆز خىيالىدا بۇ نۇتقىنى تارىخي ئەھمىيەتلىك دەپ تونىغاچقا ياكى ئۇنى مىڭ بىر جاپادا ئاران قۇراشتۇرۇپ چىققاچقا تاشلىۋېتىشكە قىيماستىن ئىككى يىلدىن كېيىنگىچىمۇ ساقلاپ يۈرگەن). رەت قىلىشقا ئۈچرىغاندىن كېيىن بۇ ”ۋەتەنپەرۋەر“نىڭ راسا جۇدۇنى تۇتۇپ، ھەقىقىي دۈشمەننى كۆرگەندەك بولۇپ كەتسە كېرەك (چۈنكى ئۇ ئىلگىرى دۈشمەننىڭ كىملىكىنىمۇ ھەقىقىي تۇردە بىلمەيتتى، دەپ ئويلايمەن). ”خەپ!“ دەپ يۈرگەن كۈنلەردە بۇ ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۇنىڭ يامپىشىغا كېلىپ قالدى! ئۇ دەرھال بالىلىرى ئىنقىلاپقا ئارىلىشىپ قالغان مەلۇم ئادەملەرگە ئەرز قىلىش توغرىسىدا يول كۆرسەتتى. ھەتتا نەگە ئەرز قىلىش، قانداق ئەرز قىلىشنىڭ يوللىرىنىمۇ ”داھىيانە دانالىق“ بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ۋەتەن دەپ ئائىلىسىدىن، بالا- چاقا، ئاتا- ئانىسىدىن ئايرىلىپ، سەرسانۇ- سەرگەردان بولۇپ يۈرىۋاتقان ئوت يۈرەكلەرنى تۈرمىگە قامىتىۋېتىپ دەردىنى ئالدى! تېخى تۈنۈگۈنلا مىللەتنى ئازاد قىلماقچى بولۇپ يۈرگەن بىر داھىنىڭ بۈگۈنكى قىلمىشى بۇ! بەلكىم ئۇ ئەزەلدىنلا ھېلىقى ئورگان ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئاگېنت بولىشىمۇ مۇمكىن!

ئۇلارنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىلەن بۇ مەملىكەتتىكى نۇرغۇن ئادەملەر ئۇچۇن يېڭى "تىجارەت" يولى چىقىپ، ھەركىم بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باي بولىۋېلىشقا ئالدىراش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى! باشقا مىللەتلەرنىڭغۇ بىزنىڭ ئۆلە- تىرىلىشىمىز بىلەن كارى يوق، پايدا ئالسىلا بولغىنى، بۇنىسى چۈشىنىشلىك. بۇ يەردە بايانىمىزغا يارايدىغانلىرى ئۆز قېرىنداشلىرىمىز بولۇش بىلەن بىرگە، بۇ مىللەتنىڭ ۋەكىلى سالاھىيىتى بولمىش شەخسلەر، ئۇقۇمۇشلۇق ئەرباپلىرىمىزدۇر!

كېيىنكى سايلامدا ئۇيغۇرلارنىڭ "ۋەكىلى" ("داھىسى") بولىدىغانغا رىقابەتكە چۈشكەن ۋە ئاللىقانداق ۋەتەن قۇتقۇزۇشقا دائىر بىر فوند جەمىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە باشلىقى بولمىش جاناپلىرىمىزدىن بىرسى "مۇنچە پۇل بەرسەڭلار مېنىڭ ك گ ب دا تونۇشلىرىم بار، مەن قۇتقۇزۇپ چىقالايمەن" دەپ، بۇ "تىجارەت"تىن 35 مىڭ دوللار پايدا ئۇندۇرىۋالدى! ۋەتەندىن يېڭى چىققانلارنىڭ بۇ يەردىكى ھىمايىسىزلىكى، ئامالسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، چېۋىقىغىمۇ ئالماي گىدىيىپ يۈرمەكتە! كاپىر بولغاچقا تاڭلا مەھشەردىكى سوراقتىغۇ ئىشەنمەيدۇ، ئەمما مۇشۇ دۇنيادىمۇ مىللەتنىڭ قېنىنى ئىچكەن دېگەن لەنەتكە قېلىشىنى ئويلىمىغان! چۈنكى بۇ يەردە چۆنتەك تولسا بولدى، ۋەتەن بەربىر ئۇنىڭ ئەمەس!

يەنە بىر ئۇيغۇر ك گ ب نىڭ ماسلىشىشى بىلەن، سوتتا قويىۋېتىش قارارى چىقىرىلغان ئەھۋالدا بۇ ئىنقىلاپچىلارنى ئاۋال ك گ ب غا، كېيىن ئۆيىگە سولىۋېلىپ، يەنە 30مىڭ دوللار پۇل تەلەپ قىلىپ، ۋەتەندىن چىققان تىجارەتچىلەر بىلەن سودىلاشقان...

يەنە بىر مىسال:

ۋەتەندىن چىققان ئىنقىلاپچىلارنىڭ يەرلىك بىر سەبدىشى بولغان ئىكەن، ئۇ ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن دىنىنىمۇ شۇنداق ياخشى ئۇگەنگەن ئىكەن. ئۇ ھەتتا دىنني تەبلىغلەرنىمۇ شۇنداق ياخشى كېلىشتۈرەركەن. تەقۋالىقى، ۋەتەنسۆيەرلىكى كىشىنى تەسىرلەندۈرەركەن. ئۇ ئايەت،

ھەدىسلەردىن جاي- جايىغا كەلتۈرۈپ سۆزلەيدىغان بولسا كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەركەن. ئۇ مانا شۇنداق "تەقۋالىقى" بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پۇلدىن 50 مىڭ دوللارنى يېۋالغان! لېكىن تۆلەش، تۆلىتىش توغرىسىدا گەپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ۋەتەندىن چىققان بىچارىلارنىڭ سالاھىيەت ھۆججەتلىرى، بۇ يەردىكى ئورنى، ئىگىسىزلىكى جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، سۈر كۆرسىتىپ بۇ ئىشتىن ۋاقتلىق قۇتۇلۇپ كەتكەن (ئەمما ھامان بىر كۈنى بۇ ھېساپ ئېلىنىدۇ ۋە ئېلىنىشى كېرەك!). ھەتتا سەپتىن چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ يەنە "مۇجاھىت"لىق نامى بىلەن ۋەتەندىن چىققان تىجارەتچىلەرنى تۇتۇپ كېتىپ، ئۇرۇپ- دۇمبالاپ نۇرغۇن پۇل ئالغان! بۇنىسىنىڭ قەبىھلىك دەرىجىسى نەچچە ھەسسە ئېغىرلىقىنى ھەربىر ئەقلى نورمال ئادەم ھىس قىلالايدۇكى، بۇ قىلمىش ئىنقىلاپچىلار بىلەن خەلقنىڭ ئارىسىغا زىددىيەت سېلىشتەك سەلبىي ۋەزىيەت يارىتىش رولىنى ئوينايدۇ ھەم بۇندىن كېيىنكى ئىنقىلاپ ئىشلىرىغا نۇرغۇن ئىشەنچسىزلىك ئۇرۇقى تېرىيدۇ!

بۇندىن باشقا ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بولغان تىجارەت شېرىكچىلىكىدىمۇ ۋەتەندىن چىققانلار "كاكاسالتاڭ" بولۇپ كېتىدىغان ۋاقەلەر كۆپ سادىر بولىدۇ، ھەتتا يەرلىكلەر بىلەن شېرىكلەشكەنلەردىن "تۇمشۇقىغا يېمىگەن"لەر يوق دېسىمۇ بولىدۇ. دەسلەپكى يىللاردا ئۆيلەرگە مال چۈشۈرلەتتى. ۋەتەندىن چىققان بىرەرسىنىڭ تۇققىنى بولسا شۇنى پاناھ تارتىپ شۇنىڭ ئۆيىگە مال چۈشۈرىشەتتى. مانا شۇنداق ئەھۋاللاردا ئۆي ئىگىسى (تۇققان) ئوغرىلار بىلەن شېرىكلىشىپ — ئوغرىغا "ئىقتىسادىي ئۇچۇر"نى سېتىپ، كېچىسى ئۆيگە كېلىشكىلار، دەپ بۇلىۋالغان ئىشلارمۇ كۆپ كۆرۈلگەن ئىدى.

ئومۇمەن بىر مىللەت بولۇش سۈپىتىدە ئۇلار بىزنىڭ "ۋەزنىمىز"نى ئوبدان بىلگەچكە، ئاجىزلىقلىرىمىزدىنمۇ ئوبدان پايدىلانغان ۋە باشقا مىللەتلەرگىمۇ "پايدىلىنىش ئۇسۇلى"نى ئۆگەتكەنىدى. بىزگە "دۆلىتىمىز"

سۇپىتىدە خىتاينىڭ ئىگە بولمايدىغانلىقى، سورىقى يوق جان، ”موللا بوزەك“ ئىكەنلىكىمىز تولۇق چۈشىنىلگەندىن كېيىن ھەرقانداق بىر سەھرا- قىشلاقلىق، ساراڭ ياكى ئاران يۈرگەن ئاۋارىلارمۇ بىزنى قورقۇتۇپ ”داكومېنىت“ سورايدىغان بولۇشتى! ئەگەر بىزدە ئۆزئارا مېھرىۋانلىق، قېرىنداشلىق ھىسسىياتى مەۋجۇت بولغان بولسا بۇنچىلىك ساندىكى قېرىندىشىمىز بولغان بۇ ئەللەردە مىڭلاپ ئىنقىلاپچى ئىزسىز سىڭىپ كەتكەن بولاتتى؛ ئۇلارنىڭ قانات ئاستىغا ئېلىشى ۋە ياردىمى خاسىيىتىدە نۇرغۇن ئىشلىرىمىز كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشكەن بولاتتى. ئەمما بۇ قېرىنداشلار مىللىي ھىسسياتىنى يۇتتۇرگەن، ”سوۋېت ئادىمى“گە ئايلانغان، كىم بولۇپ ياشاش مەسىلىسى ئەھمىيىتىنى يوقاتقان بولغاچقا، پاراۋان ياشاش شارائىتى يارىتىش ئۈچۈن مىللەتلا ئەمەس، تۇققان، قېرىندىشى بولسىمۇ ھېچ خىجىل بولماستىن ”توۋار“غا ئايلاندۇرۇشتىن يانماس ھالغا كەلگەنلىكى ئەمەلىيەتتۇر (دەل شۇ سەۋەپلەر كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا بۇ يەردىكى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارغا ئۆز ئارا مېھرىۋانلىقنى، ئەنئەنىلەرنى، دىنىي ئېتىقادنى، مىللىي تۇيغۇلارنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەلىي قەدەمدىن ئىش باشلاش، يوغان گەپلەرگە ئېسىلماسلىقنى كۆپ قېتىم يازمىشلىرىمىزدا مەسلىھەت بەرگەنىدۇق).

ۋەتەندىكى خەلقنىڭ قارشىلىق ھەركەتلىرى ھەققىدە گەپ كەچكەندە بۇ يەردىكى بەزى ئۇيغۇرلار(ئاخىرقى كۆچ بولغان 1962- يىللىرى كېلىپ يەرلەشكەن پىشقەدەملەر ئىچىدىكى بىر قىسمى) ئاز- پاز ھىسداشلىق كەيپىياتىدا بولسا، كۆپلىرى:

— قولىدىن كەلمىگەنىدىكىن شۇك تۇرسا بولمامدۇ؟ خىتاينىڭ ئەھۋالى ياخشىلىغۇ؟ قورسىقى ئاچ قالمىغاندىكىن بولدىغۇ؟

— ساڭا نېمە، ئۆيۈڭ بار، ماشىناڭ بار، ئۇ ياقتىكى خەق نېمە بولسا ئۆزلىرى چىقىشۋالمامدۇ، — دېيىشىپ، ئۆزلىرىنى مىللىي تەقدىرىمىزگە ئالاقىسىزدەك كۆرسىتىدۇ. ئۇلارغا ئەگەر مىللىي دۆلىتى بولمىغان مىللەت ئۇزاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، ئىلگىرى پەرغانە ۋادىسىدا بىر مىليوندىن

كـۆپرەك ئۇيغـۇر بولغـان ئـىكەن، ئەمـدى قېنـى شـۇلار؟ دېـسـىڭـىز، مـىللـىي چېگرانى پـىسـەنتـىگە ئېلـىپ كـەتـمـىگـەچـكە تـەسـىر قـىلمايدۇ. چـۈنكى ئۇلارغـا پەرقى يوق، ياشـىسـىلا بولدى، كـىم بولـۇپ ياشاش بەرىبـىر!

ئومـۇمـەن، ئورتـا ئاسـىيادىكى قېرىنداشـلىرىمىز بـىرەر سـىرىمىزدىن خەۋەردار بولـۇپ قالسا، بـىرەر ئاجىزلـىقـىمىزنى بـىلـىپ قالغان بولسا بۇنى كوزېر قـىلـىۋېلـىپ، داۋاملـىق "سـېغـىپ ئىچـىدىغان ئىـنەك"كە ئايلاندۇرىۋالـىدۇ. ئېـپـىنـى تاپـسـىلا "شـۇلـىۋېلـىش" نـىيـىتـىـدە بولـىـدۇ. نەتـىجـىـدە ۋەتـەنـىدىن چىققانلاردا يەرلـىكلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئىشەنمەسلىك، ھەرقانچە يېقىن تۇققىنى بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا مەلۇم ئارىلـىق ساقلاش،... شەكىللەندى. بۇ بىر مىللەت ئۈچۈن يوقۇلۇشنى تېزلـىتىش ئاملى، بىرلـىكنى بۇزغـۇچى ھالەت، ھالاكەتنىڭ ئالامىتى، خالاس!

سابىق ئىمپېرىيىدە "مىللىي چېگرا"نى يوققا چىقىرىشنى مەخسەت قىلغان سياسەت ھەممە ساھەلەردە ئەكسىنى تاپقان: ئارمىيىدە ئايرىم مىللىي روتىلار، مۇسۇلمانچە تاماق،... دېگەندەك چېگرالار بولمىغان. ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ھېچقانداق چەكلىمىسىز خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىۋەرگەن. يەنى، ئۇيغۇر — ئۇيغۇرلار رايونىغا، قازاق — قازاقىستانغا،... ئەمەس، پۈتۈن ئىتتىپاقنىڭ خاھلىغان يېرىگە تەقسىملەنگەن. مانا بۇنداق ئەھۋال مىللىي چېگرانىڭ يوقۇلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. مىللىي چېگرانى "چوڭ بىلىپ كەتمەيدىغان"، ئاسسىمىلاتسىيە(ئېرىتىۋېتىش) گە قارشىلىق تۇيغۇسى بولمىغان، مىللىي سۈپەتنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىگە قارىتا ھېچ يۈرىكى ئېچىشمايدىغان، تارتىشمايدىغان روھى ھالەت يارىتىلغاچقا ئۇيغۇرلار مۇھىتىدىن بەكمۇ يىراققا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئاشۇلاردىمۇ بىر ئائىلىلار بىلەن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچۈپ كېلىش خىيالى ۋە تىرىشچانلىقى بولمىغان (چۈنكى، ماددىي مەئىشەت ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بولغاچقا شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇ جايلاردا خىزمىتى بار، ئۆيى بار، ئىجتىمائىي ئورنى بار؛ ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ، پەقەت مىللىي سۈپەتنى ساقلايمەن دەپلا ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كۆچۈپ كەلسە، بۇ —

نامراتلىق، ھالاكەتتىن دېرەك بېرەتتى، ئەلۋەتتە. شۇ سەۋەپلەرگە كۆرە ئۇ ئۆمۈرۋايەت شۇ جايلاردا تۇرۇپ قېلىشقا، يوقۇلۇش — ئېرىپ تۈگەش قىسمەتتىنى كۆزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپ تەن ئېلىشقا، بويسۇنۇشقا مەجبۇر. بۇ ئاجايىپ ئەپچىللىك بىلەن تەييارلانغان ئىجتىمائىي تەرتىپنى تونۇپ يەتكەندىلا سوۋېت دەۋرى جىنايىتىنىڭ دەرىجىسىنى مۆلچەرلەش مۇمكىن. ئەمما، بۇنى مىللىي ۋە ئىنسانىي ئۆلچەملەر نۇقتىسىدىن باھالىغاندىلا شۇنداق، ”سوۋېت دەۋرىدە قورسىقىمىز توياتتى“ دېگەن ئۆلچەم بىلەن بۇ جىنايەتنى چۈشەنمەك مۇمكىن ئەمەس). مانا شۇنداق قىلىپ ”سوۋېت ئادىمى“ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. توپلىشىپ ياشاش شارائىتىدىن مەھرۇم، يىراقلاردا، يات مىللەت ئارىسىدا ياشىغانلار مەيلى قانداق بىر نېمىنىڭ ”نامزاتى“ ياكى ”كاندىداتى“ بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككىنچى ئەۋلادىغا بارغاندىلا مىللىي كىملىكى تۈگەيدۇ. ”مىللىيلىك“نى ساقلاش ئۈچۈن چوقۇم توپلىشىپ ياشاش، ئەڭ ئاز بىر مەكتەپ بولۇشقا لايىق ساندا توپلىشىپ ياشاش زۆرۈر. ئۇنىڭسىز، ”مىللىي ھىسسىياتى ۋولقاندەك پارتلاپ تۇرىدىغان“ ئوت يۈرەك ئادەم بولغان بىلەنمۇ ئېرىپ تۈگەشنى توسۇپ قالالمايدۇ. لېكىن، ئورتا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە كىم بولۇپ ياشاش مەسىلىسى، ئۆزىنى كىم دېيىشنىڭ زۆرۈرىيىتى مەسىلىسى دىققەتتىن چەتتە قېلىۋاتقانلىقى ئېچىنىشلىقتۇر.

مىللىي چېگرانى تونىماسلىق يەنە ئىسىملاردىنمۇ بىلىنىدۇ. ئىلگىرى بىز فامىلىلەر ئاخىرىدىكى رۇس قوشۇمچىلىرىنى رۇس ئىمپىرىيىسى غۇلىغاندىن كېيىنكى يەتتە يىلغىچىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ، دەپ ئاغرىنغان ئىكەنمىز. ئەمدى بىلدۇقكى، ئىسىملار پۈتۈنلەي رۇسچە قويۇلغان ئەھۋاللارمۇ خېلى ئېغىر ئىكەن. «ئۇيغۇرشۇناسلار ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرى» دېگەن بىر كىتاپنى كۆرۈپ قېلىۋىدىم، شۇنىڭ ئۆزىدىلا بۇ ئۇيغۇر ”ئالىم“لىرىنىڭ خېلى نۇرغۇنى رۇسچە ئىسىملىق ئىكەن! (ئالىملار ئىچىدىلا بۇنچىلىك ئادەم رۇسچە ئىسىملىك بولسا، ئالىم بولمىغان پۇخرالار ئارىسىدا قانچىلىكى شۇنداقكىن؟) بۇ كىتاپتىن يەنە مىللىي

سىڭدۈرۈۋېتىش ئۈرۈنۈشلىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇ كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان ئۇيغۇر "ئالىم"لىرى ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا سابىق ئىمپىرىيىنىڭ ھەر بۇلۇڭىغا چېچىۋېتىلگەن. تەبىئىيكى، ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ ھالدا يوقۇلۇپ ئىزى ئۆچۈشى چوقۇم. چۈنكى يات مىللەتلەر ئارىسىدا يەككە ھالدا مىللىي سۈپەتنى ساقلاش مۇمكىن ئەمەس!

ئورتا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدىن بىر دوستىمىز بارىدى، ئۇ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلىغان بىر پىدائى ئىدى. كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلغان بۇ يىگىتنىڭ قىلىۋاتقان ياخشى ئىشى ۋە ئۇلۇغ غايىسىگە رەپ يىمەيدىغان بىر گېپى مېنى بۇگۈنگىچە ئازاپلايدۇ: بىز ئۇنىڭ ماشىنىسىدا بىر گۇمرۇكتىن ئۆتىۋاتاتتۇق، ئۇ گۇمرۇكتە توختاپ، گۇمرۇك خادىمى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، يېقىنچىلىق بىلەن ئەھۋاللاشتى. ئاندىن يولنى داۋام قىلدۇق. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ھېلىقى گۇمرۇك خادىمىنى تونۇشتۇرۇپ:

— ئۆزى بىشكەكلىك، دادىسى «ئۇيغۇر بولغانىنىڭ پايدىسى شۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر بولغان بولسا گۇمرۇكتە ئىشلىيەلمەيتى، — دېدى.

يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى ھەم ھەيران قالدىم.

— ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قازاق ئەمەسمىدى؟ — دەپ سورىدىم.

—ياق. ئانىسىمۇ، دادىسىمۇ ئۇيغۇر، پەقەت شۇ بالىسىنىلا «قازاق» دەپ يازدۇرۇپ قويغان- دە، — دېدى ئۇ. بۇ دوستىمىزنىڭ «ئۇيغۇر بولغانىنىڭ پايدىسى يوقكەن، دەپ،... مانا شۇنىڭ پايدىسىنى كۆرىۋاتىدۇ» دېگەن سۆزلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەنگەن، ھەۋەس قىلغان، ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتىشى ماڭا ئاۋۇسىنىڭ «قازاق» بولىۋالغىنىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر كەلدى! ئۇ بۇ "ئۇستىلىق"قا ھەۋەس قىلغان ئىكەن، تەبىئىيكى، ئۆزىمۇ باللىرىنى شۇنداق يازدۇرۇشنى ھار ئالمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى بۇ مىللەتنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىمەن، دەيدۇ- يۇ، ئەمما ئاۋۇنىڭ "قازاق" بولىۋالغىنىنى ھېچ ئەيىپ سانىمايدۇ!

ئورتا ئاسىيادا بۇ خىل كەيپىياتقا دۇچ كېلىش تاڭسۇق بىر ئىش

ئەمەس، پۈتلىشىپلا تۇرىدىغان ئىش. ئەگەر ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرلارغا قارشى ئاشكارە قىرغىن (2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى يەھۇدىي پاجىئەسى ياكى 30 ـ يىللاردىكى ستالىننىڭ قىرغىنى كەبى) ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسا، قاچىدىغان يېرى بولمىسا ”ئۇيغۇر بولغاننىڭ پايدىسى يوقكەن“ دەپ مىللىي كىملىكىنى يوشۇرسا ياكى كۆز بوياش خاراكتېرىدە ئۆزگەرتىۋالسا ئۇنى توغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. ئەمما ھازىر يوشۇرۇن يەكلەش بولسىمۇ، ئاشكارە چەكلەش، قىرغىنچىلىق يوق. ئۇ ھالدا ئۇيغۇرلۇقىنى ”يۇتتۇرۇش“ نىڭ قوساق غېمىدىن باشقا نېمە سەۋەبى بارىكىن؟

شۇنچە ئۇيغۇرنىڭ دۇنيانىڭ ھەرخىل بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىدا ئىزسىز يوقۇلىۋاتقىنىغا كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشۇڭ، قولۇڭدىن ھېچنېمە كەلمەسلىكى، خۇددى قايىنامغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ئىگىز تىك يار ئۈستىدە قاراپ تۇرغان، ئەمما ياردەم قىلالمىغانغا ئوخشاش ئەلەم قىلىدۇ.

مانا شۇنداق قىلىپ بۇزىۋېتىلگەن مىللىي ئاڭ نەتىجىسىدە خەلقنىڭ سىياسىي ئېڭى، تارىخ قارىشى، كەلگۈسىگە قارىشىدا ئېغىر مۇجمەللىكلەر مەۋجۇت تۇرماقتا. مەسىلەن: ”ۋەتەن ئۇرۇشى“ ئاتالمىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىز ئۈچۈن قانچىلىك توغرا؟ گىتلېر، ستالىن، ماۋزېدوڭلارنىڭ فاشىستلىق دەرىجىسى سېلىشتۇرۇلسا ئىنسانىيەتكە سالغان زۇلمى ۋە قىرغىنچىلىقى، نورمال تەرەققىياتقا قارشى قىلمىشلىرى جەھەتتە قايسىسى بېسىپ چۈشىدۇ؟ بۇلارنى چۈشىنىش يېتەرسىز. تەبىئىيكى، ئىنسانلارنى قىرغىن قىلىش جەھەتتە كوممۇنىستلار فاشىستلارنى ئاللىقاچان بېسىپ چۈشكەن. بۇ نۇقتىدا ماۋزېدوڭ پەخىرلەنگەن ھالدا ئۆزىنى چىن شىخۇاڭغا سېلىشتۇرۇپ: ”بىز ئاللىقاچان چىن شىخۇاڭدىن ئېشىپ كەتتۇق“ دېگەنىدى!

فاشىستلىق ھەققىدە گەپ بولاركەن، ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى، كوممۇنىستلار ناتسىستلاردىنمۇ بەكراق فاشىستلاردۇر! ناتسىستلارنىڭ تەسىرى 1945- يىلى يوقۇلۇپ، 3- ئىمپېرىيىنىڭ خارابىسى ئورنىدا دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان گېرمانىيە بارلىققا

كەلدى. ”ساموۇراي“لارنىڭ ئۇرۇش تەلۋىلىرى يوقالغان ياپونىيەمۇ ئەڭ تەرەققىي قىلغان، زامانىۋي دۆلەت بولۇپ قالدى. ئەمما كوممۇنىستلار خەلققە نېمە بەردى؟ ئۇلار ئىنسانلارنىڭ خاسلىقىنى، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى پايمال قىلدى. دەل كوممۇنىستلارنىڭ تېخىمۇ غالجىر فاشىستلىقىدىن، ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان دۆلەت تۇرۇقلۇقمۇ تەرەققىياتى ئارقىدا قالدى. ھەتتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج ھالغا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بۇ تۈزۈمنىڭ ئىنسانلارنى ھورۇنلاشتۇرىدىغان، رىقابەت ئېڭىنى ئۆلتۈرىدىغان، ئىجادچانلىقىنى بوغۇدىغان مۇستەبىتلىكىنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

تارىخىي قاراش، سىياسىي قاراشلارنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلى، ئىمپېرىيە پارچىلانغان بۈگۈنكى دەۋرنى نامراتلىقنىڭ، جىمىكى بەختسىزلىكلەرنىڭ تۈپ سەۋەبى دەپ تونۇش خاھىشى ناھايىتى ئېغىر ئىكەن. گەرچە شەخس سۈپىتىدە بىۋاستە پايدىسىنى كۆرمىسىمۇ، شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇستەقىللىق مەنزىرىسىدىن شۇنداق سۆيۈنىشىدۇ. بۇنى ئۆز مۇستەقىللىقىنىڭ مۇقەددىمىسى، دەپ ھېس قىلىشىدۇ. ھەتتا ”ئون كۈندە بىر نان يېسەكمۇ مەيلىدى“ دېيىشىپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقانلارنىڭ ئوقۇمىغان بىچارىلەر، دېھقان باللىرى ئىكەنلىكىنىمۇ نەزەرگە ئېلىپ، بۇ مەملىكەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ ”س س س رنىڭ ۋاقتىدا ياخشىدى، ئەرزانچىلىق ئىدى،...“ دەپ ۋايساشلىرىغا سېلىشتۇرساق، مىللىي ساپا روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇرۇش، مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىدىن كېيىن يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ھەرقانداق دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاقتلىق توختىغان، خەلق تۇرمۇشى ئىزىدىن چىققان ئۆتكۈنچى قىيىنچىلىق دەۋرى بولىدۇ. خۇددى كېسەلنىڭ مەڭگۈلۈك ۋە ئەجەللىك ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوپېراتسىيە ئازابىغا چىدىشىغا توغرى كەلگىنىدەك، بۇ ۋاقتلىق قىيىنچىلىققا چىداشقا توغرا كېلىدۇ. سوۋېت ھۆكۈمىتى يېڭى قۇرۇلغان دەۋرلەردە بۇنداق قىيىنچىلىق بولمىغانمىدى؟ شۇ چاغدىكى قىيىنچىلىقنى سۈرەتلەپ،

شۇنداق قوشاقلار توقۇلغان:

نىكولاينىڭ ۋاقتىدا
شىرمان ئىدى نانىمىز.
پالشۋىكنىڭ ۋاقتىدا
كۇنجۇرە بولدى نانىمىز.

بۇنداق ۋاقتلىق ماددىي قىيىنچىلىقنى ئاۋام خەلققۇ چۈشەنمەستىن ماددىي مەئىشەتنى ئۆلچەم قىلسۇن، ئۇقۇمۇشلۇقلارمۇ بۇنىڭدىكى مەنەۋىي پەرقنى بىلمەمدىغاندۇ؟ خېلى كۆپ ئۇقۇمۇشلۇقلاردىنمۇ ئوخشاش زارلىنىشنى ئاڭلىدۇق. ھەتتا ئاتالمىش ”... نىڭ دېپۇتاتى“، ”... نىڭ كاندىداتى“ دېگەنلەردىن تارتىپ، تاكى ”ۋەتەننى ئازاد قىلىدىغان“ سىياسىيونلارغىچە: ”س س س ر پەيتىدە قورسىقىمىز تويattى، گورباچېۋ دېگەن بېلەت...“ دەپ غىڭشىيدىكەن. شۇ يەرلىكلەرغۇ مۇستەقىللىق توغرىسىدا خىيالمۇ قىلىشمىغان ئەھۋالدا ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئۆزلىرى ئىنتىلمىگەن نەرسىگە تۇيۇقسىز ئېرىشىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەدىر- قىممىتىنى بىلمىسۇن، سەن ”ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىمەن“ دەپ سىياسىي بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن تۇرۇقلۇق، بۇ مۇستەقىللىقنىڭ (گەرچە بىۋاستە نەسىۋەڭ بولمىسىمۇ) قەدرىنى بىلمىسەڭ، پەقەت ھايۋانى ئىستەك بويىچە ”قورساق توياتتى“ دەپلا مۇستەملىكە دەۋرىنى سېغىنساڭ، ئەگەر ۋەتىنىمىز ئازاد بولۇپ قالسىمۇ خىتايلارنىڭ دەۋرىدە تۇزۇكراق ئىدى، دېمەي قالارسەنمۇ؟ پەقەتلا قوساق توقلۇق مەخسەتكە ئايلىنىپ قالغاندا ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقى نېمىدە قالىدۇ؟ چۈنكى، ئىنسانلار ھايۋانلاردىن مەنەۋىيىتى بىلەن ئاجرىلىپ تۇرىدىغۇ؟

بۈگۈنكى نامراتلىقنىڭ پارچىلىنىشتىن بىردىنىگە پەيدا بولمىغانلىقىنى، ئەكسىچە، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بوھراننىڭ پارچىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئۇقۇمۇشلۇقلارمۇ چۈشەنمەمدىغاندۇ؟ سوۋېت ئىمپېرىيىسىنىڭ ئافغانىستانغا قىلغان

تاجاۋۇزى، بۇ ئۇرۇشتا كۈندىلىك ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 250 — 300 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سەرپ قىلىش، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئون يىللاپ داۋام قىلىشى دۆلەت مالىيەسىنى قۇرۇتۇپ قەرزگە بوغۇپ قويماسمىدى؟ بۇ ئۇرۇشنى قوزغىغانلار كىملەر؟ كوممۇنىستلار ئەمەسمۇ؟ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشنىڭ ئۇزاققا سوزۇلىشى، ھەربىي ھازىرلىق مۇسابىقىسى قاتارلىق سەۋەپلەر ئىمپېرىيىنى ئىچىدىن پورلاشتۇرۇپ، بۈگۈنكى نامراتلىقنىڭ ”ئاساسى“نى يارىتىپ بولغان ئەمەسمۇ؟ بۇ نامراتچىلىق ئۈچۈن كىمنى تىللاش كېرەك ئىكەن؟ دېمەك، ئورتا ئاسىيادا نامراتلىق ھەققىدىكى ۋايساشلار مىللىي ساپانىڭ تۆۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققاندۇر.

كوممۇنىستلارنىڭ ”پىششىقلاپ ئىشلىشى“ بىلەن ”مىللەت“ قىلىپ ياساپ چىقىلغان ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن قېرىنداشلىرىمىز كوممۇنىستلار بەلگىلەپ بەرگەن ”مىللەت“ سىزىقىدا چۆگۈلەپ، بېشى ئايلىنىپ قالغاچقا، ئۇلار بىزنى — ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشىنى دۈشمەن ھېساپلاۋاتىدۇ. ئەكسىچە، تارىخىي دۈشمىنىمىز بولغان خىتايلارنى بولسا ئۆزلىرىگە يېقىن كۆرىۋاتىدۇ (بۇمۇ فاشىست كوممۇنىستلارنىڭ ئىنسان ئېڭىنى بۇزۇش جىنايەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن). خىتايلارنىڭ ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە بېرىدىغان ياردىمى ”قىزىل چىققان ئادەمگە سۇ بەرگەندەك“ ياردەم بولۇپ، ”قىزىل“ چىققان ئادەم ناھايىتى قاتتىق ئۇسسايدىغان بولسىمۇ سۇ بېرىش ھاياتىغا خەۋپ كەلتۈرىدۇ. خىتايلارنىڭ ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىگە بېرىۋاتقان ياردىمى ئەنە شۇ سۇغا ئوخشايدۇ. ۋاقتىلىق ئالغاندا تەلەپنى قاندۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن جاننى ئالىدىغان ئەجەل دورىسى رولىنى ئوينايدۇ! مانا بۇ نۇقتىنى يەرلىك مەتبۇئاتلار ئارقىلىق بۇ قېرىنداشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈش، يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشمۇ ”داھى“لارنىڭ ئىشى ئىدى، ئەلۋەتتە!

1998- يىلى، دىكابىر، تاشكەنت

# ئورتا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدا ”مەشھۇر شەخسلەر“

ئىلگىرى ۋەتەندىكى كۆپچىلىكىمىز، چەتئەللەردە — خۇسۇسەن ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە مەشھۇر ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپلىكىنى ئاڭلايتۇق، شۇنداقلا بۇنىڭ راستلىقىغىمۇ ئىشىنەتتۇق. بۇ يەرلەر بىزگە سىرلىق، ئالىملارلا يېتىشىدىغان، ئىنقىلاپچىلارلا تۇغۇلۇپ ئۆسىدىغان ئاجايىپ ماكان بولۇپ تۇيۇلاتتى. مۇستەقىللىقتىن كېيىن بۇ يەرلەرگە كېلىشكە ئىمكانىيەت يارىتىلدى، كەلدۇق. ھېلىقى بىز بارمىش دەپ ئاڭلايدىغان ”مەشھۇر ئۇيغۇرلار“ كوللىكتىپ يوقۇتۇلغانمۇ قانداق؟ يا بولمىسا بۇ يەردە ”... نىڭ كاندىداتى“، ”... نىڭ نامزاتى“ دېگەنلەردىن بولماق ئاسان گەپمۇ؟ ياكى ”ئۇيغۇرلارغا كۆيىنىپ“ شەرتلەر تۆۋەنلىتىلگەنلىكتىن شۇنداق ھال كېلىپ چىققانمۇ، ئەيتاۋۇر، بۇنداق ”نامزاد“، ”كاندىدات“لارنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوقلىقى ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىزنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرىۋەتتى!

بۇنداق ”كاندىدات“ ۋە ”نامزاد“لارنىڭ ھە دېسىلا ئۇچراپ تۇرىشى، يەنە كېلىپ بۇ ”مەشھۇر“لارنىڭ گەپ دەپ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئىنكاسىدا بىلىنىپ تۇرغان پاسسىپ تەسىر يوقارقىدەك سوئاللارنى تۇغدۇرىدۇ.

تېخىمۇ موھىم بىر تەرىپى شۇكى، ئۇلار ”مىللىيلىك“ خۇسۇسىدا قانچىلىك چۈشەنچىگە ئىگىدۇ؟ مانا بۇنىسى تېخىمۇ شۈبھىلىك. شۇنداق

بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىزگە زۆرۈر ئېھتىياجلىق كەسپلەرنىڭ بىلگىنلىرىنى ئىزدەش، سۆھبەتلىشىش، ئۇلارنىڭ مىللىي تەقدىرىمىز ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىلىپ بېقىش كېرەك. ئازراقلا ”ئىلىشىدىغان يېرى“ بولسىلا ئۇنىڭ قەلبىگە مىللىي مۇھەببەت ئۇرۇقىنى تېرىپ، ئۇنى ئۆز كەسپى بويىچە مىللىي مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن قانچىلىك خىزمەت قىلالىسا شۇنچىلىك تۆھپە قوشۇشقا چاقىرىش، ئۇندەش، رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. مانا بۇ ئورتا ئاسىيادا داھىلار قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ موھىم ئىشلارنىڭ بىرى.

ئەگەر بىزنىڭ ”داھى“لارنىڭ ”قۇرۇلتاي“دىن ئېشىنىپ چولىسى تەگمەي كېتىۋەرسە، موھىم قۇرۇق گەپلەردىن ئېشىنالماي چولىسى تەگمىسە، بۇ مەشھۇر ئۇيغۇرلارنى ئىزدەشنى باشقىلار بۇرۇنراق ئېسىگە ئېلىشى، ئۇلاردىن تامامەن تەسكىرى مەخسەتلەر يولىدا پايدىلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئادەملىك سۈپەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان ئىككى موھىم ئامىل — دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي تۇيغۇ — بۇزۇۋېتىلگەچكە ئۇلاردا كىم ئۈچۈن ئىشلەش، نېمە ئۈچۈن ئىشلەش موھىم ئەمەس، بەلكى ”مائاشنى كىم بېرىۋاتىدۇ“سى موھىم!

يۇزە ئىگىلەنگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندا بەزى ”مەشھۇر ئۇيغۇرلار“ شۇ دۆلەتلەردە مىللىي مەنپەئەتلەرگە قارشى ۋەزىپىلەردە (مەسىلەن: ”شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ياكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى“ بويىچە) ”مەسلىھەتچى“، ”مۇتىخەسسىس“ سۈپىتىدە پايدىلىنىلىۋاتقانلىقى مەلۇم. بولشۋىكلارنىڭ مىللىي چېگرانى يوقۇتۇپ، ئومۇمىي ”سوۋېت ئادىمى“ يارىتىش ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ ئادەملەر ھەقىقەتەنمۇ مىللىي تۇيغۇلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغاچقا مائاش بەرسىلا كىمگىلا بولمىسۇن ئىشلەۋېرىدىغان ھالغا كەلگەن.

مەن بۇ يەردە بىر پىشقەدەم رازۋېدچىكنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ”مەنمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق، مەن 40- ، 50- يىللاردا ئۈچ خىل ئىسىم بىلەن ئۈچ قېتىم ۋەتەنگە بارغان“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ھەر قېتىمدا ئوخشىمىغان ئىسىم قوللىنىپ ۋەتەنگە ئۈچ قېتىم بارغان بولسا دېمەك، جاسۇسلۇق

ۋەزىيىتى ئۆتكەنلىكى بارغان! تەبىئىيكى، ئۇ چاغدا ئۇ مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس، بولۇشۇك مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىگىلى بارغان، مىللىي مەنپەئەتنىڭ زىيىنى ئۈچۈن بارغان! ئۇ چاغدىكىسىگە ئىلاج يوق دەرمىز، ئەمما مەسىلىنىڭ ماھىيەتلىك يېرى شۇكى، بۈگۈنگە كەلگەندىمۇ ئۇنىڭ شەرمەندە تارىخىدىن ئۇيالماسلىقى! ئىنسانلىق ئېڭى بۇزىۋېتىلگەچكە ئۇ خىجىل بولۇش ئورنىغا، بۇ ئىشنى ئىپتىخارلىنىپ تىلغا ئالغان! مانا بۇ ئېچىنارلىق دەرىجىدىكى مىللىي ساپا!

«ئۇيغۇرشۇناس ۋە ئۇيغۇر ئالىملىرى» دېگەن كىتاپتىن قارىغاندا 236 نەپەر "ئۇيغۇر ئالىمى" بارىكەن. كۆپ قىسمى ھېلىھەم ھايات ئىكەن. كىتاپنىڭ تۈزىلىشىدىن كېيىن يەنە قانچىلىك "ئالىم" قاتارغا قوشۇلدى، تېخى! بۇنچىلىك ئالىم قارىماققا ئوتتۇز مىليون شەرقىي تۈركىستانلىق ئىچىدىمۇ يوق. شۇ قەدەر زور ئەقلىي كۈچ بايلىقى ئىچىلمىغان بوزدەك، مىللىي مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلماي تۇرۇپتۇ. بۇ "بوز"نى ئېچىش سىياسىيون ئەرباپلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئەمەسمۇ؟ ئۇلاردىن توغرا مۇددىئا يولىدا پايدىلىنىش، ئۇلارنى مىللىي غايە يولىغا يېتەكلەش ئويلاپ كۆرۈلدىمۇ؟ بىز بىر توپ، ھەتتا ئون مىڭلاپ پۈچەك ئادەملەرنى توپلىۋالغاندىن كۆرە مانا شۇنداق بىلىم ئىگىلىرىدىن بىرنەچچىنى سەپكە قېتىۋالساق پايدىسى تېخىمۇ زور بولماسمۇ؟

ئورتا ئاسىيادىكى ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدا جىددىي سەلبىي تەرەققىياتلار بارلىققا كېلىۋېتىپتۇ. يالغۇز ئىقتىسادىي جەھەتتىلا چېكىنىش بولۇپ قالماي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئىجتىمائىي-سىياسىي ئورۇن،... دېگەندەك، ھەممە ساھەلەر بويىچە تېك سىزىق بويىچە تۆۋەنلەش كۆرۈلمەكتىكەن. بۇنىڭ سەۋەپلىرى تەھلىل قىلىنغاندا مۇنداق ھالغا دۇچ كېلىمىز:

ئۇيغۇرلارغا مۇستەقىللىقتىن ھېچنېمە تەگمىگەچكە ۋە يېڭى "خوجايىن"لاردا ئىمپېرىيە دەۋرىدىكىدەك "جاھاننى تەڭشەپ تۇتۇش (تەڭ ئېتىۋار بېرىش)" سىياسىتى بولمىغاچقا، ئېتىۋارغا ئېرىشەلمەسلىكتىن

تۆۋەنلەش كېلىپ چىققان. شۇڭا ئۇلاردا مۇستەقىللىقتىن رەنجىش روھىي ھالىتى ئېغىر ئىكەن. ”س س س ر ۋاقتىدا ئۇيغۇرلارغا خېلى ئېتىۋار بېرىلەتتى، موھىم يەرلەردە ئىشلەيتى، يەكلەنمەيتى، ئەمدى ھەممە جۇمھۇرىيەتتە ئۇيغۇرلار تاشلىۋېتىلدى...“ دېيىشىدىكەن. مانا شۇنىڭدىن شۇنى كۆرىۋېلىش مۇمكىنكى، ئىلگىرىكى ”مەشھۇر ئۇيغۇرلار“ خۇددى توك توخۇسىدەك، ئەنە شۇ ”ئېتىۋار بېرىش“نىڭ مەھسۇلى ئىكەن- دە! ھايات دولقۇنلىرىدا ئۆز كۈچى ۋە ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ، ھەر خىل توسالغۇلارنى يېڭىپ ئۈزۈپ چىققانلار ئەمەسكەن، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ.

شۇنداقلا بۇگۈنكى رېئاللىقتا، تەبىئىي رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلمەي سەپتىن قېلىشى، سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئەنە شۇنداق ”تەڭ ئېتىۋار بېرىش“ ئاتلىق يۆلەپ تۇرغۇزۇشلىرى ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي قارشىلىق كۈچىنى، رىقابەت ئىقتىدارىنى پالەچ قىلىپ قويىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن شۇنىمۇ چۈشىنىپ قويۇش كېرەككى، كوممۇنىستلارنىڭ مۇستەملىكىلەرنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىدا شۇنداق بىر ئويۇن بار: شۇ مۇستەملىكىدىكى ئاساسىي مىللەتكە مۇقابىل قويۇش، دۈشمەنلىك تېرىش، ئۆچمەنلىكنىڭ نىشانىنى بۇراش ئۈچۈن، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە سەل ئېتىۋار بەرگەندەك قىلىدۇ. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلار قازاقلارغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلىدە بولغاندەك قىلىدۇ (بۇنىمۇ پەقەت ئويلاپ سېلىشتۇرۇشقا ئەقلى يېتىدىغان شەھەرلىكلەر كۆرسۇن ئۈچۈن، شەھەرلەردە قىلىدۇ. يايلاقتىكى قازاقلار بەتتەر خورلۇق ئىچىدە). بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايغا بولغان ئۆچمەنلىكى بۆلۈۋېتىلىدۇ. خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەر گويا جانجان مەنپەئەتلىرىنى قازاقلار تارتىۋالغاندەك، دىققىتىنى قازاقلارغا تىكىۋالىدۇ. خىتايلارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىمۇ دەل شۇنداق نەتىجىدۇر.

خۇددى شۇنىڭدەك، بولشېۋىكلەر دەۋرىدىكى ”ئېتىۋار“ بېرىشمۇ ئەنە شۇ رەزىل مەخسەت ئۈچۈن قىلىنغان ھارامزادىلىكتۇر. مانا ئەمدى ئۇنداق ”ئېتىۋار بېرىش سىياسىتى“ بولمىغىنى ئۈچۈن، ئەزەلدىن ھۆكۈمەت ئۆزى تەڭشەيدۇ“

دەپ كۆنۈككەن خەلققە — رىقابەت ئېڭى پۈتۈنلەي ئۇخلاپ قالغان خەلققە ئىستىقبال تېپىش يولىدىكى ئىقتىسادىي، ئەقلىي رىقابەتلەر ئېغىر كەلگەن. دېموكراتىك تۈزۈم قانۇندىكى بارابەرلىك بەلگىلىمىسى مۇستەملىكە دەۋرىدە بولمىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە. بۇنىسى كوممۇنىستلارنىڭكىدىمۇ بولغان، ئەمما بۇ كوممۇنىستلارنىڭكىدەك قەغەز يۈزىدىكى نەرسە ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، "داۋاگەر سۈس كەلسە قازى مۇتىھەم بوپتۇ" دېگەننى ئەستە تۇتماق لازىم. يەنى، مىللەتلەر ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان شارائىتتا هامان مىللىي سۈركىلىش مەۋجۇت، هامان هاكىمىيەت بېشىدىكى مىللەتنىڭ بىر ئاز "ئالاھىدە بولىۋېلىش"، "يەكلەش، چەكلەش"لىرى مەۋجۇت. لېكىن، بۇ قانۇندا بەلگىلەنگەن ئالاھىدە هوقۇق ئەمەس، تۇغما "قول ئىچىگە ئىگىلىش" قانۇنى. شۇڭا، هەق - هوقۇقنى داۋا قىلىپ تېپىپ ئېلىشنى بىلىش كېرەك. بۇ دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ تەلىپى. سوتسىيالىزىمدىكىدەك "هۆكۈمەت ئۆزى تەڭشەيدۇ" دەپ ئولتۇرىۋەرگەندە، بۇ هوقۇقلار ئاپىرىپ بېرىلمەيدۇ.

دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى ئاۋام خەلقنىڭ، بولۇپمۇ مۇستەبىت كوممۇنىست تۈزىمىدە ياشاپ كۆنۈپ قالغان خەلقنىڭ بىلمەسلىكى تەبىئىي ئەھۋال. ئۇلار كۆنگىنى بويىچە هۆكۈمەتنىڭ بەرگىنىگە شۈكرى ئېيتىپ ئولتۇرىشىدا گەپ يوق. ئەمما هېلىقى زىكرى كەچكەن "مەشھۇر شەخسلەر"، "ئالىم"لار نېمىشكە بۇ هەقتە خەلققە باشلامچى بولمايدۇ؟ "يەكلەشلەر" هەققىدە گەپ بولغاندا شۇنى سېلىشتۇرۇپ كۆرمەك جائىزكى، تارىختا يەھۇدىيلارغا كىم "ئېتىۋار بېرىپ، تەڭشەپ" مۇئامىلە قىپتىكەن؟ ئۇلار ئىككى مىڭ يىل مىللىي خورلۇق ئىچىدە ياشىغان، "ئېتىۋار بېرىش" ئەمەس، نورمال ياشاش هوقۇقلىرىمۇ دەپسەندە قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ دۇنيادىكى ئورنىنى تىكلىدى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي سەھنىسىدە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئالىملىرى خەلققە بۇلارنى ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش، مىللىي روھنى ئويغۇتۇش جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشلىرى كېرەك. گېزىت، رادىئودىكى ئاشۇ مەۋجۇت ئىمكانىيەتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش

ئاساسىدا، يەنە قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرگە قارىغاندا كەم بولۇپ قېلىۋاتقان تەرەپلەر بولسا تەلەپ قىلىپ قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. بىر مىللەت مەشھۇر شەخسلىرىنىڭ مەشھۇرلىقى مانا شۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا قايمۇققان خەلقنى يېتەكلەپ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش، ئۇلارغا ئىستىقبالنى، ئاخىرقى مەنزىلنى كۆرسىتىپ بېرىشتۇر!

يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتاپتىكى ئۇيغۇر ئالىملىرى ئارىسىدا نۇرغۇن قانۇنشۇناسلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار شۇ جۇمھۇرىيەت قانۇنلىرىدا ئۇيغۇرلار ئۇچۇن قانچىلىك هوقۇق ئىمكانىيەتلەر بارلىقىنى تەتقىق قىلىپ، خەلققە چۈشەندۈرۈشى، ھازىرقى ئەمەلىي ئىجراسى بىلەن بولغان پەرقلەر، يەنە نېمىلەرنى تولۇقلاش كېرەك؟ يەنى، قانۇندا بەلگىلەنگەنلەردىن نېمىلەر ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ، بۇلارنى خەلققە كۆرسىتىپ بېرىشى، خەلققە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قانۇن چۈشەنچىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ ئەگەر بۇنداق يېتەكچىلىك بولمايدىكەن، ئىلگىرى بولشۋىك قىزىل تېرور سىياستىنىڭ دەھشىتىدىن يۈرىكى قالمىغان بۇ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى ھەققىدە، قانۇن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرىلىدىغان ئىمكانلىرى ھەققىدە داۋاغا جۈرئىتى بولماي كېتىۋېرىشى چوقۇم (مانا بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تۈزۈمنىڭ دەھشىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. قورقۇپ ئۆگەنگەن خەلق ھېلىغىچە ھۇشىغا كېلەلمىگەن).

مەن مىللىي تۈيغۇلار تېمىسىدا بىر ”ۋەتەنپەرۋەر داھى“ بىلەن سۆزلىشىپ قالغانىدىم. ئۇ: ”ئاستا- ئاستا بولىۋاتىدۇ، بولىدۇ. بۇرۇن بۇ يەردە(؟!) قاتتىق بېسىم ئىچىدە ئىدۇق، غىڭ قىلدۇرمايتى. ۋەتەننىڭ گېپىنى قىلىشقا يول يوقتى. ئەمدى تېخى مۇستەقىل بولغىلى يەتتە يىل بولدى، بۇنىڭغىچە بولمامدۇ“ دېگەنىدى. بۇ گەپتىن بۇنداق بىرنەچچە مەنا ئاڭلىشىلىدۇ: سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى ۋەتەندىكىلەر بىلمەيدۇ، دېگەندەك قاراش ۋە شۇ تۈپەيلى دېيىلىۋاتقان چۈشەندۈرۈش؛ ئىككىنچىسى، ئۇ زاماندا بۇ يەردە قاتتىق بېسىم بولغانلىقى، ۋەتەن ئۈچۈن سۆز- ھەركەت قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى

گەپ بولۇپ، بۇنىڭدا ئىككى خىل ئاڭلام مەۋجۇت: بىرى، گويا ۋەتەندە بۇنداق ئىمكانىيەت بولغاچقا زامان- زامان ئىنقىلاپ بولۇپ تۇرىۋاتقاندەك، بۇ ياقتا (ئۇ زامانلار) بۇنداق ئىمكانىيەتنىڭ يوقلىقىدىن بۇ خۇسۇستا ئىش قىلىنمىغاندەك بالىلارچە تونۇش؛ يەنە بىرى، ۋەتەن ئۈچۈن سۆز - ھەركەت قىلىش ئۈچۈن چوقۇم رۇخسەت قىلىنغان، خەۋپ- خەتىرى بولمىغان شارائىت كېرەكتەك بىمەنە تونۇشتۇر! بۇ يەردىغۇ ئەمدى بولسىمۇ بۇنداق ئەركىنلىك بارلىقىقا كەپتۇ، ۋەتەندە ھېلىغىچە داۋام قىلىۋاتقان زۇلۇم، باسقىن، قەتلىئاملارغا قارىماي، خەلق كۆرەشنى توختاتقىنى يوق! بۇ سۆزلەردىن يەنە بىر مەنا ئاڭلىشىلىپ تۇرىدۇكى، داھىلارمۇ ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تولۇق بىلمەيدىكەن! ھەتتا ئۇلار ۋەتەننىڭ ئەھۋالىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى دەپ قارايدىغاندەكمۇ قىلىپ تۇرىدۇ! بۇ قارىشىمىزنى قۇۋۋەتلەيدىغان يەنە بەزى گەپلەرنىمۇ ئاڭلىدۇق: ”سىلەر باي، پۇلنى نەگە ئىشلىتىشنىڭلارنى بىلمەي قالىسىلەر، بىزدە پۇل يوق، گېزىتىمىز توختاپ قالغىدەك ھالدا...“. مانا بۇلار بۇ سىياسىيونلارنىڭ ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان سىياسىنىڭ ئوبيېكتىنىمۇ تۈزۈكرەك چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ! بايلىق مەسىلىسى — تۇرمۇش سەۋىيىسى، تۇرمۇشقا قويۇلىدىغان تەلەپكە باغلىق. مەسىلەن: بۇ يەردە ئۆزىنى پۇلسىز بىچارە ھېساپلاۋاتقانلارنىڭ ھېچ بولمىسا بىر نىمكەش ماشىنىسى بولىدىكەن، بۇمۇ بولمىسا ئەتتىگەندە سۈت، قايماق، سېرىق ماي، مۇراببا(ۋارىنە)لەر تىزىلغان داستىخاندا ناشتا قىلىدۇ. ۋەتەندە ئۆمۈر بويى پۇتىغا ئاياق كىيمەيدىغانلارنىڭ كۆپلىكىدىن سۆز ئاچمايلى، شۇ باي كۆرىنىۋاتقان بىر نەچچە بايمۇ ئۆيلىرىدە قايناق سۇغا قېتىپ قالغان ناننى چىلاپ ئىچىدۇ. بۇلار يەنە قانچە ئون يىلدا ئورتا ئاسىيادىكىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىلەن تەڭلىشەر؟ بۇنى داھىلار ئوبيېكتىۋ چۈشەنمىكى لازىم.

ئالدىنقى قېتىمقى يازمىشلىرىمىزدا ئورتا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى تەشكىللىنىپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھەق - ھوقۇقلىرىنى تېپىشقا تىرىشىش ۋە بۇ قانۇنىي ئورنىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەنگە دائىر ”چوڭ گەپلەر“نى قىلىش

توغرىسىدا يازغانىدۇق. ئەمما ئۇلار تەزنى تاپقىچە دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇرلارنى ئۇجۇقتۇرۇپ، زېمىننى مەڭگۇ داۋاگەرسىز قالدۇرماقنى كۆزلىگەن خىتايلار بالدۇرراق تەزنى تېپىپ، ئورتا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرىگە بېسىم ئىشلىتىپ، دۆلەت رەھبەرلىرىگە ”شەخسىي ياردەم“لەر قىلىپ سېتىۋېلىپ، ھەر خىل چارىلار بىلەن قىستاپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممە نېمىسىنى تارتقۇزىۋەتتى. ئەڭ مۇستەبىت بولغان، فاشىست ھېساپلىنىدىغان كومموئۇنىستلار دەۋرىدىمۇ بار بولغان ئۇيغۇرچە مەتبۇئات، پىكىر سەھنىلىرى، تەتقىقات يۇرتلىرى، مەكتەپلەر بىر - بىرلەپ تاقىۋېتىلدى ياكى مىنىمۇم ھالغا كەلتۈرۈلدى (مەسىلەن: ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى پەقەت ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ۋاھالەنكى، دۇنيادا ئازسانلىقلار ئۈچۈن بېرىلىدىغان ”مەدەنىيەت مەركىزى“ قۇرۇش ھەققى بىر يەردە 7— 12 دىن ئارتۇق ئادىمى بولغان ھەرقانداق بىر مىللەتتە بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى مۇئەسسەسە بولۇپ، پۈتۈن سۇرۇك بىر ئىنىستىتۇتنىڭ بۇنداق بىر كۆلكىلىك دەرىجىگە چۈشۈرۈلىشى پەقەت ئۇيغۇرلارغا قىلىنىۋاتقان ھاقارەتتۇر)! مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا — دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ مىللىي كەمسىتىشلەرگە قارشى نامايىش، يىغىلىش، مەتبۇئات شەكىللىرى ئارقىلىق داۋا قىلىپ چىقىپ، بۇ ھەقنى تەلەپ قىلىپ ئېلىش ھەرھالدا خىتايدىن ۋەتەننى قايتۇرىۋېلىشقا قارىغاندا ئاسان بولسىمۇ، شۇنىڭغا چامىسى كەلمىگەنلەرنىڭ يوغان گەپلەرنى قىلىشى كىمنىڭ كۆلكىسىنى كەلتۈرمەيدۇ؟ ياكى ئۇنىسى ئاسانراقمۇ؟ چۈنكى، خىتاي يىراقتا، ۋارقىراپ تىللاۋەرسە، يىغىن ئېچىۋەرسە، خىتاي ھېچنېمە قىلالمايدۇ، ۋەتەنپەرۋەر سانىلىۋېرىدۇ، جان كەتمەيدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي، خىتايلارنىڭ پىلانلىشى ۋە ئورتا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئۇيغۇرلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەدەپلەش، چىگراق نەپەسمۇ ئالدۇرماسلىق، باشقا ھەق تەلەپلىرىدە بولۇشقا جۈرئەتنى يوق قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن يەنە بەزى ئويدۇرما ”تېرورلۇق“ پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىغا چىقىرىلماقتا!

خىتايلار ئۇيغۇرلارنى، ئۇيغۇر ئىنقىلاپچىلىرىنى پۈتۈنلەي يىتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن بىر تالاي قانلىق ۋاقەلەرنى پەيدا قىلىپ ئۇيغۇرلارغا ئارتماقتا. ئاتالمىش بىشكەكتە خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئوقۇقا تۇتۇلۇش ۋاقەسى، ئۆزبېكىستانغا ھۇجۇم قىلغان دىنچى گورۇپپىلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ بولىشى ۋە ئەسىر چۈشۈشى، چېچەنىستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ رۇسلار قولىغا ئەسىر چۈشۈشى، قازاقىستاندا قازاق ساقچىلىرىنىڭ ئۆلتۈرىلىشى،... قاتارلىق ۋاقەلەرنى خىتاي جاسۇسلىرى پەيدا قىلغانلىقى، خىتايلارنىڭ جاسۇسلۇق ئورگانلىرى پىلانلىغانلىقى، بەزىلىرىنى ئورتا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرى بىلەن شېرىك ھالدا ” ھەق- ھوقۇق داۋاسىغا قارىتا ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرىدا چەك قويۇش ئۈچۈن باھانە ئويدۇرۇش“ ئېھتىياجى بىلەن پەيدا قىلىنغانلىقى ئاپ - ئايدىڭ بولسىمۇ، بۇ جانابى مەشھۇر ئۇيغۇرلاردىن شۇئانغا قەدەر كەسكىن رەددىيە سادالىرى چىققىنى يوق! تېخىمۇ مەسخىرىلىكى، ۋەتەننى ئازاد قىلىدىغان تەشكىلاتلاردىنمۇ ئىنكار قىلىش سادالىرى چىقمىدى! ئىنقىلاپتىكى بىرلەمچى خىزمەتلەر ۋە ئىككىلەمچى خىزمەتلەرنى، يەنى قايسى ئىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە پىرىنسىپاللىقىنى، قايسى ئىشنىڭ ئانچە مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئاڭقىرالماي، ياغۇنچاقىقا قاتقان ئېشەكتەك بېشى چۆگىلەپ قالغان بۇ سىياسىيونلارغا ۋاي! سەن قانداق ئىنقىلاپچى سەن؟ ئىنقىلاپ ئۈچۈن ئەڭ- ئەڭ زىيانلىق مۇھىت پەيدا قىلىدىغان، خەلقئارادا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن ئىنتايىن پاسسىپ تەسىر پەيدا قىلىدىغان مۇشۇنداق زور ۋاقەگە سۈكۈت قىلىپ، قاندىقىسىغا ئىنقىلاپ قىلماقچىدىڭ؟ سېنىڭ تەشەببۇسۇڭ ”تېنچلىق ئۇسۇلى“ ئەمەسمىدى؟ بۇ تازا سېنىڭ ئۇسلۇبىڭغا ئۇيغۇن ئىش ئىدىغۇ؟ مانا بۇلار شۇنى ئېنىق چۈشەندۇرىدۇكى، بۇ يەردىكى ”مەشھۇر ئۇيغۇرلار“ پەقەت مائاشقا ئىشلەشكىلا كۆنگەن ھىسسىياتسىز ماشىنا ئادەملەر، تەشكىلاتلار بولسا كىم ئۈچۈن ئىشلەۋاتقىنى ئېنىق بولمىغان مۇجىمەل تەشكىلات ۋە مەجهۇل شەخسلەرنىڭ ئۇۋىسىدۇر!

مەن 1948- يىللاردىكى «شەرق ھەقىقىتى»نىڭ ئۇيغۇرچە سانلىرىنى كۆرگەنىدىم. بۈگۈنكى ئورتا ئاسىيادىكى تەرەققىياتلارنىڭ بىرى شۇ بولغانكى،

ئەمدىلىكتە تاشكەنتتە ئۇيغۇرچە ژۇرنال تۇگۇل، ئۇيغۇرچە بىلىدىغان ئۇيغۇرنىڭمۇ تايىنى قالمىغىلى تۇرۇپتۇ! "ئۇيغۇر بولغاننىڭ پايدىسى يوقكەن" دېگەن فورما بويىچە تەدرىجىي ۋاز كېچىش ئەۋج ئېلىۋاتسا كېرەك.

ھازىر ھېچ بولمىغاندىمۇ بىرنەچچە جۇمھۇرىيەتنىڭ دېموكراتىك "قالپاق"ى بولغىنىدىن، سۆزدە مەتبۇئات ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئىلگىرى دېيىش چەكلەنگەن سۆزلەرنى سۆزلىۋېلىش، ئىلگىرىكى "چەكلەنگەن رايونلار"غا بۆسۈپ كىرىپ، سوۋېت سىياسىتىنىڭ جىنايەتلىرىنى خەلققە تونۇتۇش پەيتى كەلدى. ئۇقۇمۇشلۇقلارنىڭ، "ئالىم"لارنىڭ بۇلارنى خەلققە بىلدۈرۈش ۋەزىپىسى بار، ئەلۋەتتە. مەسىلەن: سابىق ئىتتىپاقتا ھەممە مىللەتتە ئازدۇر- كۆپتۇر مۇختارىيات يەرلىرى بولغان، كاۋكاز رايونىدا ئاز نوپۇسلۇق مىللەتلەرنىڭمۇ مىللىي ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرى بولغان. قازاقىستاندا ئۈچ ناھىيە ئۇيغۇر، قىرغىزىستاندا يۇزمىڭلارچە ئۇيغۇر، ئۆزبېكىستاندا (1928 - يىللار) بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بولغان تۇرۇقلۇق ئۇيغۇرلارغا مۇختارىيات — ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت بولمىغاندىمۇ ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت — بېرىلمىگەن. بۇنىڭدىكى سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش نېمە؟ بۇ ھەقتە ئىزدىنىش، كوممۇنىستلارنىڭ قارا نىيىتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ خەلققە بىلدۈرۈشنىڭ ۋاقتى كەلدى. مۇختارىيات بېرىلمىگەندىن تاشقىرى، خۇددى ئىلگىرى "يەھۇدىي بولغىنى جىنايەت" بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە خارلانغاندەك، "مەن ئۇيغۇر" دېگەننىڭ جىنايەتكە مەنىداش بولۇپ قېلىشى، قەتلىئامغا ئۇچرىشى، ئۇيغۇرلىقىدىن تېنىشقا مەجبۇر بولىشىدىكى ئىشەنچلىك سەۋەپلەر، سوۋېت سىياسىتىدىكى مۇددىئا، يەتمەكچى بولغان نىشان ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، بۇ تارىخىي جىنايەتنى ئېچىپ تاشلاپ، "جان ھەلەكچىلىكىدە مىللەتتىن تانغان"لارنى قايتىدىن مىللىي كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە چاقىرىش ئەنە شۇ ئالىملارنىڭ، مىللەتچىلەرنىڭ، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ، "داھى"لارنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟

كەچمىش پاجىئەلىرىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە

پاكىتلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلىش، بەختسىزلىكىمىزنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئاڭلىتىش ھەرھالدا ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز قۇرۇلتاي ئېچىپ، ... ۋاقت زايا قىلغاندىن ياخشى ئەمەسمۇ؟

بۈگۈنكى دۇنيا، 30 - يىللاردىكى ستالىن پاجىئەسى، يەھۇدىي پاجىئەسى، تاتارلارنىڭ، چېچەنلەرنىڭ سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىنىشى قاتارلىقلاردىن سۆز ئېتىشىدۇ، ئەمما ھېچكىم 30 - يىللاردىكى «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى»، ئۇيغۇرمەن دېگەننىڭ ئۆلۈمگە يول خېتى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇلارنى دۇنياغا بىلدۈرۈشنىڭ زامانى كەلمىدىمۇ؟

1998-يىلى، دىكابىر، تاشكەنت.

# چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارغا مەسلىھەت

بىز لاپ ئېتىش، ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن شەپقەت كۈتۈش بىلەن ۋاقتنى زايا قىلىپ، مۇستەقىل بولۇش پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىۋاتىمىز؛ دۈشمەنگە تېنچ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ، ئىشىمىزنى كۈنسېرى قىيىنلاشتۇرۇپ قويىۋاتىمىز! خىتاينىڭ سىياسىيونلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى نوپۇس نىسبىتى ئاساسىدا ئىشەنچ بىلەن: "شىمالدا مەڭگۈلۈك تېنچلىق ئەمەلگە ئاشتى!" دېيىشمەكتە. جەنۇپقا پويىزنىڭ كېلىشى ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن قىسقا مۇددەتتە بۇ يەردىكى نوپۇس نىسبىتى بۇزۇپ تاشلىنىدۇ. بۇنى ئاساس قىلغان خىتايلار — ھەتتا بىزنىڭ كۆپ ئادەملىرىمىز، تەشكىلاتلىرىمىز ئۈمىد كۈتىدىغان ئامېرىكىدىكى دېموكراتىك خىتايلارنىڭ سىياسەت تەتقىقاتچىلىرى — "جەنۇپتىمۇ بۆلۈنۈشنىڭ ئىشقا ئېشىش ئېھتىماللىقى كۈنسېرى يوقىقا چىقماقتا" دېيىشمەكتە! ھەتتا بىزنىڭكىلەر خام تامادا بولىۋاتقان "مۇستەقىللىقنى بېرىۋېتىش" ئەمەس، ئەڭ پاسسىپ كۈچلەر ئۈمىد قىلىۋاتقان فىدراتسىيە ھەققىدىمۇ بۇ "دېموكراتلار" "نوپۇس نىسبىتىدىكى كەسكىن پەرق بۇ يەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك"نى كۆمۈپ تاشلايدىغانلىقىنى، ئۇ ھالدا "فىدراتسىيە توغرىسىدا ئويلاپ ئولتۇرۇشقىمۇ ئورۇن قالمايدۇ"غانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە!

خىتاي دېموكراتلىرى ھاكىمىيەتنى ئالسا بەلكىم دىڭ شىياۋپىڭنىڭ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" سەپسەتىسىنى تەتۈرسىگە پايدىلىنىپ، ۋەتىنىمىزنى يەنىلا سوتسىيالىستىك رېجىم ئاستىدا — مۇستەبىتلىك

ئۇسۇلدا باشقۇرۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار كوممۇنىستلارنىڭ بۇ كەڭ مۇستەملىكىنى ئېچىش، پايدىلىنىش، باشقۇرۇش، يىلتىز تارتىش،... جەھەتلەردە ”قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى“، ”تەدبىرچانلىقى“غا ئاپىرىن ئېيتىش پوزىتسىيىسى بىلەن: ”مىللىي ئىستىقبالىمىز ئۈچۈن ئالدىنقىلار قىلالمىغان، قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان، ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمىغان ناھايىتى زور پايدىلىق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقاردى“ دېيىشمەكتە. ئۇلارمۇ مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن (دۈشمىنى بولغان) كوممۇنىستلار بىلەن ئوخشاش مۇقام تووۋلىماقتا. ئوخشىمىغان سەپلەردە ئوخشاش مەخسەت ئۈچۈن ئىش قىلماقتا: بىزنىڭ مۇناپىق تەبىئەتلىك كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن كېلىشىملەر قىلىپ، كوممۇنىستلار ئۈمىد قىلىۋاتقان ”تېنچ تەرەققىيات پۇرسىتى“ يارىتىش ئۈچۈن ئورتاق ھەسسە قوشماقتا! بىز بىچارىلىك بىلەن تامادا بولىۋاتقان خىتاي دېموكراتلىرى بۈگۈن پەقەت بىزنىڭ يىغا- زارىمىزدىن كوممۇنىستلارنى لەنەتلەشتە پايدىلىنىدۇ؛ ئەمما ئەتە ئۆزلىرىمۇ ئوخشاشلا يىغلىتىدۇ، خالاس!

مۇستەبىت كوممۇنىست تۈزىمى شارائىتىدا قارشىلىق ھەركەتلىرى ھىسسىداشلىق قوزغايدۇ، چۈنكى مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش نورمال ۋە توغرا. شۇڭا، دېموكرات خىتايلارمۇ بىزنىڭ يىغا- زارىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي غايىسى ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ. چۈنكى ئارىمىزدا بىر ئوخشاشلىق مەۋجۇت: ھەر ئىككىمىز كوممۇنىست خىتايغا قارشى! ئەمما بۇ پەقەت ھازىرقى ئۆتكۈنچى سىياسىتى بولۇپ، ئەگەر ئۇلار تەختكە چىقىپ قالسا ئوخشاشلا بىزنى يىغلىتىدۇ. ئۇ ھالدا بۈگۈنكى ئوخشاشلىقىمىز تۈگەپ، ئۇلارمۇ دۈشمىنىمىزگە ئايلىنىدۇ. ئەمما دېموكراتىك تۈزۈم شارائىتىدا ئەينى شۇ قارشىلىق ھەركەتلىرىمىز ھىسسىداشلىق قوزغىماي، ”تېرورلۇق“ ھېساپلىنىپ، نەپرەتلىك قارشى ئېلىنىدۇ. چۈنكى، دېموكراتىيە شارائىتىدا سىياسىي غايىلەر جىسمانىي توقۇنۇش، ھەربىي ھەركەتلەر بىلەن ئەمەس، سىياسىي كۆرەش شەكلى (ئاۋاز، كىشىلەر رايى) ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقاچقا، غەيرى سىياسىي ھەركەتلەر قارشى ئېلىنمايدۇ. مانا شۇ ھالدا بىزنىڭ

پىسخىك خاملىقىمىز يەنە بىر بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ”چۆجىنىڭ شۇملىقىدىن توخۇنىڭ ئەمچىكى يوق“ دېگەندەك، بىزدە ئاۋاز ئارقىلىق مۇستەقىللىق ئېلىش مۇھىتى ئالىلىقاچان يوقالدى (ئەمما بۇ توغرىدا كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، سۈرەن سېلىۋاتقانلار پەقەت دۈشمەننىڭ پايدىسىغا ئىشلەيدىغان مالايلاردۇر)! بىرىنچىدىن، ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئاز سانلىقا ئايلاندۇق؛ ئىككىنچىدىن، پىسخىكا جەھەتتىكى خاملىقىمىز تۈپەيلىدىن شۇ ئاز ئاۋازىمىزمۇ بىرلىككە كېلەلمەي، بىرمۇنچىلار دۆتلۈك بىلەن، يەنە بەزىلەر يالاقچىلىق تەبىئىتى بىلەن خىتايغا ئاۋاز بېرىشتەك شەرمەندە مەنزىرىنى يارىتىشى مۇمكىن! دەل شۇنى چۈشىنىپ يەتكەن خىتايلار بۇ ئىشنى ئاۋاز ئارقىلىق قارار قىلىشنى بىزدىن بۇرۇنراق تەكلىپ بېرىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئۈمىدىمىزنى ”ئاۋازنىڭ نەتىجىسى“ بىلەن كۆمۈپ تاشلايدىغانلىقى سۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرماقتا.
خىتاي دېموكراتىك ھەركىتى رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان ياڭ جىيەنلى شۇنداق دەيدۇ: ”بىز مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز ھەم بۇ ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىمىز، ئەمما بۇ ھوقۇقنىڭ تەلەپكارلىرى كوللىكتىپ بولىدىغانلىقى، شەخس بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۈنى(ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى) مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ...“[1]. بۇ گەپنىڭ ئورانى شۇنى چۈشەندۈرۈۋاتىدۇكى، خەلقىمىزدىكى سايلام چۈشەنچىسىنىڭ نۆلگە يېقىن بولۇشتەك ساپاسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ، سايلامنى ئۆز مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن نەتىجىگە يۆنلەندۈرۈپ، ئاندىن ”زور كۆپچىلىكنىڭ رايى ئايرىلماي ياشاش بولدى“ دەپلا ئىشنى تۈگىتىشتۇر.
مانا شۇنداق قىسمەتكە دۇچ كەلگەندە ئۇيغۇرنىڭ كەلگۈسىنى قانداق

---

[1] خىتاي دېموكراتىك ھەركىتىنىڭ چەتئەللەردىكى بىرلەشمە كومىتېتىنىڭ 3- قېتىملىق يىللىق يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز (بۇ يىغىن 2000- يىلى 9- دىكابىردا گېرمانىيىنىڭ بونن شەھرىدە ئېچىلغان) ــ ئا.

تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى نېمە بولىدۇ؟ نەسلى قۇرۇپ، ئىزى ئۆچەمدۇ؟ دۇنيا هاياتلىق سەھنىسىدە ئۇيغۇر يوق بولامدۇ؟ بۇلارنى جىددىي ئويلىماق لازىم. هازىرغىچە بىزنىڭ مىللىي تەقدىرىمىزدە كۆرۈنەرلىك ۋە ئۈمىد قىلارلىق سەكرەش بولغىنى يوق. بۇ هالدا كېتىۋەرسەك، تەبىئىيكى يوقۇلۇپ كېتىمىز! شەرقىي تۈركىستان مەڭگۈ خىتاي زېمىنى بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ زېمىندا ئۇيغۇرنى ساقلاپ قېلىش ئۈمىدى يوققا چىقىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ مەۋجۇتلىقىمىز بىلەن خىتايلار ئۆزلىرىنى خاتىرجەم هېس قىلالمايدۇ، ئۇنداق ئىكەن، بىزنى بۇ زېمىندا پۈتۈنلەي ئېرىتىپ تۈگىتىش، ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرماي قالمايدۇ. بۇ هەقتە خىتاي باشقانى جىياڭ زېمىن ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش قىسىملىرىغا سۆزلىگەن سۆزىدە يوقۇلىدىغانلىقىمىز ۋە بۇ يوقۇلۇشنى ئاڭلىق قاتلىمىمىزنىڭ "تارىخنىڭ مۇقەررەر تەرەققىياتى" دەپ تونۇپ، هازىردىن باشلاپ "كۆنۈككەچ" تۈرىشى كېرەكلىكىنى بىشارەت بەردى: "هەرمىللەت ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلار شۇنداق بىر هېكمەتنى بىلىشلىرى كېرەككى، دۆلەتلەر ئارا ئالماشتۇرۇش ۋە هەمكارلىقنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، دۇنيادىكى تىل تۈرلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەيدۇ، ئەكسىچە بارغانسېرى ئازىيىدۇ. بۇ تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى"[①]تىلنىڭ يوقۇلىدىغانلىقىنى توغرا تونۇشقا قىلىنىۋاتقان بۇ "بىشارەت" — "مىللەتنىڭ يوقۇلىدۇ، بۇنى توغرا چۈشەن، ئەجەپلىنىپ كەتكۈچىلىكى، ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق" دېگەنگە ئىشارىدۇر. ئۇيغۇر تىلى يوقالغان ئەهۋالدا ئۇيغۇرنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلىسىز؟

خىتايلار دېموكراتىيىگە ئۆتكەن تەقدىردە "ئەركىن شاللاش" ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. هازىرقىدەك هاكىمىيەت تەرىپىدىن مەجبۇرىي چارىلار بىلەن يۆلەپ

---

① «"جىياڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزى"نى ئۆگىنىش تېزىسلىرى» — (خىتايچە ئىچكى ماتېرىيال) 20 ـ بەت — ئا.

تۇرىلىدىغان ”مىللىيلىك“ — ھاكىمىيەتتىكى بىرقانچە قورچاق ۋەكىل، مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىشتىكى سان چەكلىمىسى، ھەتتا مىللىي مەكتەپلەرنىڭ ئۆزىمۇ تەبىئىي رىقابەت ئىقتىدارىغا تايىنىپ مەۋجۇتلىقىنى ساقلىشى كېرەك بولىدۇ. مىللىي تىل- يېزىقنىڭ خىزمەت ئۇستىدە ئىشلىتىلمەسلىكى پۇخرالارنىڭ ئالدىغا شۇنداق بىر تاللاشنى قويىدۇ: يا خىتايچە ئوقۇش ئارقىلىق ياشاش شەرتلىرىنى ھازىرلاش؛ يا ”مىللەتچىلىك“ مەيدانىدا تۇرىمەن، دەپ نامراتلىق ئىچىدە بوغۇلۇش(ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇيغۇرچە مەكتەپلەرنىڭ يوقۇلىشىنى تېزلىتىدىغان باشقۇرۇش چارىلىرى يولغا قويۇلماقتا: يېزا مەكتەپلىرىدە راسخود، مائاش قاتارلىق ئىقتىسادىي يۈك مەكتەپ تۇرۇشلۇق كەنتنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويۇلماقتا. بالىلىرى ئوقۇيدىغان دېھقانلار ھەر بالا بېشىغا مەكتەپ سېلىقى تۆلىشى كېرەك! بۇ ھالدا نامراتلىقتىن ئاران ياشاۋاتقان خەلق بالىلىرىنى ئوقۇتماسلىق يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولىدۇ. پىلانلىق تۇغۇتمۇ بۇ يول بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇلىدۇ)! ھايات قىيانلىرىنىڭ ”ئەركىن تاللىشى“دا بىز تەبىئىي رىقابەت كۈچىگە ئىگە ئەمەس. ئۇ ھالدا ئاسسىمىلاتسىيە تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. ھېچكىم پىلانلىق، مەجبۇرىي ئاسسىمىلاتسىيىنى يولغا قويمايدۇ، شۇنداقلا قانۇنىي ”ئېتىۋار بېرىش“لەر ئارقىلىقمۇ ”مىللىيلىك“ قوغدالمايدۇ. خۇددى تەمسىلدىكى ”قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاپىنا“ دەيدىغان بىر خىل ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز، شۇنداقلا ئىقتىسادىي تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىمۇ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك تىكلەش روھى ۋە ئادىتىمۇ بولمىغان، پەقەت ئىنتايىن تۇتامسىز بىر خىل تىجارەت شەكلىنى ۋە ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئىقتىسادىي مەنبە قىلغان، رىقابەت ئېڭى، ئاۋاز نىسبىتى، مەدەنىيەت ساپاسى تۆۋەن ئۇيغۇرلار كاپىتالىستىك جەمىيەت ماشىنىسىنىڭ رەھىمسىز چىشلىق چاقى ئارىسىدا يەنچىلىپ چاپسانلا يوقۇلىدۇ.

بەزىلەر بۇنى ئۈمىدسىزلىكنى تەرغىپ قىلىش دەپ ئەيىبلىمەكچى بولار، ئۈمىدۋارلىق قۇرۇق ھەم رومانتىك بولماسلىقى، مەلۇم رېئال ئاساسقا تايانغان

بولۇشى لازىم. ”پالانچىكام بىزنى ئازاد قىلىپ قويىدۇ“ دېگەندەك ئۈمىدلەردىن، يېقىمسىز ئاڭلانسىمۇ بېشىمىزغا كېلىۋاتقان رىئاللىقنى ئەينەن سۆزلەش، خەلقنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئاساسسىز ئۈمىدلەر بىلەن ئۆز-ئۆزىمىزنى بەزلىگەندىن، ئۇيقۇنى ئاچىدىغان ”زارلىنىش ساداسى“ ياخشىراق دەپ قارايمەن. مىليوندىن تۆۋەن نوپۇسلۇق بەزى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا نوقۇل سېلىشتۇرما قىلىش بىلەن ئۆزىمىزنى ئالدىساقمۇ بىكار! چۈنكى، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھېچقانداق بىر مىللەتنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ، ھېچقانداق بىر مۇستەملىكە ئەلنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ. دۈشمىنىمىزنىڭ ئەھۋالىمۇ ھېچقانداق بىر مۇستەملىكىچىنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشىمايدۇ!

شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەھۋال دۇنيا تارىخىدىمۇ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئالاھىدە بىر خىل دەرىجىگە يەتتى. سىرتقى كۆرۈنۈشى بىر خىل، ئىچكى ماھىيىتى بىر خىل بولىدىغان ئۇستىلىق بىلەن تۈزۈلگەن ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئەينەن تەرىپلەشكىمۇ ئەقىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. خەلقنىڭ ئۇھ دېگۈدەك مادارى قالمايۋاتىدۇ. تۆرت تەڭگە پۇل تاپىدىغان يولىمۇ تۈگەپ بارماقتا. قارشىلىق ھەركەتلىرىنى ئىقتىسادىي ئاساستىن جىددىي مەھرۇم قىلىش ئۈچۈن ئاز ساندىكى بايلارنىڭ پۇلىنى سورۇپ تاشلاش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ ئىجرا قىلىنماقتا، سورۇپ تۈگىتىلمەكتە. چەتئەلگە چىقىش مەسىلىسى كۆنسېرى ئېغىرلاپ، پەقەت سىياسىي سەۋەپلەردىن تاشقىرى رەسمىيەت بېجىرىش جەريانى قىيىن بولىشى، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق (پاسپورتنىڭ قىممەتكە توختىشى)، تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، دىپلوماتىيە يولى ئارقىلىق قوشنا ئەللەرگە قىلىنىۋاتقان بېسىم تۈپەيلى چەتئەللەردىكى ئىگىسىز ئىتتەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالىمىز ئەمدى بىزگە ھاياتلىق يوللىرىنىڭ تۈگەپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ھالدا شەرقىي تۈركىستاندا — ۋەتەن تۇپرىقىدىكى خەلقىمىز ئىچىدە نەسلىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىكى جىددىي تەدبىرلەرنى يۈرگۈزۈش، بۇ يولدىكى پائالىيەت، ھەرقانداق تىرىشچانلىققا ئىمكانىيەتلەرمۇ تۈگەپ بېرىۋاتقان ئىكەن،

چەتئەللەردە بولسىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا ھاياتلىق سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارىلىرىنى جىددىي ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش كېرەك. چەتئەللەردە تەخمىنەن ئۈچ مىليونچە ئۇيغۇر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تارقاق ھالدا ياشايدۇ (ئاساسىي قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە، بولۇپمۇ قازاقىستاندا). بۇ يەرلەردىكى نىسبەتەن كەڭ ئىمكانىيەتلەر، دېموكراتىيە تۈزۈمى تەمىن ئېتىدىغان ئەركىنلىك، سۆز، مەتبۇئات، يىغىلىش ئۆتكۈزۈش ئەركىنلىكىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتنى ساقلاپ قېلىش كۆرىشىگە جىددىي ئاتلانماق كېرەك. ئۆزىمىز ھورۇنلۇق قىلمىساقلا چەتئەللەردە بۇنداق ئىمكانىيەتلەر مەۋجۇت. ۋەتەن سىرتىدىكى "مىللىي مەركەز" پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمىسىمۇ (گەرچە ئۇلار قىلچە تارتىنماستىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەرنىڭ "بىردىن- بىر قانۇنىي ۋەكىللىك ئورگىنى" دەۋېلىۋاتسىمۇ، ئۇلار ۋەتەن خەلقىنىڭ ئارزۇسى، غايىسى، ئېتىقادى... نى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ)، ۋەتەن سىرتىدىكىلەرگە ۋەكىللىك قىلىش ئۈچۈنمۇ بېقىندىلىقتىن قۇتۇلىشى شەرت.

شۇندىمۇ (پۈتۈن ئىنقىلاپ ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلالمىسىمۇ) تەشۋىقات ۋە ئىختىساسلىقلارنى تەييارلاشتا رول ئوينىسا بەك چوڭ ئىش قىلغان بولاتتى. چۈنكى چەتئەلدە بەك قاملاشتى دېگەندە تەشۋىقات ۋە ئادەم تەربىيىلەشنىلا قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما ھازىر دىققىتىمىز قۇرۇلتاي ئېچىشلار بىلەن بولۇپ كەتكەچكە بۇ ئىشلارغا باش قاتۇرىۋاتقان تەشكىلات يوق. بۇ ئىشلارنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە بېقىندىلىقتىن تولۇق قۇتۇلماق لازىم. ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان بەزى دۆلەتلەر سىياسىي جەھەتتە ئۇيغۇرلارنى قورچاق قىلىۋالغىنى يەتمەي، پۇل ئىئانە قىلغان ياكى پۇل بېرىدۇ دەپ ئۈمىد قىلىنغان بايلارمۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى "بىللە بېرىش"كە ئۇرىنىدۇ. قوبۇل كۆرۈلمىسە ئىقتىسادىي ياردەمنى رەت قىلىش ئېھتىماللىقى بار. ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولماي تۇرۇپ ھەرقانداق تەشكىلات ۋە ھەرقانداق شەخس ئىنقىلاپچى بولالمايدىغانلىقى،

خىتايلارنىڭ نامراتلاشتۇرۇش سىياسىتىدە كۆزلەنگەن نىشاندۇر. بەزى مۇناپىق پۇلدارلارنىڭ "ئىنقىلاپچى" بولۇپ قېلىشىمۇ مانا شۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدۇر. سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېقىندى ھالەتتە تۇرۇۋېرىشى تاسادىپىيمىدۇ؟ ياكى ئاماللىسىزلىقتىنمىدۇ؟ بۇنداق بېقىندىلىق بىلەن نېمە قىلغىلى بولار؟ "باي پۇل بېرىدۇ" دەپلا بىرلىرىنى رەھبىرى ئورۇنغا دەۋەت قىلىدىغان تەقدىردىن قۇتۇلالمىغان تەشكىلاتلارغا پۇل ئارقىلىق خىتايلار ئۆز ئادەملىرىنى كىرگۈزۈۋەتمەسمۇ؟ ھەتتا باش رولنى قولىغا ئېلىۋالماسمۇ؟ "ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق بولماي تۇرۇپ ئىنقىلاپچى بولغىلى بولمايدۇ" دېگەن بۇ تىئورېمىمىزغا بىرنەچچە مىسال بېرىش ئارتۇق بولمىسا كېرەك.

مەسىلەن: بايلىقتا بولغان ھېرىسمەنلىك ياكى مۇھتاجلىق تۈپەيلى بىرەر پېئىلى مەجھۇل ئادەمنىڭ ساخاۋىتىگە قەرزدار بولۇپ قالسىڭىز تەبىئىي ھالدا "يېگەننىڭ يۈزى ئۇيىتار" دېگەن ۋەزىيەتكە چۈشۈپ قالىسىز — ئۇزۇل-كېسىل ئىنقىلابى مەيداندا بولالمايسىز! سىزگە بىر نېمىسى ئۆتۈپ كەتكەن ئادەمگە ئىختىيارسىز ھالدا بەزى سىرلىرىڭىزنى دېيىشىڭىز مۇمكىن؛ ھېچ بولمىسا ئۇنىڭغا نەپرەتلىك قاراشتىن "يېگىنىڭىز" يۈزىڭىزنى قىزارتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق مىساللار تۇرمۇشىڭىزدا سىزگە يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئاددىي ئىشلار ئەلۋەتتە!

تەشكىلاتلىرىمىز خەلقنىڭ قەلبىنى ئۇتۇش، مۇھەببىتىنى قازىنىش ئۈچۈن خىتايدىن ھېساپ ئېلىش ئەمەس، چەتئەللەردە خىتايغا ئىشلەپ يۈرگەنلەردىن ھېساپ ئالالىسىمۇ چوڭ گەپ ئىدى (جىسمانىي جەھەتتىن ھېساپ ئېلىشقا يەنىلا ئىمكان يوق، پەقەت مەنىۋىي جەھەتتىن). ئەمما تۆرت تەڭگە پۇلنى دەپ، سەپنى مۇناپىقلارغا، بىلىمسىز پۇچەك ئادەملەرگە تولدۇرۇش ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى. يەنە تار مەزھەپچىلىك بىلەن ئادەملەرنىڭ سىياسىي مەيدانى، پاك ياكى ناپاكلىقىغىمۇ قارىماي يېنىغا تارتىش بىلەن تەشكىلاتلار پۇچەكلەشتۈرۈلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. بۇ قىلمىش — ئاساسىي مەخسەتنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن ئىش قىلىش ئەمەس، پۇل توپلاش، نام

قازىنىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرماقتا!

تۆۋەندە مەن چارە - تەدبىر سۈپىتىدە ئويلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، بۇنى ھازىرچە بىر چاقىرىق دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئەگەر زور كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشسە (ئۇيغۇرلىقىمىزدىن بۇنداق بىر مەنزىرىنىڭ بولىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن)، تولۇقلاش ۋە تۈزىتىشلەر ئارقىلىق پروگرام قىلىشقىمۇ بولار. بۇ ئوي - خىياللىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئالدىدا بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن قانداق ئىدىيىۋي ھالەت، روھىي تەييارلىق كېرەك بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بۇنداق شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويىمەن، بۇ شۇئار تۆۋەندىكى چاقىرىق (پروگرام)نىڭ مەنىۋىي ئاساسى:

ئۇيغۇرلۇق سۈپىتىم يوقالغان ئەھۋالدىكى مەۋجۇدلۇقۇمنىڭ كېرىكى يوق! ئۇيغۇرسىز مۇھىتتىكى باياشاد ھاياتنىڭ كېرىكى يوق!

1. ھەر دۆلەتتىكى ئۇيغۇرلار بىر رايونغا توپلىشىپ ياشاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش. بۇنىڭ بىلەن دىنىي ئېتىقادنى، تىلنى، مىللىي ئۆرف - ئادەتلەرنى، ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىشقا ئاساس يارىتىش. مىللىي تىل - يېزىقنى ساقلاش ئۈچۈن مىللىي مەكتەپلەرنى ئېچىشقا زېمىن يارىتىش.

2. ئاۋازنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شۇ دۆلەت (شۇ رايون) ھاكىمىيەت قاتلىمىدا ۋەكىلىمىز بولىشىنى قولغا كەلتۈرۈش. كىمىكى توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىش چاقىرىقىغا قوشۇلمىسا، ئۇنى مىللەت ئەزاسى دەپ تونىماسلىق (ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق يەككە ياشاش بىر ئەۋلاد داۋاملاشسا ئۇنىڭ مىللىي سۈپىتى يوق بولىدۇ)، ھەتتا مىللىي مۇناپىق ھېساپلاش. مىللىي توپلۇمدىن ئايرىلغان ھالدا، يەككە قىلىنغان ھەرقانداق ”ۋەتەنپەرۋەرلىك“ پائالىيىتىنى ساختا دەپ تونۇش.

3. ئورتاق فوند (ھۆررىيەت فوندى) قۇرۇش. ھەركىم (ئۆزىنى جوڭگۇلۇق ئەمەس، شەرقىي تۈركىستانلىقمەن دەيدىغان ھەر بىر شەخس) كىرىمىغا مۇناسىپ ئايلىق ياكى يىللىق پۇل تاپشۇرۇش.

1) ئورتاق فوند ئاساسىدا ئومۇمغا تەئەللۇق كارخانا، شىركەت،...

شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي مۇئەسسەسەلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

2) ھۆررىيەت فوندىنىڭ سەرپلىنىشى. بىرىنچى باسقۇچتا پەقەت ئەقلىي كۈچكە مەبلەغ قىلىپ ئىشلىتىش. ئوبيېكتى: ئومۇمەن تەربىيلەشكە ئەرزىيدىغان، ئوقۇشقا ھېرىسمەن ياشلارنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا زامانىۋىي ئىلىم - پەن بىلىملىرىدە مۇتىخەسسىس قىلىپ يېتىشتۈرۈش. كونكرېت ئۇسۇلى ۋە شەرتلىرى: شەرقىي تۈركىستانلىق بولىشى، ئۇيغۇر تىلىنى بىلىشى، دىنىي ئېتىقادى بولىشى، ۋەتەن، مىللەتكە سادىق بولىشى، ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشى ساپ بولىشى كېرەك (مىللىيلىك، مىللى سۈپەتنى كۆپ تەكىتلىشىمىزنىڭ سەۋەبى چەتئەلدە ئوقۇپ "يېتىشكەن"لەرنىڭ بەك "مەدەنىي" بولۇپ كېتىپ، بۇ "ياۋايى" مىللىتىدىن ئۈزاقلىشىپ كېتىشىنى پەرەز قىلغىنىمىز ھەم بەزى ئۆرنەكلەرنى كۆرىۋاتقىنىمىز ئۈچۈندۇر). شۇنداقلا ئوقۇشتىن كېيىن (ئوقۇش ئارقىلىق ئېرىشىلگەن) ئىجتىمائىي ئورۇن ۋە راھەت تۇرمۇش بىلەن مەست بولۇپ، بەختىسىز خەلقنى، مۇنقەررلىكتىكى ۋەتەننى ئۇنتۇپ قېلىش، ئۇگەنگەن ساھەسى بويىچە ۋەتەن، مىللەتكە خىزمەت قىلىشنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىشتەك ۋاپاسىزلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر بىر ئوقۇغۇچى بىلەن "فوند" ئارىسىدا توختام بولۇش، ۋەدە ئورۇنلانمىسا ئىشلىتىلگەن تەربىيلەش خىراجىتىنى ئۈچ ھەسسە قايتۇرىۋېلىش (بۇ جازانە شەكىللىك ئەمەس، بىرى، مەبلەخنىڭ ئۆزى، ئىككىنچىسى، جازا، ئۈچىنچىسى تەلەپ قىلىنغان خىزمەت ھەققى) قاتارلىق ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللۇنۇش.

4. ھەربىر ئائىلە بىردىن بالىسىنى (ئەڭ بولمىغاندا بىردىن بالىسىنى) ھۆررىيىتىمىز ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان كەسپلەردىن بىرىدە ئالى مەلۇماتلىق قىلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بۇرچى ھېساپلاش. ئەقلىي مۇسابىقە قاناتيايدۇرۇپ، مىللىي ساپانى يوقۇرى كۆتۈرۈش.

5. (ياۋروپا، ئامېرىكىدا) ئائىلىدە بالىلارنىڭ ئۇيغۇرچە سۆزلىشىنى قاتتىق تەشەببۇس قىلىش. مىللىي تىلنىڭ يوقۇلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش. شەخسلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مىللەتپەرۋەرلىكىنى ئەمەلىيىتىگە قاراپ

باھالاش: كىمىكى ھەقىقىي مىللەت سۆيەر بولسا، ۋەتەن سۆيىسە ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتى ئائىلىسىدىكى باللارنى تەربىيىلەشتىن، مىللىي سۇپەتنى ساقلاش دەرىجىسىدىن ئەكس ئېتىدۇ، دەپ تونۇش. شۇڭا مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئەگەر باللىرىدا "ئۇيغۇرلۇق ئېلمېنتلار" ئۆچكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، مىللەتسۆيەرلىكى ساختا بولغان بولىدۇ. بۇنى شۇنداق ھېساپلاش، ئەكسىچە ھالدىكى "ئىنقىلاپچىلىق"نى ئالدامچىلىق، جان بېقىش ۋاستىسى قىلىۋېلىش، دەپ ئېلان قىلىش!

6. ھەرجايدا "مەدەنىيەت ئۆيى" (كۇتۇپخانا، مەجلىسخانا...) بولۇش. بۇ يەر "غېرىپسىنىپ" قالماسلىقى ئۇچۇنمۇ تۇرلۇك چارە ـ تەدبىرلەرنى قوللۇنۇش. بۇ يەردە ئۇيغۇرلارغا، شەرقىي تۈركىستانغا ئائىت ماتېرىيالارنىڭ ھەممىسىنى تاپقىلى بولىدىغان نىشانغا يېتىش. ھەپتىدە بىر كۈن مەلۇم سائەتتە ۋەتەنداشلار بۇ يەرگە جەم بولۇپ، ئۆز ئارا "ھاللىشىش"، تىلنى ئۇنۇتماسلىق مەشقى تەرىقىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش. بۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى، ھەتتا شۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن باللارمۇ ئۇيغۇرچە سۆزلەشنى قانۇن قىلىش. دىنىي تەبلىغ، سىياسىي لېكسىيىلەرنى سۆزلەش ۋە ئاڭلاش قاتارلىق كۇنتەرتىپلەر بولۇش. يېتەكچىلەر ئاممىنىڭ تەلىپى، شۇ زامان، شۇ ۋاقتنىڭ ئالاھىدە تەلىپىگە كۆرە مەخسۇس تېمىلاردا نۇتۇق سۆزلەپ تۇرۇش، سوئاللارغا جاۋاپ بېرىپ تۇرۇش، مەسىلىلەرنى يېشىپ، ئىدىيۋى چېگىشلەرنى ھەل قىلىپ تۇرۇش.

7. ئىمكان بار ھەر يەردە بىردىن قەرەللىك گېزىت، نوپۇسى كۆپرەك جايلاردا قەرەللىك ژۇرنال چىقىرىش. بۇ ئارقىلىق تىلنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىلىدىغانلار مەخسۇس تېمىلار بويىچە مۇھاكىمە ماقالىلىرى ئېلان قىلىپ تۇرۇش. سىياسىي چۈشەنچىلەرنى ئورتاقلىشىش ئىمكانلىرىنى يارىتىش. نوپۇس، زېمىن توغرىسىدا ھازىرقىدەك ئون ئادەم ئون خىل گەپ قىلىدىغان چەلەڭگۇش قىلىقلارنى تۈگىتىش.

8. پۇلى بار، بالىسى يوقلار بالىسى بار، ئەمما ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ۋەتەنداشلارغا ياردەم قىلىپ، خۇددى ئۆز بالىسى ھېساپلاپ باللارنى

ئوقۇتۇشقا ياردەملىشىش.

9. ھەر بىر چەت مەملىكەتتىكى ئۇيغۇر زىيالىلىرى شۇ مەملىكەتتىكى ئەڭ نوپۇزلۇق سىياسىي(ھەربىي) ئىستراتېگىيە، سىياسىي (ھەربىي) تاكتىكا، رازۋېدكا، ئاخبارات، دىپلوماتىيىگە ئائىت ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ياكى شۇلارنىڭ جەۋھىرىنى يىغىنچاقلاش ئاساسىدا ئەمەلىيىتىمىزگە بىرلەشتۈرۈپ كىتابچە تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزلىكىدىن ئۆگەنگۈچى (چەتئەل تىلى بىلمەيدىغان) كەڭ ئاممىغا دەرسلىك مۇھىتى تەييارلاپ بېرىش.

10. ھەر مەملىكەتتە شۇ يەرنىڭ تىلى بىلەن داۋانى قاناتيايدۇرۇش. دەرت- ئەلەم، زۇلۇم- سىتەم، خورلۇق، زورلۇقلار ھەققىدىكى گەپلەرنى ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتتا بېسىپ، ئۇيغۇرلار بىلىدىغان ئەھۋالنى يەنە ئۇيغۇرلارغا ئېيتىپ بېرىش ئۇچۇن پۇل سەرپ قىلىشنىڭ ھېچ قىممىتى يوق. ئۇيغۇرچە ئۇچۇن: سىياسىي، ھەربىي، دىپلوماتىيە، قانۇن، ئاخبارات،... قاتارلىق ساھەلەر بويىچە ساۋات خاراكتېرلىق نەرسىلەرنى؛ خەلقئارا ۋەزىيەت يۈزلىنىشىدە ئۇيغۇرلارغا، خىتايغا ئالاقىدار يېڭى خەۋەرلەر، ۋەزىيەت ھەققىدە لىللا مۇلاھىزىلەر (بى تەرەپ ھالدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن، خەلقنى مۇشۇ ساھەلەر بويىچە ساۋاتقا ئىگە قىلىش كۆزلەنگەن مۇلاھىزىلەر) بېرىلسە خەلقنىڭ ئېڭىنى يېتەكلەشكە مەلۇم ئۈنىمى بولىدۇ. شۇ مەملىكەتنىڭ تىلىدا قىلىنىدىغان داۋا پائالىيىتى مەتبۇئات بىلەن چەكلەنمەي، نۇتۇق سۆزلەش، ئۈنئالغۇ لېنتىسى تارقىتىش،... قاتارلىق تېخىمۇ جانلىق شەكىللەردە بولىشى كېرەك. چەتئەل تىلىدىكى مەزمۇن چوقۇم چەتئەللىكلەرگە ھېلىغىچە بىلىنمىگەن تەرەپلىرىمىز ھەققىدە، خىتايلارنىڭ بىزنىڭ ھەققىمىزدە چەتئەللەرگە قاراتقان ئېزىقتۇرۇش خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتلىرىغا رەددىيە بېرىش مەزمۇنلىرىدا، ۋەتەن ئىچىدە بولىۋاتقان قانلىق كۆرەشلىرىمىزنى ھەرخىل ناتوغرا تونۇش ۋە ناتوغرا شەرھىيلەشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەخسەت قىلىنغان توغرا مۇلاھىزە؛ شۇنداقلا خاتا ۋە غەرەزلىك بۇرمىلاپ چۈشەندۈرگۈچىلەرگە رەددىيە تېپىدىكى مەزمۇنلار، ئومۇمەن چەتئەللىكلەرگە — دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈش زۆرۈر بولغان مەزمۇنلار بولىشى كېرەك. نۇتۇق ۋە ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىكى

تەسىرلەندۈرۈش ئۈنىمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىر بۆلۈك ئۆسمۈرلەرنى، ئەڭ بولمىغاندا ياشلارنى شۇ يەرنىڭ تىلىدا ئۆلچەملىك، راۋان، جانلىق سۆزلىيەلەيدىغان ناتىق قىلىپ يېتىشتۈرمەك لازىم. بىزدىن يېتىشكىچە شۇ يەرلىكلەرنى تەكلىپ قىلىپ سۆزلىتىش (نۇتۇق تېكىستىنى تەييارلاپ بېرىش ئاساسىدا) كېرەك.

ئالاھىدە ئەسكەرتىشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى، “ۋەتەندە بولغان” قىلىپ كۆرسىتىلىدىغان يالغان خەۋەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىشى مەسىلىسى. “يالغان خەۋەر تارقىتىش” ئىلگىرى ك گ ب نىڭ مەخسۇس بىر بۆلۈمىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئومۇمەن كوممۇنىستلاردا يالغان خەۋەرچىلىك ئادىتى بارلىقى كۆپچىلىككە سىر ئەمەس. ئەگەر بىزنىڭ “ئىنقىلاپچىلىرىمىز”نىڭ قىلىپ يۈرگىنى كوممۇنىست ئاخبارات سىستېمىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىسىلا، خەلق، ۋەتەن، مىللەتكە “كۆيىنىدىغان” بۇ كىشىلەر بۇنداق قىلىقنى توختۇتىشى كېرەك. بۇ ئىنقىلاۋىمىزنى ئابرويىسىزلاندۇرۇش رولى ئوينايدۇ. گەرچە بۇ “ئاقكۆڭۈل” ئادەملەر خەلقنى “غىدىقلاش”، “قېنىنى ئۇرغۇتۇش” رولى بار دەپ قىلىۋاتقان ياكى خىتايلارنىڭ داۋامىزنى تۇيۇق يولغا باشلاش، ئابرويسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن تەمىنلىگەن يالغان خەۋەرلىرىنى راست دەپ ئىشىنىپ قىلىۋاتقان بولىشىمۇ مۇمكىن. نىمىلا دېگەن بىلەن بۇنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى چوڭ ئىش.

مىللىي روھ تەربىيىسىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەۋلادلاردا يوقۇرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەندە، باي بولغاندا، ئالىي شان- شەرەپ سەھنىلىرىگە چىققاندا ۋەتەن، مىللەتنى ئۇنۇتمايدىغان روھنى يېتىلدۇرمەك كېرەك. “ئۇيغۇر بولماي ياشىغىنىمنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق!” دېگەن قاراش شەكىللەنمىگىچە قارشىلىق روھى تۇغۇلمايدۇ. نېمە بولسىمۇ ياشىسىلا بىرگە ھېساپ قىلىدىغان ئادەملەر خىتايغا ئايلىنىپ ياكى ئۆزىنى جۇھۇت دەپ ياشىسىمۇ، ياخشى ياشىسىلا باشقىسىنىڭ پەرقى بولمىغاچقا، ئۇنىڭدا مىللىي كىملىكنىڭ يوقۇلىشىغا قاراپ تۇرۇپ يۈركى ئېچىشىپ كېتىدىغان تۇيغۇ بولمايدۇ. ئۇ ھالدا قارشىلىق روھىدىن سۆز بولىشى مۇمكىنمۇ؟

شەرەپ سەھنىسىگە چىققاندا ۋەتەن، مىللەتنى ئېسىمىزدە تۇتۇش دېگىنىمىزدە، دۇنياۋىي شۆھرەتكە نائىل بولۇش نېسىپ بولۇپ قالغانلىرىمىز شۇ شۆھرىتىمىزدىن پايدىلىنىپ ۋەتەن، مىللەت ھەققىدە بىر ئېغىز سۆزلەپ قويساق، تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ يىللارچە قىلغان پائالىيەتلىرىدىن كۈچلۈكرەك تەسىر قوزغىشى مۇمكىن. مەسىلەن: پولشىلىق خىمىيە ئالىمى مارىيە كيۇرى تۇنجى رادىيئاكتىپلىق ئېلېمېنتنى تاپقاندا (گەرچە بۇ چاغدا ئۇ فىرانسىيىدە يەرلەشكەن ۋە فىرانسىيىلىك ئالىم كيۇرى بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ) بۇ ئېلېمېنتقا مىللىتىنىڭ نامىنى قويۇپ، ”پولونىي“ (بۇ ئېلېمېنتنىڭ خىمىيۋىي بەلگىسى: Po) دەپ ئاتىغان. بۇ ئارقىلىق چاررۇسىيىنىڭ مۇستەملىكىسىدىكى ۋەتىنى پولشا (پولشانىڭ ئۆز تىلىدا ئاتىلىشى ”پولونىيا“) نى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە مەڭگۈ ئۇنتۇلدۇرماسلىق، تاشقا موھۇر باسقاندەك مەڭگۈلۈك خاتىرە مۇنار تىكلەشنى مەخسەت قىلغان. كېيىن ئۇ يەنە بىر رادىيئاكتىپلىق ئېلېمېنت (رادىي — R)نى كەشىپ قىلغاندا ئالدىراپ كېتىپ Poغا مىللىتىنىڭ نامىنى قويغىنىغا ئۆكۈنگەن. سەۋەبى، كېيىن تاپقان رادىينىڭ رادىئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتى تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ قىممەتلىك ئېلېمېنت بولغاچقا، ئالدىراپ كەتمىگەن بولسا بۇ ئېلېمېنتنى ”پولونىي“ دەپ ئاتىماقچىكەن. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، بىزدە شۇنداق روھ بولىشى كېرەككى، ”ئەگەر مەن خىمىيە ئالىمى بولۇپ، رادىينى تاپقان بولسام ئۇنىڭغا ’ئۇيغۇر‘ دەپ نام بېرەتتىم (ئۇ چاغدا ئۇنىڭ خىمىيىلىك بەلگىسى Uبولاتتى)! ئەگەر مەن پاكىستانلىق فىزىك ئابدىسالام بولۇپ قالغان بولسام، ئۇ بايقىغان مىكرو زەررەتنى[1] مەن بايقىغان بولسام ئۇنىڭغا ”شەرقىي تۈركىستان زەررىتى“ دەپ ئات قوياتتىم!... قاتارلىقلار.

[1] ئابدىسالام — نوبىل فىزىكا مۇكاپاتىنىڭ لائۇرىيانتى، ئۇ ”ئېينىشتىيننىڭ شەرقتىكى ۋارىسى“ دەپ نام ئالغان. ئۇ تاپقان مىكرو زەررەتكە ”سالام زەررىتى“ دەپ نام بېرىلگەن — ئا.

بىر يۇرۇش كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىغاندا يوقۇلۇش ناھايىتى تېز ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىر ئەسىر، يېرىم ئەسىر ئادەم ئۆمرى ئۈچۈن ئۇزۇن مەزگىل ھېساپلانسىمۇ، مىللەت ئۆمرىگە نىسبەتەن بەك قىسقا ۋاقت. شۇڭا يوقۇلۇشقا كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرمايلى! مىللەتنى ئۇلۇغۋار قۇرۇق گەپلەر ئەمەس، ئەمەلىي تەدبىر قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ. ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق باشقىلارغا بەس قىلىپ ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ قولىدىن نېمە كەلسە شۇنى قىلىشى، مىللەت ئالدىكى بۇرچىنى ئادا قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھېسابىمىزمۇ ئايرىم، ھەركىم ئۆزى ئۈچۈن جاۋاپكار!

1998-دىكابىر، تاشكەنت. 2001- يىلى، ئىستانبۇل.

# خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى

خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئىشلەنگەن، ئىنتايىن ساختا، ئاسانلا ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان، تۇتسىمۇ زەھەر، يېسىمۇ زەھەر، پۇرىسىمۇ زەھەر بولغان بىر خىل مەھسۇلاتقا ئوخشايدۇ. بۇنى مەلۇم بىر دەۋردىكى ھاكىمىيەت كەشىپ قىلغان ئەمەس، ئۇ قەدىمدىن كېلىۋاتقان خەتەرلىك، زەھەرخەندە، ساختا، ھىلىگەر مىللىي پىسخىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ھەر دەۋردىكى ھۆكۈمرانلار ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە ھەم كۈنسېرى مۇكەممەللەشتۈرمەكتە. دەۋرىمىزدە بۇنداق ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلى، ھۆكۈمرانلىق شەكلى تازا پىشىپ ۋايىغا يەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ زەھەرلىكلىكى خېلى كۆپ ئادەملەرگە، سىرتتىن كۈزەتكۈچىلەرگە شېرىن بولۇپ كۆرۈنىدۇ؛ ئۇنىڭ رەزىللىكى گۈزەل بولۇپ كۆرۈنىدۇ ۋە شۇنداق مەدھىيىلىنىدۇ؛ ئۇنىڭ پاسكىنىلىقى قۇسۇرسىز پاك كۆرسىتىلىدۇ؛ ئۇنىڭ جاللاتلىق قىلىچى دەستە گۈللەر بىلەن يېپىلىدۇ؛ ۋەھشىيلىكى شېرىن-سۇخەن سۆزلەر بىلەن پەردازلىنىدۇ...

بۇنداق رەزىللىك بىلەن تولغان مىللىي پىسخىكىنى قەدىمقى تۈرك تارىخلىرىدا باتۇر، قەھرىمان ئەجداتلىرىمىز تولۇق چۈشىنىپ يەتكەن ھەم خۇلاسىلىگەن؛ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ”ھۆل خىشقا دەسسەپ“ سالماسلىقى ئۈچۈن كۆكتۈرك قاغانى بىلگە قاغاننىڭ قېرىندىشى كولتېگىننىڭ قەۋرە تېشىغا شۇنداق ئويۇپ قويغان:

«تابغاچ (خىتاي)نىڭ سۆزى تاتلىق، يىپەك رەختلىرى يۇمشاق ئىكەن، تاتلىق سۆز ھەم يۇمشاق يىپەكلىرى بىلەن ئالداپ، يىراق بولغان

مىللەتلەرنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. يېقىنلىشىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يامان چۈشەنچىلەرنى تارقاتقىلى باشلايدىكەن. ياخشى، ئالىم كىشىلەرنى ۋە ياخشى، باتۇر كىشىلەرنى ئالغا باستۇرمايدىكەن. بىر كىشى ئۆزگىرىش قىلسا ئۇنىڭ خەلقىگە، ھەتتا بۆشۈكتىكى ئۇرۇق ــ ئەۋلادىغىچە رەھىم قىلمايدىكەن. تاتلىق سۆزىگە، يۇمشاق يىپەكلىرىگە ئالدىنىپ كۆپلىگەن تۈرك خەلقى ئۆلدۇق».

خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى: ”ئۇرۇپ پاتقاققا كىرگۈزىۋېتىپ، ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىپ ھەشقاللىغا ئېرىشىش“ بولۇپ، بۇنى دېھقانچە ئاددىي تىل بىلەن سۈرەتلىسەك مۇنداق:

ئاۋالقى زامانلاردا بىزنىڭ ھەر بىرىمىزگە 20 دىن نان توغرا كەلگەن بولسا، بىر زامانلار ئۆتۈپ، ھېچ بىلىنمەيلا 10 دىن نان توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھالەتنى ئەڭ ئۇقۇمۇشلۇقلىرىمىزدىن بىر نەچچىسى خېلى ئۇزۇندىن كېيىن تۇيۇپ، بۇنىڭ سەۋەبچىسى كىمدۇر، دەپ ئىزدىنىپ، بۇنى خىتاينىڭ قانداق- قانداق ئۇسۇل بىلەن شۇ تەقلىتتە روياپقا چىقارغان شۇملۇق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، تېخى ئاۋام خەلق تۇيغۇچىلا، خىتايلار بىرەر ”خىيانەتچى ئەمەلدار“ دېگەندەك ”سىياسىي قۇربانلىق“قا ھەممە جىنايەتنى ئارتىپ، ناننى 12 گە كۆپەيتىپ بېرىدۇ. بىز غايەت نادان بولغىنىمىز ئۈچۈن بۇنى تۈنۈگۈنكىگىلا سېلىشتۇرۇپ، ”ئىككىسى ئارتتى، نېمىلا دېگەن بىلەن خىتايدا ئىمان بولمىسىمۇ، ئىنساپ بار، جۇما، بەرمىسىمۇ نېمە دېيەلەيتتۇق؟“ دەيمىز- دە، چەكسىز ھەشقاللا ئېيتىپ، شۈكرى قىلىمىز. يەنە زاماننىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، نان تەدرىجىي ئازىيىپ، 6 گە چۈشىدۇ. بىز بۇنى تۇيۇپ، ”بۇ خىتايلارنىڭ خاپىلىقىكەن، ئەمەسما!“ دەپ بولغىچىلا، خىتاي سىياسىيونلىرى دەرھال ئالدىنى ئېلىپ، ”مېھرىۋانلىق“ كۆرسىتىپ، يەنە بىر ”سىياسىي قۇربانلىق“قا ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئارتىپ، ناننى 8گە كۆتۈرىدۇ- دە، غىڭشىلداشقا باشلىغان خەلقنىڭ ئاغزىنى ياپىدۇ. مەدھىيەدىن ئاغزىمىز يۇمۇلماي قالىدۇ، بىخۇدلىشىمىز. يەنە كۈنلەر ئۆتۈپ، بىر قەرنەدىن كېيىن ناننىڭ سانى 2 گە

چۈشىدۇ. قوساق تويمىغانسېرى، قوساق غېمىدىن ئېشىنالماي، ئەقلىمىزمۇ زەئىپلىشىپ كەتكەچكە، ئاچلىقتىن زارلىساقمۇ، ناننى كىم تارتىۋالدى؟ دېگەنگە ئەقلىمىز يەتمەيدۇ. بۇنى تۇيۇپ بىر خۇلاسىگە كەلگىچىلا خىتاي يەنە هارامزادىلىك قىلىپ ناننى ئۇچكە ئاۋۇتۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن هەر ۋاقلىقىمىزغا بىردىن نان توغرا كەلتۈرگەن بۇ ئاجايىپ ئىلتىپات بىزنى مەست قىلىۋېتىدۇ.. يەنە زامان ئۆتۈپ، بىركەمدە نان پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ، لېۋىمىزنى چىشلەپ قالىمىز. بۇ چەكتىن ئاشقان تەلۋىلىكنى ئەيپلەشكە بىزنىڭ ئەقلىمىز يەتكىچىلا، خىتايلار ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن بىر نان ئىلتىپات قىلىدۇ. بۇ "ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى" دېگەندەك، پەقەت ئاچلىقتىن ئۆلمەسلىككىلا بېرىلىۋاتقان، هاياتلىق ئۇچۇن ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى تەمىنات بولسىمۇ، بىز ئۇنى نۆلگە سېلىشتۇرىدىغان بولغاچقا "ئۆلۈپ قالماسلىقىمىزغا سەۋەپچى بولغىنى ئۇچۇن" خىتايلارغا هەشقاللا ئېيتىش پوزىتسىيىسىدە بولىمىز.

مانا شۇنداق قىلىپ هەق - هوقۇقلىرىمىز تۇيدۇرماستىن بىر- بىرلەپ تارتىۋېلىنىدۇ؛ خەلق ئاستا- ئاستا كۆندۈرۈلىدۇ. هېچكىم بىر مۇددەت ئاۋالقىغا سېلىشتۇرۇش، يىراق ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرۇش خىيالىدا بولمايدۇ. هېچكىم "خىتايلار بەربىر خىتايدىن ئالغاچ كەلگىنىنى بەرمەيدىغۇ؟ بەردى دېگەندىمۇ ئۆزىمىزنىڭ ئەمگەك مېۋىسىغۇ؟" دېگەنلەرنى ئويلاپ كۆرمەيدۇ. خىتايدىن ئەكەلگەننى بەرمەيدۇ، ئارقىمىزدىكى زاپاستىن ئازغىنىسىنى ئالدىمىزغا ئېلىپ قويۇپ بەردىم دەۋالىدۇ؛ قوشنىمىز، قېرىندىشىمىزنىڭ قولىدىن تارتىۋالغاننى بېرىپ قويۇپ، بەردىم، دەۋالىدۇ. مانا شۇنداق، "بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان" دۆتلىكىمىز تۈپەيلى، هەق - هوقۇقلىرىمىز، نېنىمىز تەدرىجىي تارتىۋېلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك هايۋان هالىتىگە چۈشمەكتىمىز. كىشىلەر، بولۇپمۇ كوممۇنىست تۈزۈمىدە ياشىغان كىشىلەر ساختا تەشۋىقاتنىڭ ئازدۇرىشىغا كۆپ ئۇچرىغاچقا فاشىستلىق دېگەندە گىتلېرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ، ئەڭ ۋەهشىي، ئەڭ ئىنسانىيەتسىز تۈزۈم توغرىسىدىمۇ تەسەۋۋۇرىغا ناتسىستىزىم كېلىدۇ. ئەمما هېچكىم

كوممۇنىست تۈزىمى (سوتسىيالىزىم) بىلەن ناتسىستىزىمنىڭ نۇرغۇن ئوخشاشلىقلىرى بارلىقىنى، بەلكى تېخى سوتسىيالىزىمنىڭ بەزى ۋاستىلىرى رەزىللىكتە ناتسىستلارنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەن!

ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئەنگىلىيە باش ۋەزىرى ۋىنىستون چېرچىل بۇ ھەقتە شۇنداق دېگەنىدى: "ناتسىست تۈزۈمى كوممۇنىزىمغا ئوخشاشلا ئەڭ يامان خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە...".

بىز بۇ ئوخشاشلىقلارنى تۆۋەندىكى سېلىشتۇرمىلاردىن كۆرۈۋالالايمىز: ئاخبارات ئەركىنلىكى مەسىلىسىدىكى ئوخشاشلىق. گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن تەشۋىقات مىنىستىرى گېببېلىسنىڭ قولى بىلەن پۈتكۈل ئاخبارات سىستېمىسىنى، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىدىيۋى سەپنى چىڭ تۇتۇپ، "ئىدىيۋى ياتلىشىش"نىڭ ئالدىنى ئېلىش، گېرمانىيىلىكلەرنىڭ مېڭىسىگە بىرلا خىل ئىدىيە، بىرلا خىل چۈشەنچە، بىرلا خىل پەلسەپە، بىرلا مەنتىقە، بىرلا نەزەرىيەنى — ناتسىستىزىمنى سىڭدۈرۈش، باشقىچە ئېيتقاندا، ئوخشىمىغان سىياسىي قاراشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە يول قويماسلىق، ھەتتا ئوخشىمىغان قاراشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى زېمىننىمۇ قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، كىتاب، گېزىت-ژۇرنال، كىنو- تياتېر، دەسلىك ماتېرىياللىرى، ھەتتا يازغۇچىلارنىڭ قانداق تېمىدا يېزىشىغىچە بىر خىل ئەندىزە بەلگىلەپ قويغان. پەقەت ھاكىمىيەتنىڭ ئىدىئالىنى ئەكس ئەتتۈرۈشكىلا مەجبۇر قىلىنغان. بۇ مۇددىئانى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەر كەسىپ، ھەر ساھەنىڭ ھاكىمىيەت تەرىپىدىن سۈنئىي قوراشتۇرۇپ بېرىلگەن "كەسپىي"، "ئىلمىي" تەشكىلاتلىرى بولغان. مانا شۇ تەشكىلاتلار ئارقىلىق ساھەلەر ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنغان.

ئەمدى بۇ جەھەتتىكى كونترول قىلىشلارنى كوممۇنىستلارنىڭكى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، خىل- خىلغا، گۈل- گۈلگە جىپسىس كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز: كوممۇنىستلاردا "ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر

بىرلەشمىسى" دېگەن "ئاممىۋى تەشكىلات" بار بولۇپ، بۇ تەشكىلات ئاستىدا "يازغۇچىلار جەمىيىتى"، "فوتوگرافلار جەمىيىتى"، "كىنوچىلار جەمىيىتى"، "ئۇسسۇلچىلار جەمىيىتى"، "رەسساملار جەمىيىتى"، "مۇزىكانتلار جەمىيىتى"... دېگەندەك بىرنېمىلەر بار. بۇ گىتلېرنىڭ ئەندىزىسىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەندەكلا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھەرئان مەتبۇئات، يىغىن، قۇرۇلتايلار ئارقىلىق، ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر كوممۇنىستلار بەلگىلىگەن نىشانغا يېتەكلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق يۆنۈلۈشتە مېڭىشى كۆرسىتىپ تۇرىلىدۇ، "تاپتىن چىقىپ كەتكەن"لەرنىڭ "نوخۇنىسى" ئېلىنىپ، تاپقا چۈشۈرىلىدۇ. ئاخباراتنىڭ قامال قىلىنىشى، چەتئەل ئاخباراتلىرىنىڭ ئۆز رەڭگىدە، ئەسلى مەزمۇنىدا كېلىشى ۋە بۇ يەردىكى ۋەقەلەرنىڭ، خۇسۇسەن كوممۇنىستلارنىڭ ياغلىمىچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاش، ساختا چۈمپەردىسىنى يىرتىۋېتىش ئېھتىمالى بولغان ۋەقە، ھادىسىلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەرنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشىنى قاتتىق قامال قىلىش جەھەتلەردىمۇ ناتسىستلارنىڭ ئەندىزىسى ئەينەن قوبۇل قىلىنغان. بۇ مەخسەت ئۈچۈن ئىشكىنى تاقىۋېلىش، تاشقى دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزىۋېتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ھەر ئىككى تۈزۈمدە ئوخشاش قوللىنىلغان.

كوممۇنىستلار ئېنىق قىلىپ، ھەر زامان شۇنداق بىر شۇئارنى تەكرار ئوتتۇرىغا قويىدۇ: "ئىدىيىنى، ھەركەتنى، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش". مۇشۇنىڭغا مەزمۇنداش شۇئارلار ناتسىستلاردىمۇ بولغان. بۇ شۇئارنىڭ نەقەدەر ئىنسانىيەتسىز، نەقەدەر يولسىز، ئىنسانلارنىڭ بارلىق قىلمىشىنى، ھەتتا ئوي- خىياللىرىنىمۇ چەكلەيدىغان، بىر قېلىپقا چۈشۈرمەكچى بولىدىغان مۇستەبىتلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ "ئىدىيىسىنى — ئوي- خىيالىنى" بىرلىككە كەلتۈرمەكچى بولۇشتىنىمۇ ئارتۇق زورلۇق بولامدۇ؟!

*سىياسىي تەشكىلاتلار، مەپكۇرە سىڭدۈرۈش ئۇيۇشمىلىرى، مەكتەپلەردىكى ئوخشاشلىق*. ناتسىستلاردا "گىتلېرچە ياشلار ئىتتىپاقى" بولغان بولسا، كوممۇنىستلاردا "لېنىنچە ياشلار ئىتتىپاقى(كومسومول)"،

”كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى“ قاتارلىق ياشلارنىڭ مېڭىسىگە كىچىكىدىنلا زەھەر قۇيۇش كۆزلەنگەن تەشكىلاتلار بولغان. ناتسىستلاردا ”ئادولىف گىتلېرچىلار مەكتىپى“ بولغان بولسا، كوممۇنىستلاردا ”ماركسىزىم- لېنىنىزىم ئىنىستىتۇتى“، ھەر دەرىجىلىك (ناھىيىدىن تارتىپ مەركەزگىچە) كومۇنىستىك پارتىيە مەكتىپى، ئىتتىپاق مەكتىپى قاتارلىقلار بار.

ناتسىستلار ”خايل گىتلېر(ياشىسۇن گىتلېر)!“نى سالام سۆزى ئورنىدا ئىشلەتكەن بولسا، خىتاي كوممۇنىستلىرى ماۋنىڭ دەۋرىدە ”ماۋجۇشى ۋەنسۇي (ياشىسۇن ماۋ رەئىس)“نى سالام سۆزى ئورنىدا قوللانغان!

گىتلېر ئاشكارە ئېرقچىلىق سىياستى يۈرگۈزگەن، ئېرقچىلىق قانۇنى ئارقىلىق قۇل قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلغان بولسا، كومىمۇنىستلار ”بارابەرلىك“ شۇئارى ئاستىدا ئەينى شۇ مەخسەتنى ئىشقا ئاشۇرماقتا. بۇنىسى ماھىيەتتە تېخىمۇ قەبىھ ۋە خەتەرلىك!

گىتلېر پولشانى بېسىۋالغاندا، پولشا زىيالىلىرىنى نۇقتىلىق يوقۇتۇشنى تەلەپ قىلغان. شۇ چاغدا ئۇ مۇنداق دېگەن: ”پولشا خەلقىنىڭ داھىسى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغانلىكى كىشى جەزمەن يوقۇتۇلىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ تازىلىنىشى لازىم... “ . كومىمۇنىستلار ”ئوڭچى“، ”يەرلىك مىللەتچى“ نامىدا 30- يىللاردا (ستالىن)، 50- يىللاردا خىتاي كومىمۇنىستلىرى كەڭ كۆلەملىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، مىللىتىمىزنىڭ ۋە باشقا ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر كىشىلىرىنى يوقاتقان. بۇ يوقۇتۇش يەنە 60- يىللاردا ”مەدەنىيەت ئىنقىلابى“ نامىدىكى ھەركەت ئارقىلىق، 70- يىللاردا ”بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچتىن ھېساپ ئېلىش“ نامىلىق ھەركەتلەر ئارقىلىق يوقۇتۇلغان. 80- يىللاردىن باشلاپ ”بۆلگۈنچى“، ”تېرورىستلار“، ”توپىلاڭچى“ نامى بىلەن يوقۇتۇش داۋاملاشماقتا!

گىتلېر قۇل قىلىنغان مىللەتلەرنىڭ سانائەتلىشىشىگە، ئومۇمەن پەن- مەدەنىيەت جەھەتتە تەرەققىي قىلىشىغا چىش- تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغان. ئۇ: ”سىلاۋيانلارنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويماسلىق

كېرەك، ئۇلار پەقەت يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانسا، گېرمانىيىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىسىلا بولدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قالدۇرۇلغان ئاشلىق جېنىنى بېقىشقىلا يەتسە بولدى. بىز يۈز مىليونلىغان ئەخمەق سىلاۋيانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆزگەرتىشىمىز، قالغانلىرىنى بولسا ئۆزلىرىنىڭ چوشقا قوتانلىرىغا سولاپ قويىشىمىز كېرەك...“ دېگەن. مانا بۇ ناتسىست سىياسىتى بىلەن بۈگۈنكى كوممۇنىستلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قىلىۋاتقانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق كەم يېرىنى تاپالمايمىز، ئەمما ئېشىپ چۈشىدىغان تەرەپلىرى بار. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەڭگۈ خام ئەشيا بازىسى بولۇپ قېلىشىنى، پۈخرالىرىنىڭ مەڭگۈ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىستىمال قىلغۇچى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ ۋە شۇنداق بەلگىلەنگەن سىياسەت ئىجرا قىلىنىدۇ. يەنى، شەرقىي تۈركىستاندا مەھسۇلات پىششىقلاپ ئىشلەش قارشى ئېلىنمايدۇ. 80- يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات شامىلىدا خىتاينىڭ ئۆزىدىكى خىتايلاردا ”يېزا- بازار كارخانىلىرى“ دەيدىغان ئائىلىۋىي تۈستىكى كىچىك كۆلەملىك زاۋود- فابرىكىلار، كارخانىلار ناھايىتى راۋاجلانغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ سىياسەتتىن شەرقىي تۈركىستانلىقلار نەسىۋدار بولالمىدى. ئەكسىچە، خىتايلارنىڭ ھەقىقىي نىيىتىنى بىلمىگەن بەزى كىشىلەر ”ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش“نىڭ دەسلەپكى ناغرا- سۇنىيىنى ئاڭلاپلا ھاياجىنىنى باسالماي، كىچىك زاۋود- فابرىكىلارنى بەس- بەستە قۇرۇشقان ئىدى. لېكىن ناھايىتى قىسقا مۇددەت ئىچىدە مالىيە- بانكا، باج، بازار باشقۇرۇش تارماقلىرى تۈرلۈك باھانىلار بىلەن بېسىم ئىشلىتىپ، ”بۇرنىدىن بۇلاق“ قىلدى. بىرمۇنچە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر پۇلغا يارىماس ئەسكى تۆمۈر- تەسەككە ئايلىنىپ دات بېسىپ ياتتى. زاۋودلارنى تاقاشقا، كەمبىغەل ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىدىن قوبۇل قىلىنغان ئۆز ئىشچىلار سىنىپىمىز تارقاشقا، ئەمدىلا بارلىققا كېلەي دېگەن ”مىللىي بۇرژۇئازىيە“ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشقا مەھكۇم قىلىندى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭ مەركەزنىڭ بىر تۇتاش مۇستەملىكە سىياسىتى

ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، ئۇنى مەھەللىۋىي ئامىللارغا، ناتوغرا پەزىلەتلىك شەخسلەرنىڭ دۈشمەنلىكىگە باغلاپ قارىماقتا. شۇنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەككى، مۇستەملىكىچىلەر مۇستەملىكە ئەلنىڭ سانائەتلىشىشىنى، ئىلغار بىر تەبىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

ئەمدى خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن ياپون فاشىستلىرىنىڭ ئوخشاشلىقلىرىدىن بىرنەچچە مىسال كۆرۈپ ئۆتىمىز.

ياپونىيە تاجاۋۇزچىلىرى مانجۇرىيىنى[1] بېسىۋالغاندىن كېيىن، 20 يىل ئىچىدە بەش مىليون ئاھالە كۆچۈرۈشنى پىلانلىغان. بۇ يەرگە 1944 - يىلىغىچە كۆچۈرۈلگەن ئاھالە يەرلىكلەردىن تارتىۋېلىپ ئىگىلىۋالغان يەر بىر مىليون 521 مىڭ گېكتارغا يەتكەن. ياپون كۆچمەنلىرى ئىچىدە 86 مىڭدىن ئارتۇق "پىدائى كۆچمەن" بولۇپ، بۇلارنىڭ يېشى 16— 19 ياش ئارىلىقىدا، قولىدا قورالى بار ئىدى. بۇلار ھەم تاجاۋۇزچى قوشۇن، ھەم تۆمۈر يول، تاشيول، ھەربىي ئىنشائاتلارنى قوغدايدىغان قوشۇن، ھەم خەلقنى باستۇرىدىغان ھەركەت ئەترىدى ئىدى. كوممۇنىست خىتايلارنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستاندا ئۈچ مىليون چامىسىدا بىر قوشۇنى بار، ئۇلار ھەم يەرلىرىمىزنى ئىگىلىۋالغان كۆچمەن ئاھالە ھېسابلىنىدۇ، ھەم زاپاس ھەربىي قىسىم ھېسابلىنىدۇ، قولىدا قورالى بار ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش ئارمىيىسىدۇر(قىسقىچە: ئىش- قۇر قىسىملىرى).

ياپونلار شەرقىي شىمالدا خەلقنىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان ئاشلىقىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، كۆپىنى بۇلاپ ئېلىۋالغاچقا (يوقۇرىدا گىتلېر دېگەندەك)، دىھقانلار بالا- قازاغا گىرىپتار بولغان: شىنئەن ئۆلكىسى ۋاڭكۇي ناھىيىسىدە ئاشلىق ئالاھىدە كەمچىل بولغاچقا مۇشۇ ناھىيىنىڭ شەنتۇ كەنتىدە ئون كۈن ئىچىدە 30 كىشى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان(خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىكى سان)! 1962- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا شۇ يىللىق

[1]مانجۇرىيە — ھازىرقى خىتاينىڭ شەرقىي شىمالىدىكى خېلۇڭجياڭ، جىلىن، لياۋنىڭ قاتارلىق ئۈچ ئۆلكە ئەسلى مانجۇ زېمىنى بولۇپ، "مانجۇرىيە" دەپ ئاتالغان — ئا.

ئاشلىق دېھقانلارغا قالدۇرۇلماستىن خىتاينىڭ ئاپەت بولغان جايلىرىغا توشۇپ كېتىلگەچكە پەقەت باي ناھىيىسىدىلا ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگەن!

ياپونلار ئىچكى موڭغۇل مۇستەقىللىقىنى قوللىغان ۋە ياردەم بەرگەن. شۇ چاغدا بۇنىڭغا قارىتا كوممۇنىستلار (ماۋزېدوڭ) خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، موڭغۇللارنىڭ ياپونىيە ياردىمى ئاستىدىكى مۇستەقىللىقىنى ”ماماتلىق يولى“ دېگەنىدى. ئەكسىچە بولسا، يەنى، خىتايلارنىڭ قولىدا بولسا ”ھاياتلىق يولى“ بولاركەنمىش!

بىر ئۆيگە ئوغرى كىرسە ئۇنىڭ كىم بولىشى ئۆي ئىگىسىگە نىسبەتەن پەرقسىز بولىدۇ: ھەممىسى لەنەتكەردى ئوغرى! قانداقتۇر ”ساقىنىڭ ئوغۇرلىغىنىدىن، باقىنىڭ ئوغۇرلىغىنى ياخشىراق“ دەيدىغان مەنتىقە يوق! لېكىن، خىتايلار تەشۋىقاتلىرىدا ھەمىشە ”مىللىي مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىنى“ بۆلگۈنچى دەپ تۆھمەت قىلىش بىلەن بىرگە، بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان ھالدا: ”جاھانگىرلارنىڭ قۇل قىلىشى، بوزەك قىلىشى...“غا ئۇچرايسىلەر دېگەن لاۋزا گەپنى قىلىشىدۇ. يوقارقى مىسالغا كەلسەك، ياپونلارنىڭ موڭغۇللارغا مۇستەقىللىق ئۈچۈن ياردەم بەرگەنلىكىنى مۇستەسنا قىلىپ، ئۇلارنىمۇ تاجاۋۇزچى دەپ قارىغان تەقدىردە، موڭغۇللار ئۈچۈن خىتايمۇ، ياپونمۇ ئوخشاشلا تاجاۋۇزچى ھېساپلىنىدۇ. ئەمدى، ”ئوغرىنىڭمۇ ئوسالراقى، ئىنساپلىقراقى بولىدۇ“(خىتايلارنىڭ چۈشەندۈرىشى بويىچە) دەپ قارالسا بۇ ”باھالاش“تا شۈبھىسىزكى، ياپونلار ياخشىراق بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ تەرەققىي قىلغان، مەدەنىي مىللەت ئىكەنلىكى، بۇ كەمگىچە موڭغۇللارنىڭ سەۋىيەسىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا تەرەققىي قىلدىغانلىقىنىمۇ دېمەي تۇرايلى، ياپونىيە موڭغۇللارغا چېگرىداش بولمىغانلىقى، نوپۇسىمۇ خىتاي كەبى ”ئىتنىڭ قۇرۇتىدەك“ كۆپ بولماسلىقى جەھەتتىن كۆچمەن كۆچۈرىشى چەكلىك بولاتتى. نەتىجىدە ”كۆپ سانلىق ئىچىدە ئېرىتىۋېتىش“ قىسمىتى باشلىرىغا كەلمەس ئىدى. ئەمدى كۆرۈڭ، ماۋزېدوڭ تەسۋىرلىگەن ”ھاياتلىق يولى“ موڭغۇللار ئۈچۈن

قانداق شەكىلدىكى ھاياتلىق يولى بولغانلىقىنى بۇگۈنكى ئەمەلىيەت ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ: ھازىر ئىچكى موڭغۇلدا ئاھالىنىڭ 95%ىنى خىتايلار ئىگىلەيدۇ، موڭغۇللار ئاساسەن ئېرىپ تۈگىدى! مانا بۇ ھاياتلىق يولى"نىڭ موڭغۇللارنى ئېلىپ كەلگەن مەنزىلى!

كوممۇنىستلارنىڭ فاشىستلىقىنى ئۇلارنىڭ "تېرروردىن پايدىلىنىش" ھەققىدىكى يىرتقۇچلارچە تەشەببۇسى بىلەن، گىتلېرنىڭ "روھىي ۋە جىسمانىي تېرورلۇقتىن پايدىلىش" فورمۇلىسىنىڭ ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى ئوخشاشلىقتىن تېخىمۇ روشەن كۆرىۋېلىش مۇمكىن:

فىلىكس دېرژىنىسكى[1] 1918- يىلى شۇنداق دېگەن: "بىز تەشكىللىك تېرور تەرەپدارىمىز... چ ي ك (چېكا) سود مەھكىمىسى ئەمەس... چېكا ئىنقىلاپنى قوغداش ۋە دۇشمەننى يەڭمەككە مەجبۇر. چېكانىڭ قىلىچى بەزى مەسۇملارنىڭ بېشىغا چۈشكەن تەقدىردىمۇ". ئۇنىڭ بۇ سۆزى توغرىدىن- توغرا لېنىننىڭ تەلىماتىدىن كەلگەن. بولشۋىك ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلىرىدا چېكاچىلار رەسمىي 200 مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن. ئۇلارنى سۇدا تۇنجۇقتۇرغان، سومبا تىققان ياكى ئۆلگىچە دۇمبالىغان. تېخىمۇ ئېشەنچىلىكى، 300 مىڭ كىشى، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەكى مەھەللىۋي قوزغىلاڭلارنىڭ باستۇرۇلىشىدا ياكى چېكانىڭ يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ يامان شارائىتى تۈپەيلىدىن ئۆلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېرورلۇقنى ياقتۇرىدىغان پارتىيىنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قىلىنغان. ھېچكىم چېكانى لېنىندەك ئۇ قەدەر چوڭقۇر كۈشكۈرتمىگەن. ئىدىئالىست كوممۇنىستلار سادىزىمچىلىقىنى[2] تەنقىد قىلغاندا لېنىن 1918- يىلى ئىيۇندا شۇنداق دېگەن: "بولمىغان گەپ! تېرورنىڭ ئېنېرگىيىسى ۋە ئاممىۋى تۈرى تەشۋىق قىلىنىشى كېرەك"، چېكاغا قارشى بولغان

---

[1] ف.دېرژىنىسكى — پولەك ئۇرۇقىدىن، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ بېشىدىكىلەردىن بىرى، ك گ ب (KGB)نىڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان چېكا (Чека) نىڭ قۇرغۇچىسى ھەم تۇنجى باشلىقى — ئا.

[2] سادىزىم — باشقىلارنىڭ ئازابى ھېساۋىغا كۆڭلىنى خوش قىلىش — ئا.

كوممۇنىستلارنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇلارنى: ”نەزەر دائىرىسى تار زىيالىلار، كىچىك خاتالار ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇپرىتىپ يىغلىشىدۇ“ دېگەن. لېنىن قوبۇل قىلغان ماركسىست ئاساسلىرىدىن بىرىگە كۆرە ”شەپقەتسىزلىك بىلەن ئاممىۋىي تېرور“ ئېلىپ بېرىشنى بۇيرىغان ئىدى. نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، كوممۇنىستلار ئاخىرقى ئىنقىلاپ دۈشمىنى بولغان قورallىق كۈچلەرنى يوقاتقاندىن كېيىن نە چېكاغا، نە تېرورغا ئېھتىياجى قالماسلىقى كېرەك ئىدى. لېنىن قوبۇل قىلغان ماركسىزىم ئاساسلىرىدىن بىرىگە كۆرە ئىنقىلاپ بىلەن ئازاد قىلىنغان ئىشچىلار، دېھقانلار بىرلىشىپ پرولېتارىيات دىكتاتۇرلىقى قۇرۇشى كېرەك ئىدى. بۇ قاراشتىن ئىلھام ئالغان ياۋروپا سانائەت ئىشچىلىرىمۇ ئاممىۋىي ھالدا قوزغۇلۇپ، دۇنيا ئىنقىلاۋىنى بارلىققا كەلتۈرەتتى. بۇنىدىن تۇغۇلغان جەمىيەت بولسا بىسىم بىلەن ئەمەس، ئاممىنىڭ ئىرادىسى بويىچە باشقۇرىلاتتى. پەقەت ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرىدا ئەمەلىيەت ماركسىزىم نەزەرىيەلىرىگە رەپ كەلمىدى. ئىشچىلار، دېھقانلار ئارىسىدا ئىش تاشلاش، نامايىشلار بولۇپ كوممۇنىستلارغا قارشى شىددەتلىك ئىنكاسلار كۆرۈلدى. پېتروگراد يېنىدىكى كروشتتات دېڭىز بازىسىدا 1921-يىلى مارتتا يۈز بەرگەن قوزغىلاڭ بۇنىڭ شىددەتلىكراقى بولدى. 1917-يىلىدىن بېرى ئىنقىلاپنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان قىزىل دېڭىزچىلار كوممۇنىستلارنى ئەيىپلەيدىغان بىر خىتاپنامە ئېلان قىلدى ۋە كوممۇنىستلارنىڭ ”ئىشچىلارغا ئەركىنلىك ئورنىغا چېكانىڭ قىيىن-قىستاقخانىلىرىدا زۇلۇم كەلتۈرگەنلىكىنى، بۇ تېرورلۇقنىڭ چارلىق ژاندارمىسىنىڭكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىر بولىۋاتقانلىقىنى“ بىلدۈردى.

ئەمدى كوممۇنىستلار كۆرۈنىشكە بولسىمۇ چېكانى ئىنقىلاپ قىلغان خەلق ئۈچۈن قۇربانلىق قىلماققا مەجبۇر بولۇش باسقۇچىغا چۈشۈپ قالغانىدى. لېنىن ئۈمىدسىزلىككە چۈشتى ۋە: ”بىز كەڭ ئاممىنى ئىشەندۈرەلمىدۇق“ دېدى. ئاقىۋەت خەتەرلىك كۆرىنەتتى. لېنىن چۈشەندىكى، پەقەت كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت ئازچىلىقنى تەشكىل قىلىدىغان بىر

گورۇھنىڭ ھاكىمىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن پەقەت زورلۇق كۈچكە تايىنىشتىن باشقا يول يوق ئىدى. بۇ قېتىم (ماركسىزىم نەزەرىيىسىدىن ئۇزاقلاشقان ھالدا) دىكتاتۇرلۇقنىڭ زورلۇق كۈچكە تايىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1922- يىلى يېڭى بىر جازا قانۇنى تەكلىپ قىلىپ، سود كومىسسارى دىمىترى ئىۋانوۋىچ كۇرىسكىيگە شۇنداق يازدى: "سود تېرورنى چەكلىمەسلىكى كېرەك،... پەقەت ئۇنى كېرەك قىلغان ئاساسنى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. تېرورنى بىر پىرىنسىپ سۈپىتىدە قانۇنىي قىلىش كېرەك ۋە بۇ ئىشنى قىلىدىكەنمىز، تېرورنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ۋە كۆڭۈل رىزاسى بىلەن قوبۇل قىلىنىدىغان ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز كېرەك. پەقەت ئەڭ كەڭ مەنىدە نىزام قىلىش كېرەك". بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىستلار بىر تەرەپتىن خەلقنى دەھشەتكە چۈشۈرسە، بىر تەرەپتىن پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتلارنى تازىلىدى. لېنىن پارتىيە ئىچىدە (ئەزالارنىڭ) تالاش- تارتىش قىلىش، قارارلارنى رەد قىلىش ۋە ئۆز قاراشلىرىنى ساقلاپ قېلىش يوللىرىنى يوق قىلىپ، پارتىيەنى پەقەت تامامەن ئىتائەت قىلىدىغان، يۈكسەك ئورۇن ۋە مەنپەئەت تەمىن ئېتىدىغان بىر تەرىقەتكە ئايلاندۇردى. پارتىيە ئەزالىرى بىر "يېڭى سىنىپ" بولۇپ شەكىللەندى. بۇ "يېڭى سىنىپ" ئۆز مەئىشىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چېكادەك تېرورچى ئورگانغا ئېھتىياجلىق ئىدى. چۈنكى بۇ يېڭى سىنىپ ناھايىتى ئاز سانلىق بولغاچقا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان بولغاچقا خەلقنىڭ ئىشەنچىسى، يۆلىشى، قوللىشىدىن مەھرۇم بولغاچقا جاسۇسلۇق، تېرورلۇق يولى بىلەن ھاكىمىيەتنى ساقلاشقا مەجبۇر بولغانىدى. 30- يىللاردا 20 مىليون ئادەمنىڭ ھاياتىغا توختىغان، تارىخچىلار تەرىپىدىن "ستالىنىزىم" دەپ ئاتالغان ئاممىۋىي قەتلىئام ئەمەلىيەتتە "لېنىنىزىم"دۇر![1]

"ئۇھ دېگۈدەك ئىمكان بەرمەسلىك"، جىنايەتلىرىنىڭ ئېچىلىپ

[1] بۇ سەترلەر KGBناملىق كىتاپتىن نەقىل ئېلىندى، — ئا.

قىلىشقا قىلچىلىك يوچۇق قويماسلىق، قىلچىلىك نەپ بەرمەسلىك خىتايلارنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىدىكى بىر ئالاھىدىلىك.

باشقا مۇستەملىكچىلەر مۇستەملىكە ئەلنىڭ ئوقۇش، مەدەنىيەت تەرەققىيات ئىشلىرىغا ياردەم بەرمىگەن دېگەندىمۇ، چەك قويمىغان. ئوقۇشقا ئىمكانى بولسىلا يولنى توسمىغان. مىللىي ئالاھىدىلىككە، مىللىي ئەنئەنىگە، دىنىي ئېتىقادقا ئائىت ئوقۇش ۋە باشقا پائالىيەتلەرگە ئۆزلىرىنىڭ مەپكۇرىسىنى ئارىلاشتۇرۇشقا (كوممۇنىست بولمىغان مۇستەملىكچىلەردە)، ئۆزىنىڭ ئەندىزىسىغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنمىغان. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلاپنىڭ تەشكىلاتچىلىرى، سىياسىي داھىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىستىلاچىلارنىڭ مەكتەپلىرىدە، ھەتتا شۇلارنىڭ دۆلىتىدە يېتىشكەن. يەنى، ئۇلار ئۆزىنىڭ كۈشەندىلىرىنى ئۆزلىرى تەربىيىلەپ بەرگەن. مەسىلەن: گەندى ئەنگلىيىدە ئوقۇغان، پاكىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى مۇھەممەد ئالى جىنناھمۇ ئەنگلىيىدە ئوقۇغان. سۇن جوڭشەن، جيياڭ جېشى قاتارلىقلار ياپونىيىدە ئوقۇغان. ۋېتنامنىڭ مۇستەقىللىقىغا رەھبەرلىك قىلغان خۇ جىزمىن قاتارلىقلار فىرانسىيىدە ئوقۇغان. جەۋھەر دۇدايېۋنى رۇسلار ئۆزلىرى يېتىشتۇرگەن...

بۇ جەھەتتە خىتايلار ئىنتايىن پىت كۆز ۋە ئىچى قوتۇر بولۇپ، بۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس! ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى، ئىدىئولوگىيە ھۇجۇمى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولۇپ، بۇنى شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يىراق ئۆتمۈشتىن يېقىن ئۆتمۈشىمىزگىچە ئەجداتلىرىمىزنىڭ خىتايلارغا قارشى كۆرەشلىرىدە خىتايلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسى دۈشمەن دەپ قارىلىپ، ھەممىسى ئۆلتۈرىلىدىكەن! بالىلىرىنىڭ چاترىقى يىرىۋېتىلىدىكەن! چۈنكى چايان بالىسى چايان، بۆرە بالىسى بۆرە بولۇپ چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىكەن. "بۆرە بالىسىنى مىڭ يىل باقساڭ، ئىككى كۆزى جاڭگالدا" دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالسا كېرەك. خىتاينىڭ بالىسىمۇ چوڭ بولسا خىتاي بولىدۇ دەپ قارىلىدىكەن. ئەمدى كۆرۈڭكى، "ۋەتىنىمىزگە قانۇنسىز

كىرگەن ئوغرى خىتايلار، تاجاۋۇزچى ئارمىيىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرىۋاتقان خىتايلارنىڭ ھەممىسى دۇشمەن“، دېگەن ئۇقۇمنى خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەملىرىمىزگىمۇ ئاڭلىتالمايمىز. ھەتتا خىتايلار تەرىپىدىن بىۋاستە خورلانغان، بەختسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا ئىتتىرىۋېتىلگەن بىر ئادەمگىمۇ ”ۋەتىنىمىزدىكى خىتايلارنىڭ چوڭ- كىچىك ھەممىسى دۇشمەن“ دېسەك ئاڭلىتالمايمىز. مانا بۇ يېرىم ئەسىرلىك ئىدىئولوگىيە ھۇجۇمىنىڭ غەلىبىسى! بەلكى بىزنىڭ بۈگۈنكى ”مەدەنىي دۇنيا“نىڭ مودىسى بولغان ”تېچلىق“ شۇئارىنى ئۆگىنىۋالغىنىمىز بولىشىمۇ مۇمكىن!

باشقا مۇستەملىكىچىلەر مۇستەملىكە زېمىنلىرىنىڭ يەر ئىسىملىرىنى ئۆزگەرتىش، تارىخىنىمۇ سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن سۇنئىي ئويدۇرۇپ ياساش،... شەرمەندىلىكىنى قىلمىغان. مەسىلەن: رۇسلار ئورتا ئاسىيانىڭ ئىستىلا قىلىنىش تارىخىنى يوشۇرمىغان، ”زېمىن پۈتۈنلىكى“نى مىڭ يىللاپ ئىلگىرى سۈرۈپ تارىخ ياسىمىغان. ئەمما خىتايلار تارىختىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ”يالغان گەپنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىساڭ راستقا ئايلىنۇر“ دېگەن تەمسىلىگە ئەمەل قىلىپ، قوشنا مەملىكەتنى ”بىزگە قارايتى“ دەپ لاپنى يېزىۋەرگەن. بۇنىڭدا خوشامەتچى ئوردا تارىخچىلىرىنىڭ پادىشاھنى غالىپ، شاھىنشاھ كۆرسىتىپ، ياخشىچاق بولۇش، تارىختا ”بۈيۈك پادىشاھ“ نامىنى قالدۇرۇش غەرىزىدە ئاغزىغا كەلگىنىچە يېزىۋەرگەندىن باشقا، ئېنىق سىياسىي غەرەزمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئالدىنقى قېتىمقى تاجاۋۇزچىلىق ھەركىتىنى ياكى ئىستىلا نەتىجىسىنى كېيىنكى قېتىمقى زېمىن داۋاسىدا پاكىت قىلىپ كۆرسىتىشتەك شەرمەندە خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە.

ھەممىدىن دىققەتنى قوزغايدىغىنى ئۇلار سىياسىي ئېتىقادىدىن قەتئىي نەزەر، مۇستەملىكە سىياسىتىدە ئوخشاش مەيدانغا ئىگە ئىكەنلىكى، سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن ئالدىنقى ئەۋلادتا مەلۇم قارار ئېلىنغان، مەلۇم مەسىلە، تارىخىي ۋاقە،... گە تۇتىلىدىغان مىللىي مەيدان بېكىتىلگەن بولسا، كېيىنكىلەر مۇشۇ سۇنئىي كېلىشىلگەن پارولنى ھېچ ئېغىشماستىن تەكرارلاش، ئۆزى توقۇغان يالغانغا ئالدى بىلەن ئۆزى قەتئىي ئىشىنىش، شۇ

ئىشەنچىسى بىلەن بۇ يالغاننى راستتەكلا ئەستايىدىللىق بىلەن تەكرارلاش ئادىتىدۇر. مەسىلەن: مەرھۇم لېدىرىمىز مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ چۇ جىيا خۇا بىلەن يېزىشقان خەتلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىدە مەدەنىيەت مىنىستىرى بولمىش چۇ جىيا خۇا (ئىلىم ئەھلى تۇرۇقلۇق) "مەڭگۈ ئايرىلماس بىرقىسمى" نەزەرىيىسىنى ئىككى مىڭ يىللىق يىلتىزغا باغلاپ سۆزلەيدۇ. ھېچ نومۇس قىلماستىن "جوڭگۇدا خىتايدىن باشقا مىللەت يوق" دېگەننى بازارغا سالىدۇ. ھەتتا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قەدىمقى ئەجدادىنى خىتايلارغا باغلايدۇ. بۈگۈنكى كوممۇنىستلارمۇ گومىنداڭچى خىتايلار بىلەن ئەينى بىر مۇقامنى تووۇلىماقتا!

باشقا مۇستەملىكچى مىللەتلەر ئىچىدە بىر گورۇھ ھەققانىيەتنى ياقىلغۇچى كىشىلەر ئۆز مىللىتى قوُل قىلىۋاتقان مىللەتلەرگە ھېسداشلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار، ھەتتا مۇستەملىكە مىللەتلەر سېپىدە تۇرۇپ مۇستەملىكە سىياسەتكە قارشى تۇرىدىغان، ئۇرۇشلاردا ئېزىلگۈچىلەر ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىغان ئىشلارمۇ كۆرۈلىدىكەن. مەسىلەن: جەنۇبىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ داھىسى سىمۇن بولىۋار ئەسلى ئۆزى ئىسپانىيىلىك بولسىمۇ، ئىسپانىيە مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىپ، بۇ قىتئەنى مۇستەقىللىققا ئېرىشتۇرگەن؛ جەنۇبىي ئافرىقىدا، ھىندىستاندا بىرمۇنچە ئېنگىلىزلار يەرلىك خەلقنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، ئېنگىلىز مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى تۇرغان، يەرلىك خەلقنىڭ كۆرىشىگە ياردەم بەرگەن. لېكىن، خىتايدا بۇنداق ئىش يوق. بىرىنچىدىن بۇ مىللەتنىڭ ئۇزۇن زامان قۇللۇقتا ياشىشى، ھايۋاندەك خارلىنىشى، ... سەۋەپلىرىدىن ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىنسانغا ئىچ ئاغرىتىش تۇيغۇسى ئۆچكەن، ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئۆلگەن؛ ئىككىنچىدىن، ھۆكۈمران گورۇھ سىياسىي ئېھتىياج ئۈچۈن توقۇپ چىققان يالغان پاكىت، ساختا تارىخنى پەقەتلا خەلقئارانى ئالداش، مۇستەملىكە ئەلنى ئالداش ئۈچۈنلا ئىشلىتىپ قالماي، ("ئۆزەڭنىڭ يالغىنىغا ئالدى بىلەن ئۆزەڭ قەتئىي ئىشىنىشىڭ كېرەك" دېگەن فورما بويىچە) ئۆز خەلقىنىڭمۇ قان- قېنىغا سىڭدۇرىۋېتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ

ئىلىم ئەھلىمۇ، سىياسىيونىمۇ، ھەربىيسىمۇ، دېھقىنىمۇ، موزدۇزىمۇ،... ھەممىسى دۈشمەندۇر. ھەممىسىدە مۇستەملىكىچىلىك تەبىئەت بار. مانا بۇ خىتايلارنىڭ "قىلچىمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق" خۇسۇسىيىتى!

كوردلارنىڭ تۇرمىدىكى سوراقلاردا قىيىن- قىستاقتا ئېلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ھۆكۈمەت تەرەپنى ئۇسال قىلىپ، مەھبۇسلارنى تەكشۈرگەن دوختۇرلار كوللىكتىپ ئىمزا بىلەن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاشكارىلىۋەتكەن ئىكەن. بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىش بىرقانچە تەرەپ بار: بىرى، دوختۇرلارنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس، ھەقىقەتنى ئاساس قىلىشى؛ ئىككىنچىسى، شۇلاردا ئاشۇنداق ھوقۇقنىڭ بولىشى، ئىمكانىيەتنىڭ بولىشى؛ ئۈچىنچىسى كوردلارنىڭ بىزدىن تەلەيلىك ئىكەنلىكى، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ قىسمىتى ھەققىدىكى رېئاللىقنىڭ ئاشكارىلانغانلىقى. ئەمما تەلەيسىز ئۇيغۇرلاردا بۇنداق ئىمكانمۇ يوق. بىرىنچىدىن، سىياسىي مەھبۇسلارنى ئۇيغۇر دوختۇرلارغا كۆرسىتىشى ناتايىن؛ ئىككىنچىدىن، تەكشۈرتكەن تەقدىردىمۇ بىچارە دوختۇرلار خىتايلار تەرىپىدىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان دېئاگنوز قەغىزىگە قول قويىدۇ، خالاس؛ ئۈچىنچىدىن، "كوللىكتىپ ئىمزا" ئۈچۈن بىر ئارىغا كېلىشىمۇ، كەلگەن تەقدىردە ئېلان قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئېلان قىلغان تەقدىردە ئۇلارنىمۇ ئوخشاش قىسمەت — ئۆلۈم كۈتىدۇ!

يوچۇق قالدۇرماسلىققا دائىر يەنە بىر مىسال يادىمغا كەچتى، گەرچە كىچىك ئىشتەك قىلىسىمۇ بىر تەپتىن دىققەتنى چېكىدىغان تەرىپىمۇ يوق ئەمەس: خەلقئارادا United National سۆزى ھەرقايسى ئەل تىللىرىغا "بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى" دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. National دېمىسىمۇ مىللەتنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە مىللىي دۆلەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئۇقۇمدا مىللەت دېمەك، بىر دۆلەتكە ئىگە(مىللەت دېمەك، بىر دۆلەتنىڭ خوجايىنى)، دۆلەت دېمەك، بىر مىللەتنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ۋەتىنى، دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىشىلىپ تۇرىدۇ. دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ چەمبەرچەس باغلانغان بىر پۈتۈنلۈك ئىكەنلىكى، دۆلىتى يوق

مىللەت بولمىغاندەك، مىللەتسىز دۆلەتنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن، خىتايلار بۇ ئاتالغۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى" دەپ تەرجىمە قىلىش بىلەن، مۇستەملىكە مىللەتلەردە تۇغۇلۇش ئېھتىمالى بولغان ("بىزنىڭ نېمىشكە ۋەكىلىمىز يوق" دەيدىغان) گۇمانلىق سوئالنىڭ ئالدىنى ئالغان. دېمەك خىتايلار ئاشۇنچىلىك ئىشلاردىمۇ دىققەتسىزلىك قىلمايدۇ!

خىتايلارنىڭ شەھەر — يېزا قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ تۇترۇقسىزلىقىدىمۇ قەستەنلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك نىيىتى يوشۇرۇنغان. شۇڭا، خەلقنى نامراتلاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ھەممىشە قارىسىڭىز بۇ پىلان "خاتا بولۇپ قالىدۇ". بۇ يېڭىلىشلىقنىڭ دەردىنى بىچارە پۇخرا تارتىدۇ. بۈلتۈر باغنى بۇزۇپ كەتكەن يول، بۇ يىل ئۆينى بۇزۇپ ماڭىدۇ... خىتاينىڭ ئۆزىدە خىتاي پۇخرالىرىنىڭ ئۆيى ئەمەس، ئېتىزلىقىدىن دۆلەتنىڭ بىرەر قۇرۇلۇشىغا لازىم كېلىپ ئىشلىتىلسە دېھقان تولۇق رازى قىلىنىدىكەن ياكى ھەر ئايلىق، يىللىق ئىجارە بېكىتىپ قويۇلىدىكەن. ھەتتا بىر خىتاينىڭ ئېتىزلىقىغا بىر تال ئىستولبا (سىم ياغىچى) چۈشكەن تەقدىردە بۇ خىتاي شۇ ئىستولبا ئىگىلىگەن يەردىن ھەريىلى قانچىلىك ئاشلىق ئالىدىغان بولسا بۇنى تەخمىنەن ھېساپ قىلىپ، تۆلەم بېرىلىدىكەن ياكى يىللىق ئىجارە تۆلىنىدىكەن. ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا پۈتۈنسۈرۈك ئۆي چېقىپ تاشلىنىپ، ئىگىلىرى كوچىدا قالدۇرۇلغان ھالدىمۇ ھېچ يۈزى قىزىرىپ كەتمەستىن "يەر دۆلەتنىڭ..." دېگەن پەتىۋا بىلەنلا قۇتىلىدۇ. مىڭ يىللاردىن بېرى ئەجدادتىن ـ ئەۋلادقا ئۇلتۇرۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان، ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان ئۆي ـ ھويلا، باغ -ۋاران بىردىنلا كەلگىندىلەرنىڭ باشقۇرىشىدا بولۇپ قالىدۇ، گويا ئۇلار بۇ يەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ كەلگەندەك خىجىل بولماي گەپ قىلىدۇ! ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇستەملىكە دەۋرىنى سېغىنىشىدا مەلۇم "ئاساس"ى باردەكمۇ قىلىدۇ. رۇسلار قۇل قىلىنغان خەلقلەرنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنىڭ بەزىسىنى تارتىۋالغىنى بىلەن، ھايۋانى

ئېھتىياجلارنى تولۇق قامدىغان ئىكەن. يەنى، قورسىقىنى ئۇبدان تويغۇزۇپ تۇرۇپ خورلىغان ئىكەن. شۇڭا قورساق ۋەجىدىن كۆپ ئادەم ئۇنى ياخشىدى، دەپ سېغىنىشۋاتقانلىقى راستتۇر. ئەمما خىتاينىڭ كۆزى كىچىكلىكى شۇ يەردىكى، ھەم قورسىقىڭنى ئاچ قويىدۇ، ھەم بولىشىغا دۇمبالايدۇ!

دىڭ شىياۋپىڭ شۇنداق دېگەن: "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرمىسەك ئاپتونومىيە دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ"[1]. ئەمما يۇزى قېلىن كوممۇنىستلار چەمىيۈزلۈك بىلەن "يەرلىك خەلقنى باي قىلدۇق ئەمەسمۇ؟" دەپ كۆچمەن خىتايلارنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار كۆچمەنلەرنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك ئاھالىسى دېيىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇش، ھەممىنىڭ مېڭىسىگە شۇنداق قۇيۇۋېتىش ئۈچۈن ئاشۇنداق ھىلىنى قوللانماقتا. مەسىلەن: پىچان ناھىيىسى تەۋەسىدىن نېفىت ئاچىدىغان چاغدا يەرلىكلەر بىلەن نېفىت ئاچقۇچى خىتايلار ئارىسىدا رەسمىيەت ئۈچۈنلا قىلىشىپ قويىدىغان كېلىشىمدە "كەلگۈسىدە نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ %× ى يەرلىك خەلقنىڭ پەرزەنتلىرىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ" دېيىلگەن ئىكەن. كېيىن ھەممىسىگىلا خىتايلار قوبۇل قىلىنغان. ناھىيىنىڭ قورچاق ھاكىمى كۆپ ئىشلارنىڭ قەغەز يۈزىدىلا بولىدىغان ئالدامچىلىق رەسمىيىتى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، كوممۇنىستلار ئۇلۇغ، شەرەپلىك ۋە توغرا دەپ سىڭدۈرۈلگەن مەپكۇرە ئاساسىدا گۆشباشلىق بىلەن ئاخماقلىق قىلىپ، ھېلىقى كېلىشىمنى ئەسلىتىپتۇ: "يەرلىك خەلقنىڭ بالىلىرىنى ئالىمىز دېگەنتىڭلار، مانا ئەمدى ساپلا خىتايلارنى ئالدىڭلارغۇ" دېگەندە، خىتاي ئەمەلدارلار "بۇلار يەرلىك خەلقنىڭ بالىلىرى بولماي، بىر يەردىن كەپ قالغانلارمىكەن؟ بۇلارمۇ مۇشۇيەردە تۇغۇلغان! سىزنىڭ كاللىڭىز جايىدىمۇ، قانداق؟..." دەپ ئاچچىقلاپتۇ ۋە بۇ ھاكىمنى مىللىي خاھىشى ئېغىر، دەپ ھېساپلاپ ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ.

---

[1] "دىڭ شىياۋپىڭ تاللانما ئەسەرلىرى" دىن ـــ ئا.

كوممۇنىست تۈزۈمىدە ھەربىر ئادەم ئۆز ئورنىغا باغلاپ قويۇلغان بولىدۇ، خۇددى پۈتىنى چۇشەپ ئوتلاققا قويۇۋېتىلگەن مالدەك. ھەر ئادەمنىڭ مەخپىي ئارخىپى بولىدۇ. بۇنى ئۆزى تەۋە ئورۇننىڭ پارتىيە تەشكىلاتى تۇتىدۇ. ئۇنىڭغا نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى مەسئۇل كىشىدىن باشقىلار كۆرەلمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋە يەنە نوپۇس تۈزى تۈپەيلى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈپ جايلىشىش، شەھەردىن- يېزىغا، يېزىدىن شەھەرگە كىرىپ جايلىشىش كونترول قىلىنىدۇ. بىر ئادەم بىر جايغا يۆتكۈلۈپ ماكانلاشماقچى بولسا "بۇرۇنقى تۇرۇشلۇق يېرىگىدىن خەت ئەكەل" دېيىلىدۇ، "ئارخىپىڭنى ئەۋەتكۈز" دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ ئارخىپىدىكى مەخپىي باھاسىنى بىلمەي تۇرۇپ، ھەرقانداق يېڭى ئورۇن بۇ ئادەمنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ ئۇسۇل نەتىجىسىدە نەگىلا بارسا نەزەربەند دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ ياكى يېڭى بارغان يېرىدىمۇ تەقىپلەش ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭا سىرتتىن كەلگەن بىراۋ يېڭى ماكانغا ئاسانلىقچە سىڭىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ تۈزۈمنىڭ شەھەردىن- شەھەرگە، ھەتتا بەزى پەۋقۇلئاددە زامانلاردا مەھەللىدىن- مەھەللىگە بېرىش ئۈچۈن باشلىقىدىن خەت ئېلىپ مېڭىشقا توغرا كەلگىنىدىن، يوچۇن ئادەم يېڭى ماكان تۇتالمايدىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پۇخرالار ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن "قۇلاق"لار "يېڭى سىنىپ" جاسۇسلۇق ئورگىنىغا باغلانغان بولغاچقا ھېچكىم نەزەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەھەللە كومىتېتى، ئايالىلار مۇدىرى، كەمبىغەللەر مۇدىرى، ئىتتىپاق سېكرېتارى،... دېگەندەك كونكرېت ئىشى بولمىغان مەمۇرلار، ھەتتا زادىلا مائاش بېرىلمەيدىغان بولسىمۇ بىرەر ئەمەلگە ئوخشاپ كېتىدىغان نام ئۈچۈن كۈن بويى پالاقلايدىغان غالچىلار بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى خالىس جاسۇسلار ياكى "پىدائى جاسۇسلار" دۇر.

سوۋېتلەر ئىمپېرىيىسىدە 30- يىللاردا دىنىي مۇئەسسەسەلەر تامامەن تاقىلىپ، ئىجتىمائىي ئورۇن بولۇشتىن قالغان ئىدى. 40- يىللاردا دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قىيىن يىللاردا ستالىن يەنە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىشتا دىنغا ئېھتىياج ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سوۋېت جەمئىيىتىدە "رۇس پراۋىسلاۋ چېركاۋ ئىشلىرى كونسېيى"، "دىنىي ئىشلار كومىتېتى" دېگەندەك بىر

نىملەر پەيدا بولدى. ئەمما بولشۋىكلەر ئۇنى كوممۇنىست تەشۋىقاتىنىڭ بىر قىسمى قىلىۋالغانىدى. خۇددى شۇ فورمىغا تەقلىد قىلىپ ئىش تۇتىدىغان خىتاي كوممۇنىستلىرى بولسا دىنىنى "سىياسىي كېڭەش"، "دىنىي ئىشلار ئىدارىسى" قاتارلىق ئورۇنلار ئارقىلىق تىزگىنلىگەن بولۇپ، ئوخشاشلا كوممۇنىست تەشۋىقاتىنىڭ بىر قىسمى بۇ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىلمىي ساھەدە كوممۇنىستلارنىڭ بېشى دەرتتىن قۇرىمايدۇ: كوممۇنىستلار ھەم بىلىملىكلەردىن قورقىدۇ، ھەم بىلىملىكلەرگە مۇھتاج بولىدۇ. ئۇلارغا سىياسىي ئىقتىساد ۋە باشقا ئىجتىمائىي تېمىلاردا تەتقىقات ئۈچۈن رۇخسەت بېرەي دېسە تېخى؛ غەرپ كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىيات سىرلىرىنى تەتقىق قىلىش مۇقەررەر ھالدا كوممۇنىست تۈزۈمىنىڭ ناچارلىقىنى ئىسپات قىلىپ، كۆتى ئېچىلىپ قالىدۇ؛ ئەگەر ئۇنى تەتقىق قىلمىسا ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان كۈچكە ئېرىشەلمەي، ئاجىزلاپ كېتىدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنى بىر- بىرىگە پۈتلاشتۇرماي ھەل قىلىش دايىم قولاي بولمايدۇ. شۇڭا كوممۇنىستلار، پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن ئىلمىي ساھەلەرگىچە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن تولۇق ئىشەنچكە ئېرىشەلىگەن "يېڭى سىنىپ" ئەزالىرىدىن باشلىق قويىدۇ. شۇنداقلا، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ۋە باشقا بىلىم ئادەملىرىنى "يېڭى سىنىپ" ئەزاسى بولۇشقا (پارتىيىگە كىرىشكە) قىزىقتۇرىدۇ، شەرتلەرنىمۇ خېلى تۆۋەنلىتىدۇ، تۈرلۈك يوللار بىلەن مەجبۇرلايدۇ. مەسىلەن: ئىلمىي ئۇنۋان دەرىجىلىرى، مائاش دەرىجىلىرى، تۇرالغۇ ئۆي،... قاتارلىق ھەممە نەرسە "باھالاش" ئارقىلىق بولىدىغان بولغاچقا، ئالدىنقى شەرت ھامان پارتىيىگە بولغان ساداقىتى بولىدۇ. بۇنىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى شۇ ساھە ئىچىدىكى "ئاگېنت"، "پايلاقچى" ياكى غالچىلارغا ئايلاندۇرىۋالىدۇ. ھېچكىم ھېچيەردىن بىر خالى بۇلۇڭ تاپالمايدىغان، ھېچكىم ھېچيەردە ئەركىن قىمىرلىيالمايدىغان مۇھىت يارىتىلىدۇ. ھەركىمنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى،

نارازى كوتۇلداشلىرىدىن تارتىپ ئىش ـ ھەركىتىگىچە يوقۇرىغا يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدۇ.

مۇشۇنداق مۇناسىۋەتلىك سەۋەپلەر بىلەن كوممۇنىست جەمىيىتىدە ئالىم، مۇتىخەسىسلەرنىڭمۇ ساختا ئۆرنەكلىرى يارىتىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق ”ئالىم“، ”سەنئەتكار“لار كوممۇنىستلار تەرىپىدىن پۈدەپ يوغىنىتىلىدۇ؛ قاش ـ قاپىقىغا قاراپ ”ئۇنۋان“ بېرىلىدۇ ياكى تۆۋەن چۈشۈرىلىدۇ، يوقۇتۇلىدۇ.

ئومۇمەن كوممۇنىست جەمىيىتىدە ”ئامىتى كەلگەن“ ”ئالىم“، ”سەنئەتكار“، ”ئەدىپ“لەرنىڭ كوممۇنىستلار بىلەن بىر مەخپىي ئىش بىرلىكى بارلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. تېخىمۇ كونكرېتراق ئېيتقاندا، كوممۇنىست تۈزۈمىدە جاسۇسلۇق يولى بىلەن سۇنئىي نوپۇز تىكلەش، ئۆگىنىش ئۈلگىسى، تالانت ئىگىلىرى يارىتىش يولى بىلەن خەلقنىڭ قىزىقىشى، مۇھەببىتى سىياسىي نىشانلارغا توغرىلىنىدۇ. مەسىلەن: سوۋېتتە مىخايىل شولوخوۋنىڭ سۇنئىي يارىتىلىشى، قەھرىمان ئۈلگىلەر، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى (ستىخانوۋچىلار)نىڭ يارىتىلىشى؛ خىتاي كوممۇنىستلىرىدا بولسا، داجەي، داچىڭ قاتارلىق سوتسىيالىزىمنىڭ بۈيۈك سىمۋوللۇق نەمۇنىلىرىنىڭ يارىتىلىشى، ياۋشۆيەن، خاۋرەن،... قاتارلىق قىزىل دەۋرنىڭ ”ئۇلۇغ يازغۇچىلىرى“، لېيى فىڭ، ۋاڭ جى،... قاتارلىق قەھرىمانلارنىڭ يارىتىلىشى، شۇنداقلا مۇستەملىكە رايونلىرىدىمۇ كوممۇنىستلارنى ھىمات قىلغان بەزى تالانتلىق ئەدىپلەر، خۇددى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغىنىدەك، تالانتلىق، ”خەلق سۆيگەن يازغۇچى“ ياساپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بىر ئاز ”ئوڭ“غا مايىل ئەسەر ئېلان قىلىشى، ھۆكۈمەتكە تەنقىدىي، ھەتتا قارشى مەيداندا تۇرىدىغان قەھرىمان بولۇپ كۆرۈنۈشى، ئومۇمەن ”بىر ئاز ئەركە“لىكىگە يول قويۇلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تۈردە خەلق تەرەپتە ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىش ئارقىلىق خەلققە سۆيدۈرىلىدۇ. ئاندىن بەزى ئىدىيىلەر ئۇلارنىڭ تىلىدىن تارقىتىلسا، ئۇلارنى شۇ ساھەدە ”قۇلاق“ قىلىپ قوللانسا ھېچكىم ئۇلاردىن گۇمان قىلماس ھالغا كېلىدۇ.   ... ”پىتىتىن پوستۇما ئايرىيدىغان“ كوممۇنىستلارنىڭ بۇ ”ئىستىقباللىق تالانت

ئېگىلىرى“نىڭ شۇنچە تاپتىن چىقىشلىرىنى بىلمەي قېلىشى بەكمۇ
گۇمانلىقتۇر. ئەينى شۇنىڭ دەۋاتقانلىرىنىڭ يېرىمىنى دېسەڭ ساڭا سورۇن
يوق، كۇنمۇ يوق، ئەمما ئۇنىڭغا مەيدان كەڭرى، كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

ناتسىستىزىم ئىنسانلارنىڭ مەپكۇرىسىنى بۇزۇپ ماشىنىغا ئايلاندۇرۇپ
قويغانىدى، گىتلېرچە ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ۋە مەملىكەت
بويىچە ئومۇملاشقان ئاخباراتنى قامال قىلىش، بىرلا خىل ئىدىئولوگىيە
تەشۋىقاتى تۈپەيلى ئۆسمۈرلەر گىتلېرنى دادىسىدىنمۇ بەكرەك سۆيىدىغان
قىلىنغان. نەتىجىدە ئەگەر دادىلار ئۆيلەردە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا،
ناتسىستىزىمغا قارشى گەپ قىلىپ قالسا بۇ بالىلار دەرھال ئېس -
ئېسچىلارغا، گېستاپوغا مەلۇم قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن؛
كوممۇنىستلاردىچۇ؟

خۇددى شۇنداق ئىنسانلىق ھېس تۇيغۇنى بۇزۇش ھەركەتلىرى بولغان.
مەسىلەن: بولشېۋىكلەر تىكلىگەن بىر ئۈلگە پاۋلىك موروزوۋ 1932- يىلى
ئاتالمىش ”كۇلاك“لار — ”خەلق دۈشمەنلىرى“ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن 14
ياشلىق ئۆسمۈر. ئۇنىڭ دادىسى كوممۇنىست بولۇشقا قارىماي،
”كۇلاك“لارغا قىلىنىۋاتقان ئىنسانىيەتسىز زۇلۇمغا چىدىماي، ئۆيىدە
”كۇلاك“لارنى يوشۇرغان، بالا كوممۇنىست تەربىيىسىدە ئادەم قېلىپىدىن
چىققاچقا، دادىسىنى پاش قىلىپ، ”قەھرىمان“ بولغان (ئۇنى بولسا باشقا
”كۇلاك“لار ئۆلتۈرۈۋەتكەن). 1965- يىلىغا كەلگەندە موسكۋادا ھەيكىلى
تىكلەنگەن، قىزىل پىئونېر سارىيىغا ئۇنىڭ نامى بېرىلگەن. بارلىق ”سوۋېت
بالىلىرى“ ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە چاقىرىلغان. خۇددى شۇنداق ئۈلگىلەر
كوممۇنىست خىتايلاردا بولمىدىمۇ؟ بالىلار دادىلىرىغا قارشى قويۇلمىدىمۇ؟

كوممۇنىستلارنىڭ ئادەمنى ماشىنىغا ئايلاندۇرۇشى. كوممۇنىستلار
شۇئارلىرىدا ھەمىشە تەكرارلاپ تۇرىدىغان ”قەدەمنى، ھەركەتنى، ئىدىيىنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش“ دېگىنىگە ئاساسەن، ئادەملەرنى ھەقىقەتەنمۇ
”كونۇپكىسى مەركەزدە بولغان بىر خىل ماشىنا“غا ئايلاندۇردى. ھەممە
ئادەمنى بىر خىل ئويلاشقا مەجبۇرلاش، بىر خىل پىكىر قىلىشقا، بىر خىل

سۆزلەشكە مەجبۇرلاش نەتىجىسىدە ئىنسانلاردا ماشىنا ئادەملەردەك بەزى ئالامەتلەر پەيدا بولمايمۇ قالمىدى. قايسى كونۇپكا بېسىلسا شۇنىڭغا كۆرە بىر تەرەپكىلا ئايلىنىش، قايسى ئاۋاز كونۇپكىسى بېسىلسا شۇ ئاۋازنىلا چىقىرىشتەك كەشپىيات بارلىققا كەلدى.

”بىرىگادىر ياكى ئەترەت باشلىقى بىز ئۈچۈن ئويلايدۇ“ دېگەن ماشىنىلارچە كۆنۈكۈش — سوتسىيالىزىمنىڭ بىر جىنايىتى بولۇپ، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇر قىلىشىنى، پىكىر قىلىشىنى، ئىجادچانلىقىنى بوغۇدىغان قىلمىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسىدۇر.

ماشىنىلارمۇ ئىشلەيدۇ، ئەمما ئۇنى ئادەم باشقۇرۇپ تۇرمىسا ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلالمايدۇ. خۇددى شۇنداق سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ياشىغان ئادەملەردە ئىزدىنىش روھى ئۆلۈپ قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇزاق بىر زامان باشقۇرغۇچىلارنىڭ بۇيرىغىنىنىلا قىلغان، خاتا بولسىمۇ نېمىشكە؟ دېمەستىن قىلغان، نەتىجىسىز بولسىمۇ قىلغان؛ ئارقىدىن تۇنۇگۈن قىلغىنىنىڭ ئەكسىنى قىلىشقا بۇيرۇلسىمۇ ئوخشاشلا قىلغان، نېمە ئۈچۈن؟ دېيىشكە ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۇرمۇش، هاياتقا ۋە خىزمەتكە قارىتا مۇستەقىل قاراش روهى بەرباد بولغان. بۇنى بۈگۈنكى سوۋېت خارابىسىدا بارلىققا كەلگەن مۇستەقىل دۆلەتلەردىكى خەلقلەرنىڭ گاڭگىرىغان هالىتىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىنسانلاردىكى بۇنداق ئىقتىسادىي بېقىندىلىق، ئۆز مەشغۇلاتىنىمۇ ئۆز بېشىغا كۆرە قىلالماسلىقى، كىشىلىك غورۇرنى قۇرۇتىۋېتىدۇ. كىشىلىك غورۇرى چەيلىنىپ كەتكەن، ئۆزىنىڭ پىكرى، دۇنيا قارىشى، ئىدىيىسى،... ئومۇمەن ئۆزىگە خاس مەنەۋىيەتنىڭ بولىشىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ ئادەملەر مەلۇم مەنىدە هايۋانغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ: مەدەنىيەتسىزلىك، ئاچچىقىنى ئالىدىغان يەر تاپالماسلىق ياكى بىلمەسلىك تۈپەيلى بىر- بىرىگە ئاچچىق ۋە هاقارەتلىك تىل ئىشلىتىدىغان، پۇرسەت بولسىلا بىر- بىرىگە زەهرىنى سانچىيدىغان بولىدۇ. مانا بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىتىمىزدىن تېپىلىدىغان ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، كوممۇنىزىم ۋاباسىنىڭ زەھەرلىشىدىن

كەلگەندۇر!

بۇ مەدەنىيەتسىزلىك بۇگۈنگە كەلگەندە بىزنى ئىلىم - پەننىڭ يېڭى مۆجىزىلىرىدىن نەسىۋىسىز قالدۇرماقتا: ئامېرىكىدىكى Microsoft شىركىتى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقىدا پروگرام ئىشلەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئۇلارغا ئۇيغۇرچە پروگرام- سىستېمىلارنى زاكاز قىلماقچى بولغان ئىكەن، ئۇلار ئۇنىماپتۇ. ”سىلەرنىڭ ساپاسىڭلار بەك تۆۋەن، كومپيۇتېر ئىشلىتىدىغان قانچە ئادەم بولماقچىدى؟ بۇ قەدەر قالاق، مەدەنىيەتسىز بىر مىللەت ئۈچۈن يۇمشاق دېتال ياساشنىڭ ھېچ ئىستىقبالى يوق“ دەپتۇ! بىر قەدىمي مىللەتنىڭ، دۇنياغا نەشرىياتچىلىقنىڭ ئاساسى بولمىش مەتبەئەنى، قەغەزنى تەقدىم قىلغان، ئالتە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بىر مىللەتنىڭ بۈگۈنكى ھالى مانا شۇنداق ئىكەن! خىتايلارنىڭ ”ياردىمى“، ”كۆڭۈل بۆلىشى“ ئارقىسىدا ياۋايى بىر مىللەت ئورنىغا چۈشۈپ قاپتۇ! مانا شۇ سۆز بىزنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا ھېچ ئورنىمىزنىڭ قالمىغانلىقىنى، يېڭى پەن - تېخنىكا سەمەرىلىرىدىن نەسىۋىسىز قالغان ھەم قالىدىغانلىقىمىزنى، شۇ يوسۇن، ئاستا - ئاستا ھاياتلىق سەھنىسىدىنمۇ يوقۇلىشىمىزنى كۆرسەتكەندەك بولۇپ، قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم! كۆزۈمگە ياش كەلدى. مانا بۇ خىتاينىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ نەتىجىسى! بۇ شىركەتنىڭ 2000- يىلى ئۈچۈن تەييارلىغان مەھسۇلاتلىرىدا ھەتتا تىبەت تىلى، تاتار تىلى قاتارلىقلارنىڭمۇ بولىشى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ يەنىلا بولماسلىقى تېخىمۇ يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرىۋەتتى! بۈنىڭدىكى قىسمەتنىڭ ئۈچۈرىنى ھىس قىلغانلاردىن يەنە كىملەر بارىكىن؟! ئەمدىلىكتە «ئەينەك» ناملىق كىتاپتا تىلغا ئېلىنغان بىر ئۈچۈرنى — 28 مىڭ ئوقۇغۇچى ئىچىدە 3 مىڭى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك مىللەتلىرىدىن بولغانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، بۇ ساپانى يوقۇرى كۆتۈرۈش ”خىتاينىڭ بېشى ئېسەن بولسىلا“ ئەمدى ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس!

1999-يىلى، تاشكەنت. 2001 - يىلى، ئىستانبۇل.

# داھىلارغا مەسلىھەت

”داھىلارغا مەسلىھەت“ دېگەن بۇ تېما قارىماققا بەك يوغان گەپتەك، مېنىڭ ئەھۋالىمغا باقماي بۇنداق گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشۇم ”قوڭچە كۆلگىدەك“ قىلىق بولۇپ تۇيۇلار. ئەمما شەيخ سەئىدىنىڭ بىر ھېكمەتلىك سۆزى ماڭا جۈرئەت ھەم ئىلھام ئاتا قىلىپ، ”قاپ يۈرەكلىك“ بىلەن ئۇلۇغلارغا مەسلىھەت بەرمەكچى بولۇپ قالدىم. سەئىدىنىڭ سۆزى مۇنداق:

«بەزىدە كاللىسى ئۆتكۈر دانادىن
چىقمايدۇ دۇرۇستراق تەدبىر ـ مەسلىھەت.
بەزىدە ئۇقۇشماي بىر گۆدەك نادان،
ئوق ئاتسا نىشانغا تېگىدۇ ھەيۋەت»[1].

يەنە شۇ سۆزمۇ ماڭا مەدەت بەردى: «سۆز بىر سەدەپكە ئوخشاش. ئۇ كۆڭۈل دەرياسىدىن چىقىدۇ. ئەگەر ھەربىر سەدەپنىڭ ئىچىدە مەرۋايىت بولمىسىمۇ، ئەمما مەرۋايىت بولۇش ئېھتىمالى بار. شۇڭا ھەربىر سەدەپكە دىققەت بىلەن قاراش لازىم»[2]. دانالار ئەگەر بۇ سۆزلەرنىڭ پەرقىگە بارسا، مېنىڭ بۇ ”سەدەپلىرىم“نى يېنىكلىك بىلەن تاشلىۋېتىشتىن بۇرۇن ئىنچىكىراق تەكشۈرۈپ كۆرەر ۋە شۇ ئاندا بىرەر دانە ”ئىنجۇ“ تېپىۋېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتە بۇ ”مەسلىھەت“كە قەلەم تەۋرەتتىم.

چەتئەلدىكى داھىلار (ۋەتەن ئىچىدە قان كېچىپ، جان بېرىۋاتقانلارغا مەسلىھەت بېرىشكە ئۆزىمىزنى سالاھىيەتلىك دەپ قارىمىغاچقا چەتئەلدىكى

---

[1] سەئىدى: «گۈلىستان» — ئا.
[2] «قابۇسنامە» — ئا.

”داھى“لار كۆزدە تۇتۇلدى) قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردىن بىرىنچىسى ئىقتىسادىي ئاساس تىكلەش. بۇ قانداقتۇر نەسىردىن ئەپەندىمدەك جاڭگالدىكى كۆلنى تېپىپلا ”كۆل مانا، غاز ھامان كۆلگە چۈشىدۇ“ دەپ ئولتۇرۇش ئەمەس. يەنى، ”... فوندى“، ”... جەمغەرمىسى“ دېگەندەك بىرنېمىلەرنى قۇرۇپ قويسىلا ئىقتىسادىي ئاساس تىكلىگەنلىك بولمايدۇ. بىزنىڭ دېمەكچى بولىۋاتقىنىمىز ھەقىقىي، ئىسمى جىسمىغا لايىق بولغان ئىقتىسادىي ئاساستۇر. مەيلى داھى، مەيلى تەشكىلات ئەگەر ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي مەنبە بەرپا قىلمايدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار شۇئارلىرى قۇرۇق گەپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ قولىدىن ئىش كېلىشىگە ئىشىنىشمۇ گۆدەكلىك.

ئالدىنقى مەۋزۇلىرىمىزدا ”ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل بولماي تۇرۇپ ئىنقىلاپچى بولغىلى بولمايدۇ“ دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۇرگەنىدۇق، بۇ يەردىكى تەشەببۇسمۇ دەل شۇ مەخسەت ئۈچۈندۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەربىر پۇل بەرگۈچى پۇل بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ ”قىممەتلىك قاراش“لىرىنىمۇ تاڭىدۇ (باشقا مىللەتلەردىمۇ پۇل بەرگەنلەر قاراشلىرىنى بىللە تاڭامدۇ - يوقمۇ، ئەمما ئۇيغۇرلاردا شۇنداق)، بۇنىڭ بىلەن خۇددى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇش كىتابىدىكى ”ئاققۇ، بېلىق، قىسقۇچ پاقا“ دېگەن چۆچەكتىكىدەك، ھارۋىنى بىرى ھاۋاغا، بىرى كۆلگە، بىرى دېڭىزغا تارتىش ۋەزىيىتى كېلىپ چىقماي قالمايدۇ. بۇ ئىقتىسادىي مەنبە قانچىلىك نۇرغۇن ساندىكى پۇل دۆۋىسى، ئالتۇن دۆۋىسى، جاۋاھىراتلار دۆۋىسى بولسىمۇ بولمايدۇ (بۇنداق پۇلدىن قانچىلىكىنى ئىز- دېرەكسىز تۈگىتىپ، ”چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك“ كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەنمىز). ئۇ چوقۇم جانلىق ھالەتتىكى، ئايلانما ھەرىكەتلىك مەنبە بولۇشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ مەڭگۈلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ ۋە داۋا ھەركىتىنى قۇرىماس مەنبە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئىككىنچى قەدەمدە، بۇ مەبلەختىن پايدىلىنىپ ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. بۇنداق قىلماي ”ئاخۇنۇم قاببەلدىن“ دېگەندەك باشقا

ھەرقانداق ئىش قىلىنسا، خۇددى ناخشىنى يوقۇرى ئاۋازدا باشلاپ قويۇپ، ئاخىرىغا ئۇن يەتمەي خىرقىراپ قالغاندەك رەسۋاچىلىق كېلىپ چىقىدۇ. ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۇرۇش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنغاندا ئىختىيارسىز ھالدا مەرھۇم لىيدىرىمىز مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانى ئېسىمگە ئالدىم. بۇ زات ئىنقىلاپلىرىمىزنىڭ مەغلۇبىيەت سەۋەپلىرىنى يەكۈنلەپ، زامانىۋى بىلىملەرگە ئىگە كىشىلىرىمىزنىڭ يوقلىقىغا باغلىغان ھەم بىر تۈركۈم ياشلارنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقىپ ئوقۇتۇش نىيىتىدە بولغان. ئىلگىرىكىلەر ھىس قىلىپ بولغان بۇ بوشلۇقنى بۈگۈن بىزنىڭ يەنە "ھىس" قىلىپ ئولتۇرىشىمىز باش- باشتاقلىقىمىزنى، ئۆتكەنلەرنىڭ تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى بىر تىيىنگە ئالماي، دېۋەڭلىك بىلەن ئۆزىمىز بىلگەننى قىلىدىغانلىقىمىزنى، شۇنداق قىلىپ، ئوخشاش سەۋەپ بىلەن، ئوخشاش ئۇسۇلدا مەغلۇپ بولۇپ، ئوخشاش "ساۋاق يەكۈنلەپ" كېتىۋېرىدىغانلىقىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ (بۇ تەرىپىنى ئويلىسام مېنىڭ يازغانلىرىمنىمۇ چاغلىق ئادەمنىڭ ئوقۇيدىغانلىقىنى، چاغلىق ساۋاق ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، روھىم چۈشۈپ كېتىدۇ).

چەتئەلدىكىلەرگە ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش ھەققىدىكى مەسلىھەتلىرىمىزنى بېرىشىمىز بەزى "ئەقىللىقلار" بازارغا سېلىۋاتقان "ئالدى بىلەن ئىختىساسلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەش، ئاندىن بۇ ئادەملەر يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن (ئەڭ ئاز چارەك ئەسىر شۇك تۇرۇپ، خىتايغا تېنىچ تەرەققىيات پۇرسىتى بېرىش)، ئاندىن بۇ ئادەملەر ئارقىلىق مۇستەقىللىق ھەركىتىمىزنى ئەقىللىقلەرچە باشلاش" نەزەرىيىسىگە ئوخشىمايدۇ. مەسلىھەتىمىزنىڭ سەۋەبى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۈنىڭدىن باشقىچىرەك مۇجادىلە يوق، يىراقتا تۇرۇپ خىتايغا مۇشت ئاتقىلى بولمايدۇ. ۋەتەن ئىچىدىكىلەر بولسا قانداقتۇر بىر گورۇھ چەتئەلدە تەربىيىلەنگەن ئىختىساسلىقنىڭ يېتىشىپ چىقىپ ئۆزلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرالمايدۇ ياكى كۈتۈپ تۇرماسلىقى كېرەك. ئۇلار قولىدىن كەلگەن بارلىق چارە- تەدبىرلەر بىلەن، ئەڭ قولاي، ئەڭ ئاددىي ئۇسۇللار بىلەن

دۈشمەنگە ئارام بەرمەسلىك، دۈشمەننى راھەتسىز قىلىش ھەركىتىنى توختاتماي داۋام قىلىشى كېرەك!

مېنىڭچە ئۈچىنچى باسقۇچتا نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا باش قاتۇرىشىمىزنىڭ ئورنى يوق. چۈنكى ئىككىنچى باسقۇچتا تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈلگەن مۇتىخەسسىسلەر ئۈچىنچى باسقۇچتا نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى تەتقىق قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش دېگىنىمىزدە كەسىپ تاللاش ناھايىتى موھىم. چۈنكى، مال دوختۇرلۇق،... ئاگرانوملۇق،... دېگەندەك كەسىپلەردە ئوقۇپ ۋەتەننى قۇتقازغىلى بولمايدۇ (بۇنداقلار مەملىكەتنىڭ ئۆزىدىمۇ ئوقۇۋاتىدۇ).

بۇندىن باشقا تەجرىبە- ساۋاقلارغا ئاساسەن بىزنىڭ دەپ قويۇشىمىزغا تېگىشلىك بولغان تەرەپلەر داھىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە بولۇپ، بۇ تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

سىياسەت، ئىستراتېگىيەنى توغرا بەلگىلەش، تاكتىكىغا ماھىر بولۇش؛ ئۆزىنىڭ خاراكتېرى، پەزىلىتى دۇرۇس بولۇش؛ چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى؛ قوماندانلىق ئورنى مەسىلىسى. ئەمدى بۇ مەسىلىلەرنى بىلگىنىمىزچە تەپسىلىراق بايان قىلىشقا تىرىشىمىز:

ئۆتمۈشتىكى سىياسىيونلارنىڭ ھاياتىدىن ئۆرنەك كەلتۈرسەك تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولار. گىتلېر سىياسىي سەھنىگە چىقىش ھەركىتىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر ئىشلار سۈپىتىدە شۇنداق يەكۈنگە كەلگەن: 1. ئاممىۋىي ھەركەتنى قانداق بەرپا قىلىش يولىنى بىلىش؛ 2. ئامما ئارىسىدا تەشۋىقات يۈرگۈزۈش ئاساسىنى ئىگىلەش؛ 3. روھىي ۋە جىسمانىي تېرورلۇقتىن پايدىلىنىش؛ 4. ئەڭ تەسىرى بار كۈچلەرنىڭ (ئورنى مۇقىم كۈچلەرنىڭ) قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش.

گىتلېرنىڭ ”ئەڭ تەسىرى بار كۈچلەر“ دېگىنىدە كۆزدە تۇتقىنى چېركاۋ، ئارمىيە، ئىچكى كابېنىت، دۆلەت باشلىقى قاتارلىقلار بولۇپ، چېركاۋ — بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىسلام دىنى ۋە ۋەتىنىمىزدىكى مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ قوللىشى دېمەكتۇر (ئەپسۇسكى، بىزنىڭ داھىلىرىمىزنىڭ

دىنىي چۈشەنچىسى ۋە ئېتىقادى نۆل ياكى نۆلگە يېقىن بولغاچقا بۇ قوللاشقا ئېرىششى مۇمكىن ئەمەس). ئارمىيە، ئىچكى كابىنېت، دۆلەت باشلىقى — بىزگە نىسبەتەن بىرەر دۆلەتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەگەر بۇ بىر يۈرۈش ”ئورنى مۇقىم ئامىللار“نىڭ قوللىشى بولمىسا، شاختىكى قۇشتەك بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

ئاممىۋىي ھەركەتنى بەرپا قىلىشتا نۇتۇقنىڭ رولى ئىنتايىن موھىم. نۇتۇق تەشۋىقات يۈرگۈزۈش ئاساسى ھېساپلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئامما ئارىسىدىكى پائالىيەت بولۇپ، بۇنى بىزنىڭ بەزى داھىلىرىمىزغا ئوخشاش ”مەستۇرە خوتۇنىدەك“ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ، ئاممىدىن ئايرىلغان ھالدا قىلغىلى بولمايدۇ! تەشۋىقاتتا نۇتۇقنىڭ موھىملىقىنى تونۇش ئۈچۈن، گىتلېرنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنى نەقىل قىلساق ئارتۇق كەتمەس: ”نۇتۇقتىن ئىبارەت سىرلىق كۈچ، پەقەت نۇتۇقنىڭ كۈچىلا — يىراق قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل تۈردە تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغ دىنىي ۋە سىياسىي ھەركەتلەرنى ئىلگىرى سۈرىدىغان كۈچ بولۇپ كەلمەكتە“. ”پەقەت نۇتۇقنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا، ئاندىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى تەسىرلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلۇغ ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى خەلق ھەركىتى، ھەممىسى ئىنسانىيەتتە بولىدىغان قىزغىنلىق ۋە ھېسسىيات ۋولقانلىرىنىڭ پارتلىشى...“.

ئەمدى دىنىي مەسىلىگە كەلسەك، دىنىنىڭ خەلقنى قوزغاش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش كۈچىنى يېقىنقى زامان تارىخلىرىمىزدىن ئىككى قېتىم جاكالانغان جۇمھۇرىيىتىمىزنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىنقىلاپ ھەركەتلىرىدىن كۆرىۋالالايمىز. ئۇنىدىن باشقا، كۇنىمىزدە خىتايلارنىڭ يېرىم ئەسىرلەپ ئېلىپ بارغان ئاتېزىم تەربىيىسى ۋە مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى نەتىجىسىدە يوقۇلۇشقا يۈز تۇتقان مىللىي ئەخلاق، مىللىي قىياپەتلەر،... 1996 — 1998 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئورتا ئاسىيادا ئېلىپ بېرىلغان دىنىي تەرغىبات، تارقىتىلغان ئۈنئالغۇ لېنتىسى ۋە كىتاپلار سەۋەبىدىن ئەسلىگە كېلىپ، ”مودىرىن قىياپەت“ سۈپىتىدە پايپاق تارتىش ۋە بېشىنى پاخپارتىپ

يۇرۇشنى قوبۇل قىلغان قىزلار، مەدەنىي زامانىنىڭ بىر خىل كەيپى بىلىپ هاراق، تاماكىغا ئۆگىنىپ قالغان يىگىتلەرنىڭ زور بىر قىسمى مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توي قىلىشتا جۆرىسىگە دىنىي ۋە مىللىي ئەنئەنىلەرگە ئۇيغۇن يۇرۇش — تۇرۇشى بولۇشىنى شەرت قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك تىرىشچانلىقى بوشقا كەتتى ۋە ئۇلارنىڭ يۇتىۋېلىش، ئېرىتىپ تۈگىتىش پىلانىنى نەچچە ئون يىل كېچىكتۈرىۋەتتى.

بۇ ۋەزىيەتكە "داھى"لارنىڭ ئالتە ئاخشام باش قاتۇرۇپ يېزىۋېلىپ، سەھنىگە چىققاندا يەنە ئىنجىقلاپ ئاران ئوقۇپ بېرىدىغان "نۇتۇق"لىرى بىلەن مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايتى! ئازاد بولالماسلىقىمىزنى مۇسۇلمانلىقىمىزدىن كۆرگۈچى بەزى داھىلارغا قارىتا ئىختىيارسىز هالدا بەزى سوئاللار تۇغۇلىدۇ. خىرىستىيانلارنىڭ توي قىلىش ئادىتى، ئۆرۇپ- ئادىتىنى (چىركاۋدا نىكاھ قىلىشتىن باشقىسىنى) ئەينەن دورىۋېلىپ، ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك سانايدىغان بۇ ئادەملەر خىرىستىيانلىقنى قانچىلىك، ئىسلامنى قانچىلىك چۈشىنىدىغاندۇ؟ بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت چوققىسىدا بولمىش ئىسرائىللار شەرىئەت دۆلىتى قۇردى، تەۋرات شەرىئىتىنى قالاقلىق دېمىدى؛ نۇرغۇن ياۋروپا ۋە ئامېرىكا دۆلەتلىرىنىڭ سايلامدىن كېيىنكى يېڭى باشقانلىرى ۋەزىپە تاپشۇرىۋېلىش مۇراسىمىدا ئىنجىلنى تۇتۇپ قەسەم قىلىدۇ، خىرىستىيان دىنى ئۇلارنىڭ "مەدەنىي" بولۇشىغا پۇتلاشمايدۇ، ئەمما بىزنىڭ بىلىمدانلار(داھىلار) بەك "مەدەنىيەتلىك" بولغاچقا دىننى قالاقلىق هېساپلاپ، خەلقتىن ئۇزاقلىشىپ كېتىدۇ… ئۇلارنىڭ دىننى قالاقلىق دەيدىغان "ئىلغارلىق"ى ئاساسلىقى خىتايلارنىڭ ئاتېزىم تەربىيىسىنىڭ مەهسۇلى بولۇپ، قوشۇمچە غەرپ ئىسلام دۈشمەنلىكىدىن كەلگەن. گەرچە ئۇلار ئۆزلىرىنى كوممۇنىستلارغا قارشى ئىنقىلاپچى، باتۇرلاردىن سانىسىمۇ، روھى دۇنياسىدا ئىختىيارسىز يىلتىز تارتىپ كەتكەن رىئاكسىئون مەپكۇرىلەر ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئۇلاردىن شۇنداق سورىساق بەلكى جاۋاپقا سۆز تاپالماي ئىنجىقلىشى مۇمكىن: سىز

دىنىنى بېۋاستە تەتقىق قىلىپ باققانمۇ؟ باشقا دىنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ باققانمۇ؟ قۇرئاننى ئوقۇپ باقتىڭىزمۇ؟ تەۋرات، ئىنجىلنىچۇ؟

ئەمدى نۇقتۇق مەسىلىسىگە كەلسەك، ناتىقلار — ئاساسەن دىنىي ساھەمىزدىن، دىنىي زاتلىرىمىز ئىچىدىن چىقىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئامما ئارىسىدىكى پائالىيىتىمۇ جانلىقراق. لېكىن، ئۇلارنىڭ تېماتىك دائىرىسى پەقەت دىن بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى، تاق لېنىيىلىك تەربىيە ئالغانلىقى سەۋەپلىك، سىياسىي نىشانلار توغرىسىدا، ئىستراتېگىيە، تاكتىكا، ئىستىخبارات، ... جەھەتلەردە يېتىشسىزلىك ھېس قىلىنىدۇ. باشقا ئۇقۇمۇشلۇقلار بىلەن ئارىدا ئۆزئارا تولۇقلاش”ئاڭلاشمىسى“ قىلىش ئىمكانى بولمىغاچقا بۇ ئىش بىر قېلىپتا ساڭگىلاپ كېتىۋەرمەكتە! مەن ئەرەپلەرنىڭ مەشھۇر دىنىي ئالىملىرى يازغان كىتاپلارنى ئوبۇۋۋاتقان چاغلىرىمدا، ئۇلارنىڭ غەرپلىك ئالىملاردىن نەقىل ئالغان جايلىرىنى ئوقۇپ ھەيرانۇ-ھەس قالدىم! ئۇلار نەقىل قىلىۋاتقان بەزى كىتاپلارنى بىزنىڭ «ئىسلامچى»لىرىمىز ئەمەس، زىيالىلىرىمىزمۇ ئاسان قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدىكى كىتاپلار ئىكەنلىكى نەزەرگە ئېلىنسا، ئىختىيارسىز ھالدا بىزنىڭ ئۆلىمالىرىمىز كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ: بىزنىڭكىلەر «كاپىر بولۇپ كېتىش»تىن قورقۇپ، دىنىي مەزمۇن تېشىدىكى ھېچقانداق كىتاپنى ئوقۇپ باقاي دېمەيدۇ. بۇنىڭدىن يەنە شۇنداق گۇمان تۇغۇلىشىمۇ بەك مەنتىقىلىق بولىدۇ: ئەجەبا بۇلارنىڭ ئىمانى بەك زەئىپ، ئۆزىمۇ ئىشەنچ قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئوخشىمامدۇ؟

دۈشمىنى ئورتاق بولغان كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باشقا ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئۆكتىچىلىرى بىلەن ”ئىتتىپاق تۈزمەسلىك“(گەرچە سىياسىي غايىسى ئوخشاش بولىسمۇ) سىياسىتى قوللىنىش. ”ئىتتىپاق تۈزمەسلىك“نىڭ زۆرۈرىيىتى شۇ يەردىكى، يوقارقى بايانىمىزنىڭ مەزمۇنى بويىچە بىزنىڭ بىر نىشانىمىز مەلۇم دۆلەتلەرنىڭ قوللىشىنى (ئورنى ئۆزگەرمەيدىغان مۇقىم كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى) قولغا كەلتۈرۈش بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا بىز ھېچقانداق چەتئەل ھاكىمىيىتىنىڭ چىشىغا

تېگىدىغان ئىشنى، جۇملىدىن مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ ئۆكتىچىلىرى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش خاتالىقىنى سادىر قىلماسلىقىمىز كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا شۇ دۆلەتتىكى پائالىيىتىمىز چەكلىمىگە ئۇچراپلا قالماي، نورمال ھايات كەچۈرۈۋاتقان مۇھاجىرلىرىمىزمۇ بېسىمغا ئۇچرايدۇ، نەزەرىيەنىڭكە چۈشۈپ قالىدۇ. بۇلار پەقەتلا نەزەرىيە ئەمەس، بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن ئاچچىق ئەمەلىيەتنىڭ ساۋاقلىرىدۇر.

ئورتاق دۈشمەن ئالدىدا ئىتتىپاق تۈزۈش ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان ئىستراتېگىيە. بۇ ھەقتە تارىختىن كىچىككىنە مىسال كەلتۈرەيلى: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدىكى ئەنگىلىيە باش ۋەزىرى چېرچىل كوممۇنىزىمغا بولغان ئۆچمەنلىكى جەھەتتە دۇنيا بويىچىمۇ مەشھۇر ئىدى. شۇنداق بولىشىغا قارىماي، گېرمانىيىگە قارشى تۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللاش مەيدانىدا تۇرغان. گىتلېر گېرمانىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا تاجاۋۇز قىلىش ھارپىسىدا (1941 - يىلى 21 - ئىيۇن، شەنبە) چېرچىلنىڭ خۇسۇسىي كاتىپى كولۋېل چېرچىلغا ھەمراھ بولۇپ يۈرگىنىدە شۇنداق سورىغان:

— سىز كوممۇنىستلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى تۇرۇپ، گېرمانىيىگە قارشى ئۇرۇشتا سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللىسىڭىز، پىرىنسىپىڭىزغا خىلاپلىق قىلغان بولمامسىز؟

— پىرىنسىپقا ئازراقمۇ خىلاپلىق قىلغان بولمايمەن. مېنىڭ پەقەت بىرلا مەخسىدىم بار، ئۇ بولسىمۇ گىتلېرنى يوقۇتۇش. بۇ مەخسەت مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتتى. ئەگەر گىتلېر دوزاققا تاجاۋۇز قىلىدىغان بولسا، مەنمۇ ھېچ بولمىغاندا تۆۋەن پالاتادا ئىبلىسقا ھېسداشلىق قىلىدىغان بىر بايانات ئېلان قىلىمەن.

يەنە شۇ زاماندا، روزۋېلت (ئامېرىكا باشقانى) چېرچىلغا خەت يېزىپ: ”مەن تۇنۇگۇن ئۆز ئالدىمغا ئاخبارات ـ مەتبۇئات ساھەسىدىكىلەرنى قوبۇل قىلىپ، بالقان يېرىم ئارىلىدا تارقىلىپ كېلىۋاتقان قەدىمقى يۇنان دىنىي جەمىيىتىنىڭ بىر ھىكمەتلىك سۆزىنى ئېيتىپ بەردىم. چۈنكى بۇ بىزنىڭ

نۆۋەتتىكى دارلان ـ دې گول[1] مەسىلىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغانىدەك تۇرىدۇ. ھېكمەتلىك سۆز مۇنداق: 'بالىلىرىم، بېشىڭلارغا چوڭ بالايى- ئاپەت كەلگەندە مەخسەت- مۇرادىڭلارغا يېتىۋالغىچە (كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋالغىچە) شەيتان بىلەن ھەمسەپەر بولۇڭلار' ".

مانا بۇ بىر سىياسىيوننىڭ ھالقىلىق پەيتلەردە ئاساسىي مەخسەت ئۈچۈن قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان ئەڭ ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈشتۇر.

بىزنىڭ سىياسىيونلىرىمىز بولسا، ھېلىغۇ ئورتاق دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا "ئىبلىسقا ھىسداشلىق قىلىش" مەيدانى تۇتۇشكەن، ھەتتا ئۆز سېپىدىكىلەرگىمۇ خوتۇن كىشچە قېيداش بىلەن مۇناسىۋەتنى توختىتىۋالىدۇ. بەزى "ۋەلى"لار بولسا ساراڭدەك جۆيلۈپ: ئەقىدىسى ساپ بولمىغانلارنى (ۋەتەن، مىللەت دەيدىغانلارنى دېمەكچى — ئا) جىھاد سېپىمىزگە قاتمايمىز، پەقەتلا "ئاللاھ دەيدىغانلار بىلەن قىلىمىز" دەيدۇ (ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىنىڭ قايسى دەرىجىدە ساپلىقىنى "قىماردا ئۇتتۇرىۋەتكەن پۇلنى ئىنقىلاپنىڭ مەبلىخىدىن تۆلىۋېتىش" توغرىسىدىكى تەكلىۋىدىن بىلگەنىدۇق). ئەگەر بىرى سېنىڭ دۈشمىنىڭنى يوقاتماقچى بولسا، سەن ئۇنىڭ ئەقىدىسى، ئاخىرقى نىيىتى،... قاتارلىقلارنى سۈرۈشتۈرىمەن، ئەقىدىسى دۇرۇس بولمىغانلارنى خىتايغا قارشى ئۇرۇشقىلى قويمايمەن، دەپ تۇرىۋالساڭ، كىم سېنى ساراڭ دېمەيدۇ؟ شەيخ سەئىدى شۇنداق دېگەن: "يىلاننى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ دۈشمىنىڭنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈر، ھېچ

---

[1] دارلان ۋە دې گول — فىرانسىيە گېنېراللىرى. دارلان — گىتلېرگە تەسلىم بولغان پېتائىن ھۆكۈمىتىدە ۋەزىپىدار بولۇپ، شىمالىي ئافرىقىدىكى فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئىدى. تەسلىمچىلىك خاھىشى بار. دې گول — ئەنگلىيىدە پاناھلىنىۋاتقان فىرانسىيە گېنېرالى. "ئەركىن فىرانسىيە" قارشىلىق كۈرەشچىلىرىنىڭ رەھبىرى. ناتسىستىزىمغا ئۆچ. ئىتتىپاقداش ئارمىيە شىمالىي ئافرىقىدا مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا قۇرۇقلۇققا چىقىشنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ ئىككى كۈچنى ياراشتۇرۇپ، ئىتتىپاقداش ئارمىيىنىڭ ھەركىتىگە ماسلىشىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇلغان ئىدى — ئا.

بولمىغانىدا بىر پايدىغا ئېرىشىسەن: يا دۈشمىنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرىدۇ، يىلاندىن قۇتۇلىسەن؛ يا يىلان دۈشمىنىڭنى چېقىۋالىدۇ، دۈشمىنىڭدىن قۇتۇلىسەن". بۇنى دېمىسەكمۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ۋە ئۆزىگە خاس قۇدرەت كەرىمى شۇكى، زالىمنى زالىمنىڭ قولى بىلەن، پاسىقنى پاسىقنىڭ قولى بىلەن يوقۇتۇشتۇر! دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، ئۇلارنىڭ "ئىسلام" كۆنلۈكى ئاستىدا كۆتۈرۈپ چىققان بىمەنە قاراشلىرى ھەرگىزمۇ ئىسلام پىرىنسىپى ئەمەس! ئەگەر نىيەت شۇم بولمىسىلا ئىسلامدا بۇ ھەقتىكى پىرىنسىپلار ناھايىتى ئوچۇق، ناھايىتى كەڭ، ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل، بەكمۇ مۇۋاپىقتۇر. ئىسلام ئالىملىرىدىن دوكتۇر ئابدۇللا ئەززەم شۇنداق قۇرلارنى يازىدۇ:

"يېتەرلىك سەۋىيىدە ئىسلام تەربىيىسى بىلەن تەربىيىلەنمىگەن مۇسۇلمانلار بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلىمىزمۇ؟

"بۇ سوئال بەزى سەمىمىي مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن قويۇلماقتا. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى سەمىمىي مۇسۇلمانلاردۇر ۋە ئۇلار سورايدۇكى، ئافغانىستانلىقلارغا ئوخشاش ئارىسىدا سەمىمىي مۇسۇلمانلارمۇ، يالغانچىلارمۇ بار بولغان، ئارىسىدا تاماكا ۋە شىۋار (بىرخىل چېكىملىك) چېكىش يېيىلىپ كەتكەن ۋە بىر قىسمى تاماكا ئېلىش ئۈچۈن قوراللىرىنى سېتىۋاتقان بىر مىللەت بىلەن بىللە قانداق ئۇرۇش قىلىمىز؟ يەنە ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئۆزلىرىنىڭ ھەنەفىي مەزھىبىگە مۇتەئەسسىپلىك قىلىدۇ ۋە بىر قىسمى تۇلۇم يا تۇمار ئېسىۋالىدۇ. بىز بۇلار بىلەن بىللە قانداق ئۇرۇش قىلالايمىز؟

"مەن سىلەرگە شەرئى دەلىلنى كۆرسىتىشتىن بۇرۇن ئېيتىمەنكى: يەر شارىدا يوقارقى ئىشلاردىن خالىي بىر مۇسۇلمان مىللەتنى ماڭا كۆرسىتىپ بېقىڭلارچۇ! بىز بۇ ئىشلار بار دەپ مۇسۇلمان تۇپراقلىرىدا كاپىرلارنى قويۇپ قويامدۇق؟

"جاۋاپ: ئۇرۇش قىلىش لازىم. چۈنكى ئۇرۇش قىلىش ئىككى زىياننىڭ چوڭراقىدىن ساقلىنىش، مۇداپىئەلىنىش قائىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. بۇ

مەسىلە توغرىسىدا «ئەدلىيە ھۆكۈملىرى» ناملىق ژۇرنالدا بىر بۆلۈك ماددىلار بار:

”26- ماددا: خەلق ئاممىسىغا كېلىدىغان زىيانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن شەخسلەرگە كېلىدىغان زىيانلارغا چىداشلىق بېرىلىدۇ.

”27- ماددا: چوڭ زىيان، كىچىك زىيان (يەنى ئۇنىڭغا چىداش بىلەن)نى تارتىش ئارقىلىق يوق قىلىنىدۇ.

”28- ماددا: ئىككى بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۇچراشقاندا، بۇزۇقچىلىقى ئازراق بولغاننى قىلىش ئارقىلىق زىيىنى كۆپ بولغان بۇزۇقچىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك.

”29 ـ ماددا: ئىككى يامانلىقتىن زىيىنى ئازراق بولغىنى تاللىنىدۇ.

”دېمەككى، ئىككى يامانلىقنىڭ زىيىنى ئازراق بولغىنىنى تاللاش لازىم. قايسىسىنىڭ يامانلىقى كۆپراق؟ رۇسلارنىڭ ئافغانىستاننى ئىشغال قىلىپ، ئۇنى قۇرئان ئوقۇش مەنئى قىلىنىدىغان، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىش مەنئى قىلىنىدىغان ”كاپىر دۆلىتى“گە ئايلاندۇرۇشىمۇ؟ ياكى ئارىلىرىدا گۇناھ مەسىيەت ۋە خاتالىق تېپىلىدىغان بىر مىللەت بىلەن بىللە دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىشمۇ؟

” ئىبنى تەيمىيە «مەجمۇئۇلفەتۋا» ناملىق كىتاپتا مۇنداق دەيدۇ:

”ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائەنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدىن بىرى: ياخشى، يامان پۈتۈن مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىشتۇر. چۈنكى ئاللاھ بۇ دىننى بەزى گۇناھكار ۋە ئىسلام دىنىدىن نېسىۋىسىنى ئاز ئالىمىغان كىشىلەر بىلەن كۈچلەندۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: ’جىھاد ئەگەر گۇناھكار ئەمىرلەر ۋە ياكى گۇناھ- مەسىيەتلىرى كۆپ بولغان ئەسكەرلەر بىلەن بىرلەشمىگەندە بەرپا قىلىنمايدىغان بولسا، ئىككىنىڭ بىرىنى قىلىش لازىم كېلىدۇ، يا ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىشنى تەرك ئېتىش (بۇنىڭ نەتىجىسى دىن ۋە دۇنيالىقتا زىيىنى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، باشقىلار ئىسلام دىيارلىرىغا ھۆكۈمران بولىدۇ)؛ ياكى گۇناھكار قوماندانلار بىلەن بىرلىكتە جىھاد قىلىش (بۇنىڭ نەتىجىسى بولسا گۇناھكار، پاسىق،

پاجىرلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئىسلام قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بەرپا قىلىش مۇمكىن بولمىسىمۇ كۆپ قىسمىنى ئىجرا قىلىش ئىمكانىيىتى قولغا كېلىدۇ)'.

"ئەگەر ئۇرۇش —جىھاد كاپىر، يەھۇدىي، خىرىستىيان، ۋە كوممۇنىست — دىنسىزلەرگە قارشى بولىدىكەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مۇسۇلمانلار قانچىلىك پاسىق ۋە گۇناھكار بولىشىغا قارىماستىن ئۇلار بىلەن بىرلىكتە دۈشمەنگە قارشى جىھاد قىلىش پەرز بولىدۇ.

"ئىمام شەۋكانى «نەيلۇل ئەۋتار» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ:

"كاپىرلارغا قارشى پاسىق كىشىلەردىن ياردەم سوراش پۈتۈن ئالىملارنىڭ ئورتاق پىكرى بىلەن جائىزدۇر.

"پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قەزمان[①] توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: 'شۇبھىسىزكى، ئاللاھ بۇ دىننى گۇناھكار كىشىلەر بىلەن كۈچەيتىدۇ'"[②].

ئىدىيىۋىي تالاش -تارتىش — تەرەپلەرگە بۆلۈنۈش — ئۆتمۈشتىمۇ بولغان. ھەركىم ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنىلا قوغلىشىپ، پارچىلىنىش بىلەن جاڭ جژجوڭنىڭ يامپىشىغا چىققان. جۇمھۇرىيەتنىڭ زاۋالىدىن "ئۈچ ئەپەندى" مەمنۇن بولغانىدى. چۈنكى بۇ جۇمھۇرىيەت ئۇلارنىڭ مەپكۇرىسىگە ئۇيغۇن ئەمەستى- دە! نېمىشكە بۇنداق قۇرۇق گەپنى راست قىلىمىز دەپ، نەق ناننى خەققە تارتقۇزۇپ قويىمىز؟ دېگەننى ئويلاپ، پەيلىگە ھاي بېرىش ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن. ئالدى بىلەن خىتايدىن قۇتۇلۇشتىن ئىبارەت بىر ئورتاقلىقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، باشقا تالاش- تارتىشنى توختىتىپ تۇرايلى، دېمىگەن. خۇددى بۆگۈنكى كۈندىمۇ ئەينى شۇنداق قۇرۇق گەپ تالىشىش تۈپەيلى ئوخشىمىغان پىكىردىكىلەر بىر- بىرىگە ئۆلۈم تىلەش مۇنقەرزلىكىمىزنى مۇستەھكەملىمەكتە.

---

[①] قەزمان — ئۇھۇد غازىتىدا مۇشرىكلارنىڭ بايراقدارلىرىدىن ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈرگەن — ئەسلى كىتاپتىكى ئىزاھ.

[②] ئابدۇللا ئەززەمنىڭ "ئىسلام ئەللىرىنى قوغداش پەرزدۇر" ناملىق كىتابىدىن — ئا.

بەزى قوغالتاقلار دەيمىش: ”مەن بۇ ئىشلارنى بۇزۇۋېتەلىگەنلىكىمدىن پەخىرلىنىمەن، بولمىسا دېموكراتچىلار غەلىبە قىلىپ قالسا، تەختكە شۇلار چىقىپ، دۆلەتنى شۇلار سورايتى ئەمەسمۇ!“(دېمەك، خىتاينىڭ سورىغىنى ياخشىراق، دېمەكچى!) (مانا بۇنداق شۇم نىيەتلەرنى خەلق ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەۋلادىنى لەنەتلەش كېرەك!). تارىخ ئەينى بويىچە تەكرارلانماقتا. ئەينى زاماندا ئىشىنىڭ خىتايلار تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرۇلىشى ئوخشىمىغان پىكىردىكى ”ئۈچ ئەپەندى“نى گويا خىتايلار ئۇلار ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بەرگەندەك خۇرسەن قىلغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە زامانىمىزنىڭ ”تۆرت ئىشان ياكى تۆرت سوپى“سى ئەينى شۇنداق مەمنۇن بولۇشماقتا! شەخسىي مەنمەنلىك مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن ئۈستۈن! مىللەتنىڭ ئازادلىقىدىن موھىم! سېنىڭ دېگىنىڭ بولۇپ، ۋەتەن ئازاد بولسىمۇ كېرەك ئەمەس! مېنىڭ دېگىنىمدەك بولمىسا خىتايغا چېقىپ قويۇپ بولسىمۇ ئىشىڭنى بۇزدۇرىۋېتىمەن! بۇ شۇملۇقلار چاخچاق ئەمەس، راست بولغان ئىش، راست بولغان گەپلەر!

تاكتىكا — پەنتنى بىلىش مەسىلىسى. بىزنىڭ داھىلىرىمىزدا شۇئار، سىياسەت، تاكتىكا، تەشۋىقات، ھەركەت ھەممىسى بىر قېلىپتا! بۇلارنىڭ ئارىسىدا پەرق بولىشى كېرەك. ”قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش“نى بىلىش كېرەك. بۇ ھەقتە بىر ئەمەلىي مىسال: تاھىر يولداشتىن مۇخبىر سورايدۇ:

— سىلەرنى كىملەر قوللايدۇ؟

— بىزنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى، ھەققانىيەتنى سۆيگۈچى بارلىق خەلق قوللايدۇ.

كونكرېت كۈچلەر ھەققىدە سورالغاندا، مەسىلەن:

— شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى بىلەن ئىش بىرلىكىڭلار بارمۇ؟

— يوق.

— ئىران قوللايدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىز، بۇ راستمۇ؟

— ياق، ئىران بىلەن ھېچقانداق ئىش بىرلىكىمىز يوق.

ۋاھاكازا...

بىزنىڭ ئۇلۇغ داھىلار بولسا ئۆزنىڭ بۈيۈكلىكىنى بىلىندۈرمەك، ئۆزىنى رىكلام قىلماق (ئىنقىلاپقا قانچىلىك زىيان بولسىمۇ)ئۈچۈن كۈچىنىپ تۇرۇپ لاپ ئاتىدۇ: بىزنىڭ تاھىر بىلەن ئالاقىمىز بار، ئوسامە بىن لادىن بىلەن ئىش بىرلىكىمىز بار،... ئىران بىزگە بىر مىليون دوللار بەردى، يەنە بەرمەكچى،... دېگەندەك بىلجىرلايدۇ. تاھىر يولداش بىر سىياسىيونچە تەپەككۇر قىلىپ، غايىسى، كۆرىشىگە پايدىلىق بولىشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدۇ ۋە شۇنداق ھەركەت قىلىدۇ. مەسىلەن: شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى بىلەن ئالاقەم بار دەپ يالغاندىن پو ئاتقان بىلەن خىتايدىن ئىبارەت بۈيۈك بىر كۈچنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئىشىنى قىيىنلاشتۇرىدۇ، سىياسىي نىشانغا پايدىسىز. بىزنىڭ ”ئىشانلار“، ”ۋەلى“لەر بولسا ئىنقىلاپنىڭ ئاساسىي يۆنۈلىشى ئۈچۈن پايدىلىقمۇ، زىيانلىقمۇ دېگەن نۇقتىدا ئەمەس، قانداق قىلسام ئۆزەمنى چوڭ كۆرسىتىمەن، دېگەننى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ پىكىر قىلغاچقا يالغان لاپنى ئاتىدۇ، نەتىجىدە ئىنقىلابىمىزنى تايانچ بازىلاردىن، ”كۆچەت يېتىشتۇرۇش“ مەيدانلىرىدىن، ئەڭ بولمىغاندىمۇ خەلقىمىز خاتىرجەم تىجارەت قىلىدىغان ئىمكانىيەتلەردىن تامامەن مەھرۇم قىلىپ، ئىنقىلاپقىمۇ، ئاۋام خەلققىمۇ مىسلىسىز زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇ قەدەر زىيانىنى بۇ بەختسىز خەلق ئاشۇ ئايلامباشلارنىڭ بىر قېتىملىق پورى ئۈچۈنلا تارتىدۇ، ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت تارتىدۇ! ئۇلار بۇنداق سەزگۈر سىياسىي مەسىلىلەرنى بىلىدىغان تىپتىكى ئادەملەرمۇ ئەمەس. مەسىلىنىڭ قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلار ئىنقىلاپنىڭ پايدىسى ئۈچۈن دىپلوماتىك ئۇسلۇپتا داڭقان پۈتى گەپ قىلىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇشنىغۇ ئەسلا بىلمەيدۇ، ھېچ بولمىسا يالغان گەپ بىلەن ئۆزىنى كۆپتۈرۈپ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپمىسا بولاتتى!

كوممۇنىست ئىمپىرىيىسىگە قۇل بولىشىمىزنىڭ ھارپىسىدا بىر جاڭ جېۋوگىنىڭ ئوينىغان سىياسىي شاھمىتى بىزنىڭ تارىخىي قىسمىتىمىزنى بەلگىلەپ قويغانلىقى، سىياسىنى بىلمەي گۇرۇلدەيدىغان ساراڭلىرىمىزنىڭ

ئويلىنىشىغا يېتىدۇ.

توغرا ۋە لىللا بولۇش. بۇ بىر مۇسۇلمان ئۈچۈنمۇ مۆمىنلىك سۈپىتىنى بەلگىلەيدىغان موھىم شەرتلەردىندۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار توغرا ۋە لىللا بولۇشتا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ھەتتا ئاتىسىنىڭ زىيىنىغا گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كەلسىمۇ ئادىللىقنى جارى قىلىش ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي گۇۋاھلىق بېرىشكە بۇيرۇلغاندۇر. توغرا لىللا بولماسلىق مەنمەنلىكنى مەنبە قىلىدۇ، كىبىر ۋە تەمەننانى ئاساس قىلىدۇ. بۇ بولسا خاتالىقنى تەن ئالماسلىق، توغرا پىكىرنى قوبۇل قىلماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇلار ھەرقانداق بىر سىياسىي تەشكىلاتنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. لېنىن مۇنداق دېگەن: ”بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ خاتالىقىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى — ئۇ پارتىيىنىڭ ئەستايىدىل ياكى ئەمەسلىكىنى، ئۆز سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن ھەقىقىي چىقىش- چىقماسلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەمدۇر. ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ئاشكارە ئىقرار قىلىش، خاتالىقىنىڭ سەۋەپلىرىنى ئاشكارىلاش، خاتالىق سادىر بولغان شارائىتنى تەھلىل قىلىش — جىددىي ۋە ئەستايىدىل بىر سىياسىي پارتىيىنىڭ بەلگىسى...“. ”بۇرۇنقى بارلىق ئىنقىلابىي پارتىيىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن يوقالغانكى، ئۇلار ئۆزلىرىنى بەكمۇ قالتىس چاغلاپ كەتكەن، ئۆزلىرىنىڭ كۈچلىرىنىڭ مەنبەسىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەن، ئاجىزلىقلىرىنى سۆزلەشتىن قورققان. ئەمما بىز يوقالمايمىز، چۈنكى بىز ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى سۆزلەشتىن قورقمايمىز، بەلكى ئۇ ئاجىزلىقلىرىمىزنى يېڭىشنى ئۆگىنىۋالالايمىز“.

گەرچە بۇ ”قىزىلباش لېنىن“نىڭ سۆزى بولسىمۇ، خاتالىقنى تونۇش، ھەقنى تونۇش، تەكەببۇر بولماسلىق ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ بۇيرىقىغا ئىتائەت قىلمىغان، ئۆزىنى مۇسۇلمان دەۋالغان تۇرۇقلۇقمۇ بىر ”قىزىلباش“چىلىك كىچىك پىيىل بولالمىغانلارغا سەلبىي جەھەتتىن ئەمەس، ئىجابىي ئۆرنەك قىلىش مەخسىدىدە كەلتۈردۇق. بىر ”قىزىلباش“نىڭ مۇسۇلمانلارغا ئىجابىي ئۈلگە بولۇپ قېلىشى ئەمەلىيەتتە

(چۈشەنگەن قەۋم ئۇچۇن) ئەيپتۇر.

توغرا ۋە لىللالىق توغرىسىدا گەپ كېتىۋاتقاندا، "قاپىيىسى كەلگەندە ئاتاڭنى ئايىما" دېگەندەك، شۇ باپتا بىر تارىخىي مىسالنى كەلتۈرۈش بىلەن ئۆز ئەمەلىيىتىمىزگە سېلىشتۇرىمىز: ئافرىقا ئۇرۇش مەيدانىدا ئىتالىيە، گېرمانىيە قوشۇنلىرىنى يەڭگەن ئەنگلىيىنىڭ غالىپ گېنېرالى ۋاۋىل كېيىن گېرمانىيىنىڭ "ئافرىقا تۈلكىسى" دەپ ئاتالغان مارشالى روممېل تەرىپىدىن تارمار قىلىنغاندا چېرچىل تۆۋەن پالاتادا نۇتۇق سۆزلەپ روممېلنى شۇنداق ماختىغان: "بىز ئىنتايىن جاسارەتلىك ۋە ئۇرۇش قىلىشقا ماھىر بىر رەقىپكە دۇچ كەلدۇق. ئەگەر بىز ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىقلارنى ھېساپقا ئالمىساق، ئۇ بىر ئۇلۇغ گېنېرال". بۇ نەقىلدىن غەرەز شۇكى، چېرچىل گەرچە دۈشمىنى توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلۇغ بىر سىياسىيون بولۇشقا مۇناسىپ ھالدا ئۇنىڭ ئىقتىدارىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئېتىراپ قىلغان. بىزنىڭ داھىلار بولسا دۈشمىنى توغرىسىدا ئەمەس، ئۆزىگە ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار ئىچىدىكى ئىقتىدارى بارلارنى ئېتىراپ قىلمىغاندىن تاشقىرى، "داھى"لىق ئورنىغا تەھدىت بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، باشلامچىلىق بىلەن ئۇنىڭ يېغىرىنى تاتىلاپ خەققە كۆرسىتىدۇ، ھەتتا "يېغىر" تاپالمىسا بۆھتان توقۇپ بولسىمۇ ئۇنى "ئىككى پۇل" قىلىۋېتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەرگە باھا بېرىش ئۆلچىمى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان قۇلچىلىقى ياكى تەنقىدىي قارىشى بولۇپ، قۇلچىلىق قىلغانلار ياخشى، بولمىسا يامان باھالىنىدۇ.

بۇنىڭ سەۋەپلىرىنى تەھلىل قىلغاندا ئەسلى چىقىش نۇقتىسىنىڭ توغرا ئەمەسلىكى، خالىسلىق، ساپ نىيەت، رىيا ئارىلاشمىغان ساپ مۇددىئادىن تۇغۇلمىغانلىقى ئاڭلىشىلىدۇ. بىزنىڭ داھىلىرىمىز ئىشنىڭ بېشىدىلا (شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بىر ئىش تەۋرىتىش كۆڭلىدىن كەچكەن مىنۇتتىن باشلاپلا) ئۆزلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەختىدە ئولتۇرغاندەك ھىس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ھەرقانداق شەكىلدىكى تەنقىدىي پىكىرلەر ئاشۇ دەخلىسىز نوپۇزغا قىلىنىۋاتقان ھاقارەتتەك تۇيۇلۇپ ئېغىر

كېلىدۇ، قوبۇل قىلالمايدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆزىگە "خوش" دەپ تۇرغانلارنى يېقىن كۆرىدۇ، ئىشەنچلىك، نىيىتى ساپ ھېساپلايدۇ (ھەتتا مۇناپىقلىقى، خىتاي جاسۇسى ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن مىش- مىشلارنىڭ بولىشىغا ۋە بۇ سۆز- چۆچەكلەرنىڭ ھەقىقەتكە يېقىنلىقىنى ئىسپاتلايدىغان نۇرغۇن ئالامەتلەرنىڭ ئوتتۇرىدا بولىشىغا قارىمايدۇ)؛ پىكىر بەرگەنلەرنى ئاسى ھېساپلايدۇ.

باشقا دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ داھىلىرى ئىشنىڭ بېشىدىلا ئۆزىنى "دۆلەت ئاتىسى" سانىۋېلىپ، شۇ بويىچە ئۆزىنىڭ جېنىنى ساقلاش، ئۆز نوپۇزى ("دۆلەت ئاتىسى"لىق نوپۇزى)، شەخسىيتى ئۈچۈن ھەرقانداق نومۇسسىزلىقنى قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولمىغان. ئۇلار جەڭنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە، جەڭچىلەر ئارىسىدا بولغان، تۈرمىلەردە ياتقان، قانچە ـ قانچە ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلگەن، تارىخ ئۇلارنى (مەلۇم مەنىدە) ئىختىيارسىز ھالدا دۆلەتنىڭ تەختىگە چىقىرىپ قويغان. مەسىلەن: جەنۇبىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ داھىسى سىمون بولىۋار ئەسلىدە داھىنىڭ ئاديۇتانتى ئىدى، داھى ئۆلگەندىن كېيىن قوماندانلىقنى زىممىسىگە ئالغان. گەرچە ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن دۆلەتنى مۇستەقىل قىلغان بۈيۈك داھى بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ بۈيۈك غايىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھوقۇقنى ۋاقتلىق مەركەزلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا سەپداشلىرى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىستىپا بېرىپ كېتىپ قالغان ۋە ئىگىسىز، ھەمراھسىز ھالدا ئاخىرقى ئۆمرىنى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئۆتكۈزگەن. ئۆزىنى داھىلىق ئورۇنغا قويىۋېلىپ، ئاندىن كۆرەش قىلمىغان. كېيىنمۇ مەڭگۈلۈك داھىلىق تاماسىدا بولمىغان.

خىتاي كومپارتىيىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغدا چېن دۇشيۇ باش سېكرىتار بولغان. ماۋزېدوڭ ئۇ چاغدا پەقەت خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ ۋەكىلى ئىدى. ماۋزېدوڭ ئاساسىي ھوقۇقنى قولىغا ئالغانغا قەدەر ئارىلىقتا چيۇچيۇبەي، لى لىسەن، ۋاڭ مىڭ، جاڭ گوتاۋ قاتارلىقلار پاتىيىنىڭ بېشىدا بولغان، بەزىلىرى تۆۋەن چۈشۈرۈلگەن، بەزىلىرى خاتالىشىپ پارتىيىدىن

قوغلاپ چىقىرىلغان.

سابىق يۇگوسلاۋىيىنىڭ باشقانى تىتومۇ پارتىيىنىڭ ئاددىي ئەزاسى سۈپىتىدە ئىنقىلاپقا ئىشتىراك ئەتكەن. ئۇن يىللاپ ئەنە شۇنداق ئاددىي جەڭچى بولۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ، كېيىن باشلىق بولغان.

دېمەك، بۈلارنىڭ ھېچبىرى بىرىنچى كۈندىن باشلاپلا "تۆر"دە بولغىنى يوق، تېخىمۇ موھىمى تۆردە بولۇش شىرىن چۈشىنى چۈشىگىنىمۇ يوق. شۇنداقلا دەسلەپتە "تۆر"دە بولغانلاردىن ئاخىرىدا تەختكە چىققانلارمۇ ئاساسەن يوق. دۆلەتنىڭ تەختىگە كىمنى چىقىرىش تارىخنىڭ تەبئىي تەرەققىياتىدىكى بىر نەتىجە بولۇپ، ئاللاھ كىمگە نېسىپ قىلسا شۇ چىقىدۇ، دېگەن گەپ.

ئومۇمەن، سالاھىيەت، قابىلىيەتكە باقماي "داھى"لىق تاماسىدا بولۇش نوقۇل شۆھرەتپەرەستلىكتىن بولىشى ناتايىن. تېخىمۇ موھىمى بىلمەسلىكتىندۇر. "ھەدىستە شۇنداق دېيىلگەن: '**مەن بىلگەننى بىلگەن بولساڭلار، ئاز كۈلەتتىڭلار، كۆپ يىغلايتتىڭلار**'. خۇددى شۇنداق، بۇ 'داھى'لارنىڭ 'داھى'لىق داۋالىرى بىلمەسلىك زېمىنىدا بارلىققا كەلگەن پايدىسىز ئۆسمىدۇر. بىلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا بۇ ئىشنى شۇنداق ئاسان، پەقەت 'تۆر'دە ئولتۇرۇپ بەرسىلا بولىدىغان ياكى سەھنىدە رەسىمگە چۈشسىلا بولىدىغان ئىش ھېساپلاپ، ئۇنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ھېچ داھى دۇچ كەلمىگەن ئالاھىدىلىككە ئىگە، قىيىنلىق دەرىجىسىمۇ ھېچقانداق ئوخشىشى بولمىغان دەرىجىدىكى مۇشكۈل بىر نىشان ئىكەنلىكىنى ھىس قىلالماسلىقتىنلا ئەنە شۇنداق 'كۆپ ھىجىيىش' كېلىپ چىققاندۇر. بولمىسا بۇنى تالاشماستىن بىر- بىرىگە ئۆتۈنۈش كېلىپ چىقاتتى. كىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغانراق بولسا كۆپچىلىك نامىدىن شۇنىڭغا ھاۋالە قىلىناتتى..."[1] بىزنىڭ "داھى"لار بولسا خۇددى تۇل خوتۇن ئانىسىدىن قالغان ياغاچتاۋاق بىلەن كونا چۆچەكنى "خەق تىقىۋالىدۇ" دەپ پىيىدىلا

[1] «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» ئىككىنچى نەشرىنىڭ ئارگىنالىدىن ـــ ئا.

يۈرگىنىدەك، ”داھى“لىق ئورۇنىنىڭلا كويىدا بولۇش، ئەندىشە، ساراسىمە، گۇمان تۇپەيلى نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ، ”دۈشمەن“، ”ۋەتەن“ ئۇقۇملىرى ۋە بۇ ھەقتىكى سىياسىي نىشانىنى يۈتتۈرۈپ، ئەنە شۇ تۇترۇقسىز غەم، ”ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسى“نى قوغداش كويىدا بەنت بولۇپ قالىدىغان ئىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ساپ ئەقىدە تىكلىيەلىگەن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن خالىس نىيەتتە خىزمەت قىلىدىغان داھى، ئۆزىنىڭ پەزىلىتىگە ناھايىتى دىققەت قىلىشى كېرەك. يوقارقى ئاچچىق كىنايىلەر ۋە تارىخىي مىساللاردىن بىر ئەقلىي يەكۈن چىقىرىپ، بۇ ”سەدەپلەر“ ئىچىدىن كېرەكلىك ”ئىنجۇ“نى تېپىۋالار دەپ ئىشىنىمەن.

ئۇيۇشتۇرۇش ۋە تەشكىللەش زۆرۈر بولغان ئىشلاردىن بىرى (يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان مالىيە ۋە بىلىم ئەھلى مەسىلىسىدىن كېيىن ياكى بىرلا ۋاقىتتا قىلىشقا تېگىش ئىش) چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنى تەشكىللەش ۋە ئۇيۇشتۇرۇشتۇر. بۇ ھازىرقىدەك شەكلەن ۋە كومموۇنانىڭ ھاشاسىغا مۇئامىلە قىلغاندەك قىلىنىدىغان ئۇيۇشتۇرۇش ئەمەس، كونكرېت نۇقتىلىرى ۋە تەلەپلىرى ئالدىنقى ماقالىمىزدا پروگرام تەرىقىسىدە كۆرسىتىلگەن ئىدى. چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلاردا مىللىي تۇيغۇ، بۇرچ تۇيغۇسى، مىللىي تەقدىرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قايغۇرۇش تۇيغۇسى، ئىنسانىي ھوقۇق تۇيغۇسى، مەنەۋىي ئۇستۇنلۇك تۇيغۇسى، رىقابەت ئېڭى ئويغۇتۇشنى مەزمۇن قىلىدۇ. بىز ئادەتتە مەڭگۈلۈك ئىستىقبال مەسىلىسىدە يىراقنى كۆرەلمەيمىز، ئەمما كونكرېت خىزمەتتە چوڭ گەپلەرگە ئېسىلىۋېلىپ يېقىننى، بۇرنىمىزنىڭ تۈۋىنى كۆرەلمەيمىز. يوقۇرىدا دېيىلگەن ئۇيۇشتۇرۇش — بۇرنىمىزنىڭ تۈۋىدىكى خىزمەتلەردۇر. مەسىلەن: بىر قەدەر نوپۇسىمىز كۆپراق بولغان ئەللەردە قانۇنىي يوللار بىلەن تېگىشلىك ھەق- ھوقۇقلىرىمىزنى قولغا كەلتۈرىشىمىز كېرەك! بۇ يېقىندىكىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي تۇرۇپ، ۋەتەن ئازادلىقىدىن لاپ ئېتىش كىچىك بالىنى يوغان قەغەز پارچىسى بىلەن گوللاپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ھەقىقىي پۇلنى ئالداپ ئېلىۋالغاندەك بىر

مەنزىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئىش ھەمىشە كىچىكتىن چوڭىيىدۇ، ئائىلىدىن جەمىيەتكە يۈزلىنىدۇ...

ئەمما، ئىشنىڭ تايىنى بولمىغىنى، سالاھىيەت ۋە قابىلىيەتنىڭ تايىنى بولمىغىنى بىلەن، بەزىلەردە گەپ بەك يوغان ئىكەن: "ئەگەر ھەربىر شەرقىي تۈركىستانلىق مەنچىلىك ئىش قىلسا بۇ كەمگىچە ۋەتەن ئازاد بولاتتى"! ئۇلارنىڭ ماختىنىۋاتقان "ئىشى" خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ بىرەر چاكىرى بىلەن ئۇلارنىڭكىگە چاغانلاپ ياكى ئۇلارنىڭ دۆلەت بايرىمىنى قۇتلىغىلى بارغاندا كەمپۈت يېگەچ قىلىنغان سۆھبەت ئىكەن. بۇنداق سۆھبەتلەر، دىپلوماتىيە ئارقىلىق ۋەتەن ئازاد قىلىشنىڭ جۈملىسىدىكى ئەمەلىي خىزمەتلەرمىش! بۇ خىلدىكى تىنچلىقچىلىقنىڭ بىر خىل مۇناپىقلىق تەرغىباتىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكى، دۈشمەننى ھېچ زامان "تەسىرلەندۈرگىلى بولمايدىغانلىقى..." توغرىسىدا ئىلگىرى نەشىر قىلىنغان كىتاپلاردا كونكرېت توختىلىنغان ئىدى. تىنچلىقچىلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئەڭ يوغان داھىمىزدىن بىرى تىنچلىق ئۇسۇلى ھەققىدىكى كۆز قارىشىمىزنىڭ ئۆزگە رەپ كەلمىگىنىگە قارىتا: "ۋەتەندىن يىگى چىققانلار دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ..." دېگەنىدى. بىز بۇنداق غىتمەكلەرگە شۇنى دەيمىزكى، چەتئەلدە تۇغۇلغان ياكى چەتئەلدە چوڭ بولغان شۇئارۋازلار خىتاينىڭ ئەھۋالىنى — پىسخىكىسىنى، يۈزى قېلىنلىقىنى، ئاچكۆزلىكىنى،... — تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ! ئاچ - يالىڭاچ خەلقنىڭ ئاھۇ - زارىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ؛ تاياقنى بىۋاستە ئۆزى يەپ باقمىغاچقا تاياق ئازابىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ! ۋەتەننى كۆرمىگەن ياكى خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈۋەتكەچكە ۋەتەن مۇھەببىتىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ! پىچاقنىڭ سۆڭەككە يەتكەنلىكىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەنە شۇنداق خوتۇنلارچە ئۇسۇل بىلەن لۆمشۈپ، مىسلداپ، دۈشمەن تەسىرلەنگەندە ياكى ئامېرىكىنىڭ ئىچى ئاغرىپ كەتكەندە ئىشىمىز پۈتىدۇ دەپ ئولتۇرىشىدۇ! ئەمما ئۇ چاغقىچە سەكراتتا چۈشكەن خەلقنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ؟ دۈشمەننىڭ سانى، كۈچى قايسى ھالغا يېتىدۇ؟ تازا چۈشىنىپ

كەتمەيدۇ!! بىز ئەمدى بۇ ئاغزىدا شە ئېلىپ، كۆتىدە سېپىل سوقىدىغانلارغا تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ بىر شېىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتىمىز:

“Bayrakları bayrak yapan üzerindeki kandır,[1]
Toprak eğer uğurunda ölen varsa vatandır![2]”

بۇ ”چۈشىنىپ كەتكەن“ ئاۋارىلار ئۆزلىرىچە ۋەتەن خەلقىنى ھېچنېمە بىلمەيدىغان، مەدەنىيەتسىز ھېساپلاپ، ئۆزلىرىنى ئۇلارنىڭ ”رەھبىرى“ بولۇشقا سالاھىيەتلىك كۆرسەتمەكچى بولۇشسا كېرەك. بىز ئۇلارغا شۇنداق ئاددىي مىساللار بىلەن جاۋاپ بېرىمىز: قوغۇننىڭ سەرخىلى قوغۇنلۇقتا، بۇغداينىڭ ئۇرۇقلۇقى يارايدىغىنى بۇغدايلىقتا يېتىلىدۇ؛ بۇغدايلىقتا ئۇنۇپ قالغان بىرەر تال پىلەكتىن سەرخىل قوغۇن، قوناقلىقنىڭ قىرىغا ئۇنۇپ قالغان بۇغدايدىن سورتلۇق ئۇرۇق ئالغىلى بولمايدۇ. خەلق بار يەردە سەنئەت، خەلق بار يەردە شۇ خەلققە خاس مەدەنىيەت، خەلق بار يەردە شۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس قەھرىمانلىق تارىخى يارىلىدۇ؛ خەلق بار يەردە شۇ خەلققە خاس تالانت... يېتىلىدىغانلىقى ئاددىي ئۇقۇمدۇر.

بۇ داھىلارغا يەنە شۇنىمۇ ئەسلىتىپ قويۇش زۆرۈركى، 1979- يىلىدا ئۆي- مۈلۈكلىرىنى ئەرزان سېتىپ قاچقان خىتايلار، 1997- يىلىدا غۇلجىدىن قاچقان خىتايلار، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، ”قاچقانلارغا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ“ دەپ بەلگىلىمە چىقىرىشقا مەجبۇر بولغان ئەھۋالدىكى ”خىتاي قاچ- قاچ“لىرى — ھەر ھالدا گېرمانىيىدە ياكى تۈركىيىدە ئېچىلغان ”ھەيۋەتلىك قۇرۇلتاي“دىن قورقۇپ كېتىپ قاچقانلار ئەمەسىدى، بۇنى ”چۈشەنگەن“ داھىلار — مەجلىسۋازلار

---

[1] تۈركىيە بايرىقىنىڭ قىزىللىقىغا ئىشارە، ئۇنى شېھىتلەرنىڭ قېنىدىن دېگەن مەزمۇندا ـــ ئا.

[2] ”بايراقلارنى بايراق قىلغان — ئۈستىدىكى قاندۇر، تۇپراق ئەگەر ئۇنىڭ ئۈچۈن جان بېرىدىغانلار بولسا — ۋەتەندۇر!“ — ئا.

ئىنكار قىلالمىسا كېرەك!

1998- يىلى شەرقىي تۈركىستاندا "خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن"دە خىتاي باش سېكرېتارى جاڭ زېمىن ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش قىسىملىرىنىڭ كادىرلىرىغا ئاچقان يىغىنىدا شۇنداق دېگەن: "كوممۇنىستلار ھاكىمىيەتنى ئالغانغا يېرىم ئەسىر بولۇپ قالدى، مۇشۇ كۈنگىچە 'مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاق قىلدى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۆك قىلدى' دەپ قاقشاپ ئولتۇرۇش ئەيىپ ئەمەسمۇ؟ كىم سېنىڭ قولۇڭنى تۇتىۋالدى؟ ئۇلارنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇپ تاشلا! بىرى مىدىرلىسا بىرىگە قوشۇپ ئاز- تولا مۇناسىۋىتىلا بولسا ئۇننى، يۈزنى يوق قىل! ئۇلارنىڭ قىمىرلىشىغا مۇتلەق ئىمكان قويما! يەنە ئۇلار مەۋجۇت بولالامدىكىن كۆرۈپ باقايلى! بۇ جەھەتتە قىلچىمۇ بىخەستەلىك قىلىشقا، يۇمشاق قوللۇق قىلىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ! يۇمشاق قوللۇق قىلىنىدىكەن، يۇمشاق قوللۇق قىلغۇچىلارنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك، سەۋەبىنى تېپىپ چىقىش كېرەك!...". (بۇندىن باشقا بۇ يىرتقۇچلار بېشىنىڭ تىلىنىڭ يوقۇلىشىدىن مىللەتنى يوقۇتىدىغانلىقىغا قىلغان ئىشارىتىنىمۇ ئەسكە سالىمىز) بۇ دەھشەتلىك مەخسەتنى، بۇ ياۋۇز نىيەتنى بىزنىڭ "ئەقىللىق تېنچلىقچىلار" ئۇقامدىغاندۇ؟ مۇشۇ يىرتقۇچلارغا "نەسىھەت" ئاڭلىتالايمىز، "ئىچ ئاغرىتىشنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز" دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ ياكى بىز "داداڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر"، "ئوڭ تەستىگىڭگە ئۇرغانغا سول تەستىكىڭنىمۇ تۇتۇپ بەر" دېگەن پىرىنسىپقا قەتئىي ئەمەل قىلىشىمىز كېرەككىكەن؟!

ئاخىرقى گەپ قوماندانلىق ئورنى مەسىلىسى. ئىنقىلاپ — "داھى"نىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن قەيەر ياخشى؟ دېگەننى ئاساس قىلىپ قانات يايدۇرۇلمايدۇ. شۇنداقلا قوماندانلىق شتاپ دۈشمەننىڭ ئوقى يەتمىسۇننى ئاساس قىلىپ ئىنتايىن يىراق بىر يەرگە بېكىتىلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن قانداق بولغاندا ئەڭ پايدىلىق بولىدۇ؟ دېگەن ئاساستا بەلگىلىنىدۇ ۋە بەلگىلىنىشى كېرەك!

يوگوسلاۋىيە كومپارتىيىسىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى دەسلەپكى چاغلاردا ئىنچىكە تۈردە چەتئەلدە بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ھەركىتى ئۈچۈن زور قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرگەن. كېيىن تىتو بۇ ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن مەركىزىي كومىتېتنى دۆلەت ئىچىگە كۆچۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە كۆچۈرگەن ئىدى.

بىزگە ھازىر "مەملىكەت ئىچىگە كۆچۈرۈش"نىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى مەملىكەت ئىچىدىكى ھەركەتلەر قانداقتۇر چەتئەلدىكى قوماندانىنىڭ ئىشارىتىسىز يىللاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ ھەم داۋام قىلىدۇ. بۇ يەردە توختالماقچى بولغىنىمىز، چەتئەللەردىكى ھەركەتلەرنىڭ مەركىزى قەيەردە بولىشى كېرەك، دېگەن مەسىلە. ھازىر بۇ ئورگان "مىللىي مەركەز" ئاتالمىسى بىلەن قېلىپلىشىۋاتىدۇ، خەير مەيلى، "مىللىي مەركەز"مۇ دەيلى، ئۇنىڭ ئورنى مەسىلىسىدە ئەركىن ئالېپتېكىن ئەپەندىنىڭ قاراشلىرىنى توغرا دېيىشكە بولىدۇ. ئورتا ئاسىيا، بولۇپمۇ قازاقىستان "مىللىي مەركەز"نىڭ ئورنى بولۇشقا ئەڭ مۇۋاپىق جايدۇر. ئەگەر خەلقئارا تەسىر ۋە باشقا شەرتلەرنى نەزەردە تۇتقاندا ئامېرىكىدا بولسا يەنە بىر ئاز مۇۋاپىق. ئەمما تۈركىيە بۇ جەھەتتە نامزاتلىقىمۇ ئويلىشىشقا بولمايدىغان جايدۇر. بۇ جەھەتتىلا ئەمەس، ھەرقانداق بىر تۈردىكى داۋا ھەركىتىمىز تۈركىيەدە ئەڭ ئىستىقبالسىزدۇر.[1] ھەتتا ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان دۆلەتلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. يەنى، ئۇلار ھېچ بولمىغاندىمۇ بىزنى "كوزىر" قىلىپ سېتىپ يېيىشكە مۇھتاج دۆلەت بولماسلىقى كېرەك. بۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتمەي، ئۇ يەردە "داۋا" ئاسان، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ "تەننەرقى" ئەرزان توختايدىغان تەرىپىگىلا قارىۋالساق تۇيۇق يولغا كىرىپ قالىمىز. خۇددى نەسىردىن ئەپەندى ئۆيدە ئۈزۈكىنى يۈتتۈرۈپ قويۇپ، "يورۇقتىراق ئىزدەي"

---

[1] بۇ ماقالە 1999 - يىلى 2 - ئاي ئەتراپىدا تاشكەنتتە يېزىلغان بولۇپ، كىتاپ نەشر قىلىنغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنە نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر تۈركىيە ھەققىدىكى قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. قايتا تەھرىرلەش جەريانىدا بۇ نۇقتىلار نەزەردە تۇتۇلۇپ ئازراق ئۆزگەرتىلگەن بولسىمۇ، ئەسلى ھالىتى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى — ئا.

دەپ كوچىغا چىقىپ ئىزدىگەندەك بىمەنە ئىش بولىدۇ.

تۈركىيىدە داۋانىڭ ئىستىقبالى يوق، دېيىشىمىزنىڭ سەۋەپلىرى شۇكى، مەملىكەتتە مۇتىئەسسىپ، تار پىكىرلىك، مۇناپىق تەبىئەت، بىدئەتچى موللىلار هازىرقى ئىلغار ياش موللىلارغا يول بەرمىگەندەك، ”ۋېتىنامنىڭ تاغ يولىدا بۇزۇلۇپ قالغان ماشىنا“ يولنى توسىۋالغاندەك، تۈركىيەدىمۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى، ئەسلى قۇرۇلۇشىدىكى مەخسەتنىڭ نېمىلىكى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن، نېمە قىلىدىغان ئورۇن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان، كىمگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىمۇ مۆجمەل هالغا كەلگەن، مائاش ئالىدىغان، جان ساقلاش ئورنى تەرىقىسىدە قاتناپ تۇرۇشنىلا بىلىدىغان شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتالمىش شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئۇ يەردە داۋانىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇكى، هېچ مەنپەئەتى يوق. تۈركىيە هۆكۈمىتىمۇ بۇ قورچاق ئورۇنلار ئارقىلىق ئىنقىلابىمىزنى ئويۇنچۇق هالىغا كەلتۈرىۋالغىنى ئۈچۈن، ئۇلارسىز بىرەر ئىشنىڭ بولىشىغىمۇ يول قويمايدۇ. ئۇلار بىلەن بولسا هېچ ئىش ئاقمايدۇ. ئۇلار خۇددى ”كالىنىڭ پىشمايدىغان يېرى“ دېگەندەك هالغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنى تۈزىتىشنىڭمۇ ئىمكانى يوق.

بۇنىڭغا كىچىككىنە ئاساسلار: 1997- يىلى فىۋرالدا ئەنقەرە ۋە ئىستانبۇلدىكى نامايىش جەريانىدا بىر بەتلىك تەشۋىقات ۋارىقىنى ئوقۇغۇچىلار يېزىپ، باستۇرۇپ تارقاتقان ئىدى. بۇنى ۋەقف ئورۇنلاشتۇرمىغان ئىش بولغاچقا دەرهال ”هۆكۈمەتنىڭ دىققىتى قوزغالغان“، بۇنى كىملەرنىڭ بېسىپ تارقاتقانلىقى سۈرۈشتۈرۈلگەن. ئىككىنچىسى، ئەينى شۇ كۈنلەردە كىشىلىك هوقۇق مەسىلىسى بويىچە تۈرك مىللەتچىلىرىنىڭ ”تۈرك ئوچاقلىرى“ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئىمزا پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۈركىيەنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا ئىمزا توپلىغان (ئۈچ مىليوندىن ئاشسا ۋە يا بەش مىليوندىن ئاشسا مىللەت مەجلىسىگە سۇنۇپ، مىللى مەجلىس ئارقىلىق خەلقئارادا كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن قىلغانىمىش). بۇ ئىشقا مەدرىستە يېتىۋاتقان ”يېتىمەكلەر“ ئۆزلىكىدىن تەشكىللىنىپ بىر نەچچە

دوقمۇشتا تەشۋىقات تاختىلىرى بىلەن ”يايما“ ئېچىپ، ئىمزا توپلاشقا ئىشتىراك قىلغان ئىدى. ھەتتا قىزغىنلىقىدىن يېغىۋاتقان يامغۇرغىمۇ قارىماي داۋاملاشتۇرغانىدى. ئىككىنچى كۈنى بۇ ئىش ”ۋەخپە“گە ئۇقۇلۇپ، ئۇ يەردىن: ”ئۇ ئىش تۈرك ئوچاقلىرىنىڭ ئىشى، ئۇ ئىشقا ئارىلاشماي ئىشىڭلارنى قىلىڭلار“ دېگەن يوليورۇق يېتىپ كېلىپ، ياش يىگىتلەرنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلگەن ئىدى. مەسخىرىلىكى، بۇ يىگىتلەرنىڭ ئۇ ئىش تۈپەيلى توختاپ قېلىۋاتقان ئىشىنىڭ يوقلىقى بولۇپ، ئۇنىڭسىز بىكارچىلىقتا غەيۋەت قىلىش ياكى قىلىقسىز چاخچاقلار بىلەن كۈنى ئۆتەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلارغا «قىلىدىغان ئىشىڭلار بولمىسا ئۇخلاڭلار» دېگەن بۇيرۇق بېرىلگەن ئىدى! ئۇلارنى ھېچكىم بىرەر پايدىلىق ھەركەتكە، ئىشقا، ھەمەلگە تەشكىللىمىگەن، ئۆزلىرى ۋەتەن ئۈچۈن كىچىككىنە بولسىمۇ ئىش قىلالايلى دەپ تەشكىللەنسە، چەكلەنگەنلىكى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن باشقىلار پائالىيەت ئۇيۇشتۇرسا، بۇ ئىش شۇلارنىڭلا ئىشى بولۇپ قېلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا مۇناسىۋەتسىز بولۇپ قېلىشى ئەقىل قوبۇل قىلغۇسىز بىمەنىلىك بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ ”ئۆز ئىشى“ زادى نېمىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. بەلكىم بەزىلەر بۇنى مەلۇم شەخسنىڭلا قىلمىشى، ۋەقفىكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، دەر. نېمىلا بولمىسۇن ئۇ ۋەقفتە ئىشلەيدىغان ئادەم، بۇ بىرى. ئىككىنچى، ئەگەر ئۇنىڭ گېپى ۋەقفىنىڭ مەيدانى بىلەن بىردەك بولمىسا بۇنداق مۇناپىق تەبىئەت ئادەملەرنى مىللەت ۋە دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئورۇندا قالدۇرماسلىق ئەقەللىي ئىنتىزامدۇر! ۋەتەن داۋاسىدا ئىجابىي رول ئوينىماي سەلبىي رول ئوينايدىغان، خەلققە باشلامچىلىق قىلىش ئورنىغا خەلقنىڭ ”قۇيرىقى“ بولۇپ قالغان، ھەتتا خەلقنى نازارەت ئاستىدا تۇتۇشقا تىرىشىدىغان، شۈك تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان بۇنداق ئورۇنلار داۋا پائالىيەتلىرىدە پۇتلىكاشاڭدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنىڭ يارىماسلىقتا دۈشمەنىنىمۇ، دۈشمەنىنىڭ دوستلىرىنىمۇ خاتىرجەم قىلغان دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن

كۆرسۈپلىش مۇمكىن: بۇنداق تەشكىلاتلار (ئاشكارە) يىغىن، قۇرۇلتايلار چاقىرىدۇ، شۇ دۆلەتتىن، (مەسىلەن تۈركىيەدىن) بىرمۇنچە ئادەم قاتنىشىدۇ، ھەتتا دۆلەت رەھبەرلىرى تىلېگراممىا ئەۋەتىپ رەڭۋازلىق قىلىدۇ، زاللارنى بېرىپ قولايلىق يارىتىپ بەرگەندەك قىلىدۇ. ئەمما بىز ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەمەلىي پائالىيەت قىلغان بىر نەچچەيلەن بۇ يەرگە كېلىپ جىم يۈرگەن بولساقمۇ بىزگە ئىشىنەلمەي ئاپىرىپ سوراق قىلىدىغان، يوشۇرۇن تەقىپ قىلىدىغان ئىشلارنىڭ بولغىنى بۇنى قىسمەنلىكتە ئىسپات قىلىدۇ. بىرى، كۆرىنىپ تۇرغان، ھەممە ئىشى بەلگىلىك بولغان، نىيىتى، ئىقتىدارى مەلۇم بولۇپ خاتىرجەملىك قازاندۇرغان، قارانچۇقتا ئايلانغان نىشان؛ يەنە بىرى، بەلگىسىز، نېمە قىلىۋاتقانلىقى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكى، نېمىلەر قىلالايدىغانلىقى نا ئېنىق بولغان نىشان بولغاچقا ئەنە شۇنداق ئىككى خىل مۇئامىلە تۇغۇلغاندۇر. يوقۇرىدا زىكرى كەچكەن قۇرۇلتايلارغا ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋەكىللەرنىڭ كېلىشى، بولۇپمۇ ئۆزبەكىستاندىن ۋەكىل كېلەلىشىمۇ شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ: ئۇلار خۇددى "مەرگەن چىش"ى سۇغۇرىۋېتىلگەن يولۋاس ياكى نەشتىرى تارتىۋېتىلگەن يىلاندەك زەھەرسىز ھالغا كەلتۈرۈلگەن، كۆرگەزمە بۇيۇمغا ئايلاندۇرۇلغان، خالاس ("قارا نۇرلۇق چىراق"!)! بۇ خىلدىكى "كۆرگەزمە" مەڭگۇ ئوينىلىپ، بەزىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاچسا، بەزىلەرنى مەنپەئەتلەندۈرىدۇ.

ھەتتا تۈركىيىدە (باشقا دۆلەتلەردىمۇ شۇنداقلىقى بىلىنىۋاتىدۇ) باشقا تۈردىكى بىرەر پائالىيەت، ئېيتايلۇق، مەشرەپ، سۆھبەت شەكلىدىكى ئادەم توپلىنىدىغان بىر ئىش بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ بېشىغا دەرھال خىتاي ئايغاقچىلىرى، مۇناپىقلار دۈۋىلىشىۋالىدۇ - دە، بۇ ئىشنىڭ ئاساسىي "تەشكىللىگۈچىسى"، "ئاكتىپ ئىشتىراكچىسى"، ھەتتا مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ تۇرغۇچى "تايانچ خادىم" بولىۋالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېچبىر ئىش، ھەرقانداق خالىي بۆلۈك قالماي ئايغاقچىلارنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ. ئاخبارات يەرلىك ھۆكۈمەتكە ۋە خىتايغا يېتىپ تۇرىدۇ. مەيلى نېمە قىلماقچى بولۇڭ، تۆرت ئادەم بىر يەرگە كېلىپ بولغىچىلا، خۇددى يىراق جاڭگالدىمۇ

تاھارەت قىلغان ھامانلا تۆرت- بەش چىۋىن دەرھال پەيدا بولغاندەك، پايلاقچى، ئايغاقچى، مۇناپىقلار "سورۇننىڭ ئىگىسى" بولىۋالىدۇ.

قوراللىق ھەركەتنى ئەيىپلەيدىغان بۇ داھىلار بارىن ئىنقىلابىنى، غۇلجا قوزغىلىڭىنى ئەيىپلەشكە جۈرئەت قىلالامدۇ؟ شەرقىي تۈركىستاننى يىرىم ئەسىرلىك مەجلىس ئىچىشلار، يىلىنىپ- يالۋۇرۇشلار ئەمەس، دەل ئاشۇ ئىككى قېتىملىق قان تۆكۈش دۇنياغا تونۇتمىدىمۇ؟ بۇنى قېنى كىم ئىنكار قىلالايدۇ؟!

چەتئەللەردىكى "تېچلىقپەرۋەر"، قان تۆكۈشنى تەشەببۇس قىلمايدىغان تەشكىلاتلار قان تۆكۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنى ئەيىپلىمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىدىن قورقىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەپتىن قان تۆكۈشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى خەلق ئالدىدا ئىقرار قىلسا ۋەتەنپەرۋەرلىك قىلغان بولىدۇ، بۇ يالغان خەۋەرلەر بىلەن گېزىت چىقارغاندىن، ئۆز- ئۆزىنى پىرزىدېنت، رەئىس، دىرېكتور،... سايلاشقىلا يارايدىغان قۇرۇلتايلارنى ئېچىشتىن تېخىمۇ پايدىلىق بولىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار دەۋاتقان سىياسى يوللار ھېچ پايدا بەرمىدى، ھەم بەرمەيدۇ. ئەكسىچە خەلقنى بىخۇدلاشتۇرۇش، ئاخماق قىلىش، ۋاقتىنى، زېھنىنى زايا قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا قوپالراق ئاتىساق بۇ خائىنلىق يولىدۇر! ئۇلارنىڭ بۇنداق يولنى تاللىشى قانداقتۇر بەك چۈشىنىپ كېتىشتىن، ئىنسانپەرۋەرلىكتە بۇددىستلارنىڭ راھىپلىرىدەك "يوقۇرى پەللىگە" يەتكەنلىكىدىن ئەمەس، "يىپ بىلەن موم كەتمەيدىغان" ئاسانلىقىدىندۇر. بۇ خۇددى ئەمگەكتىن قاچىدىغان ھورۇنلار ئىش ئېغىر كەلدى دېمەستىن كەتمەن يامانكەن، ئوڭدىكەن، گالكەن دەپ باھانە تاپقىنىغا ئوخشايدۇ. بىزنىڭ "تېنچلىقپەرۋەر"لەرمۇ قۇربان بېرىش ئېغىر كەلگەندە ئەنە شۇنداق مەدەنىي باھانىلەرنى تېپىشىدۇ. يوقارقى ھورۇنلارغا قارىتا كونىلار: "كەتمەن ئوڭدا ئەمەس، گەپ قوڭدا" دەپتىكەن، بۈگۈنكىلەرگىمۇ بۇ تەمسىل بىلەن جاۋاپ بېرىش مۇۋاپىق.

مۇستەقىللىقىمىزنىڭ ئىمكانى بار- يوقلىقى ھەققىدە كۆپ مۇناقىشە، مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەسىلىدە "ئىمكانسىز" دېسەك، بۇ

ئىمكانسىزلىق قانداقتۇر دۈشمەنىنىڭ كۆپلىكى، كۈچلۈكلىكى،... بىزنىڭ ئاز ۋە ئاجىزلىقىمىز قاتارلىق سەۋەپلەردىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ خۇي - پەيلىدىن بولىدۇ...

1999- يىلى، فىۋرال، تاشكەنت. 2001- يىلى ئىستانبۇل.

# داھىلارنىڭ ئەقەللىي شەرتلىرى

داھىلار مول سىياسىي، ئىستراتېگىيە بىلىمىگە ئىگە بولۇشى، ھەربىي، دىپلوماتىيە، ئاخبارات، ئاممىۋى مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىمۇ مۇئەييەن دەرىجىدە بىلىشى كېرەك.

تېخىمۇ مۇھىم بىر نۇقتا، بەلكىم ئۇنىڭ بىلىم سەۋىيىسىدىنمۇ مۇھىم بىر نۇقتا مىجەز- خۇلق، خۇي- پەيلىدۇر. داھى كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇشى، ئەمما پىرىنسىپال بولۇشى؛ چىقىشقاق، ئەمما يۇمشاقباش ئەمەس، قاتتىق قول، شۇنداقلا مېھرىۋان بولۇشى كېرەك. شىغا ئۇچمايدىغان، ماختاش، مەدھىيە تاما قىلمايدىغان بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئاسانلا شەخسىيەتچىلىككە، شۆھرەتپەرەستلىككە ئېغىپ كېتىپ، چوڭ ئىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. مەسىلەن: خوشامەت قىلغان ئادەملەر سىياسىي جەھەتتىن ئىشەنچسىز بولسىمۇ، ئىقتىدارسىز بولسىمۇ ئۆزىگە تارتىش، مۇھىم ئورۇنغا قويۇش؛ ئۆزىگە پىكىر بەرگەنلەرنى (گەرچە بۇ توغرا پىكىر، ئومۇمىي ئىشقا پايدىلىق بولسىمۇ) يامان كۆرۈش، چەتكە قېقىش، قېيداپ مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش، ھەتتا ئۇلارنى باشقىلارغىمۇ يامان كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆھمەت قىلىشقىچە بېرىپ يېتىدۇ.

بىزنىڭ خۇي- پەيلىنى بىلىم سەۋىيەسىدىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىلىمنى تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ. چۈنكى بۇ ناھايىتى زور ئىش بولغاچقا قانچىلىك بىلىملىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر ئادەم بەربىر ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. بىر رەھبەرلەر كوللىكتىپىنىڭ ئورتاق ئىشلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنداقكەن، بىلىم جەھەتتى ئاشۇ

كوللېكتىپ تەرىپىدىن تولۇقلىنىپ كېتىدۇ. ئەمما مىجەز- خۇلق ياخشى بولمىسا ئۇنى تولۇقلىغىلىمۇ، ئۆزگەرتكىلىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، ”سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدۇ“! مىجەزى ئوڭلۇق ئادەم ئانچە بىلىملىك بولمىسىمۇ بىر گورۇھ بىلىملىك كىشىلەرنى مۇۋاپىق تەشكىللىيەلىسە بۇ ئىشنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئېلىپ بېرىش مۇمكىن. شۇڭا قول ئاستىدىكىلەرگە دوستانە بولۇش (سۈنئىي ئەمەس، يۈرەكتىن)، ئىشىنىش، ئىلھاملاندۇرۇشنى ئاساس قىلىش كېرەك. ئالدامچىلىق، ”مۈشۈكنىڭ سۈرىتىنى يولۋاس كۆرسىتىش“ يارىمايدۇ. يالغان چوڭ گەپلەرگە تايىنىپ توپنى ساقلاپ قالىمەن دېيىش ئەخمەقلىق، خالاس. چۈنكى، يالغانچىلىقنىڭ ھامان مېزى چۇۋۇلىدىغان بولغاچقا ئۇ چاغدا ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ئىشەنچمۇ يىمىرىلىپ كېتىدۇ. ئۆزگە ئەگەشكەن ئادەملەرنىڭ شەنى ھەققىدە تۆھمەت خاراكتېرىدە گەپ تارقىتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ نوپۇزى يوغىناپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىيالىدا بولۇشمۇ ئوخشاشلا ساراڭلىق!

باشقىلارنىڭ پىكىر مەسلىھەتلىرىنى ئېلىشقا ئېتىۋار بېرىپلا قالماي، ئەكسىچە، پىكىر بەرمەسلىك، جىم بولىۋېلىش ئەھۋالى كۆرۈلسە ”ئېغىز تاتىلاپ“ ماھىرلىق بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى چىقارغۇزۇشنى بىلىشى كېرەك. ھەممە ئادەمنىڭ ئەقىل- پاراسىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە شۇنى ئەسلىتىش ئارتۇق ئەمەسكى، شۇ قەدەر مۇستەبىت بولغان كوممۇنىستلارمۇ ھاكىمىيەتنى قوللىرىغا ئالغىچە ناھايىتى كىچىك پېئىل، مۇلايىم بولۇپ خەلق رايىنى ئۇتقان ئىدى. ئالدىنقى يازمىشلىرىمىزدا دېگىنىمىزدەك، ”داھى“ كۆرەش قايناملىرىدا تەبىئىي شاللىنىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، كۆرەش دولقۇنلىرىدا چېنىققان، زىددىيەت توقۇنۇشلارنى ماھىرلىق بىلەن ھەل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ مەيلىنى ئۇتقان كىشىلەر تەبىئىي ھالدا ئەنە شۇ ئورۇنغا مۇشەررەپ بولۇشقان. تارىختا ھېچقاچان بىزنىڭكىدەك، ئاللاھ نېسىپ قىلغان تەبىئىي داھىلىق ئېلېمېنتلىرى بولماستىنلا، ئۆزلىرى ”داھى“ بولىمەن دەپلا ئوتتۇرىغا چىقىۋالىدىغان ئىشلاردىن كۈتكەن نەتىجە

چىققان ئەمەس، تارىخ ھامان بۇنداقلارنى شاللاپ تاشلىغان، ھايات قىيانلىرى بۇنداقلارنىڭ ئانا- مانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتكەن! دەل شۇ ”تەبىئىيلىك“ بولمىغاچقا، ئۇلاردا داھىلىق خۇسۇسىيەتلەر تېپىلمايدۇ، ”سەللە يوغان ئىمان يوق، داۋزا يوغان بىر نان يوق“ دېگەندەك ئەھۋالدا تۇرماقتا.

پولاتتەك قاتتىق ئىرادىلىك بولۇش. بىزنىڭ ئىنقىلاپ ھەركىتىمىز شەرت — شارائىت نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، سەپەرۋەر قىلىش ئوبيېكتىنىڭ نادان ۋە بىرىجەلىكى نۇقتىسىدىنمۇ ناھايىتى قىيىندۇر. ئۇ ھالدا ئىرادە قەتئىي بولمىسا ئاسانلا غايىنى تاشلاش، ۋاز كېچىش، ھەتتا مۇناپىققا ئايلىنىپ كېتىش كېلىپ چىقىدۇ. بىر بالىنىڭ ئوقۇش راسخودىنى قارشىلاشتەك كىچىككىنە ئېھتىياج تۈپەيلى ئىرادىسى سۇنۇپ، تەيۋەن خىتايلىرىغا سېغىنىپ بارىدىغان ئادەملەر، تەيۋەندىكى ئاتالمىش ”ش...[1] ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىش بېجىرىش ئورنى“غا بېرىپ خىتايلاردىن ياردەم تىلىگەن ئادەملەر ھەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ قايغۇسىنى قىلمايدۇ. ئۇ قەدەر زېدى پەست ئادەملەردىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ يەنە، ”ئىنقىلاپ ئۇچۇن“ دەپ پۇل يىغىپ، بىر قىسمىدا جالاپ ئويناپ، بىر قىسمىنى پوكۇنىغا بېسىۋالغانلار؛ ئۇزاق ئۆتمۇشتە بىر قېتىم بىلىپ - بىلمەي قىلىپ سالغان ”ئىنقىلاپ“نى دەسمايە قىلىپ، ئۆمۈر بويى نان تېپىپ يەيدىغانلار؛ ياكى ئانچە - مۇنچە مەجلىس ئېچىش بىلەن ئۆزىنى ئىش قىلىۋاتقان كۆرسىتىپ ئالدامچىلىق قىلىدىغانلار؛ شەخسىيىتىگە تاقالمىغىچە مۇناپىقلارنى دوست تۇتۇشتىن يانمايدىغانلار پەقەت ساختىپەزلەردۇر. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋەتەن مىللەتنىڭ تەقدىرىگە كۆيىنىشى يالغاندۇر!

دىنىي چۈشەنچىسى بولۇش. بۇ نۇقتىغا ھازىرغىچە سەل قارىلىۋاتىدۇ. خەلقىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادقا بولغان ساداقىتى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا

---

[1] شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتايلار قويغان نامىنى دېمەكچى، مېنىڭ ئۇنى تىلغا ئالغۇم كەلمىدى، — ئا.

ئەگەر بۇ نۇقتىغا سەل قارالسا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئومۇمخەلق ھەركىتىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ۋاھالەنكى، خەلقنىڭ زور كۆپچىلىكىدىن ئايرىلغان ھەركەتنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ! بۇ نۇقتىغا ھەتتا دۈشمەنلىرىمىزمۇ سەل قاراشقا پېتىنالماي، سىياسىي كېڭەش دېگەن بىر نېمىسىگە بىرمۇنچە مۇناپىق موللىلارنى يىغىۋېلىپ، مائاش بېرىپ، ئۆز سىياسىتىنىڭ جارچىسى قىلىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا مۇجاھىدلارنىڭ لىدىرى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، خەلقنىڭ دىنىي ئېتىقاد قىزغىنلىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتى يولىدا ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ نۇرغۇنلىغان ۋەتەنسۆيەر، مىللەتسۆيەر، مۇتتەقى ئادەملەرنى ”قارا نۇرلۇق چىراق“ بولۇپ ئەتراپىغا يىغىۋاتىدۇ. خىتايلار مەملىكەت ئىچىدىكى تەشۋىقات ماتىرىياللىرى، ئىچكى ماتىرىياللىرى،... قاتارلىقلاردا بۇ مۇناپىق ”لىدىر“لارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ”تەنقىد قىلىش“ ئارقىلىق، ئۇلارغا نوپۇز قازاندۇرۇپ(چۈنكى خەلقىمىز دۈشمەن تىللىغان ئادەملەرنى ئۆز ئادىمىمىز، دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن، شۇڭا دۈشمەن مۇشۇ نۇقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلار ئۈچۈن نوپۇز تىكلەۋاتىدۇ)، مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقتە ئۇلارغا تەلپۈنىدىغان، شۇلارنىڭ يېنىغا بېرىشقا تىرىشىدىغان ئىنتىلىشنى كۈچەيتىپ، ھەق يولغا ئۆزىنى بېغىشلىغان ئادەملەرنى ئۇلارنىڭ ”تاغىرى“غا سولاپ بەرمەكتە. بۇ مۇناپىقلار دىنىنى بۇرمىلاپ، ئىنتايىن دوگما چۈشەندۇرۇپ، خەلقنىڭ پۇلىنى ئالدىغاندىن باشقا، جېنىنىمۇ ئوتقا تىقىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىز بىر ئەقىل تېپىشىمىز كېرەك.

كۆرگەنلا ئادەم، ھەتتا بەك بىلىملىك شەخس بولغاندىمۇ داھىي بولالمايدۇ. ئۇ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت ۋە تەبىئىي تەشكىللەش تالانتىنىڭ نامايەندىسى. شۇڭا داھىلىق قولدىن كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قىتىغۇرلۇق قىلىش داھىغا ياراشمايدۇ. كۆرگەنلا ئادەمنىڭ داھىي بولىۋالالمايدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشەنگەن، داھىنى كۆرەش دولقۇنلىرى تاۋلاپ چىقىدىغانلىقى، مۇئەييەن تارىخىي شارائىت ئۇنى سەھنىگە

چىقىرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن، داھى كىچىك پېئىل بولۇش بىلەن بىرگە، ئاددىي ئەسكەر بولۇشقا ھەرقاچان تەييار روھى ھالەتتە بولىشى كېرەك.

ۋىنىستون چېرچىل 1- دۇنيا ئۇرىشى مەزگىلىدە دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرى ئىدى، ئىككى يىلدىن كېيىن مەغلۇبىيەتلىك ”چاناققەلئە ئوپېراتسىيىسى“ تۇپەيلى ئۆكتىچىلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ”بەلگىسىز ۋەزىرلىكنىڭ ۋەزىرى“ دېگەن ئورۇنغا چۈشۈرۈلگەندە مەنسىپىدىن دادىل ئىستىپا بېرىپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشتى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھەربىي ئۇنۋانى مايۇر بولغاچقا ۋەزىرلىكتىن بىراقلا باتالىيۇن كوماندىرلىقىغا چۈشكەن ئىدى. ئەمەلدىن چۈشۈپ ئادەتتىكى ئەسكەر بولۇشتىن قورقماسلىق بىر خىل جاسارەتتۇر.

2- دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، كانادا، فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىگە قوماندانلىق قىلىشقا قويۇلغان ئېيزىنخائۇئېرنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى قول ئاستىدىكى بەزى گېنېراللارنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىنىڭ يۇقۇرىلىقى نەزەردە تۇتۇلۇپ شۇنداق قىلىنغان. ۋاھالەنكى، ھەربىي ئۇنۋانى ئۇنىڭدىن يۇقۇرى بولغان گېنېراللارمۇ شەخسىي شۆھرىتىنى دەپ خۇي قىلىپ، چوڭ ئىشقا تەسىر يەتكۈزمەستىن ئۇنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. بۇنى ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ بەزى ئىپادىلىرىمىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقساق بەزى نەرسىلەر چۈشىنىلەر دەپ ئويلايمەن. بولۇپمۇ داھىلار تېخىمۇ سالماق ئويلاپ كۆرەر.

1999-يىلى، فېۋرال، تاشكەنت، 2001 – يىلى، ئىستانبۇل.

# "ئەقىللىق" ئۇيغۇرلارغا

ئىنقىلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىلىرىدا گەپ كېتىۋاتقاندا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ھەمىشە بىرمۇنچە "ئەقىللىق" ئۇيغۇرلارغا دۇچ كېلىمىز. بۇ "ئەقىللىق" ئۇيغۇرلار تۇرلۇك سەۋەپلەر بىلەن "كۆپ"نىڭ نەزىرىگە ئىلىنىپ قالغان ياكى ئۆزلىرى "كۆپنىڭ دىققەت ئېتىۋارىدا مەن" دەپ ئويلايدىغان كىشىلەردۇر. بۇ كىشىلەر ھەر ئىشتا ئەنە شۇ "ئىجتىمائىي ئورنى"غا مۇناسىپ بولۇشقا — شۇنىڭغا يارىشا سۆزلەش، شۇنىڭغا يارىشا ئىش تۇتۇش، شۇنىڭغا يارىشا مەيدان، نۇقتىئىينەزەر ئىپادىلەشكە — تىرىشىدۇ. ئەمما تەقدىر بەزىدە بۇ ئادەملەر بىلەن قېرىشقاندەك، ئۇلارنى "دىققەتنىڭ سىرتى"دا قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەممىدە "بىرىنچى"، ھەممىدە "ئالدىنقى" بولۇپ ئۆگەنگەن، "ئەتىۋارلىققا كۆنگەن" ئادەملەر ئۆزىنى دىققەتتىن چەتتە قويغان ئىشلار(ساھەلەر، تېمىلار) توغرىسىدا چۆكۈرۈش، پەسلەشتۈرۈش، مەسخىرە قىلىش، ئەھمىيىتىنى يوققا چىقىرىش ۋە ئاخىرىدا ئەنە شۇ خۇلاسىلەرگە مۇۋاپىق ھالدا ئۆزىنىڭ ئەقىللىقچە ئىش تۇتۇشتا يەنىلا "بىرىنچى" ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا، بۇ ئەھمىيەتسىز ئىشلار تۈپەيلى قىممىتى تۆۋەنلىمەيدىغانلىقىنى تەكىتلەشكە تىرىشىدۇ.

"ئىنقىلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدا گەپ بولغاندا" دەپ باشلىغان ئىدۇق، شۇ تېمىدا بۇ "ئەقىللىقلەر" دەيدۇكى، "مەن باشتىلا بىلگەن، بۇنىڭ ئاخىرى شۇنداق چۇشەتتى! سىلەر ساراڭمۇ؟ ھەيرانمەن، بىر ئىش دېگەننى ئالدى بىلەن ئوبدان كۇزىتىپ، تەھلىل قىلىپ، نەتىجە چىقامدۇ ـ يوقمۇ، نەتىجە چىققىدەك بولسا ئاندىن قىلىدىغان گەپ ئەمەسمۇ؟! مەن شۇڭا بۇنداق ئىشتىن نېرى تۇرغانمەن!..."(بۇ گەپتىن ئۇ يەنە "ئەقىللىق"، يەنە

”بىرىنچى“ چىقىدۇ).

تىجارەت شۇنداق بولىدۇ: پايدا چىقىشىغا كۆز يەتسە قىلىنىدۇ؛ زىيان تارتىشى كۆرۈنۈپ تۇرسا ئەمەس، ئازراقلا شۇنداق ئېھتىمال بولسا ۋاز كېچىلىدۇ. ئەمما ۋەتەنپەرۋەرلىك[1] شۇنداق نەرسىكى، ئۇ يۈرەكتە يېنىپ تۇرغان كوللېكتىپ سۆيگۈنىڭ تۈرتكىسى ھەركەتكە ئايلاندۇرغان ئۇلۇغۋار غايىدۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، كېيىنكى نەتىجىنى كۆزلەش تامايىدىكى شەخسىيەتچىلىك مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. ياخشى نەتىجە ئۈمىدىدە ھەركەت قىلىنىسمۇ، ئۇنى شەرت قىلمايدۇ. يەنى، ”بېرىش-ئېلىش“ تەرتىۋىدە بولىدىغان تىجارەتكە ئەسلا ئوخشىمايدۇ. پۈتۈنلەي بېغىشلاش تىپىدىكى پىداكارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. ئىنقىلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىق خەلق ئاممىسى ئۈچۈن بولىدىغان ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى بېغىشلاش ھەركىتى بولغىنى ئۈچۈن، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن ئەمەس، نىيەتنىڭ ياخشىلىقى بىلەن قىممەتكە ئىگە. بۇنى تىجارەتنىڭ ئۆلچىمىدە ئۆلچەش — شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچىلەرنىڭ، جېنىغا، مېلىغا تەۋەككۇل قىلالمايدىغان ئۆلۈمتۈك ”ئېغىز ۋەتەنپەرۋەرلىرى“نىڭ بىمەنە سەپسەتىسى، خالاس! ئۇلارنىڭ ”ئەقىللىق“لىقىدىكى بىمەنىلىك تەمسىللەردىكى «ئانامنىڭ ئۆلۈشىنى بىلسەم بىر تاۋاق كېپەككە سېتىۋالماتتىم» دېگەنگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ناۋائى شۇنداق دېگەن:

” مۆرۈۋۋەت بارچە بەرمەكتۇر، يېمەك يوق،
پۈتۈۋۋەت بارچە قىلماقتۇر، دېمەك يوق.
(ئۆزى يېمەي بېرىش — ئادىمىگەرچىلىك،
دېمەستىن ئىشلەش — مەرتلىكتۇر)“.

ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ خۇددى شۇنداق. ئاددىي بىر ئويلىنىش تېمىسىنى

[1] بۇ يەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك — مىللەتنى سۆيۈش، دۈشمەنگە بولغان نەپرەت، ئازادلىققا بولغان ئىنتىلىش قاتارلىق مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ — ئا.

دېسەك، تېخىمۇ روشەن بولار: ئەگەر غەلىبىگە ئالدىن ھۆددە قىلغىلى بولسا (بۇ قېتىمقى ھەركەت بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولىشى مۇقەررەرلىكىگە ھۆددە قىلغىلى بولسا) كىم ۋەتەنپەرۋەر بولماس؟ كىم ئىنقىلاپقا قاتناشماس؟ ھەتتا شۇ كۈندە خىتايغا ئاكتىپ غالچىلىق قىلىۋاتقانلارمۇ توغرا يولغا قايتىپ، ئىنقىلاپقا قاتنىششى مۇمكىن! خوش، ئۇ ھالدا خۇلاسە شۇكى، ”ئەقىللىق“لارنىڭ مەسخىرىسى ئۆزلىرىنىڭ شەخسىيەتچىلىكىدىن ۋاز كېچىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىنقىلاپ ھەركەتلىرىگە قاتنىشالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەسلى قىياپىتىنى يېپىشنىڭ چىرايلىق تونى، خالاس!

بىزنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنقىلاپ، ھۆررىيەت ئارزۇسى ھازىر بەڭگە خىيالى كەبى تۈس ئالدى، رېئاللىق بىلەن سىغىشالمايدىغاندەك بىر ھالدا. مانا ئەمدى، ”ئەقىللىق“لارنىڭ سېپى كۆپىيىدىغان، ”تەلۋىلەر“نىڭ سېپى ئازىيىدىغان بولدى. مانا ئەمدى، ھەقىقىي تۈردە ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسىنى سىنايدىغان ۋەزىيەتكە دۇچ كەلمەكتىمىز! مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئىنقىلاپ قىلىمەن دېيىش ئەسلىدە قىممەتلىك روھ بولسىمۇ، ”ئەقىللىق“لەرنىڭ نەزىرىدە خۇددى كىچىك بالىدەك ياكى ئەخمەق ئادەملەردەك كۈلكىلىك تۈستە كۆرۈنىدۇ.

دېمىسىمۇ رەھىمسىز رېئاللىق ئىنقىلاپچىلارنىڭ دىللىرىدىكى ئۇلۇغۋار نىيەتلىرىنى چەيلەپ، شېرىن چۈشلىرىنىڭ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارنى ئائىلە شادلىقىدىن، بالا - چاقىسىدىن، ئەڭ ئەقەللىي ئۆلچەمدىكى ھاياتلىق شەرتلىرىدىنمۇ مەھرۇم قىلىۋېتىدۇ. بۇ پاجىئەلىك نەتىجە ”ئەقىللىق“لارنىڭ سەپسەتىلىرىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ بەرگەن كەبى، ئۇلار مەسخىرە ئوقلىرى بىلەن ”خۇدا ئۇرغاننى خۇدابەردىكام كەمقۇشلاپ ئۇرۇپتۇ“ دېگەندەك ئۇستىلەپ زەربە بېرىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتقا، تۇرمۇشقا، سىياسىي غايىگە، ئادەملىك شەرتلىرىگە... قانداق ئۆلچەم بىلەن قاراش مەسىلىسى بولۇپ، يىلاننىڭ ”مەن ئەگرى ئەمەس، يول ئەگرى“ دېگىنىدەك، ئۆلچەم پەسكەش بولسا، ئۇلۇغۋار شەيئىلەرنى پەست

كۆرسىتىدىغانلىقىدا گەپ يوق! مەسىلەن: كوممۇنىستىك ئۆلچەمدە ئۇلۇغۋار، گۈزەل باھالانغان نەرسىلەر ئىدىئالىستلارنىڭ ئۆلچىمىدە رەزىللىكتۇر، پەسكەشلىكتۇر،... بۇ شۇ خۇلاسىگە كەلتۈرىدۇكى، باھا، قاراشلار ئۆلچەمگە باغلىقتۇر. ئېستېتىكىدا شۇنداق بىر سۆز بار: گۈزەللىك تۇيغۇسىمۇ خاسلىققا ئىگە. ئۆلچەم مەسىلىسىنى ماتېماتىكىلىق بىر مىسال بىلەن تەسۋىرلىسەك، سان ئوقى ( xسىزىقى)نىڭ بەلگىلەنگەن جايى موھىم. ئەگەر قۇرۇقلۇقنىڭ ئېگىزلىكى، سۇنىڭ چوڭقۇرلىقىدىن ئىبارەت سېلىشتۇرمىنىڭ چېگرىسىنى ”دېڭىز يۈزى“دىن ئىبارەت سان ئوقىنى ئۆلچەم قىلماي، باشقا بىر ئۆلچەم بېكىتىلگەن بولسىدى، چوگېرى چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 8611 مېتىر كەلمەي، باشقىچە چىقاتتى. كۆرىنىپ تۇرۇپتىكى، خۇلاسە ئۆلچەمگە باغلىقتۇر. جاھانسازلارنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ”خىيالپەرەست“لەرنىڭ ياشاش مەنتىقىسى ئەقىلسىزلىق بولۇپ، ”ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا جاننى قىيناپ نېمە كەپتۇ؟“ دېيىلىشى مۇمكىن. دېۋەڭلەر، بىغەملەرنىڭ مەنتىقىسى بويىچە ”ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا“ يەپ - يېۋېلىش، ئوينىۋېلىش، ”ياشىۋېلىش“ توغرىدەك قىلىدۇ. غايىلىكلەر خۇددى شۇ ”ئۆلۈپ كېتىدىغان جانغا“ ئۆلمەس مەنا بەرمەكچى بولىدۇ، ئۇلارغا بۇنىسى توغرىدەك تۇيۇلىدۇ...

ئۆتمۈشتىكى بىر ھېكايەمدە: ”ھاياتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەپ- ئىچىشنى، يەپ- ئىچىش ئېھتىياجىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن ئىشلەشنى، بالا تېپىشنى، بالىلىرىنى بېقىشنى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئۆي(ئۇۋا) ياساشنى ھايۋانلارمۇ بىلىدۇ...“ دېگەن قۇرلارنى يازغىنىم ئېسىمدە. يوقۇرىدا سانالغان ھەددى- ھەركەتلەردە ھايۋانلارمۇ ئادەملەرگە ئوخشاش ئىكەن، ئۇ ھالدا پەرق نېمىدە؟ تەبىئىيكى، ئىنسان مەنەۋىيىتى بىلەن ھايۋانلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مەنەۋىيەت (سىياسىي غايە، دىن، ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن شەخسىيىتىدىن، بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن ۋاز كېچىش — قۇربان بېرىش روھى) — ئىنسانلىقتۇر. بۇ مەنەۋىيەتتىن مەھرۇم بولغانلارنىڭ ھايات — تۇرمۇش جەھەتتىكى ئىپتىخارى پەقەت ھايۋانلاردىمۇ بولىدىغان ماددى ۋە

جىسمانىي شەرت ھەم تەلەپلەرنىڭ سىلىقراق شەكلى، خالاس. (مەسىلەن: ھايۋانلارمۇ ئۆزىگە "ئۆي" سىلىشنى بىلىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئوت- خەس، پاخاللاردا تىزغان چاڭگىسى ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆيدۇر. ئۇلاردىمۇ جىنسىي مۇھەببەت بولىدۇ،ئۇلارمۇ بالا تاپىدۇ ۋە بالا باقىدۇ؛ ئۇلارمۇ يەپ- ئىچىدۇ؛ ۋاھاكازا...) دېمەك، "ئەقىللىق"لارنىڭ ئۆلچىمىنىڭ قايسى دەرىجىدە، قانداق سۈپەتتە ئىكەنلىكى بۇلاردىن تولۇق ئاڭلىشىلغان بولسا كېرەك.

بەزى "ئەقىللىق" ئۇيغۇرلار: "ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى ئەپلەپ باقالماي تۇرۇپ، ۋەتەن، مىللەت غېمىدىن گەپ ئېتىش كۈلكىلىك" دەپ ئىنقىلاپچىلارغا زەھەرخەندىلىك قىلىدۇ. بەزىلەر بولسا ئىنقىلاپ ئىشلىرىنى كۈلكە قىلىپ، پۈچۈكلەشتۇرۇپ تېخىمۇ بىمەنە ھالدا: "مەن مىللەتنىڭ مۇنچە ئەزاسى(ئۆزىنىڭ بالىلىرىنى دېمەكچى)نى بېقىپ قاتارغا قوشۇۋاتىمەن، مانا شۇنىڭ ئۆزى مېنىڭ ھەسسەم" دەيدۇ.

بۇ خىلدىكى "ئۇلۇغ نەزەرىيىلەر"گە بىر- بىرلەپ جاۋاپ بېرەيمىز. "بالىلىرىنى باقالماي تۇرۇپ مىللەتنىڭ غېمىنى يەيمەن دېيىش..." توغرىسىدا: بالىلىرىنى باقالماي تۇرۇپ ۋەتەن مىللەتكە خىزمەت قىلىش مۇمكىن ئەمەسمىكەن؟ بۇ نەزەرىيە ئىنتايىن بىمەنە! چۈنكى بەزىلىرىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بەزى ئىشلار بىلەن دۈشمەننى خاپا قىلغىلى، خەلقنى خوش قىلغىلى بولىدۇ، ئەمما بۇنى ئائىلە ئىگىلىكى ئۈچۈن ھۈنەر- كەسىپ ئورنىدا قوللانغىلى بولمايدۇ. يەنى بۇنداق ئىش ئۈچۈن ھېچكىم ھەق بەرمەيدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئۇ "ھۆنىرى" بىلەن بالا باققىلى بولمايدۇ، ئەمما مىللەتكە خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ. بۇنى ھەركىم چۈشىنىسە كېرەك. ئەگەر بالىلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ياكى ئاۋال بالىلىرىمنى مەن يوقتا قىينىلىپ قالمايدىغان شارائىتقا يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن خىزمەت قىلىمەن دېيىشمۇ بىر خىل باھانە. چۈنكى، بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز، شەرت- شارائىتىمىزدا بىر ئۆمۈر بۇ نىيىتىمىزنى ئىشقا ئاشۇرالماسلىقىمىز تەبىئىي. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەگەر بۇ نىيىتىمىزنى رويابقا چىقارغان تەقدىردىمۇ "شەيتان(پۇل) ۋەسۋەسىسى" بىزنى جاھاندارچىلىقنىڭ كوچىسىدا بىرىدىن-

بىرىنى قىزىق كۆرسىتىپ، بارغانسېرى ئۆز پاتقىقىدا چۆكتۈرىۋېتىشى مۇمكىن.

ھەدىستە: **”پىتنە قىلغۇچىلارنىڭ: ’بىر ئوبدان ئائىلىسىنى ۋە بالىلىرىنى تاشلاپ كېتىپتۇ‘ دېگەندەك سۆزلىرىگە قۇلاق سالماڭلار...“** دېيىلگەن. قۇربان بېرىش (جان ياكى باشقا قىممەتلىك، سۆيۈملۈك نەرسىلەردىن كېچىش) بولمىغان بولسا ۋەتەنپەرۋەرلىك،... شۇنداق گۈزەل ئاتاق بولارمىدى؟ شېھىتلەرگە جەننەت بېرىلەرمىدى؟

”غىت قىسسىپ بالا بېقىش“قا كەلسەك، بۇ بىر خىل دانالىقتەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ بىر تەرىپى ”ھايۋانلىق“ ئىكەنلىكىنى يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەنىدۇق، دېمەك ئۇنىڭمۇ ھېچ قالتىسلىقى يوق!

غەرپنىڭ مىللىي غايىسىزلىكى، مىللىي چېگرالارنى ئۇنۇتقان ”بەينەلمىنەل“ ئىدىيىسىنى دورىغۇچى چەتئەللەردە ياشاۋاتقان بەزى ”ئەقىللىق“ ئۇيغۇرلار: ”نەدە بولساڭ شۇ يەرنىڭ تىلى ئانا تىلىڭ، جېنىڭغا قايسى ئەسقاتسا شۇ تىلنى ئىشلەتسەڭ بولىدى“ دەيدۇ. ھەر مىللەت تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئۆز ئايىغى بىلەن بېسىپ ئۆتۈشلىرى كېرەك. باشقىلار يېتىپ بارغان مەنزىلگە ”تاقلاپلا بېرىۋېلىش“ خاملىق بولىدۇ، ھۇلى مۇستەھكەم بولمايدۇ. كۆچمەن چارۋىچى بولغان قىرغىزلار، قازاقلار رۇسىيە ئىنقىلابى تۈپەيلى بىردىنلا شەھەرلىشىپ قالغان؛ فىئودال ھەتتا يېرىم قۇللۇقتىكى خىتايلار بىردىنلا سوتسىيالىزىمغا كۆچۈپ كېلىپ قالغاندەك تېگى بوش بولىدۇ.

غەرپلىكلەر بۈگۈنكى تەرەققىيات مەنزىلگە قەدەممۇ- قەدەم كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئومۇمىي ئىنسانلىقتىن گەپ قىلىدىغان، تېچلىق شۇئارىنى كۈچەپ تووۋلاۋاتقان غەرپلىكلەر مىللەتچىمۇ بولغان، تاجاۋۇزچىمۇ بولغان،... ئۇلار ئەمدى مىللىي تۇيغۇلاردىن ئادا- جۇدا بولغاندەك، ئومۇمىي ئىنسانىيەت نۇقتىسىدىن مەسىلىگە قارايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، پىشىپ يېتىلگەن مىللەت بولغاچقا مىللىي زۇلۇمغا، تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان ھامان مىللىي تۇيغۇلىرى پارتلاپ چىقىدۇ. دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ مىللىي چېگرالارنىڭ

ماددىي تۈرگە ئىگە بولمىغان بىزدەك بىر مۇستەملىكە مىللەت مەنەۋىي جەھەتتىن مىللىي چېگرالىرىمىزنى قوغداشقا مەجبۇرمىز. غەرپلىكنى دوراشقا ماددىي ئىمكانلىرىمىز، سىياسىي شەرتلىرىمىز لايىق بولمىغان ئەھۋالدىكى بۇنداق دورامچىلىقىمىز چاپسانراق يوقلۇشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمدى ئاشۇ ”ئەقىللىق“ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرچە بالىلىرىنى ياخشى ئوقۇتقانلىقىنى ئىنقىلاپ قىلغانغا بارابەر قويۇشى، ۋەتەنپەرۋەرلىك سانىشنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى: ئۇ بىر ئوغلىنى يېتىشتۇرسۇن، ھەتتا بۇ ئوغۇل نوبىل مۇكاپاتى ئالسۇن، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنى بىلمىسە ئۇنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىدىن ئۇيغۇرلار نەسىۋىدار بولالمايدۇ. ئۇ ئۇيغۇرلارسىز مۇھىتتا، ۋەتەن مۇھەببىتىنى تەبىئەتتىن ئەمەس، كىتاپتىن ئۆگەنگەن ھالدا، مىللەتكە تەقدىرداشلىق تۇيغۇسى بولمىغان ھالدا ئۆسكەچكە ئۇنىڭدا ئۆزى يەتكەن ئىلىم — پەن يۇكسەكلىكىدىن مىللىتىمنى قانداق پايدىلاندۇرىمەن؟ دېگەن ئوينىڭ بولىشىنى، ئاشۇ شان-شەرەپ يۇكسەكلىكى(ئېيتايلۇق نوبىل مۇكاپاتى تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىدىكى سۆزلەيدىغان نۇتقى)دىن، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئۆزىگە دىققىتىنى تىككەن پۇرسەتتىدىن پايدىلىنىپ مىللىتى ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىش ئېھتىمالىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ مىللەتنىڭ دەردى، ئىستىكى ھەققىدە يىللاردۇر بىزنىڭ ئىنقىلاپچىلىرىمىز دۇنيانىڭ دىققىتىنى چېكەلمىگىنىدىن ئاڭلىتالمايۋاتقان مەخسەتنى ئاڭلىتاي دېگەننى يادىغا ئالارمۇ؟ ئەگەر ئۇ سىياسىي بويىچە يېتىشىپ چىققان بىر سىياسىيون بولسۇن، ئۇ ھالدا ئۇ شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۆرەش قىلارمۇ ياكى ئۆزى تۇرۇۋشلۇق دۆلەتتە سىياسىي سەھنىگە چىقىش ئۈچۈن سايلام رىقابەتلىرى ئىچىدە پالاقلارمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار. ئوقۇرمەن ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا بىز چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلىرىمىز نەقەر چاپسان ئۆزگىرىپ، ئۇيغۇرلۇقىنى ئۆچۈرىۋەتكۈسى كېلىدىغانلىقىدىن مىساللار بەرگەنىدۇق.

«ئەقىللىق» ئۇيغۇرلارنىڭ قىتىغۇرلۇقتىكى مېتودى نورمال

ھەسەتخورلاردىن خېلى پەرقلىق بولۇپ، بۇلار ئەقىلللىق بولغاچقا، ھەسەت «مەدەنىي تون»غا ئورالغان بولىدۇ:

بىر ئادەمنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى ئۈستۈنلىكىگە (ئۆزىدىن بايلىقى، ئۆزىدىن ئەقىلللىق، ئىناۋەتلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئۈستۈنلىكىگە) ھەسەت قىلغۇچىلار بۇ ئۈستۈنلۈكنى ئىنكار قىلىشقا ئامالسىز بولغان ياكى ھەسەتخورلىقىنى يوشۇرغان ھالدا ھەسەت قىلماقچى بولغاندا ئادەمنى نىشانغا ئالماستىن شۇ ئۈستۈنلۈكنى تەمىن ئەتكەن ئاساسنى يوقىتا چىقىرىشقا، ئەيىپلەشكە، شەرمەندىلىك قىلىپ كۆرسىتىشكە ۋە بۇ ئارقىلىق ئۈنىڭدىن مەيدانغا كەلگەن ئۈستۈنلۈكنى ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا ئۇرىنىدۇ.

بۇ بىر خىل مەدەنىي ياكى ئاقىلللارچە ھەسەتخورلۇق بولۇپ، كۆپ ھاللاردا كىشىلەر بۇنى سېزىۋالالمايدۇ. مەسىلەن: مەلۇم بىر ئادەم بىر ياخشى ئۆي سالدى، ئۇنىڭ بۇ ئۆيى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگەن بولسا كۆپچىلىكنىڭ رايىغا، كونكرېت پاكىتقا(ياخشى ئىكەنلىكى ئەمەلىيەت بولغان نەرسىگە) توغرىدىن توغرا قارشى مەيدان تۇتۇش بىلەن چاندۇرۇپ قويىدىغان دۆتلۈكنى —كونا ئۇسلۇبتىكى ھەسەتخورلۇقنى قىلماستىن، ھەۋەس قوزغاۋاتقان ئاساسنى ئەھمىيەتسىزگە چىقىرىۋېتىش ئۇرۇنۇشىدا بولىدۇ: ”ئاپىرىن، ئاپىرىن! ئۆي قالتىس سېلىنىغان،... ئەمما،... يېقىندا بۇ يەرگە يول چۈشۈپ چېقىپ تاشلىنىدۇ - دە، قىلغان ئەجرى بىر تىيىن، بىكار ئاۋارىچىلىق...“ دېگەندەك ئۇسلۇپتا يوقىتا چىقىرىدۇ. خۇددى شۇنداق، بەزىلەر ئىنقىلاپنى ۋە ئىنقىلاپچىلارنى ئەيىپلەشتە ”سەن خاتا قىلدىڭ“ دېسە ئەيىپ بولىدىغان بولغاچقا، ئۆزى قاتنىشىپ بۇ جەھەتتىمۇ ”بىرىنچى“ بولالمىغان بۇ ئىنقىلاپنى ئەخمىقانىلىق بىلەن قىلىنغان ھەركەت دەپ ئىسپات قىلىشقا، ئۆزىنىڭ ئادەتتە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ”ۋەتەنپەرۋەرلىك“نىڭ يالغان، ”ئېغىز ۋەتەنپەرۋەرلىكى“ ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قېلىۋاتقان بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنىڭ ”ئەقىلللىق“لىقى تۈپەيلى بۇنداق قاملاشمىغان ئىشقا ”بىلىپ“ قاتناشمىغانلىقى ۋە قاتناشمايدىغانلىقى

توغرىسىدا، ئەگەر ئۇ بۇنداق ئىشنى قىپ قالىدىغان بولسا چوقۇم ئىنتايىن پۇختا، ئەقىللىقچە قىلىدىغانلىقى، توغرىسىدا باشنى ئايلاندۇرغىدەك كۆپ سۆزلەش بىلەن، ئۆزىنىڭ يەنىلا ۋەتەنپەۋەرلىكى... نى ئىسپات قىلىشقا ئۇرىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرىگە كۆرە بۇ ئىشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەن بولۇپ (ۋاقتى كەلگەن بولسا بىز قاتناشمايتۇقمۇ، دېگەننى راست قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق سەپسەتە مەيدانغا كەلتۈرىلىۋاتىدۇ!)، ھازىرقى شارائىتتا دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىمەن دېيىش خۇددى قىش پەسلىدە قوغۇن پىشۇرىمەن دېگەندەك بىمەنىلىك ئىكەن! ۋاقتى كەلگەندە بۇ ئىش "كۈزدە قوغۇن پىشقاندەك"لا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولار ئىكەن! ۋاقتى كەلمەستىن قىلىنغان ئىش ھامان ئەنە شۇنداق مەغلۇبىيەت بىلەن تاماملىنارمىش! راستىنلا ۋاقتى كەلمىگەندىمۇ؟ قانداق بولسا ۋاقتى كەلگەن بولاتتى؟ بۇلارغا جاۋابىمىزنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن بايان قىلىمىز:

دىنىي ئەقىدە بويىچە: بىر مۇسۇلمان ۋەتىنىگە كاپىرلار ئاياق باسقان مىنۇتتىن باشلاپ، ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش مۇسۇلمانغا جىھاد پەرز بولىدۇ. بۇ شۇنداق تەخىرسىزكى، ئايالالار ئېرىدىن، باللار دادىسىدىن، خىزمەتچىلەر خوجىسىدىن رۇخسەت ئالماستىن ئاتلىنىشى زۆرۈر! بۇ بويىچە بولغاندا ۋاقتى ئىككى ئەسىردىن بېرى كېچىكمەكتە!

ھەربىي ئىلىم بويىچە: بىز كۈچسىز، دۈشمەن كۈچلۈك ئەھۋالدا ئۇنى تېخىمۇ كۈچىيىۋېلىش، ۋەتىنىمىزنىڭ تاغ- دەريالىرىنى ئۆز يۇرتىدەك بىلىۋېلىش، يەرلىشىش، ئاجىز ھالقىلىرىمىزنى تېخىمۇ تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، مىدىرلاش ئىمكانىيىتىمىزنى قويماسلىق شارائىتىنى ھازىرلىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن، دۈشمەن ئاياق باسقان كۈنىدىن باشلاپلا ئۇنى خاتىرجەم قىلماسلىق كېرەك. بۇ ھالدىمۇ ئىككى ئەسىردىن بېرى كېچىكمەكتىمىز! دۈشمەن بۈگۈن كۈچلۈك ئىكەن، بىز ئاجىز ئىكەنمىز، ئۇ ھالدا ئەتىچۇ؟ بىزگە كېلىدىغان ياردەم بارمۇ؟ يوق! ئەتە ئىككى تەرەپ قارىمۇ- قارشى يۆنۈلۈشتە ئىلگىرىلەيدۇ: دۈشمەن تېخىمۇ كۈچىيىدۇ،

بىز تېخىمۇ ئاجىزلايمىز! ئۇ هالدا ئەتىنى كۈتۈش هەرگىزمۇ ئاقىلانىلىق ئەمەس! بۈگۈن هەركەتنى باشلاش پايدىلىق!

سىياسىي بويىچە: دۈشمەن ئىچكىرىلەپ كىرگەندىن كېيىن بىزنى پارچىلاش، دىققىتىمىزنى چالغىتىش،... قاتارلىق تاكتىكىلار ئۈچۈن پۇرسەت ۋە تەجرىبە مەيدانىغا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۈشمەن ئاياق باسقان مىنۇتتىن باشلاپ قارشىلىق قىلىش كېرەك ئىدى، بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ ئىككى ئەسىر كېچىكتۇق. بولغۇلۇق بولۇپ، شۇ كەمگە كەپتۇق، ئەمدى پايدىلىق پۇرسەتنى كۈتمىسەك بىهۇدە قۇربان بېرىشكە ئېلىپ بارىدۇ، دېگۈچىلەرگە جاۋاپ شۇكى، كۈتۈش بىلەن، هېچ ئىش قىلماي هايۋانلارچە ئۆز نەپسىمىز بىلەن بولۇپ ئۆلسەك تېخىمۇ بىهۇدە بولماسمۇ؟ خىتايلار كۈندىن-كۈنگە كۆچىيىپ، خەلقئارادا تەسىرى ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ هالدا سىز دېگەن هېلىقى پايدىلىق پۇرسەت كەلگىچە مىللەتنىڭ هالى نېمە بولار؟ تۆمۈر يوللار قوش رېلىسلىق بولغاندىن تاشقىرى، ئۆمۈچۈك تورىسىمان باغلىنىپ كېتىشنى، هەر بىرىمىزگە يۈزدىن خىتاي توغرا كېلىشنى كۈتىمىزمۇ؟ ”ئىراقتىن تىرياق[1] ئېلىپ كەلگىچە يىلان چاققان ئادەم ئۆلۈپ بولغاندەك“[2] ئەقىللىقلەرنىڭ دېگەن ”ۋاقتى“ كەلگىچە خىتايلارنىڭ ئاسسىمىلاتسىيە پىلانى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولغان بولىدۇ!

”ئەقىللىق“ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تائىپىسى نەق مۇناپىقلاردۇر. دۈشمەن ”قۇلاق“لىرىدۇر. ئۇلار ”ئەقىل“نى ئىشلىتىپ، ”ئۇيغۇرنىڭ ئىشىدا هېچ ئۈمىد يوق، ئۈمىد بولمىغان ئىشقا ئۇپرىنىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەقلىي كۈچ، پۇل ۋە جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلغاندىن كۆرە، بەرىبىر تۈگەيدىغان بۇ مىللەتنى بۈگۈن مۇشۇنچىلىك پۇلغا ياراۋاتقان پۇرسەتتە ئانچە- مۇنچە سېتىپ پۇل قىلسام دەمالى مەن بولسامۇ دۈشمەندىن نەپ ئالغان بولمامدىمەن“ دەپ چوت سوقۇشىدۇ -دە، سېتىشنى باشلايدۇ. تارىختىكى مۇناپىقلارمۇ

---

[1] تىرياق ـــ بىرخىل زەهەر قايتۇرغۇچى دورا — ”گۈلىستان“نىڭ ئىزاهى.
[2] شەيخ سەئىدىنىڭ ”گۈلىستان“ ناملىق كىتابىدىن ـــ ئا.

شۇنداق ئويلاشقان، بۈگۈنكىلىرىمۇ شۇ! ئەمما، خۇداغا شۈكرىلەركى، مىللەت ھالا يوقالغىنى يوق، نەچچە ئەۋلاد مۇناپىقنى ئوخشاشلا باي قىلىپ كەلمەكتە! يەنە قاچانغىچە، قانچىلىك مۇناپىقنى باي قىلىدۇ، تېخى!

1999- يىلى، فىۋرال، تاشكەنت. 2001 – يىلى، ئىستانبۇل.

# مۇناپىقلارنى قانداق تونۇش كېرەك؟

شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەيلى ۋەتەن ئىچىدە، مەيلى چەتئەللەردە بولمايلى، مەلۇم ئادەملەرنى ”مۇناپىق“، ”خىتاي جاسۇسى“، ”قۇلاق“، ”خائىن“،... دەپ يۈرىمىز. گويا بۇ ئادەملەر راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالغان تەقدىردە ئۇلارنى ئۆلتۈرىۋېتىدىغاندەك بىر خىل قىزغىنلىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما ئۇلارغا نەپرەت بىلدۈرۈش، ئۇلاردىن ئادا- جۇدا بولۇش، سالام- سائەت قىلماسلىق،... قىسقىسى، نەپرىتىمىزنى بىر خىل ”گەندىچە“ تىنچ ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشنىڭ ئەڭ ئاسان، ئەڭ ئەرزان، ئەڭ بىخەتەر تۈرىنى بولسىمۇ قىلالايلى، دەپ تەرغىب قىلىنغاندا بولسا، بىردىنلا يېلىمىز چىقىپ، ”راست مۇناپىقمۇ، ئەمەسمۇ، خۇدا بىلىدۇ. پاكىتىمىز بولمىغاندىكىن...“ دەپ تىل چايناشقا باشلايمىز. پاكىت — جىسمانىي جەھەتتىكى جازانىڭ تەقەززاسى. خاتا بولۇپ قېلىپ ئۇۋالىغا قالماسلىق ئۈچۈن پاكىت تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن، بىز پاكىت بولغان تەقدىردىمۇ بىر مۇناپىقنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلالمايمىز (قىلساققۇ بولاتتى، ئەمما جۈرئىتىمىز يوق. مەيلى ئاشكارە، مەيلى يوشۇرۇن ئىمكانىمىزمۇ يوق). ئۇنداق ئىكەن، مۇناپىقلارغا نەپرەت بىلدۈرۈش تەشەببۇسىنىڭ كۆزدە تۇتقىنى بىر خىل مەنەۋىي كەيپىيات — دۈشمەنگە ئىشلىگۈچىلەرگە قارىتا ئۆتكۈر نەپرەت كەيپىياتى يارىتىشتۇر (ئەگەر بىزنىڭ قولىمىزدىن دۈشمەنگە قارشى بىرەر ئىش كېلىدۇ، دېيىلسە مۇشۇ كېلىدۇ).

ئۇنداق ئىكەن، بىر ئادەمنىڭ راست مۇناپىقمۇ، ئەمەسمۇ (بۇ تەرىپىنى ئاللاھ بىلەن ئۆزى بىلىدۇ)، ئۇنىڭدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئادەم كۆپنىڭ نەزىرىدە

مۇناپىق، جاسۇس، غالچا دەپ تونۇلغان ئىكەن، ئۇنى مەنەۋىي جەھەتتىن جازالاش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. خاتاسىدىن قەتئىينەزەر بۇ بىزنىڭ دۈشمەنگە ۋە دۈشمەن غالچىلىرىغا مادارا قىلمايدىغانلىقىمىزنى، نەپرەتلىنىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭ مەنەۋىي ئەھمىيىتى ھەرگىز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ، ئەۋلادلارغا بېرىدىغان پىسخىك تەسىرى، ساۋاق ئېلىشى كۆزدە تۇتۇلغانلارغا بېرىدىغان مەنەۋىي تەسىرى تامامەن ئوخشاش. بۇ خۇددى ھەجدە شەيتانغا تاش ئاتقانغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەرگە تىكلەپ قويۇلغىنى تاش، پەقەت شەيتاننىڭ سىمۋوللۇق ۋەكىلى، بىز ئۇنىڭغا تاش ئېتىش ئارقىلىق شەيتاندىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەيمىز.

بىزنىڭ ”ياخشى ئادەم“لىرىمىز مۇناپىقلارنى، جاسۇسلارنى تاكى خىتاي ساقچى ئىدارىسىغا مەلۇمات ئېلىپ ماڭغان ۋاقتىدا ”مېلى بىلەن“ تۇتۇۋالمىغىچە ياكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ جاسۇسلۇق بۆلۈمىدە دوكلاد بېرىۋاتقان يېرىگە ”ئۈستىدىن چۈشۈپ“ تۇتۇۋالمىغىچە ئۇلارنى ئالامەتلىرىگە قاراپ جاسۇس دېمەيدىغاندەك قىلىدۇ. پاكىت مەسىلىسىنى سۈرۈشتە قىلىشقا ھازىر بىزنىڭ ھېچقانداق ئىمكانىيىتىمىز يوق!

مۇناپىقلار، جاسۇسلار ھەققىدىكى پاكىتلار توغرىسىدا شۇنى بىلىش كېرەككى، بىزگە بۇنداق پاكىت پەقەت شەرقىي تۈركىستان شەھەرلىرىدىن بىرەرىنى دۈشمەن قولىدىن تارتىۋالساق (شۇنداقتىمۇ زەربىمىز تۇيۇقسىز بولۇپ، قىسقا مۇددەتلىك ئۇرۇش نەتىجىسىدە تارتىۋالساق)، شۇ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئارخىپلىرىنى دۈشمەن ئېلىپ قاچالمىغان ياكى كۆيدۈرۈۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن بولسا شۇ شەھەر تەۋەسىدىكى جاسۇسلارغا ئائىت پاكىت شۇ يەردىن تېپىلىدۇ؛ بولمىسا خىتاي ساقچى ئىدارىسىدا جاسۇسلۇق بۆلۈمىدە ئىشلەيدىغان مىللىي ساقچىلاردىن بىرەرسى ھەقىقەتكە قايتىپ، قولىدىكى جاسۇس ئارخىپلىرىنى ئاشكارىلىۋەتسە پاكىتقا ئېرىشىمىز. ئۇندىن باشقا ئەھۋالدا رازۋېدكا ئىلمىدىكى ”ئەقلىي يەكۈن“ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىمىز. يەنى، شۇ كىشىنىڭ ئەھۋاللىرى مۇناپىق ياكى جاسۇسلۇققا يېقىن بولسا تامام، بۇ بىزنىڭ ھازىرچە ئاساسىمىزدۇر.

بىزنىڭ جاسۇسلۇق ھەققىدىكى سەۋىيەمىزنىڭ نۆلگە يېقىن بولىشى تۈپەيلى خىتايلار ئارىمىزدىكى پايلاقچى، ئايغاقچىلىرىنى نىقاپلاش، پەردازلاپ كۆرستىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ كەتمىسىمۇ، چىقىم تارتىپ يۈرمىسىمۇ بولغىدەك. چۈنكى بىز بۇ ئىشقا شۇنداق ئاددىي قارايمىزكى، بىر ئايغاقچى ناماز ئوقۇسىلا بولدى، بىز ئۇنى ئىمانى كامىل مۆمىن دەپ باھالايمىز؛ ئۇن تەڭگە ئىئانە قىلسىلا بولدى، بىز ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر باي، دەپ ماختايمىز؛ بىرەر نامايىشقا قاتناشقان(چەتئەللەردە) ياكى ئادەم يىغىلغان سورۇنلاردا دىن، ۋەتەن، مىللەت تېمىلىرىدا ”ۋىجدانى بىلەن“ بىرنەچچە كەلىمە قايناپ سۆزلىگەن بولسىلا بىز ئۇنى ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلاپچى ھېساپلايمىز. بۇنداق ئاسان گول بولىدىغان خەلققە قارشى خىتاي جاسۇسلۇق سىستېمىسى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلىپ ئولتۇرمىسا كېرەك!

ئەنە شۇنداق بىخۇد ۋە ھاڭۋاقتىلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بەزى تۇخۇمى بۇزۇق ئادەملەر، مۇناپىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاشكارە يوسۇندا خىتاي غالچىلىرىغا، ئايغاقچىلارغا، مۇناپىقلارغا چاپان ياپسىمۇ كۆڭلىمىزگە شەك كەلمەيدۇ. ئىنسان پىسخىكىسىنىڭ يوشۇرۇن قاتلاملىرى — ”يوشۇرۇن ئاڭ“ ھەققىدە كۆپ توختالدۇق، مىللىي ئاجىزلىقلىرىمىزنى مۇشۇ ئۇسۇلدا تەھلىل قىلدۇق، يەنە بىر قىزىق ئەھۋال بار، ئۇمۇ ئەنە شۇ ”يوشۇرۇن ئاڭ“غا مۇناسىۋەتلىك:

ھەدىسى پاھىشە بولۇپ كەتكەن بىرسىنىڭ يېنىدا پاھىشىلەرنى ئەيىپلىسە، ئۇ بىر ئامالالار بىلەن پاھىشىلەرنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپات قىلىش ئۈرۈنۈشىدا بولىدۇ، باشقا بىر «ھەقىقىي ئەيپكار» (ياكى «ئەسلى ئەيپكار»)نى كۆرستىش ئارقىلىق، ئوبېكتنى ئازاد قىلىشقا ئۈرىنىدۇ. بۇنداق ئۈرۈنۈشلار ئىختىياردىن تاشقىرى بىرخىل ئىنكاس بولۇپ، بۇنى ”خاپىلىقنى ئوپچىلاشتۇرۇش ياكى خاپىلىقنى سۇسلاشتۇرۇش“ دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇنداق ”سۇسلاشتۇرۇش“ ئارقىلىق يېنىكلەتمەكچى بولىۋاتقىنى سۆزى بولىۋاتقان پاھىشىلار ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەدىسىدۇر. نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ خۇرجۇن يۈتتۈرىۋەتكەن گۇناھىنى خوتۇنى ئالدىدا ”سۇس“راق

كۆرسىتىش ئۇچۇن توقۇپ چىققان ”بازاردىكى جىمى ئادەم خۇرجۇن يۈتتۈردى“ دېگىنى ئەمەلىيەتتە ”خاپىلىقنى ئۇپچىلاشتۇرۇش“، ”گۇناھنى سۇسلاشتۇرۇش“ ئويۇنى بولۇپ، خەقنىڭ خۇرجۇنى نېمە بولىشى موھىم ئەمەس، موھىمى ئۆزىنىڭ گۇناھىنى ”كىچىكلەشتۇرۇش“ ئۇرۇنىشىدۇر.

مانا شۇنداق، پاھىشىلار ھەققىدىكى دەھشەتلىك ئەيىپلەشلەرنى سەل- پەل پەسكارىغا چۈشۈرۈش، ئۇنىڭ ئەيىبىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىدىغانغا ئىجتىمائى تۈزۈلمىدىن سەۋەپ ئاختۇرۇپ باھانە ئىزدەشلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇنىڭ كەڭ قوساقلىقى، پاھىشىلارغا ئېچىنىشى ئىپادىلەنمەيدۇ، ئەكسىچە پۈتۈن ئۇرۇنۇشتىن مەخسەت ئۆزىنىڭ ھەدىسىنى ئاقلاش، گۇناھىنى كىچىك كۆرسىتىش ئۇرۇنىشىدۇر. يەنە مەسىلەن: خوتۇن- قىزلىرى يېرىم يالىڭاچ يۈرىدىغان بىرسى تەبىئىي ھالدا ھىجاپ توغرىسىدىكى گەپنىڭ بېلىگە تېپىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭ تەتۈرسىچە بىر پەتىۋانىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە شۇ ھۆكۈمنىڭ جەمىيەتتە كۈچكە ئىگە بولىشىغا ئارزۇمەند بولىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ دىنىي چۈشەنچىسىدىكى مۇجىمەللىك، تازا تولۇق چۈشىنەلمەسلىك ياكى غەرپلەشكەن ”ئىلغارلىق“ى تۈپەيلىدىن تاللىغان كۆز قارىشىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى خوتۇن- قىزلىرىنىڭ يۈرۈش- تۇرۇشى ئەيپلەنمەيدىغان ئىجتىمائى تەرتىپكە بولغان ئىختىيارسىز ئىنتىلىشىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

خۇددى شۇنداق، مۇناپىقنىڭ ئەۋلادلىرى، ئۆزلىرىدە مۇناپىقلىق بولغانلار ئىختىيارسىز يوسۇندا مۇناپىقلارنى ئاقلاپ كېتىدۇ. سۆزى بولىۋاتقان مۇناپىقنىڭ ”مۇناپىق“ دېيىلىشىدىكى سەۋەپلەرنى يېتەرلىك دەپ قارىغىلى ئۇنىمايدۇ، مۇناپىقلىقنىڭ شەرتلىرىنى چوڭراق قىلىشقا ئۇرىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ياكى مۇناپىق دادىلىرى، دوستلىرى،... نىڭ شەرتى مۇناپىقلىققا توشمايدىغان بولىشىنى، ”كىچىك، ئەرزىمىگەن گۇناھلار“ بولۇپ قېلىشىنى ئاڭسىز يوسۇندا ئارزۇ قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ”يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئىقرارى“دۇر!

باشقا دۆلەتلەرنىڭ پاسپورتى بىلەن، ھەتتا ئىقامىتى بىلەن پات- پات

ۋەتەنگە بارىدىغانلار كىشىنى ئويغا سالىدۇ. ھېچقانداق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشمىغان ئادەملەرنىمۇ ”سۆھبەت“كە مەجبۇر قىلىدىغان خىتايلار بۇنداق كۆپ قاتنايدىغانلاردىن پايدىلانماي قالارمۇ؟ بىز خىتايلارنىڭ قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمىسەك ئىدى! تېخىمۇ ئادەمنى ئويغا سالىدىغىنى، بەزى ئادەملەر سىياسىي پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ھەممىسىدە بار، كىتاپلاردا، گېزىت- ژۇرناللاردا ”مۇبارەك ئىسمى- شەرىپى“ كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ، ھەتتا تەشكىلاتلاردا رەھبىرىي ئورۇندا كۆزىكىدۇ. ئەمما ئۇلار دەخلىسىز بېرىپ كېلەلەيدۇ. ھېچ تەھدىتكىمۇ ئۇچرىمايدۇ، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بەلكىم بەزىلەر ”ئۇلارنىڭ چەتئەل پاسپورتى ياكى چەتئەل ئىقامىتى بولغانلىقىدىن خىتايلار قول سېلىشقا پېتىنالمىغان“ دېمەكچى بولار.

سەئۇدىي ئەرەبىستانىدا بىر يوقۇرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ئەمەلدار بولغان، ئىسمى مۇھەممەد شاھ، بۇ كىشىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئۆزلىرىچە خەۋپ ھىس قىلغان خىتايلار ۋەتەنگە بارغاندا ئۇنى ئاستا تەسىر قىلىدىغان زەھەر بىلەن زەھەرلىگەن، بىر زامان ئۆتكەندە زەھەر تەسىرىدىن ئاغرىغان بۇ ئادەم ئامېرىكىغا داۋالىنىشقا بارغان. ئۇ يەردە دەل مۇشۇ دىئاگنوز قويۇلغان ۋە زەھەر قايتۇرۇشنىڭ زامانى ئۆتكەنلىكى، داۋالاش ئىمكانلىرىنىڭمۇ يوقلىقىنى ئېيتىپ، قايتىپ كېتىشكە ئۈندىگەن. ئۇ قايتىپ كېلىپ كۆپ ئۆتمەي ۋاپات بولغان. پروففسسور ئەنۋەر بايتۇر ئەنقەرەدە خىتاي ئەلچىخانىسىغا چاقىرتىلغان، ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ ئۆيىنىڭ بالكۇنىدىن ”چۈشۈپ“ كەتكەن! 1963- يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ك گ ب سىياسىي ئىھتىياج تۈپەيلى ئامېرىكىلىق پروففسسور فىرىدىرىھ بارگخورننى ”جاسۇس“ دېگەن بۆھتان بىلەن تۇتقۇن قىلدى. بۇ ئامېرىكىلىق يالە ئۇنۇۋېرسىتېتىدا سىياسىي بىلىملەر مۇتەخەسسىسى ئىدى. 2- دۇنيا ئۇرۇشى دەۋرىدە موسكۋادىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىدا ئىشلىگەن، كېيىن گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدە بولغان. ئامېرىكا باشقانى كىننېدىنىڭ دوستى ئىدى. دېمەك كوممۇنىستلار بىشەم بولغاچقا زۆرۈر تېپىلسا ھېچنېمىدىن يانمايدۇ. ... خرۇششېۋ تەختتىن چۈشۈشكە يېقىن (1964- يىلى) موسكۋادىكى غەربىي

گېرمانىيە ئەلچىخانىسىغا ك گ ب نىڭ مەخپىي ئاگېنتى ئاغلاش ئۇسكۇنىلىرىنى تازىلىۋېتىشكە ئەۋەتىلگەن تېخنىك سچۇېرگمان موسكۋا ئەتراپلىرىدا سەيلى قىلىۋاتقاندا نىتراتلىق هاردال گازى ئاتىدىغان قورال بىلەن ئېتىلغان (بۇ خىمىيىۋي ماددا گۆشنى چىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە)، بۇمۇ كوممۇنىستلارنىڭ ئۆزىگە دۈشمەن هېساپلىغان ئادەملەرنى چەتئەللىكىدى، دىپلومات ئىدى، چوڭىدى، كىچىكىدى، دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا بىر مىسال. خىتايلارنىڭ كېيىنكى زاماندا تۈركىيە پۇخرالىرىنى تۇتقۇن قىلىپ، «ۋەدەنامە» يازدۇرۇشلىرىغا دائىر مىساللارنى دېمىسەكمۇ ھەممىگە مەلۇم.

دېمەك، بىزنىڭ هازىرقى زىكرى كېچىۋاتقان ئەپەندىلىرىمىز ئۇلاردىنمۇ يوغان ئەمەستۇر؟ بۇ مىساللار چەتئەل پاسپورتى تۇپەيلى خىتايلار ئۆزلىرىگە قارشى بىر ئادەمگە تېگەلمەيدۇ، دېگۈچىلەرگە كىپايە قىلار دەپ ئويلايمەن. بۇندىن باشقا "قاتناش ۋاقەسى"، "ئۇقۇشماسلىقتىن" كوچىدا لۈكچەكلەرنىڭ ئۇرۇپ قويىشى تۇپەيلىدىنمۇ "بەختسىزلىك" يۈزبەرمەي قالارمۇ؟ سىياسىدا ئويۇن ئازمۇ!؟

ئەمدى، "بۇ ئادەملەرنى ئانچە خەتىرى يوق، ئەرزىمەس ئادەملەر هېساپلاپ (كىچىك كۆرۈپ) چېقىلمايۋاتسا كېرەك" دېگۈچىلەر بولسا، بۇنداق ئەپەندىلەرنىڭ دىققىتىگە شۇلارنى هاۋالە قىلىمىز: 11 ـــ 12 ياشلىق باللار مەكتەپتىن يانغىچە خىتاي باللىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، تاش ئېتىشىپتۇ، ئاردا بىرىنىڭ تېشى بىر خىتاي بالىسىنىڭ بېشىغا تېگىپ قانىتىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن "بۇنىڭ ناهايىتى زور سىياسىي ئارقا كۆرۈنىشى بار" دەپ هېساپلىغان خىتايلار بالىنى تۈرمىگە قاماپ، قورقۇتۇپ سوراق قىلىپ، پەردە ئارقىسىدىكى "ئۈگەتكۈچى"نى تاپماقچى بولۇپتۇ. بۇ شەرقىي تۈركىستاندا ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدىغان ۋاقەلەرنىڭ ئاددىيلا بىرسى. ئەنە شۇ كىچىك باللارنىڭ تاش ئېتىشنى كىچىك كۆرمىگەن كۆزى كىچىك خىتايلارنىڭ، زىيدى پەست كوممۇنىستلارنىڭ خۇي- پەيلىنى بىلىدىغانلىقىمىزنىلا ئېيتىپ ئۆتسەك يېتەرلىك بولسا كېرەك. ئۇ هالدا جاڭ زېمىن ئاۋۇلارنىڭ يېزىنسى بولغان تەقدىردىمۇ سىياسىي ئىشقا سالا

يېمەيدىغان كوممۇنىستلارنىڭ بۇنىڭغا سەل قارىمايدىغانلىقى چۈشىنىشلىك بولار.

يەنە بەزى موھىم ”رەھبەرلەر“ بارىكەن، ئۇلارنىڭ بىر تۇققان قېرىنداشلىرى خىتايغا ئىشلەيدىغان غالچا، جاسۇس ئىكەنۇ، ئۆزلىرى ”بىزنى ئازاد قىلىدىغان“ قوشۇندا ”لەشكەر بېشى“كەن! مەسخىرىلىك ئەمەسمىدۇر؟! بەزى ”داھى“لار ”ئىنقىلابى تەشكىلات“نى قۇرۇپلا ئارقىدىن خىتايغا، شەرقىي تۈركىستانغا بىمالال بېرىپ ”چۆگىلەپ“ كېلىدىكەن! تەشكىلاتلار، ”ۋەتەنپەرۋەر ئاممە“ بۇلارنى ھېچ ئىلغا قىلىپ ئولتۇرمايدىكەن. چۈنكى سەن گۇمانلىق دېسەڭمۇ، ئۇ ماڭا ياراپ قالغان، ماڭا مەنپەئەتى ئۆتكەن، يۇرتدىشىم ياكى ماڭا ”خوش - خوش“ دەپ ئىناۋەتىمنى قىلىدىغان يېقىنىم بولغاچقا مەن بۇ ”ياخشى مىجەز“ ”ئاقكۆڭۈل“ ئادەمنى ياخشى كۆرۈۋېرىدىكەنمەن! ھېچ بولمىسا ئۇنى جاسۇس دېيىشتە ئەڭ قاتتىق تۇرغۇچىلاردىن بىرى ماڭا ياقمايدىغان بىرسى بولغاچقىلا، ئۇنىڭ زىتىغا مەن ئۇ يامان دېگەن ئادەمنى ياخشى دەپ تۇرىۋالىدىغان گەپكەن! ئەنە شۇنداق قىلىپ شەخسىي مۇناسىۋەتلەر سىياسىي چەك- چېگرىمىزنىمۇ بۇزۇپ تاشلايدىغان گەپكەن! بۇ قانداق ئىستىل؟ قانداق مىللىي تۇيغۇ؟ مۇشۇنداق ”پوقى بىلەن بۇلمىقى ئارىلىشىپ كەتكەن“ تەشكىلاتلار بىلەن بىزنىڭ ”ئىش“ىمىزدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولارمۇ؟

بىر قېتىم تۈركىيىگە بېرىپ كەلگەن ئادەمنىڭ پاسپورتىنى تارتىۋالىدىغان خىتايلار چەتئەل ئىقامىتىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ ئىقامىتىدىن ”قورقۇپ كېتەمدىكىن“، ئۇلارغا گەپ قىلمايدىكەن. ئۇلار پات- پات بېرىپ- كېلىپ تۇرىدىكەن. چەتئەلدە بولسا ئىنقىلاپلارغا — خىتايغا قارشى تەشۋىقاتلارغا بىۋاستە ئارىلىشىپ تۇرىدىكەن. بەزى چەتئەل تەۋەسىدىكىلەر ۋەتەنگە بارسا ئۇلارنىڭ سودا- تىجارەت ئىشلىرى، مەبلەغ سېلىش شارائىتلىرى بەك ئېقىشقا كىرىپ كېتىدىكەن، بەزىلەر ھەتتا پىرىنسىپقا چۈشمەيدىغانلا ئىلتىپاتلارغىمۇ ئېرىشىپ قالىدىكەن! جاڭ زېمىن ئۇلارنىڭمۇ يېزنىسىمىدۇر؟

ئىلگىرى بىر مەھەل ئىنقىلاپنىڭ ئالدىنقى سېپىدە پالاقلىغان، نامايىشلاردا تەشكىلاتچىلىق قىلىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەن، خىتاينىڭ بايرىقىنى كۆيدۈرۈشتە پىداكارلىق قىلغانلار بىر زامان ئۆتكەندە قارايسەنكى، خىتايغا خۇددى «قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك» قاتنايدىغان، خىتاي كونسۇلخانىسى بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق مۇناسىۋىتىغا ئىگە ئادەمگە ئايلىنىدىكەن؛ ھەتتا شۇنداق بولغاچمىكىن، خىتايلار ئۇنداقلارنىڭ كۆزىگىمۇ ئىسسىق كۆرۈنىشكە باشلاپ، «خىتاي» دەپ ئاتىغۇچىلارغا «نەسىھەت» قىلىپ ئاغزى قۇرۇپ كېتىدىغان، ھېچ نومۇس قىلماستىن: «خىتاي دېسەڭلار بىزنىڭ ئاچچىغىمىز كېلىدۇ، ئۇنداق دېمەڭلار، نېمىشكە ئۇنداق دەيسىلەر؟ خەنزۇ دېسەڭلار بولمامدۇ؟...» دەيدىغان دەرىجىگە يېتىپ بارىدىكەن؛ ئەمما شۇ ھالدىمۇ ھېچكىم ئۇنى مۇناپىق دېيىشكە ئۇنىمايدىكەن! بىزگە يەنە قانداق شەرت لازىم ئىدى؟ بۇ خۇددى «كۆزىگە زەدىۋال تارتىۋالغان» دېگەندەك، كورلۇق ئەمەسمۇ؟ چەتئەللەردە ھەممە پۇل بىلەن ئۆلچەنگەچكە مانا شۇنداق بولىدىغان گەپكەن! مۇناپىقلار پۇلنىڭ سايىسىدە ھۆرمەتلىك شەخس بولۇپ، جامائەت ئىچىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىۋېرىدىكەن!

چەتئەلدىكى تەشكىلاتلارنى ئاساسەن مۇناپىق ۋە جاسۇسلارنىڭ ئۆۋىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادىكىلەر ئىككى يۈزلۈك جاسۇس بولۇپ، ئىمپېرىيە پارچىلانغاندىن كېيىن خىتاي تەرىپىدىن سېتىۋېلىنغان ك گ ب جاسۇسلىرى — ئىككى يۈزلۈك جاسۇسلار ھەم ك گ ب غا ئىشلەيدۇ. ك گ ب بولسا قەرەللىك ھالدا ”دۆلەت ئېھتىياجى“ ئۈچۈن خىتايغا كېرەكلىك ئاخباراتلارنى سېتىپ بېرىدۇ.

مەسىلەن: چىڭراق نەپەس ئالغىلىمۇ بولمايدىغان ئۆزبەكىستاندىن چەتئەلدە ئېچىلغان قۇرۇلتايلارغا ۋەكىل بېرىشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامسىمۇ، لېكىن بارىدۇ. جەزمەنكى ھۆكۈمەتنىڭ شەرتلىك رۇخسىتى بارلىقى ئېنىق. يەنە بۇنداق دېيىشىمىزدە ھەر قانداق بىر ئۇيغۇر باشقا سەۋەپلەر بىلەن تۇتۇلۇپ قالسىمۇ ”ئاراڭلاردا شەرقىي تۈركىستانچىلار بارمۇ؟

كۆرسىتىپ بەر. سىياسى قاچاقلار بارمۇ- يوق...“ دەپ كۆزىگە كىرىۋالىدىغان ئۆزبېكىستان ساقچى تەرەپ ئەجەبا ھېلىقى ۋەكىللەرنى بىلمەمدىغاندۇ؟ تېلېفۇنلار مەخپىي ئاڭلاشتىن ئۆتىدۇ، فاكسلاردىن بىر نۇسقىسى ساقچى ئىدارىسىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بازىرىنى چارلاپ ”كىتاپ ئوقۇيدىغانلار بارمۇ- يوق؟ گېزىت ئوقۇيدىغانلار بارمۇ- يوق؟“ دەپ تەقىپ قىلىدۇ. يەرلىك ئۇيغۇرلارنىڭ يۈرەكلىرى پەقەتلا تۇگىگەن ھالدا، ئادەتتىكى گەپلەرنى قىلىش ئۈچۈنمۇ ئالدى - كەينىگە نەچچە قارايدۇ. ”ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى“ گە سايلانغان بىرى ئاز ئۆتمەيلا ئەتكەسچىلىكتە ئەيىپلىنىپ قامالدى. باشقا شەكلەن مىللىي قۇرۇلۇشلارغا سايلانغان ئۇيغۇر ”داھى“لار دەرھال ك گ ب غا تەكلىپ قىلىنىدىغان ئۆزبېكىستاندىن چەتئەلگە ۋەكىل بېرىپ شەرقىي تۈركىستان يىغىنلىرىغا ئىشتىراك قىلسا بۇنى قانداق چۈشىنىش، قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ ... چەتئەلدىكى تەشكىلاتلاردا جاسۇس، مۇناپىق بولمىغان پاك ئادەملەر بار دېيىلسە ئۇلار پەقەت شۆھرەتپەرەست ئەخمەقلەر، ئاددىي كاللا، مېڭە فونكسىيىسى ئاستا ئىنكاسلىق بىچارىلاردۇر، خالاس!

”شۇنچە كۆپ ئادەم جاسۇس بولارمۇ؟“ دېگۈچىلەرگە شۇلارنى ھاۋالە قىلىمىز: خىتاي ئۇنچە كۆپ ئادەمنى مائاشلىق جاسۇس قىلىۋالمايدۇ، پەقەت ئازراق قولايلىق بېرىش، بىرەر ئىلتىماسىنى ئورۇنداپ قويۇش، ھېچ بىر تىجارەت، ئاشكارە كىرىم مەنبەسى بولمىغانلارغا ئازراق پۇل بېرىش بىلەن ئۇلارنى ئىشقا سالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قەرەللىك مەلۇمات يوللاپ تۇرۇش مەجبۇرىيىتى ئالغان جاسۇسمۇ ئەمەس، پەقەت خىتاينىڭ ئالدىغا بىر ئىش بىلەن بارغاندا ياكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا خىتايلارنىڭ چاقىرتىشى بىلەن گەپ سورىلىشى ۋە بىر- ئىككى ئېغىز تاپشۇرۇق بېرىپ قويۇلىشى مۇمكىن. 30- يىللاردا بەزى ناھىيەلەرگە تەۋە ”بەگلىك“(يېرىم ناھىيە)لەردە پەقەت بىرلا خىتاي بولاركەنمىش، بۇ باجگىر خىتاي بولۇپ، پۈتۈن بەگلىكنىڭ خەلقى ئەنە شۇ بىر خىتايغا باج تاپشۇرىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا نە مەمۇر، نە ئەسكەر بولمىغان ئەھۋالدا ئەنە شۇ بىردىن بىر خىتايغا بىر يۇرتنىڭ خەلقى باجلىرىنى ئۆزلىرى ئەكىلىپ بەرگەنلىكىنى ئەسكە ئالساق، بىز شۇ خەلقنىڭ

بۇگۈنكى ئەۋلادى، خىتايلارنى ”ئىككى بارمىقى بىلەن“[1]لا باي قىلغان خەلقنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا خىتايغا ئەرزان ئىشلەۋېرىدىغان، چوڭ ھەق تەلەپلىرىدە بولمايدىغان بولۇشى تەبىئىي.

ئەمدى خىتايلارنىڭ پايلاقچى، ئايغاقچىلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى ھەققىدە ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمىزغا ئاساسەن تەھلىل قىلىپ، ئېرىشىلگەن يەكۈنلىرىمىزنى قىسقىچە بايان قىلىمىز (بۇ ھەقتە مەخسۇس كىتاپ يېزىش نىيىتىمىز بولغاچقا بۇ يەردە ئارتۇق توختالمايمىز). خىتايلارنىڭ پايلاقچى، ئايغاقچىلارنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى خۇددى تىبەتلىكلەر كۆچكەندەك[2] ئۇسۇلدا بولىدىكەن. ھەر بىر ھاجەتمەنگە، ”قەرزدار“غا، ئالدىغا كەلگەنلىكى ھەر بىر ئادەمگە بىر ئېغىزدىن بولسىمۇ تەلەپ قويىدۇ. بۇ يوسۇن ئادەم ناھايىتى كۆپ بولىدىغان بولغاچقا يېرىمى تاپشۇرۇقنى ئورۇندىغان ياكى پايدىلىق ئاخبارات بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۇچۇن يېتىدۇ. مەسىلەن: چەتئەلگە چىقىدىغانلارنىڭ بىر كونترول ھالقىسى ئامانلىق ئىدارىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھەممە ئادەم بېرىشقا مەجبۇر، شۇ چاغدا ئۇلار ھەربىر ئادەمگە (ئەڭ بولمىغاندا) ”قايتىپ كەلگەندە بىز بىلەن كۆرۈش“ دەپ تاپىلايدۇ. بەزىلەردىن بولسا كۆپراق گەپ سورايدۇ، بەزىلەرگە كۆپراق تەلەپ قويىدۇ. ئۇ يەرگە كىرگەن ھەركىم (گۇناھى بولمىسىمۇ) قورقۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار نېمىلا دېسە قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئىشنى پۈتتۈرۈشكە

---

[1] مەرھۇم يازغۇچىمىز زۇنۇن قادىرىنىڭ ”ئىككى بارمىقىم بىلەن“ ناملىق ھېكايىسىدىكى ۋاقە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. باي بولۇپ ۋەتىنىگە قايتىۋاتقان خىتاي ئامبال، ئورنىغا تەيىنلەنگەن يېڭى ئامبالنىڭ: ”شۇنچە كۆپ بايلىقنى قانداق توپلىدىڭ؟“ دېگەن سوئالىغا باشبارمىقى بىلەن بىگىز بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: ”ئىككى بارمىقىم بىلەن“ دېگەنمىش! بۇ دېگىنى ئاخماق ئۇيغۇرلارنىڭ بىرىنى ماختاپ(باشبارماق)، بىرىنى قورقۇتۇپ (بىگىز بارماق) ھەر ئىككىسىدىن پايدا ئېلىۋەردىم دېگىنىكەن ــ ئا.

[2] تىبەتلىكلەر كۆچكەندە مەخسۇس يۈك توشۇغۇچى چوڭ ھايۋانلارنى ــ تۆگە، قوتاز، ئات، ئېشەك، خېچىر قاتارلىقلارنى — ئىشلىتىشكىلا قاراپ تۇرمايدىكەن. يەنى، بۇنداق چوڭ ھايۋانلىرى بولمىسىمۇ ياكى يېتىشمىسىمۇ، پۈتۈن پادىسىغا ــ قوي - قوزا، ئۆچكە - ئوغلاق ھەممىسىگە ئۆزىگە چۇشلۇق يۈك ئارتىپ، ”يېپىككىنە“ كۆچۈۋېرىدىكەن ــ ئا.

تىرىشىدىغان گەپ، باشقا چارىمۇ يوق. قايتىپ بارغاندىن كېيىن خېلى كۆپ ئادەم ”ۋاپاسىزلىق“ قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كۆرۈشكىلى بارمىسىمۇ، بۇ تەرىپى ئانچە قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ، بۇنىڭدىن بىلىنىدۇكى، ئۇلارغا دېيىلگەن ”كۆرۈشۈش“ ”بولسا بولمىسا“ ”مۇنداقلا“ دەپ قويۇلغان گەپ بولۇپ، بۇنىڭدا ئاخىرقى قېتىم بىر قورقۇتۇپ، يۈرىكىنى مۇجۇپ قويۇش، قايتىدىغان يېرىڭ بۇ، ھەددىڭنى بىلىپ يۈر! دېگىنى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مۇناپىق تەبىئەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلىشى ئۈچۈن بىر پۇرسەت، بىشارەتتۇر! چۈنكى، يەنە بىر تۈركۈم ئادەملەر ئەستايىدىللىقىدىن بۇ تاپىلاشنى جەزمەنلىك دەپ قېلىش ياكى قورقۇش، ۋەيا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش نىيىتىدە  چەتئەلدىن قايتىپ كېلىپلا ئۇلار بىلەن ”كۆرۈشكىلى“ بارىدۇ. مانا بۇ خىل ھەممىنى غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن بىر تۈركۈم ئادەملەر دائىمىي ”ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرۇش“ تۈپەيلى ”ئىشەنچىسىز“گە ئايرىلىدۇ. بەزىلەر گاڭسادەك سورىغاننى دېيىشى بىلەن ”ۋاقتلىق پايدىلىنىشقا بولىدىغان“، سىياسىي جەھەتتە ”پاك“ ياكى ”سادده ئامما“گە ئايرىلىدۇ؛ سورىغاننىمۇ دەپ، سورىمىغاننىمۇ دەپ، يەنە تېخى ”يولىيورۇق“ سوراپ، تاپشۇرۇق تەلەپ قىلىپ ئاز بىر قىسىملىرى ”ئىشەنچلىك“ تىپىغا ئايرىلىپ، رەسمىي ئىشتاتلىق ئايغاقچى بولۇپ قالىدۇ. بەزى ھاللاردا ئاشۇ ”سادده ئامما“نىڭ بەرگەن گالۋاڭلارچە مەلۇماتى ئىچىدىن خىتاي ئاخبارات سىستېمىسى ”گۆھەر تېپىۋالىدىغان“ ئەھۋاللار بولىشى چوقۇم.

مانا شۇنداق قىلىپ، قايتىپ كەلگەندە ”كۆرۈشكىلى“ بارمىغانلارمۇ كېيىنكى قېتىم يەنە چەتئەلگە چىقىش ئۈچۈن بارمىسا قۇتۇلالمايدۇ، ”كۆرۈشكىلى“ بارمىغان ”گۇناھى“ تۈپەيلى يۈرىكى زىرىلداپ تۇرىدۇ(مۇشۇنداق قاتمۇ ـ قات ئۆتكەللەر كوممۇنىست تۈزىمىنىڭ ھەر ساھەسىدە تولۇپ ياتقاچقا ئىنسانلار ھامان بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە ياشايدىغان ئەھۋال شەكىللەنگەندۇر)، شۇ ”كۆرىشىدىغانلار“نى كۆزۈممۇ كۆرمىسۇن دېگەنلەر ئارىدىكى دەللاللارغا ھۆددە بېرىپلا قۇتۇلىدۇ. ئەمدى

چەتئەلدىكى مۇھاجىرلىرىمىزغا كەلسەك، ئۇلار ۋەتەنگە بېرىش ئۈچۈن ۋىزا تەلەپ قىلىپ خىتاينىڭ ئالدىغا بارىدۇ. بۇمۇ پايدىلىنىش ئۈچۈن خىتايلارغا تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقى بېرىدۇ. يەنە باشقا، چەتئەلدە ئوقۇش، تىجارەت بىلەن يۈرگەنلەرمۇ پاسپورت ئالماشتۇرۇش، ئۇزارتىش ئېھتىياجلىرى تۈپەيلى خىتاينىڭ ئالدىغا بېرىشقا مەجبۇر (بۇ قىسمەت يەنە بىر "تىجارەت"نى مەيدانغا كەلتۈرگەن بولۇپ، خىتاي كونسۇلى بىلەن "مۇناسىۋىتى بار" بىرلىرى ۋىزا بىجىرىش، پاسپورت ئۇزارتىش، ئالماشتۇرۇش قاتارلىق "كەسىپ"لەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. خىتاينىڭ ئالدىغا بېرىشنى خاھلىمىغان ياكى "بارسامۇ تونۇش بولمىغاندىكىن بەرمەيدۇ" دەپ ئىشەنچ قىلالمىغان ساددە ئادەملەر ئارىدىكى دەللاللارغا پايدا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. خىتايلار بەزى ئادەتتىكى ئايغاقچىلارغا ئەتەي مائاش بېرىپ يۈرمىسىمۇ، ئەنە شۇنداق "ئۆز يېغىدا قورۇش" ئۇسۇلى بىلەن بۇنداقلارنىڭ "تىجارىتى"گە ئاسانلىق يارىتىپ بەرسىلا مائاشنى شۇ يولدىن ھەل قىلىۋېلىپ، بۇ "ياخشىلىق"نىڭ بەدىلىگە تاپشۇرۇقلارنى ئورۇندىغاچ كېلىۋېرىدۇ).

بۇ ھالەت ھەممە ياق مىنالاشتۇرۇۋېتىلگەن چەكلەنگەن رايوننى ئەسلىتىدۇ. نەگىلا قارىسىڭىز "ھۆل خىش"، نەگىلا دەسسىمەكچى بولسىڭىز پۇتىڭىز ئاستىغا توغرىلانغان "ھۆل خىش"قا دۈچ كېلىسىز! بۇ ھالدا بىزنىڭ ئەسلى تەبىئىتىمىزدىكى بىخەستەلىك، سەل قاراش، ئاددىي چاغلاش پىسخىكىمىزمۇ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ- دە، بەزى سورالغان سوئاللارنىڭ بەكلا ئاددىي، "ھېچكىمگە دەخلىسى يوق"لىقىغا قاراپ، ھېچ گۇمانسىزلا جاۋاپ بېرىۋېتىمىز (بۇنچىلىك ئۇششاق گەپلەر بىلەن جاسۇسلۇقنى باغلاپ قاراش مۇمكىن ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ ياكى ئۇنداق بىر تەسەۋۋۇر خىيالىمىزغا كەپ باقمايدۇ). بۇ جاۋابىمىزنىڭ خىتاي ئۈچۈن قىممەتكە ئىگە ئاخبارات ئىكەنلىكىنى ئەقلىمىزگە زادىلا كەلتۈرمەيمىز. شۇنداق قىلىپ، ئاڭلىق پايلاقچىلاردىن باشقا ئاڭسىز ھالدا ئاخبارات بېرىدىغانلارمۇ ناھايىتى كۆپ.

قىسقىسى، مۇناپىقلار ھەققىدىكى ئېنىق پاكىتلار توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئولتۇرۇش زامان ئېتىبارى بىلەن بىر ئاز كۆلكىلىكتۇر. شۇڭا ئومۇمەن

ئىش- ھەركىتىدە بىنورماللىق كۆرۈلگەن ئادەملەردىن گۇمانلىنىشقا بولىدۇ. جامائەت نەزىرىدە توغرا ياكى خاتا ھالدا مۇناپىق، جاسۇس ئاتىلىپ قالغان ئادەملەرمۇ ھەقىقەتتىن ئانچە يىراق ئەمەس بولىشى مۇمكىن. چۈنكى ئاتا- بوۋىلىرىمىز "شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ" دېگەن. ئۇندىن باشقا يوقۇرىدا تەكىتلىگىنىمىزدەك، شۇنداق ئاتىلىپ قالغان ئىكەن شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلساق، ھەرھالدا بىزنىڭ مەيدانىمىز ئىپادىلىنىدۇ.

1999- يىلى، فىۋرال، تاشكەنت. 2001 - يىلى، ئىستانبۇل.

# ۋەتەن ئىچىدىكى قېرىنداشلارغا خىتاپ

قان تۆكسە ۋەتەندىكىلەر تۆكىدۇ، جان بەرسىمۇ ۋەتەندىكىلەر بېرىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ چەتئەلدىكى ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلار ئۆزلىرىچە هازىرقى دۇنيانىڭ زامانىۋىي مەپكۇرىسى بولغان تېنچلىق يولى، سۆھبەت يولى، كىشىلىك هوقۇق،... قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىپ "قاتارغا" ئۆتتۇشۇپ، جان بەرگەنلەرنى "تېرورچى"لىقتا ئەيىپلىگۇدەك دەرىجىلەرگىمۇ يېتىدىغىنىنى كۆرىمىز. ئۇلار ۋەتەن ئىچىدىكىلەرگىمۇ "ئۇستادلىق" قىلىدىكەن، ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى قانچىلىك؟ چەتئەلدىكى ھەركەتلەردىن ئۈمىد كۈتۈشكە، شۇنىڭ بىلەنلا بىغەم ئولتۇرۇشقا ئەرزىگۇدەك بىر ئىش بارمۇ؟ بۇلار ھەققىدە ئىلگىرى «جەننەتنىڭ ئاچقۇچى»، «ئەيىنەك» قاتارلىق كىتاپلاردا قىسمەن باھالار بېرىلگەن ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىز ۋەتەندىكى قېرىنداشلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىمىزنى قويۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرگىنىمىزدە ئومۇمەن چەتئەلدىن بارىدىغان ئەرزىمەس، كىچىككىنە داۋراڭنىڭ قانچىلىك ھەيۋەتلىك تۇيۇلۇپ كېتىشلىرىنى، نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆلەڭگۇدەك ئۈمىدلەرگە گول قىلىپ، رەسىمدە كۆرگەن قارائۇرۇك ۋەجىدىن ئاغزىغا سېرىق سۇ يىغىلىپ، تۈپرىكىنى يۇتقاندەك، ئېغىز تامشىپ يۈرىدىغانلىقىنى،... كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىز ئانچە تەس ئەمەس.

چۈنكى بۇنداق روھى كەيپىيات بىزدىمۇ بولغان. ئەمدىلىكتە ۋەتەندىن يېڭى چىققان بىرمۇنچە ئادەمنىڭ زارىنى ئاڭلايدىغان بولسىڭىز ئىچىڭىز سىيرىلىپ كېتىدۇ. ھەر كىمدە مىڭ بىر پۇشايمان! "ئەگەر بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولسام چەتئەلگە چىقماس

ئىكەنمەن! ئۆلسەممۇ ۋەتەننىڭ تۇپرىقىدا ئۆلمەسمىدىم! بىر خىتاينىڭ بولسىمۇ بېشىنى يېرىۋېتىپ ئۆلسەمچۇ!... چىقساقلا بىز قوشۇلۇپ كەتكۈدەك قوشۇن، كىرىشىپ كەتكۈدەك ئىش بار، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، مەندەك ئادەملەرگە ئېھتىياجى بار، بارساملا ئۇلار (چەتئەلدىكى 'داھىلار')خوش بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن...".

ھېلىغىچە بەزى ناتوغرا مەخسەتتىكى ئادەملەر چەتئەلدىكى ھەركەتلەر ھەققىدە لىللا بىر گەپنى كۆتۈرۈپ بېرىشنىڭ ئورنىغا، نېمىشكىدۇر ئادەم ئۈمۈندۈرىدىغان ھېكايىلارنى سۆزلەپ باردى. بۇ خەلقىمىزنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىنى داۋام قىلىشىنى، ھېچقانداق بىر قارشىلىق ئۇسۇلى — ئۆزىنىڭ چامىغا يارىشا قارشىلىق ئۇسۇلى ۋە ئۆز ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ئازادلىق يولى ئۈستىدە ئىزدىنىش ياكى ھېچ چارىسى قالمىغان تەقدىردە قۇل بولۇپ شەرمەندىلەرچە ياشىغاندىن كۆرە بىر دۈشمەننى، دۈشمەننىڭ بىر مۇھىماتىنى يوق قىلىش بەدىلىگە مەرتلەرچە ئۆلۈش يولىنى تاللىشىنى چەكلەپ كەلدى. بۇ ھالدا كېتىۋېرىش دۈشمەننىڭ ئوخشىمىغان يوللار بىلەن بىزگە يۈقتۇرۇپ قويغان تېنچلىق تەلۋىلىكى، ئۆزىمىزدىكى بىغەملىك، ئاساسسىز تامالار داۋام قىلىش بىلەن، دۈشمەننىڭ ۋەتىنىمىز تۇپرىقىدا "ئونغا بىر" ھەتتا "يۈزگە بىر"لىك نىسبەتتە كۆپىيىۋېلىشىنى ۋاقت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. شۇڭا لىللا گەپنى قىلىش تەخىرسىز زۆرۈرىيەت بولۇپ قالدى.

بەزىلەر ۋەتەن خەلقى ئەنە شۇنداق ئۈمىدلەرگە باغلىنىپ، ھەرھالدا ئۆزىنى يوقۇتۇپ قويماي كېلىۋاتاتتى، ئەگەر چەتئەلدە ھېچ ئىشنىڭ يوقلىقىنى، ئۇلار ئۇچۇن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقانلار، چىقىرىش ئېھتىمالى، ھەتتا چىقىرىش نىيىتىدە بولىۋاتقانلارنىڭمۇ تايىنى يوقلىقىنى بىلسە ئۈمىدسىزلىكتىن بىراقلا تۈگىشىپ، قۇللۇققا تەن بېرىپ كەتمەسمۇ؟ دەپ قورقۇشىدۇ.

بۇ قاراش قارىماققا توغرىدەك قىلىسمۇ ماھىيەتتە ناھايىتى خاتادۇر. ئەگەر ئىگىز تىك يارنىڭ قاپىبېلىدە تۇرۇپ قالغان بىرى ئاغامچا دەپ يىلاننىڭ قۇيرىقىغا ئېسىلىۋالغان بولسا، ئۇنىڭ بالدۇرراق بۇنى بىلگىنى ياخشىمۇ؟ ياكى بىردەم بولسىمۇ كۆڭلى توق ۋاقت ئۆتكۈزگىنى ياخشىمۇ؟ چەكسىز دېڭىزدا تايانچىسىز قالغان بىرى بىرتال پاخالغا قولى ئىلىشسە بۇنىڭدىن قۇرۇقلۇققا ئاز قاپتىمەن، دەپ ئۆزىنى تاشلاپ، ھوشىنى يوقاتسا ياخشىمۇ؟ ياكى كۆزىنى يوغان ئېچىپ، قولىغا ئىلىشكەن نەرسىنىڭ ئۆزىدىنمۇ بىچارە ھالدا سۇ يۈزىدە ئەلەڭلەپ تۇرغان بىر تال پاخال ئىكەنلىكىنى بالدۇرراق بىلسە ۋە ھوشىدىن كەتمەسلىككە تىرىشىپ، كۈچىنى يىغىپ قىرغاق تەرەپكە ئازراق بولسىمۇ سىلجىغىنى ياخشىمۇ؟

لىۋان يازغۇچىسى جىبران خېلىل جىبران شۇنداق دېگەن ئىدى: ”كىشىلەر ماڭا:‹ئەگەر سەن تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرگىنىڭدە ئۇنى ھەرگىز ئويغاتما، بەلكىم ئۇ ئەركىنلىكنى چۈشەۋاتقاندۇر› دەيدۇ. مەن ئۇلارغا: ‹ئەگەر سىلەر تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قۇلنى كۆرسەڭلار ئويغىتىپ، ئەركىنلىك ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭلار› دەيمەن “. مانا شۇنداق! ئۇلارنىڭ داۋاملىق بىغەم ئۇخلىغىنىدىن ئويغۇنۇپ رىئاللىققا يۈزلەنگىنى ياخشىراق!

كېيىنكى چاغلاردا چەتئەللەردە زىيارەت ھەم تىجارەتتە بولغان بەزى تونۇلمىش يازغۇچىلىرىمىز ۋەتەنگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئېلان قىلغان سەپەرنامىلىرىدا بەزى يالغانلارنى قېتىپ، چەتئەلدىكى ئىشلارنى، بولۇپمۇ چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆپتۈرۈپ مەلۇم قىلىپ، خورۇن ۋە بىغەم مىجەزىمىزگە يەنىمۇ بىھوش دورىسى ئىچۈرگەنىدى. ئۇنىدىن باشقا ئۇلارنىڭ ئاغزاكى تارقىتىپ يۈرگەن بەزى لاپلىرى كىشىنى تېخىمۇ ئويغا سالىدۇ: چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ”ۋەتەن قۇتقۇزۇش ساندۇقى“ دېگەن ساندۇقى بارمىش، يېرىم ئەسىردىن بېرى ئۇلار زاكاتلىرىنى، ئىئانىلىرىنى ۋە باشقا ۋەتەنگە ئاتىغانلىرىنى (قەغەز پۇل قىممەتتىن قالمىسۇن دەپ) ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ مۇشۇ ساندۇققا تاشلايدىكەن. ھازىر بۇ ساندۇقتىكى ئالتۇن قانچە

ئۇن تونىنغا يېتىپتۇ. ۋاقتى كەلگەندە كۆپ دۆلەت قىسىملىرى كەبى بىرەر ھەربىي ئىتتىپاقنىڭ بارلىق چىقىمىنى بېرىپ بولسىمۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغۇدەك ئىقتىسادىي ئاساسىمىز بارىكەن. ئىككىنچىسى، تۈركلەر دەپتۇرلەرگى، سىلەر، شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىكار چىقىم تارتىپ يۈرمەڭلار، ھازىر بىز ئىككى سائەتتە ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ زەربە بېرەلەيدىغان ئايروپىلانلارغا ئىگە بولدۇق، ۋاقتى كەلسە سىلەرنىڭ ئىشىڭلارنى تېز توغرىلايمىز!... بۇنىڭدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى نۇقتا بار: بىرى، تېخى "ۋاقتى كەلمىگەن"لىكىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ (بۇ تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى تېچلىقچىلارنىڭ مۇقامىغا نەقەدەر ئوخشاش، ھە!). ئۇ ھالدا ۋاقتى قاچان؟ ۋەتىنىمىزگە يۈز مىليون خىتاي يەرلىشىۋالغاندىن كېيىنمۇ؟ ھازىرچە ئۇلارغا دەخلى قىلماي تۇرۇپ تۇرايلىمۇ؟ ئىككىنچى، چەتئەلگە چىقىپ مەن بۇ لاپلارنى خېلى تەكشۈرگەن بولساممۇ بۇنداق بىر مىش- مىشقا دۇچ كەلمىدىم. ئەگەر يالغان بولسىمۇ شۇنداق بىر سۆز - چۆچەك تارقىلىپ يۈرگەن بولسىدى، ئۇ ئەپەندىنى ساددىلىقىدىن مۇشۇ كوچا پاراڭلىرىغا ئىشىنىپ، گەپ دەپ كۆتۈرۈپ بېرىپتىكەن، بىچارە، دېسەك بولاتتى. لېكىن، بۇ يالغاننىڭ بۇ يەردە "ئىزنىسى"مۇ يوقكەن! ئۇ ھالدا بۇ ئەپەندىنى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئۇ بىزنى بىخۇدلاشتۇرۇپ خىتايلار ئۈچۈن ۋاقىت قازىنىشىپ بەرمەكچىمۇ؟ يەنە بەزى بۇرادەرلەر ۋەتەندە شۇ ئەپەندىنى زىيارەت قىپتۇ. "بىز چەتئەلگە چىقماقچى بولىۋاتىمىز، چەتئەلگە چىقساق بىزگە نېمە مەسلىھەتىڭىز بار؟ چىققىنىمىزغا چۈشلۇق چەتئەلدە بىز ئاررۇ قىلغان، بىز قوشۇلۇپ كەتكۈدەك بىر ئىش بارمۇ؟". "چىقماقچى بولغان بولساڭلار بوپتۇ، بىر يىل، بىر يېرىم يىل سەۋرى قىلغان بولساڭلار بولاتتى، بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ پۈتىشىگە شۇنچىلىكلا بىر زامان قالدى". بۇ گەپلەرنى كۆپچىلىك ئۆزى تەھلىل قىلىپ باقسا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىر قارا قورساق دىھقان ئەمەس، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى ئىكەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي ئويلاپ كۆرەرسىز.

ۋەتەندىكىلەرنىڭ چەتئەلدىكى پائالىيەتلەر، ئىنقىلاپچىلار، يولباشچىلار

ھەقىقىدىكى چۈشەنچىسى بەكمۇ رومانتىك بولۇپ، بۇ ھەقتىكى گەپلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارىلىش جەريانىدا دومۇلتىلغان سېرىق قاردەك بارغانسېرى يوغىناپ، بەكمۇ ھەيۋەتلىك تۇسكە كىرىدۇ. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئادەم جەزمەن شۇك يېتىپ غالىپ قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈشتىن باشقىنى ئويلىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەن ۋەتەندىكى ۋاقتىمدا بىر يىلى ئولىمپىكنى ئۆتكۈزۈش نۆۋىتىنى بېيجىڭ، ئىستانبۇل، سىدنىي تالاشتى. بۇنى ئاۋازغا قويۇپ تاللاش بولىۋاتقان مەجلىس زالى ئالدىدا تىبەتلىكلەرنىڭ نامايىش قىلىپ، خىتايلارنىڭ راسا ئابرويىنى چۈشۈرگەنلىكىنى ئۇقۇپ بەك خوش بولغاندۇق. ئۇلارنىڭ نامايىشى خىتاينىڭ ئاۋازغا ئېرىشىشىدە سەلبىي رول ئويناپ، مەغلۇپ بولىشىنى تېزلەتكەندى. چوقۇم غەلىبە قىلىمىز دېگەن ئۈمىدتە بولۇشقان خىتايلار مەملىكەت ئىچىدە خېلى داغدۇغا قوزغىغان بولۇپ، بۇ تۇيۇقسىز نۇرغۇن باي خىتايلار نەچچە مىڭ سوملۇق پوجاڭزىلارنى ئېلىپ، غەلىبىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىنىشقانىدى. مەغلۇبىيەت خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە بۇ خىتايلارنىڭ ھۆكرەپ يىغلىۋەتكەنلىكىمۇ ئۇقۇلدى.

مەن شۇ چاغدا تىبەتلىكلەرغۇ شۇ نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ نامايىش قىپتۇ، بىزنىڭكىلەر نېمىشكە بارمىغاندۇ؟ ئۇلارنىڭ باشقا تېخىمۇ موھىم ئىشى چىقىپ قېلىپ بارالماي قالغاندىمۇ؟ دەپ كۆپ ئويلاپ كەتكەنىدىم. چۈنكى دەل مۇشۇنداق سورۇنلاردا پائالىيەت قىلىش "تېنچلىقچىلار"نىڭ پرىنسىپىغا چۈشەتتى، شۇنداقلا ئەگەر مۇشۇنداق تۇردىكى پائالىيەتلەردىنمۇ پايدا چىقىدۇ، دېيىلسە دەل مۇشۇنداق ئۈنۈملۈك سورۇنلارغا چوقۇم بېرىش كېرەك ئىدى. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئاندىن بۇنىڭ تېگىدىكى رەسۋاچىلىقنى كۆرۈپ يەتتىم. بىرىنچىدىن، بۇنداق بىر سورۇنغا بېرىپ پائالىيەت قىلىشنى تەشكىللىگۈدەك تەشكىلاتنىڭ تايىنى يوقكەن، بىرەرى تەشكىللەي دېسىمۇ قالغانلىرى تەتۈر تۇرىۋېلىپ، پۈتۈشكىچە ۋاقتى ئۆتىدىكەن؛ ئىككىنچىدىن، بۇنداق سورۇنلارغا بېرىش ئۈچۈن كېتىدىغان چىقىمنى ئۈستىگە ئالغۇدەك ئىقتىسادىي ئاساسى بار تەشكىلات يوقكەن؛

ئۈچىنچىدىن، ”ۋەتەنپەرۋەر“لەرمۇ بۇنداق ئىشلارغا ”كوممۇنانىڭ ھاشاسى“دەك مۇئامىلىدە بولغاچقا، ھەممە چىقىمى ئاتچوت قىلىپ بېرىلمىگەن ئەھۋالدا ھېچكىم بۇنداق ”قىممەتكە توختايدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك“نى قىلمايدىكەن! دېمەك، نەسىردىن ئەپەندىمنىڭ ”نېسىغا جاۋاپ يوق“ دېگىنىدەك بىكارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك يوقكەن!

بىر دۆلەتتە قۇرۇلتاي ئاچسا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن ۋەكىللەر ئۆمىكى كېلىپ قاتنىشىدىكەنۇ، ئەمما ھېلىقىدەك موھىم خەلقارا سورۇنلارغا پائالىيەت ئۈچۈن بېرىشقا پۇل يوق ياكى چول يوقكەن[①] . يېرىم ئەسىردىن بېرى ئاشۇنچىلىك ئىش ئۈچۈن چىقىم قىلالىغۇدەك بىر ئىقتىسادىي فوندنىڭ يوقلىقىنىڭ ئۆزى ھەممە مەسىلىنى — چەتئەلدىكى ئىشنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋېلىشقا يېتەرلىك بولسا كېرەك.

چەتئەللەردە ئۇيغۇرچە نەشىر قىلىنغان مەتبۇئات بۇيۇملىرىنىڭ سۈپىتىدىكى نۇقسانلارنى كۆرۈپ شۇنداق ئويلىغان ئىكەنمەن: ”ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىل- ئەدەبىيات خادىملىرى يوق بولسىمۇ، ھەرھالدا غەيرەت قىلىپ چىقىرىۋېتىپتۇ. ئەگەر مەندەك بىرەرسىنىڭ چەتئەلگە چىققانلىقىنى، شۇنداق يەرلەردە ئىشلەپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئۇقۇپلا قالسا جان دەپ ئاپىرىۋالسا كېرەك“. ۋاي، ئەپسۇسەي! مىڭلارچە ئەپسۇسكى، چەتئەلدىكى تەشكىلاتلار، گېزىت- ژۇرنال — مەتبۇئاتلىرىمىز ئادەم تاللاشتا قەدىمىي خىتاي پادىشاھلىرىنىڭ (بۈگۈنكىلىرىمۇ شۇنداق) ”دۆت بولسا بولسۇن، سادىق بولسۇن“ دېگەن كادىر ئىشلىتىش مىزانىنى قوللىنىدىغانلار ئىكەن(بىراق، ئۇلار تەكىتلەيدىغان ”سادىق“لىق قانداقتۇر ۋەتەنگە بولغان سادىقلىق، سىياسىي غايىگە بولغان سادىقلىق ئەمەس، شۇ ”داھى“غا، شۇ چۈپرەندە ئىدىيىۋىي قاراشقا، يۇرت، مەھەللە، قەبىلە، تەرەپ دېگەندەك پەسكەش

[①] بۇ يىل 2008- يىللىق ئولىمپىكنى تالىشىش ۋە ئاۋازغا قويۇشقا قارشى يەنە تىبەتلىكلەر موسكۋادا نامايىش قىلدى، ئەمما بۇ ئىش ئۈچۈن كوماندروپكا بېرىلمەيدىغان بولغاچقا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ھېچقانداق پائالىيەت ئۇيۇشتۇرمىدى! — ئا.

ئۆلچەملەرگە قارىتىلىدۇ). يەنە بىر تەرىپىمۇ بار، بۇنداق تەشكىلات ياكى مەتبۇئات دېگەنلەرنىڭ بىر ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتكۈدەك ئەھۋالىمۇ يوق، خوتۇنلار قولدا پالاز توقۇغاندەك، ھېچقانداق ”ماشىنا- ئۈسكۈنە“، ”دەستىگاھ“ ، ئىشچى- خىزمەتچى،... بولمىغان ”بىر ئات، بىر قامچا“ دېگەندەك ئەھۋالدا بولغاچقىمۇ ھېچكىم ـ ھېچكىمنى كەل دېگىدەك ماددى ۋە ئىجتىمائىي سەۋىيە يوقكەن! دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزەمچە داھىلار ئىشى كۆپلىكىدىن ئېشىنالماي، دىققەت قىلالمايۋاتقان، بايقىيالماي قالغان موھىم نۇقتىلار ھەققىدە نۇرغۇن تەكلىپ پىكىرلەرنى ھازىرلاپمۇ يۈرگەن ئىكەنمەن، ئەمدى ئويلىسام كۈلگۈم كېلىدۇ. نەدە بۇنداق تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلغۇدەك ئادەم ۋە ئورۇن بولسۇن؟ سەھنىدىكى دىكراتسىيىدە كۆرۈنگەن زاۋۇت ۋە مەھسۇلات ھەققىدە پىكىر بەرسە قانداق بولىدۇ؟ خۇددى شۇنداق بىر ھال ئىكەن! بۇ زاۋۇت، ھەيۋەتلىك تۇرخۇنلار، سېخلار... ھەممىسى ”پەردە چۈشكەن“ ھامان يوق.

قىسقىسى، ”چەتئەلدە بىر ئىش بار“ دېگەن خىيال ئومۇمەن بولماسلىقى كېرەك. شەيخ سەئىدىنىڭ: ”نەي ئۈنى يىراقتىن ياخشىدۇر پەقەت“ دېگىنىدەك، چەتئەلدە ۋەتەن داۋاسى خۇسۇسىدا بولىۋاتقان قالتىس ئىشلار پەقەت ئۇلارنىڭ يالغان خەۋەرلەرگە تولغان گېزىتلىرىدىكى ھەيۋەتلىك رەسىملەر، كۆپتۈرمە ئاخباراتلاردىنلا ئەنە شۇنداق ھەيۋەت ئاڭلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھېچ ئىش يوق بولۇپ، چۆلدىكى ئېزىتقۇدەك يېقىن كەلسە يوق. دېمەك، چەتئەلدە ھېچ ئىش يوق، ھەم بىر ئىشنىڭ بولىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەدناسى، ئاخىرقى كۆرەشلىرىمىزدە رەسۋاچىلىق تېرىغان، شۇنچە كۆپ پۇلغا ۋە ئادەمگە زىيان سالغانلاردىن ھېساپ ئالغۇدەكمۇ تەشكىلات چىقمىغان تۇرسا، خىتايدىن ھېساپ ئېلىش توغرىسىدا گەپ بولىشى مۇمكىنمۇ؟ (ھېساپنى جىسمانىي جەھەتتىن ئالمايتى، ئەلۋەتتە) ئەكسىچە تەرەپدار ئاۋۇتۇش مەخسىدىدە دوست- دۈشمەننىمۇ ئىلغا قىلماستىنلا بۇنداق مۇناپىقلارنى ”تۆر“ىگە تەكلىپ قىلىۋاتقان ”ئىنقىلابىي داھى“لاردىن نېمىنىمۇ كۈتۈش مۇمكىن؟ ئۇنىڭسىزمۇ بۇ تەشكىلاتلار تازىمۇ

”داشقايناق“(ئودا خېنىمنىڭ ئومىچىدەك) خائىن، مۇناپىق، گۇمانلىق شەخسلەر ئارىلىشىپ كەتكەن: ئاكىسى خىتاي كونسۇلى بىلەن ئالاقىدار بولسا، ئىنىسى ”ئىنقىلابىي قوشۇن“ نىڭ ”قازان بېشى“دا؛ ئۆزى تەشكىلاتلاردا ”رەھبىرىي ئورۇن“دا ئەمما جىمىكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىسى، تىجارىتى خىتايغا ئالاقىدار، بىمالال بېرىپ- كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنى چۈشىنىش قانداق تەس بولسا چۈشەندۈرۈشمۇ شۇنداق تەس!

ئىشنى ئۆزلىرىغۇ قىلمىسۇن،«قىزىلكۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق، قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۆمەن بۆھتانىمىز باردۇر» دېگەندەك، ئەگەر بىرسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىرەر ئىش قىلىش نىيىتىدە قەدەم باسسا ئۇنىڭغا تەھدىت، توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.[1]

”بۇزمىغىچە قۇرغىلى بولمايدۇ“، كونىسىنى ئۆرىۋەتمەي تۇرۇپ ئورنىغا يېڭىنى دەسسەتكىلى بولمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، چەتئەللەردىكى مەجلىسۋاز، ئىچكى زىددىيەتتىن ئېشىنالمايدىغان تەشكىلاتلارنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى توغرا تونۇپ، ”تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ“ دېگەندەك زۇلۇم چېكىۋاتقان خەلق زۇلۇم زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش يوللىرىنى ئۆزى ئىزدىمىگىچە، ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق بولغان، دىلىدا ۋەتەن مۇھەببىتى غۇۋالاشقان، پەقەت ”مودا“ قوغلىشىپلا ”ۋەتەنپەرۋەر“ بولىۋالغان ياكى بۇنى بىر خىل تىجارەتكە، جان بېقىش يولىغا ئايلاندۇرىۋالغان بىر توپ سەمىمىيەتسىز ئادەملەرنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگىچە، تېنچلىقپەرۋەرلەرنىڭ ئۆتمەس ماتاسىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپ، بۇ يولنىڭ بىرگە تامامەن پايدىسىزلىقىنى، يوقۇلۇشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغىچە ھەقىقىي ئەمەلىي كۆرەشكە كىرىشىش مۇمكىن ئەمەس!

يوقۇرىدىكى ماۋزۇلىرىمىزدا قىستۇرۇپ ئۆتكىنىمىزدەك، چەتئەللەردە

[1] بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىمىز ۋە مەجمۇئەمىزنىڭ كېيىنكى سانلىرىدا بۇھەقتىكى شەرمەندە مىساللارنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇنىمىز، — ئا.

بەك قاملاشتى دېگەن تەقدىردە پەقەت تەشۋىقات ۋە ئادەم تەربىيىلەشنى قىلغىلى بولاتتى. ئەگەر ساغلام ئېلىپ بارالىسا بۇ تەشۋىقاتنىڭ مەلۇم ئىجابىي رولى بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز.

ئادەم تەربىيىلەش جەھەتتە ئاساسەن ھېچقانداق ئەمەلىي بىر قەدەم تاشلانغىنى يوق. تەشۋىقاتمۇ ساغلام ئەمەس. نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولغاندىمۇ مۇستەقىللىق ھەركىتىمىزدە پەقەت كىچىككىنە "قىستۇرما كۈي" بولالايتى، خالاس. ۋەتەن ئىچىدىكى ھەركەتلا ئەزەلدىن ئەبەتكە ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھەركەت ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئاساسىي ھەركەت قىلغۇچى كەڭ خەلق ئاممىسىنى يالغان كۆرۈنتىلەر بىلەن گوللاپ، جىم يېتىشقا ئۈندەش خاھىشلىرىغا ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بېرىش، خەلقنى بىخۇدلۇقتىن ئاگاھلاندۇرۇش ئىنتايىن موھىم. ۋەتەن سىرتىدا ۋەتەن ئۈچۈن دەپ پۇل چىقىرىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ۋە ھېچ ئۈنۈمى بولمىسىمۇ تىرىكچىلىك پائالىيىتىنى قويۇپ تۇرۇپ ۋەتەن داۋاسى ئۈچۈن مېڭىۋاتقان ئاز ساندىكى ئادەملەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، چەتئەلدىكىلەردە ئۆز غېمى، ئۆز تىرىكچىلىكى، بالا- چاقا بېقىش ھەلەكچىلىكى ئاللىقاچان ۋەتەننى ئۇنتۇلدۇرىۋەتكەن، ۋەتەن مۇھەببىتى يۈرىكىدىن ئۆچكەن ئادەملەردۇر. "پائالىيەتتىكى" بىر قىسىم "ۋەتەنپەرۋەرلەر"مۇ بۇنى بىر خىل تىجارەت سۈپىتىدە پايدىلىنىدۇ. پايدا چىقمىسا تاشلايدۇ ياكى تەتۈرىسچە ئىش تۇتىدۇ. ئومۇمەن، ئاغزىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى دەسمى سالمايدىغانلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىشەنچىسىزدۇر.

چەتئەللەردە بىزنىڭ ئازادلىق يولىمىز كومپيۇتېرلار ئارقىلىق تەتقىق قىلىنىۋاتارمىش، دېگەن لاپلارنىمۇ ئاڭلىغانىدۇق. بۇنى قانداق ئادەملەرنىڭ كۆتۈرۈپ بارغانلىقىنى بىلمەيمەن، ھەرھالدا بۇ دۈشمەننىڭ "ئۇيقۇ دورىسى" تارقىتىشقا مەسئۇل ئادەملىرى بولىشى مۇمكىن. چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن كۆردۇقكى، بۇ يەردە قانداق قىلغاندا نان تېپىپ يېگىلى بولىدۇ؟ ھەتتا قانداق قىلغاندا ئەمەتنىڭ نېنىنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ؟ دېگەن مەسىلە كومپيۇتېرسىزلا چالا ساۋات باشلار ئىچىدە تەتقىق قىلىنىدىكەن!

چەتئەلدە ئوقۇۋاتقانلار ئىچىدىن ”داھى“ چىقىشى توغرىسىدىكى تامامۇ بىر خىل خام خىيال. چۈنكى چەتئەلدە ئوقۇتىلىۋاتقان كەسپلەردىن ئەڭ ”نان تېپىدىغىنى“ دوختۇرلۇق ئىكەن، پەقەت شۇنىڭدىلا بۇ بىچارىلار باشقىلارغا ھاجىتى چۈشمەي(شۇنىدىمۇ ۋەتەنداشلارنىڭ يات- ئاغرىپ قېلىشى ھەم ئاغرىغان ھامان باشقىسىنىڭ يېنىغا بارماي ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشى ھەققىدىكى تاما بىلەن) ئۆز كۈنىنى كۆرەلەيدىكەن. بولمىسا ئۆز كۈنىنى كۆرۈش مەسىلىسىمۇ قىيىنىراق بولىدىكەن، بۇ ھالدا بىزگە داھى بولۇپ بەرگىدەك كەسپلەردە ئادەم تەربىيىلەش ئىمكانىسىزلىقى چەتئەلدە بالا ئوقۇتۇش ئارقىلىق ۋەتەن قۇتقۇزۇش شېرىن چۈشىنىمۇ كۆپۈككە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىدىن باشقا بىزنىڭ چاپسان ئايىنىپ كېتىدىغان يۈمشاق باشلىقىمىزمۇ چەتئەلدە ئوقۇغانلاردىن ئۈمىد كۈتىشىمىزنى يوققا چىقىرىدۇ.

ۋەتەن، خەلققە، مىللەتكە تېخىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىپ بېرەلىگەن، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە كەلگۈسىدىكى مۇستەقىللىقىمىز ئۈچۈن ”ئۇرۇق سېلىش“ جەھەتتىمۇ ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلالىغان زىيالىلار چەتئەللەردە ئەمەس، دۈشمەنىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىكى ۋەتەندە ئىكەنلىكىنى، ئەمەلىي كۆرەشلەر بويىچىمۇ ئازادلىق يولىدا ھەقىقىي كۆرەش قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىنقىلاپچىلارنىڭ ۋەتەندە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يول راسخودىنى ھېچكىم ئاتچوت قىلىپ بەرمىسىمۇ، خىزمىتى ئۈچۈن ھېچكىم كاماندىروپكا بەرمىسىمۇ ئىش قىلىدىغانلارنىڭ ۋەتەندە ئىكەنلىكىنى شۇئاندا ھەقىقىي ھىس قىلدۇق. ئۇنداق ئىكەن، ۋەتەندىكى قېرىنداشلارغا خىتابىمىز تۆۋەندىكىچە:

ھەركەتنىڭ مەڭگۈ مەخپىيلىكىگە سەل قارىماسلىق، بۇ مەخپىيلىك تاكى ئازادلىققىچە داۋام قىلىسىمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. ھەركەت باشلىنىشتا كىچىك گورۇپپا ھالىتىدە بولسا شۇ ھالەتنى داۋام قىلدۇرۇش، شەخسىي(يەككە) ھەركەت شەكلىدە بولسا شۇ ھالىتىنى ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. ئاتالمىش چوڭ گورۇپپىلارنىڭ، كاتتا تەشكىلاتلارنىڭ، ئاتالمىش بۈيۈك پارتىيىلەرنىڭ ئاغزىدىكى لاپلىرىغا قىزىقىپ، ئۇلارغا

قوشۇلۇپ كېتىش ئازغۇنلۇقتۇر. بۇ پەقەت خىتايلارنىڭ توپلاپ ئۆۋلىشى ئۇچۇن، ئاز چىقىم بىلەن كۆپ يوقۇتىشى ئۇچۇنلا پايدىلىق بولۇپ، بىزنىڭ مەخسەتلىرىمىزگە ھېچ پايدىسى يوق. ئەڭ يېقىنقى زاماندا ئىسپاتلاندىكى، خىتاي تېرىتورىيىسىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان، بىر قەدەر ئەمەلىي كۆرەش تەجرىبىسىگە ئىگە، پىشقان، ئىستىخبىلىك شەكىللەنگەن گورۇپپىلار چەتئەللەردە پەيدا بولغان، قۇرۇق گەپنى چىرايلىق قىلىپ، لاپنى يوغان-يوغان ئېتىپ قويغاندىن باشقا قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان ئالدامچى تەشكىلاتلار (چوڭ ئېھتىماللىق بىلەن دۈشمەن تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان "قارا نۇرلۇق چىراق"لار)غا گول بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش "بىر تۇتاش قوماندانلىقى"نى قوبۇل قىلىپلا ھەپتە ئارىلىقىدا تۈپى بىلەن تۇتقۇن بولۇپ كېتىشتى. ئومۇمەن، ۋەتەندىكىلەردە چەتئەلدە بىزنىڭ قالتىس چوڭ تەشكىلاتلىرىمىز بار، ئۇلار ئاجايىپ زور ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، ھەم قىلىدۇ، دېگەن خامخىيال ئارقىسىدا چەتئەلگە تەلپۈنۈش خاھىشى بولماسلىقى كېرەك. شۇنداقلا بۇنداق خاھىش ئاقىۋىتىدە "ھۆل خىشقا" دەسسەشتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. بۇنداق خامخىياللار بىلەن ۋاقىت زايا قىلىپ بىخۇد يېتىش تېخىمۇ خائىنانە قىلمىشتۇر! چۈنكى، چەتئەللەردە بۇنداق ئۇلۇغ ئىنقىلاپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك تەشكىلاتمۇ، ئۇنداق ئۇلۇغ داھىمۇ يوق! چەتئەللەردىكى ھازىرقى مەۋجۇت تەشكىلاتلاردىكى ئىللەتلەرنى داۋالاپ ساقايتىشنىڭ خۇددى كونا ئۆينى بۇزۇپ ئورنىغا يېڭى ئۆي سېلىشتەك تەسلىكى(ئۇنىڭدىن كۆرە ئاق يەرگە ئۆي سالماق ئاسانراق)، ھەتتا سەل ياخشىلاش، ئازدۇر- كۆپتۇر ئىشقا يارايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈش ئىمكانلىرىنىڭمۇ يوقلىقىنى تونۇتۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. ھەرقانداق تالانتلىق ئادەممۇ بۇ پايدىسىز شارائىت ئىچىدە چاپسانلا نابۇت بولىدۇ. ھېچقانداق رول ئوينىيالمايدۇ. چۈنكى بۇ مۇھىت "بەزلىشىۋالغان يەر"گە، "كالىنىڭ پىشمايدىغان يېرى" دېگەندەك بىر ھالەتكە كېلىپ قالغانكى، ئۇنى ئۆزگەرتىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مانا بۇلارنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، چەتئەلدىن ئۈمىد كۈتۈشتىن قول يۇيۇپ، خەلق ئۆزىنىڭ كۆرەش

يولىنى، كۆرەش ئۇسۇلىنى تېپىشى، شۇ بويىچە ھەرىكەت قىلىشى تېخىمۇ ئاقىلانىراقتۇر. ۋەتەن ئىچىدىكى تەشكىلات ياكى شەخسلەر ھەرىكەت پىلانى، ئادەم ئىسىملىرى قاتارلىقلارنى چەتئەلدىكىلەر بىلەن ئورتاقلىشىدىغان خاتالىقنى زادىلا سادىر قىلماسلىقى شەرت. بولمىسا چەتئەلدىكى شۇئارچىلار بۇنىڭدىن لاپ ئېتىشىنىڭ خام ئەشياسى سۈپىتىدە پايدىلىنىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى "ئۆگزىدە" بولغاچقا "ئىتتىن قورقمايدۇ"، ۋەتەن ئىچىدىكىلەر پالاكەتكە ئۇچرايدۇ!

چەتئەل ھەققىدىكى خامخىياللارنى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كاللىسىدىنمۇ پاك - پاكىز تازىلىۋېتىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، نۇرغۇن ئوت يۈرەك ياشلار، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئىنقىلاپچىلار ۋەتەن ئىچىدىكى بۇرۇختۇملۇقتىن ئىچى پۇشۇپ، چەتئەللەردە "جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىنقىلاپ قايناملىرىغا ئۆزىنى ئېتىپ، قوشۇلۇپ كېتىش" نىيىتى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ، بىھۇدە نابۇت بولۇپ كېتىۋېرىدۇ.

قېرىنداشلار، چەتئەللەردە بۇ ياشلار ئۆزىنى بېغىشلاپ قوشۇلۇپ كەتكۈدەك قاينام- تاشقىنلىق ئىنقىلاپ ھەركەتلىرى يوق! بۇنداق ھەركەتنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولىدىغان پايدىلىق ۋە ئالاھىدە مۇھىتمۇ يوق! ئۇلارنى قارشى ئېلىپ، "كەل، مانا بۇ سەپتە ئورنۇڭ" دەيدىغان نە ئادەم، نە تەشكىلات يوق! ھەقىقىي يۈرىكىدىن ۋەتەنگە خىزمەت قىلىشنى ئويلاپ چەتئەلگە چىققانلارنىڭ بىرىنچى تەسىراتى ئاچچىق پۇشايماندىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سىلەرگە سەممىمي بىلدۈرۈپ قويماقنى ۋەزىپەم دەپ ھېساپلايمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىقتىدارلىقلارنىڭ چەتئەلگە ئېقىشى مەملىكەت ئىچىدە ساپانى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، چەتئەلدىمۇ ئاڭلىق بىر تەبىقە شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. ئەكسىچە ئۆزلىرىمۇ شۇ شارائىتنىڭ بېسىمى ئاستىدا جانباقارغا، بەك ۋىجدانلىق بولغانلىرى ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي، ئائىلىسى بىلەنلە بولىدىغان "تېنچ پۇخرا"غا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىلگىرىكى يازمىشلىرىمىزدا ئومۇمەن تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەتتە خىزمەت

قىلىش، يەنى، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغانلىكى ئورۇندا ئىشلەشنىڭ ناتوغرىلىقى توغرىسىدا بايان قىلغان ئىدۇق. تەتقىقاتلىرىمىزنىڭ چوڭقۇرلىشىشى شۇنى كۆرسەتمەكتىكى، بۇنداق خىزمەتلەردە بولۇش بىر خىل خائىنلىقتۇر! بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىز تۆۋەندىكىچە:

تاجاۋۇزچى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىدىغانلار مىللىي ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىم بار دېسىمۇ، بۇنداق ئۆچمەنلىكى دىلىدا قېلىۋەرگەن ھالدا خاھلىمىسىمۇ خوجايىنىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئېيتايلۇق، بىر كاتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقى ھەققىدە بىر ماتېرىيال يېزىپ چىقىشقا بۇيرۇلسا "يېزىشنى خاھلىمايمەن" دېيەلەمدۇ؟ بىر مىللىي ساقچى، بىر مۇجاھىد تۇتقۇننى ئۇرۇپ قىيناشقا بۇيرۇلسا ياكى بىر مۇجاھىدنى ئۆيىدىن تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇلسا، دىلىدا ھەرقانچە قارشى بولسىمۇ، مائاش بەرگەننىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىماي قۇتۇلالمايدۇ! ئىدارىلاردا پات - پات ئېلىپ بېرىلىدىغان "ئىپادە بىلدۈرۈش" يىغىنلىرىدا ھەرئادەمدىن ئىرادىسىگە، ئىستىكىگە قارشى "ئىپادىلەر" ئېلىنغاندىن باشقا، يازما شەكىلدىمۇ ئىپادە ئېلىنىدۇ. بۇنداق يازما ھۆججەتلەردىن دۈشمەنلەر تەشۋىقاتتا خاھلىغانچە پايدىلانسا بولىۋېرىدۇ! مەسىلەن: "بارىن ئەكسىل ئىنقىلاۋىي توپىلىڭغا قانداق قارايسىز؟" دېگەن سوئالنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىپادە تەلەپ قىلىنسا ھېچكىم كۆڭلىدىكىنى ئېيتالمايدۇ ھەم مۇشۇ بىر قېتىملىق قۇرۇق گەپنى راست دەۋالىمەن دەپ بېشىدىن جۇدا بولۇشنى ھېچكىم خاھلىمايدۇ. ئەكسىچە ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بەختىمىز ئۈچۈن كۆرەشكەن قەھرىمانلارنى "ئاقچى، كۆكچى، ئېشەك ئوغرىسى، دۇمباقچى" دەپ تىللاپ ئىپادە بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ. مانا بۇلار ئومۇمەن خىتايدىن مائاش ئالىدىغانلارنىڭ نىسپىي خائىنلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

ھۆكۈمەتكە ئىشلەيدىغانلار ئۆتمۈشتە مائاشلىق ئورۇن، ئالاھىدە ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھېچ خىجىل بولماستىن مانجۇچە تەقىيە ۋە كىيىملەرنى كىيگەن، ئۇزۇن چاچ قويغان بولسا، بۈگۈن بىزنىڭ ئەڭ ئاڭلىق تەبىقىمىز بولغان خىزمەتچى، كادىرلار خىتاينىڭ چاغىنىدا كوچىغا

چىقىپ "ياڭگىر[1] " ئويناشقا مەجبۇر بولماقتا. چۈنكى مائاش بېرىۋاتقان
خوجايىن نېمىنى بۇيرىسا شۇنى قىلىدۇ ـ دە! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇلارنى خائىن
دېگەن قاراشنىڭ ئاساسى بار دېيىشكە بولىدۇ. پەرق پەقەت خىزمەت ئورنىغا
قاراپ خائىنلىق دەرىجىسىنىڭ ئىگىز- پەس بولىشىدا. بۇلا ئەمەس، رەسمىي
جاسۇسلارنىڭمۇ بەزىلىرى كۆپرەك قازانچ كەلتۈرىدۇ، بەزىلىرى ئانچە
ئەپلەشتۈرەلمەيدىغۇ!

ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا سېتىلىپ ئىشلىشى، بىر- بىرىنى چېقىشى
خۇددى قۇشخانىدا بىر- بىرىگە يۆلەپ، چېتىپ باغلانغان، قان ئازگىلىغا
بېشى ساڭگىلىتىلغان، قاسساپنىڭ بوغۇزلىنىشىنى كۈتۈپ ياتقان قويلارنىڭ
ھەممىسى ئۆلىدىغان تۇرۇپمۇ بىر- بىرىنى چاقىقىنىغا ئوخشايدۇ. قاسساپ
سېلىشتۇرۇپ باھالاش مۇسابىقىسى ئېلان قىلىدۇ: "كىم ياخشى يېتىپ
بەردى، جىم يېتىپ بەردى، ئاز تېپىشلىدى... كۆرىمىز، ھە، مانا..." دەپ
قىزىقتۇرىدۇ. قويلار بىر- بىرىنى چېقىشقا، ئۆزىنى ئاكتىپ كۆرسىتىشكە
باشلايدۇ: "مەن شۇك يېتىپ سىلىنى كۈتىۋاتىمەن، ماۋۇ يېنىمدىكى بەك
تىپچەكلەپ كېتىۋاتىدۇ، كۆزلىرىنىمۇ ئالايتىۋاتىدۇ، سىلىگە ئاچچىق
قىلىۋاتامدىكىن دەپ گۇمانلىنىپ قالدىم..." ئۆلۈش ھەممىگە.
جاسۇسلارغىمۇ، خائىنلارغىمۇ رەھىم قىلىنمايدۇ، خىتاي ھېچبىرىمىزنى
ئاياپ قويمايدۇ. ئۆلۈش نۆۋىتى پەقەت ۋاقىت تەرتىبىدىكى ئىلگىرى -
كېيىنلىك، خالاس!

خىتايلار يەرلىكلەرگە ھازىرلاپ قويغان ئىجتىمائى شارائىتنىڭ
نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، يەرلىكلەر دېھقان، پادىچى ياكى باشقا ئەڭ ئېغىر
ئىشلارغىلا يارايدىغان ئىشچى ھالىغا چۈشۈرۈلىدۇ. مەدەنىيەت ساھەسىدىن،
سودا ساھەسىدىن تەدرىجى سىقىپ چىقىرىلىدۇ ھەم ئىككىنچىلەپ ئۇنداق
ساھەلەرگە كىرىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

1999- فېۋرال، تاشكەنت. 2001 – يىلى، ئىستانبۇل.

---

[1] ياڭگىر — خىتايلارنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسۇلى، — ئا.

# ئازادلىق يولىدىكى دەسلەپكى ئاياق ئىزلىرى

يول ئاياق بىلەن ئىز چىقىرىپ مېڭىۋېرىشتىن ھاسىل بولىدۇ. بىزنىڭ ئازادلىق يولىمىز كىملەردۇر تەرىپىدىن ياسىلىپ تەييارلاپ قويۇلغان ئەمەس. بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنىلا چاتقاللىق دالا، قارلىق تاغ، سۇسىز چۆل سوزۇلۇپ يېتىپتۇ. پايدىلىنىشقا بولىدىغان ئاياق ئىزلىرىنىمۇ يوق دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھالدا بىز ئىشنى يەنىلا نۆلدىن باشلايمىز. ئۆز ئاياقلىرىمىز بىلەن مۇشۇ قاقاس دالا، سۇسىز چۆل، چاتقاللىق ۋە قارلىق تاغلار ئۈستىگە بىز ئىز سالىمىز. بۇ ئىز بىلەن ئارقىمۇ ئارقا مېڭىۋېرىشتىن بىر يول ھاسىل بولىدۇ، ئىنشائاللاھ!

«جەننەتنىڭ ئاچقۇچى» دا ”جان كەتمەيدىغان، ئەڭ بىمەنە قانۇنلاردىمۇ جىنايەت سانالمايدىغان“ بىر خىل كۆرەش شەكلى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى. مانا شۇ خىل كۆرەش شەكلىنى ئازادلىقىمىز ئۈچۈن سىلىنغان دەسلەپكى ئاياق يول ھېساپلاش مۇمكىن.

مۇناسىۋەت قىلماسلىق ياكى ”سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى“ ئېلان قىلىش. بۇ ”گەندىچە“ بىر خىل قارشىلىق بولۇپ، دۈشمەنلەردىن باشقا، مىللىي باشلىقلار، ساقچىلار، ئامما تەرىپىدىن مۇناپىق، ساتقىنلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن شەخسلەر، سىياسىي كېڭەشكە باغلانغان يالاقچى موللىلار،... غا قارىتىلىدۇ. ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلماسلىق، توي- تۆكۈن، نەزرە- چىراق ئىشلىرىغا چاقىرماسلىق ۋە ئارىلاشماسلىق، سالام- سائەت قىلىشماسلىق، قۇدا ـ باجا بولماسلىق،... قاتارلىقلار. بۇ ئۇسۇل ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن بەزى جايلاردا سىناپ كۆرۈلگەن، ئۇنىمى ناھايىتى ياخشى بولغان. ئىلگىرىكى تونۇشلىرى تەرىپىدىن بىردىنلا تاشلىۋېتىلگەن،

بىردىنلا تونۇماسقا سىلىنغان مىللىي ساقچىلار يىغلىغۇدەك هالغا كېلىپ، يېلىنىپ ”قەلب چۇشەندۇرگەن“. كىشىلەر يەنىلا ئاڭلىمىغاندەك مۇئامىلىدە بولۇشقان. هەتتا بەزىلىرىنىڭ ئاتا- ئانىسى سالاغا كەلگەن. بەزىلىرى ساقچى ئىدارىسىدىن ئالمىشىپ كەتكەن، بەزىلىرى بىراقلا خىزمەتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن. دۆشمەن بۇ تۈپەيلى كىشىلەرگە جىنايەت ئارتىشقا ئامالسىز قالغان. چۈنكى قانۇندا كىملەرگە سالام قىلىش، كىملەر بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىدە بولۇش بەلگىلەنمىگەن ـ دە!

«مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئارقىدا قالدى؟» دېگەن كىتاپتا بۇ هەقتە ئەمەلىي مىساللار بىلەن جانلىق سۈرەتلەنگەن. ئەگەر مۇناپىقلار، ساتقىنلار ئابرويىسىزلاندۇرۇلماستىن، بېسىمغا ئۇچرىماستىن داۋاملىق ساتقىنلىق بىلەن شۇغۇللىنىش شارائىتىغا ئېرىشسە، كىشىلەرنىڭ مەنەۋىي بېسىمى تۈپەيلى بولىسىمۇ سىقىلىش، ئوڭايسىزلىق هېس قىلىشقا مەجبۇر قىلىنمىسا، ئۇ هالدا ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن مۇناپىقلىق گۇناهىغا ئەنە شۇ يول قويغان قەۋمىمۇ شېرىك بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. شۇنداقلا، قولىمىزدىن هېچ ئىش كەلمەيدۇ، دەپ ئولتۇرۇش ياكى ئازراق، ئەرزىمىگەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش(مەزگىل خاراكتېرلىق) بىلەنلا چەكلىنىپ، ”هەرقانچە قىلساقمۇ بەربىر ئىكەن، قۇربان بەرسەكمۇ، پۇل چىقىم قىلساقمۇ هېچ نەتىجە چىقمايدىكەن“ دېيىش ئىنتايىن خاتا ۋە كۇفرىغا بارابەر سۆزدۇر. يەنە شۇ كىتاپتا مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ياۋروپالىقلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ جان ۋە مال چىقىمى جانلىق، پاكىتلىق سېلىشتۇرۇلغان. بۇ سان- سىپىرلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن ئەنە شۇ كىتاپقا قاراشنى تەۋسىيە قىلىمەن. پەقەت خۇلاسە سۈپىتىدە شۇنى قەيت قىلماقچىمەنكى، بىزنىڭ قۇربانلىرىمىز ئىنچىل، توختاۋسىز ئەمەس. خۇددى ئوت ئۆچەي دەۋاتقاندا ئازراق ئوتۇن سېلىپ، يەنە ئۆچەي دېگەندە يەنە بىر تۇتام ئوتۇن سالغاندەك بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ۋاهالەنكى، بۇ خىل ئۇسۇلدا بىر داش قازان قاينىغۇدەك ئوتۇن سەرپ بولۇپ تۈگەيدۇكى، بىر چۆگۈن سۇ قاينىمايدۇ، ئوتۇنمۇ بىكار زىيان، مەخسەتمۇ هاسىل ئەمەس.

ئەۋلادلارنىڭ قەلبىگە مىللەت سۆيگۈسى، ۋەتەنگە مۇهەببەت، دۈشمەنگە

نەپرەت چۈشەنچىلىرىنى چوڭقۇر ئورنىتىش. بۇ جەھەتتە بالىلارنى ناھايىتى كىچىككىدىنلا خىتايلارنى دۈشمەن كۆرىدىغان روھىي ھالەت ئىچىدە ئۆستۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. پىسخولوگىيىنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا بالىلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدا جانلىق ھالەتكە كېلىپ مىدىرلاشقا باشلىغاندىن تارتىپلا ئاۋازلارنى ئاڭلاشقا، خاتىرىلەشكە باشلايدىكەن. بۇ زاماندىكى خاتىرىلەر يوشۇرۇن ئاڭدا ساقلانغاچقا، كېيىن ئېسىگە ئالالمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مەنەۋىيىتىنى تەشكىل قىلىشتا رولى ناھايىتى چوڭ بولىدىكەن. شۇڭا ئالتە ئايلىق بولغان بالىلىرىمىزغا بىر نەرسە تۇتالىغۇدەك بولغاندىلا ئويۇنچۇق تاپانچىلارنى ئېلىپ بەرگىنىمىزدە ئۇنىڭغا: ”ئاتە، خىتايلارنى ئات! خىتايلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز! خىتايلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى بېسىۋالغان “ دەپ سۆزلەپ تۇرۇش كېرەك. بۇ چاغدىكى سۆزلىرىمىز گويا ”گەپ ئۇقمايدىغان بوۋاققا بىكارلا دېيىلىۋاتقان“دەك قىلىسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ دۈشمەنگە بولغان نەپرەت بىلەن پۈتۈلۈشىدە تەسەۋۋۇردىن ھالقىغان دەرىجىدە موھىم رولى بارلىقىنى پىسخولوگىيە پېنى ئىسپاتلىماقتا! شۇڭا ”ئۇقمايدۇ“ دەپ ئاددىي قارىماستىن زېرىكمەستىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ تۇرۇش كېرەك. بۇ خىل يوشۇرۇن ئاڭ تەربىيىسىنى بالىدا ھەقىقىي ”ئەس“ پەيدا بولغان ياشقىچە ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

بەزىلەر تەشەببۇس قىلغان قان تۆكۈشنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي شەكلى نۆۋەتتە بىزنىڭ ئەمەلىيىتىمىزگە توغرا كېلىدىغان بىردىن - بىر يولدۇر. «يەكمۇ - يەك ئېلىشىش بىلەن خىتايلارغا كۈچىمىز يەتمەيدۇ، شۇڭا تېنچلىق ئۇسۇلى، قىرىلىپ كېتىمىز، تۈگەپ كېتىمىز، بىھۇدە ئۆلۈش، سىياسىي يول... » دېگۈچىلەرگە شۇنى ئېيتىشقا توغرى كېلىدۇكى، ئەگەر بىر كۈچتۈڭگۈر، بەھەيۋەت پالۋان كۆز ئالدىڭىزدىلا ئايالىڭىز ياكى قىزىڭىزغا ئېسىلسا نېمە قىلارىدىڭىز؟ كۈچۈم يەتمىگەندىكىن، كۆتۈمنى قىسىپ سۆھبەت ئۆتكۈزەي، دەرمىدىڭىز ياكى ئەركەك بولسىڭىز ھېچ بولمىسا بىرنى ئۇسۇۋېلىپ ئۆلۈپ كېتەي، دەپ ئېتىلارمىدىڭىز؟ بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز

ئۆندىنمۇ بەتتەرراقتۇر. شۇڭا، بىزگە ”يا مۇستەقىللىق، يا ئۆلۈم“ شۇئارى باپ كېلىدۇ. كۈچىمىز يەتمەيدۇ دەپ ئولتۇرساق بەلكىم ئۇزۇنراقتا تۈگەرمىز، ئەمما ئۆمرىمىزنىڭ شۇ ئوشۇق يېرى شەرمەندە هاياتتۇر! ئۆزىمىزنى ئاتساق تۈگەيدىغان بولساق، بۇ شەرەپلىك تۈگەشتۇر! ئەمما بىر مىليونغا يەتمەيدىغان مىللەتلەر يىللار بويى ئېلىشىپ تۈگەپ كەتكىنى يوق، ئەكسىچە بىز تۈگىمەكتىمىز. ئۇتتۇرلۇق قۇشخانىدا ياكى ئۆيلەردە سويۇلىدىغان مالدەك، ئۆلۈمنى كۈتۈپ، بىلىنمەيلا تۈگىمەكتىمىز!

*مىللىي تىلنى ساقلاش*. مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەردىن ئاجرىلىپ تۇرىشىدىكى ئەڭ موهىم مىللىي بەلگە تىلدۇر. شۇڭا مۇستەملىكچىلەر هامان ئۆزلىرىنىڭ تىلىنى زورلاپ تېڭىش، مۇستەملىكە ئەلنىڭ تىلىنى ئۇنتۇلدۇرىۋېتىش كويىدا بولىدۇ. بۇ ھەقتە فرانسىيە يازغۇچىسى ئالفۇنس دودىنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى دەرس» ناملىق هېكايىسىدىكى مەشهۇر بىر جۈملە سۆزنى قىستۇرۇپ ئۆتسەك، بۇ نۇقتىنى چۈشىنىشتە ئۇنىمى بار دەپ ئويلايمەن. ئۆتكەن ئەسىردە پرۇسسىيە ئىمپىرىيىسى (گېرمانىيە) فرانسىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، بۇ يەردىكى مەكتەپلەردە فىرانسۇز تىلى ئوقۇتۇشنى چەكلەش، نېمىس تىلى ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلىدۇ. بەلگىلىمىنىڭ ئىجراسى باشلىنىشىنىڭ هارپا كۈنى — فرانسۇزچە دەرس ئۇچۇن ئەڭ ئاخىرقى كۈنى مەلۇم مەكتەپنىڭ فرانسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئاخىرقى سائەتلىك فرانسۇز تىلى دەرسى ئۆتىۋاتقاندا شۇ يېزىدىكى بارلىق چوڭ- كىچىك دىهقانلار سىنىپقا تىقىلىۋېلىپ دەرس ئاڭلايدۇ. بۇ مەنزىرە ئەبەدىيلىك خوشلىشىۋاتقان قىممەتلىك نەرسىگە قىيماسلىقنى ئىپادىلەيتى، كىشلەر بۇنىڭدىن كېيىن فرانسۇزچە دەرس ئوقۇلمايدىغان، فرانسۇز تىلى ئەمەلدىن قالىدىغان بولغاچقا ئىختىيارسىز يوسۇندا مەكتەپكە كېلىپ، ئانا تىلى بىلەن ۋىدالىشىدىغان بۇ سائەتتە ئاخىرقى قېتىم فىرانسۇزچە ئاڭلىۋېلىش ئىستىكى بىلەن يىغىلىشقان ئىدى. مانا شۇنداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشنى ياراتقان مۇئەللىپ، فىراسۇز تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تىلىدىن شۇنداق دەيدۇ:

”تىل — مۇستەملىكە قەپىزىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ“. دېمەك، ئەگەر بىز تىلىمىزنى يوقاتمىساق ئەنە شۇ ئاچقۇچ ئۆز قولىمىزدا بولغان بولىدۇ؛ تىلىمىزنى يوقاتساق، بۇ ئاچقۇچ يوقۇلىدۇ، قەپەزگە ئەبەدىيلىك بەند بولىمىز!

بۇ جەھەتتە بىزدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر خېلى ئېغىر: خىتايچە بىلىدىغان بىر تۈركۈم ئادەملەر بۈگۈنكى مەدەنىيەتنىڭ، بىلىمدانلىقنىڭ بىر خىل بەلگىسى سۈپىتىدە تونۇشۇپ، ئۆز ئارا ئالاقىدە خىتاي تىلى ئىشلىتىدۇ. ھەتتا ئۆزىنى ”مىللەتچى“، ”ۋەتەن سۆيەر“ ھېساپلايدىغانلارمۇ (بولۇپمۇ شىمالدا) خىتايچىنى ئۆزئارا ئالاقە تىلى قىلىۋالغان ئەھۋاللار ئېغىر. بۇ بى ئىختىيار يوسۇندا مىللىي سۈپەتنىڭ يوقۇلىشىغا، قۇلچىلىق، ”خىتاي ئۇلۇغ“ ئۇقۇمىنى تەن ئېلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بىز تىل ئۆگىنىشنى قوش قوللاپ قۇۋۋەتلەيمىز، ئەمما ئۇنى بىلىم ئېلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە پايدىلىنىش، دۈشمەننى چۈشىنىش، دۈشمەننىڭ سۇيىقەستلىك پىلانلىرىنى بىلىپ تۇرۇش مەخسىدىدە پايدىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىمىز. يىراق مىللەتلەرنىڭ تىلى بىر مەزگىل قىزغىنلىق بىلەن ئالاقە تىلىغا ئايلىنىپ قالسا (چار رۇسيە دەۋرىدە يوقۇرى تەبىقە ئارىسىدا فىرانسۇز تىلى ئالاقە تىلى بولۇپ قالغان. بۇ تىل مەدەنىيەت ۋە ئاقسۆڭەكلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان)، بۇنىڭ ئانچە زەرەرى يوق. ئەمما ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چوڭ مىللەتنىڭ تىلى، بولۇپمۇ ھۆكۈمران مىللەتنىڭ تىلىنى يېنىكلىك بىلەن قوبۇل قىلىۋېرىش تولىمۇ خەتەرلىك!

بىرىنچىدىن، خىتاي تىلى ھەۋەس قىلىپ سۆزلەپ كەتكۈدەك ھۆرمەتكە سازاۋەر دوست مىللەتنىڭ تىلى ئەمەس؛ بەلكى نەپرەتلىك دۈشمەننىڭ تىلى. ئىككىنچىدىن، ئۇ دۇنياۋىي ئابرويغا ئىگە، ئىپادىلەش كۈچى زور، تەرەققىي قىلغان تىلمۇ ئەمەس. چەتئەللەردە بىرمۇنچە دۆلەتلەردە خىتايچىغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلى ياخشىراق ئىشلەيدۇ، خېلى كۆپ مەملىكەتلەردە تۈرك تىللىرى سىستېمى بولىشى سەۋەبىدىن تىلىمىزنى ئۇقتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يەرلەردە بولسا خىتايچىنىڭ زادىلا بازىرى يوق! گىراماتىكىلىك خۇسۇسىيەت،

ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتە خىتاي تىلى ئەڭ قالاق، ئىپتىدائىي تىللار كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، بۇ جەھەتتىمۇ ئۆزىمىزنىڭ تىلى ئىلغارراق. ئۈچىنچى، خىتايلار ھازىرقى ھۆكۈمرانلىق ئورنى تۈپەيلى يېڭىلىقلاردىن، دۇنيا زامانىۋى ئىلىم- پېنىدىن ئالدىنراق نەسىۋىدار بولىۋاتقان تەرىپىنى مۇستەسنا قىلغاندا، ئۇنىڭ تىلى ئارقىلىق مىللىي مەدەنىيىتىدىن بىرنېمىلەرنى ئۆگىنىپ كەتكۈدەك مەدەنىي مىللەتمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارلىق چاكىنا، پەس، ھەتتا ياۋايىلىققا مەنسۇپ قىلىقلىرىنى، ئادەتلىرىنى قارىغۇلارچە دورۇش، مەدەنىي ئۆرنەك ھېسابىدا قوبۇل قىلىش بىزنى مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىغا چېكىندۈرۈش رولىنىلا ئوينايدۇ، ئىنسانلىقتىن يىراقلاشتۇرىدۇ، خالاس! مەسىلەن: داسقا سۇ قۇيىۋېلىپ يۈز يۇيۇش (قول يۇغان يۇدىسىدە يۈز يۇيۇش) ئادىتى، تاماق يېيىشتىكى قىلىقسىزلىقلىرى، سورۇن تاللىماي يەل چىقىرىش، گالنى قىرىپ كۆرگەنلا يەرگە تۈكۈرۈشى، ۋاراڭ- چۇرۇڭ قىلىپ يوقىرى ئاۋازدا سۆزلىشى، ئىنسانغا خاس تەكەللۇپ سۆزلىرىنى بىلمەسلىكى، سۆزنى بۆلۈپ ئەدەپسىزلىك بىلەن قىستۇرۇلۇپ كىرىشى، چالا كۆرەڭلىك، ئاساسسىز كىبىر، ئەمەلپەرەسلىك، رەھىمسىزلىك، ئەدەم گۆشى يېيىش،...

بۇ قىلىقلاردىن بىرمۇنچىسىنى ئۆگىنىۋالدۇق. بىر مىسالنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، بۇ يوقۇرى ئاۋازدا سۆزلەش ئادىتى بولۇپ، بۇ قىلىقنى خىتاي يازغۇچىسى بەي ياڭ ”رەزىل خىتايلار“ دېگەن كىتابىدا شۇنداق سۈرەتلىگەن: ئامېرىكىدا بىر ئۆلكىلىك خىتايدىن ئىككىسى ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇلار كوچىدىلا، كىم بار، كىم يوق دېمەستىن ئادىتى بويىچە چۇۋۇلدىشىپ سۆزلىشىپ كېتىپتۇ. ۋار - ۋۇر قىلىپ سۆزلىشىشكە قوللىرىنى تەرتىپسىز پۇلاڭلىتىشلىرى قوشۇلۇپ، ئەتراپتىكى ئامېرىكىلىقلارغا جېدەللىشىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. ھەتتا ھېلىلا بىر- بىرىنى ئۆلتۈرىدىغان بولدى، دەپ ئەنسىرەپ، بىرلىرى ساقچىغا مەلۇم قىلىپ قويۇپتۇ. ساقچىلار ھولۇققان ھالدا يېتىپ كېلىپ، ئىككىسىنى ئىككى چەتكە تارتىپ: ”نېمە قىلىشىۋاتىسىلەر؟“ دەپ سوراپتىكەن، خىتايلار: ”پىچىرلىشىۋاتىمىز“ دەپ جاۋاپ

بېرىپتۇ.

خۇددى شۇنداق بىر ۋاقە ئۇيغۇرلاردىمۇ بولغان. ئورتا ئاسىيادا تىجارەت قىلىپ يۈرگەن ئۇيغۇرلار ئىجارىگە ئولتۇرغان بىر ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چارلىغۇچى ساقچىلار بۇ ئۆيدىن چىقىۋاتقان ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قاپتۇ. بىردەم كۈزەتكەن ئىكەن ۋارقىراش، قىيا-چىيالاردىن ئەھۋال چاتاقتەك بىلىنىپتۇ. بۇ ئۆيدە چوقۇم جېدەل بولىۋاتىدۇ، بەلكىم ئۆلۈم ۋاقەلىرى يۈز بەرگەن بولىشىمۇ مۇمكىن دەپ ھۆكۈم قىپتۇ- دە، ئۆيگە بېسىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئادەتتىكىچە سۆزلىشىۋاتاتتۇق، دەپ ساقچىلارنى ئىشەندۈرەلمەي، ئەھۋال ئېنىقلانغىچە نەچچە كۈن تۈرمىدە ياتقان ئىكەن... مانا بۇ «مەدەنىيەتلىك خىتايلار»دىن بىزگە يۇققان «مەدەنىيەت»تىن بىر ئۆرنەك!

1999-يىلى، مارت، تاشكەنت. 2001- يىلى، ئىستانبۇل.

# پايدىلانغان كىتاپلار

قۇرئانى كەرىم (ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى)
كلائىرې خوي؛ ۋىكتور ئوستورىۋىسكي(چەتئەلگە قاچقان موساد جاسۇسى): «ھىلە يولى»(تۈركچە نەشرى)
جونن بارروں: «KGB»(تۈركچە نەشرى)
فرىئۇد: «روھىي ئانالىز توغرىسىدا»(تۈركچە نەشرى)
《色情间谍》(«شەھۋانىي جاسۇسلۇق») ــ ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى تۈزگەنKGB ھەققىدىكى ماتىرىيال (خىتايچە نەشرى)
شىي لېيفۇ: «ئۈچ كاتىباش ــــ
"ستالىن"،
"روزۋېلت"،
"چېرچىل"»
«ئۈچ قانخور ــــ
"گىتلېر"،
"مۇسسولىن"،
"تۇجۇخېدىكى"»
«گېنېراللىقتىن باشقانلىققىچە ــــ
"ئىزىنخائۇئېر"،
"دې گول"،
XXX: "تىتو"» (ئۇيغۇرچە نەشرى)
«جىياڭ زېمىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگىنىش تېزىسلىرى» (خىتايچە ئىچكى ماتىرىيال)
گىتلېر: «"KAVGAM" (»كۆرەشلىرىم» تۈركچە نەشرى).